مەمتىمىن ھوشۇر

# سالچىلار

1

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

نەشر قىلغۇچى: غوپۇر جاپپار
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى: دىليار تۇرسۇن
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غالىب شاھ
خالمۇرات قېيۇمبەگ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئارزۇگۇل ئابلىز

# سالچىلار (1)

(رومان)

ئاپتورى: مەتىمىن ھوشۇر

*

شىنجاڭ ياشلار ــ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى شىمالىي بېيجىڭ يولى 29 ــ نومۇر، پ: 830012)
ئېلخەت ساندۇقى: xjyashlar @126.com
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1230 × 880 م م، 32 كەسلەم، ئومۇمىي باسما تاۋىقى: 32
2016 ــ يىلى 9 ــ ئاي 2 ــ نەشرى
2016 ــ يىلى 9 ــ ئاي 1 ــ بېسىلىشى
ISBN 978－7－5515－9947－4
سانى: 1 ــ 4000
ئومۇمىي باھاسى: 96.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



www.uyghurkitap.com

# بېغىشلىما

ئابلەت ئابدۇرېشىت

(مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى)

ئالدى بىلەن يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «سالچىلار» رومانىنىڭ نەشىردىن چىققانلىقىنى تەبرىكلەيمەن!

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بۇ رومانىدا باتۇر، ئەمگەكچان سالچىلار ھاياتى كۈچلۈك مەسئۇلىيەت ۋە ئۆزگىچە بەدىئىي يۈكسەكلىك تۇرغۇسىدا جانلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن. شىنجاڭنىڭ سۇ قاتنىشى تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى بولغان دەريادىن پايدىلىنىپ ياغاچ توشۇشتەك سالچىلىق تارىخى ئىلى دەرياسىنىڭ ئېقىنلىرىغا تەڭكەش دولقۇنلۇق ھايات كەچمىشلىرى ئارقىلىق كەڭ دائىرىدە ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېما جەھەتتىكى بىر بوشلۇقىنى تولدۇرغان.

سالچىلىق — قەدىمدىن بۇيان دەريا - ئېقىنلاردا ياغاچ ماتېرىياللىرىنى سال قىلىپ ئېقىتىپ تۆۋەنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېقىنغا توشۇيدىغان خەتەرلىك كەسىپ بولۇپ، قاتناش ئەسلىھەلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان ئەينى دەۋردە شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق - قۇرۇلۇش كەسپىدە ئاساسىي تەمىنلەش رولىنى ئۆتەپ رايونىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان ئىدى. هازىر سالچىلىق ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تاماملاپ ئۆتمۈشكە، ئەسلىمىگە ئايلاندى، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى ئەسىردىكى ياشلىرىمىزغا نىسبەتەن پۈتۈنلەي يوچۇن نەرسە بولۇپ قالدى. مېھنەتكەش خەلقىمىزنىڭ، جۈملىدىن ئاشۇ شىر يۈرەك سالچى ئەزىمەتلىرىمىزنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا تۆككەن تەرى، ھەتتا ھاياتىنى تەقدىم ئەتكەنلىكىدەك ئىش - ئىزلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا ھەرگىز بولمايتتى. «سالچىلار» رومانى بۇ نۇقتىنى تىخمۇ چوڭقۇر ئېسىمىزگە سالىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنى خاتىرىلىشىمىزدىكى يازما ئابىدە بولۇپ قالغۇسى، ئەلۋەتتە.

مېنىڭ ئۆمۈر خاتىرەمدە سالچىلار توغرىسىدا ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەر ساقلانغان.

ئايالىم گۈلبوستان 1968 - يىلى سابىق شىنجاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنى تاماملاپ، شىنجاڭ ئورمانچىلىق نازارىتىغا قاراشلىق موخۇر، چاچى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىغا زىيالىي ياش سۈپىتىدە چېنىقىشقا چۈشۈپ تاكى 1972 - يىلىغا قەدەر شۇ يەردە تېببىي خادىم بولۇپ ئىشلىدى. بىز 1969 - يىلى توي قىلدۇق. ئوغلىمىز ئادىل ئورمانچىلىق مەيدانىدا تۇغۇلدى. خىزمەت زۆرۈرىيىتى بىلەن مەن ئۇرۇمچىدە، ئايالىم توققۇزتارادا

ئايرىلىپ تۇرۇشىمىزغا توغرا كەلدى. بۇ بىرقانچە يىل داۋامىدا مەن ئائىلەمدىكىلەرنى يوقلاش ۋە ھېيت ــ بايراملارنى بىرگە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن غۇلجىغا، غۇلجىدىن توققۇزتارا ئورمانچىلىق مەيدانىغا باراتتىم. ئۇ چاغلاردا ماشىنا قىس، قاتناش قولايسىز ئىدى. سالچىلار سالىلىرىنى شەھەردىكى پەن زاۋۇتىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ شەھەردە بىرنەچچە كۈن يۈخادىن چىققۇدەك ئوينىۋېلىپ مەخسۇس قارا ماشىنا بىلەن قايچىغايدىكى ئىش ئورنىغا قايتاتتى. مەن تولا ۋاقىتلاردا ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا چىقىۋالاتتىم. ئوڭغۇل ــ دوڭغۇل، ئېگىز ــ پەس، توپىلىق يوللاردا مىڭبىر چايقىلىپ يوللارنى داۋام ئېتەتتۇق. جالاقلاپ مېڭىۋاتقان ماشىنا ئۈستىدە قىزىق پاراڭ، كۈلكە ــ چاقچاقلار بىلەن ئۇزاق يوللارنىڭ قانداقسىغا قىسقىراپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالاتتۇق. ھەتتا يول تۆپىسىدە ماشىنىنى توختىتىپ قويۇپ سۇ ياقىسىدىلا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشلار باشلىنىپ كېتەتتى. دۇتارنىڭ پەدىسىگە بېقىپ يۇرۇش ناخشىلار ئەتراپنى چاڭ كەلتۇرۇۋېتەتتى. سالچىلار مەست بولۇپ شوپۇرنىمۇ ئىچمىشكە زورلايتتى. ئاخىرىدا شوپۇرنى يۆلەشتۇرۇپ رولغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ يولنى داۋاملاشتۇراتتى.

مەن نۇرغۇن سالچىلارنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بولغان، ھېيت ــ ئايەملەرنى بىرگە ئۆتكۈزگەن، ئۇلار بىلەن مۇڭداشقان، سالچىلىق توغرىسىدا نۇرغۇن ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان. بۇ جاپاكەش، مەردانە، مېھماندوست ئادەملەر مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان «بىلىقچىنىڭ

ئوغلى» دېگەن رومانىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتى. ئايالىم ئۈرۈمچىگە يېنىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ بۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقەمنى ئۈزمىدىم. ئۇلارمۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەنلىرىدە بىزنى يوقلاپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بەزى قىيىنچىلىقلىرى بولسا تېگىشلىك ھەل قىلىپ بەردىم.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلىمدە ئىلىدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئىلى ئوبلاستى ۋە ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا مەخسۇس سالچىلارنى يوقلاپ باردىم. قاپچىغايغا كەلگەندە كىشىلەرنىڭ يول ياقىسىدا توپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ خېلى كۆپلىرىنى تونۇدۇم. بۇ رەھىمسىز يىللار ئۇلارنىڭ مەردانە قامەتلىرىنى مۈكچەيتىپ، قويۇق چاچلىرىنى تۆكۈپ، قۇندۇز چاچلىرىنى ئاقارتىپتۇ، كۈلكىدىن نۇرلىنىپ تۇرىدىغان چېھرىگە يول - يول قورۇقلارنى سىزىپتۇ. مەن كۆرگەن كىچىك باللار چوڭ يىگىتلەرگە ئايلىنىپتۇ. مەھەللە ئىچىنى ئارىلاپ سالچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى يوقلىدىم. ئەينى يىللاردىكى قايىنام - تاشقىنلىققا چۆمگەن قاپچىغايدا ئۆيلەر كونىراپ، يوللار رېمونتسىز قاپتۇ. ياشلارغا ئىش يوق، مائاش تۆۋەن ئەھۋالدا قاتمۇقات قىيىنچىلىققا پېتىپ قالغانلىقى ئېنىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۆڭلۈم باشقىچە بىئارام بولدى. ئەينى چاغدا دۆلەت ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئۈچۈن ئورمان كېسىشنى چەكلىگەنىدى. شۇڭا، قاپچىغايدىكى ياغاچ كېسىش ۋە توشۇش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئىشلارغا خاتىمە بېرىلگەنىدى.

مەن كۆپچىلىككە پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ يەردىكى قىيىنچىلىقنى تۈپتىن ھەل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئوبلاست ۋە ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئۇلارنىڭ پىكىر ـ تەلەپلىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. كۆپ ئۆتمەي ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت بۇ ھەقتە مەخسۇس مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ تەدبىرلەرنى بېكىتتى. مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش خادىم ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ مەركەزگە دوكلات يوللىدى. مەركەز، ئاپتونوم رايون، ئوبلاستنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا سالچىلار كۆچۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مائاش، تەمىنات، ئۆي، پەرزەنتلەرنىڭ ئوقۇش، خىزمەت مەسىلىلىرى ۋە باشقا قىيىنچىلىقلىرى بىرقەدەر ياخشى ھەل قىلىندى. قاپچىغايدىكى بوش قالغان كونا مەھەللە ياپيېشىل كۆكۈلمەيدانغا ئايلاندى.

ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتتى. ئىلى دەرياسىدىكى ئاشۇ سالچىلارنىڭ سىماسى تېخىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى.

مەمتىمىن ھوشۇر مەن ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇيدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان يازغۇچى. مەن يازغۇچىغا ئىلى دەرياسىدىكى سالچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرەر ئەسەر يوقلۇقىنى، بولۇپمۇ ئىلى دەرياسىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ تارىخنىڭ ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. «ئۇلارنى يېزىڭ، بۇ كىشىلەر ئۇنتۇلۇپ كەتمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئېلىمىز تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن» دەپ تەۋسىيە قىلدىم. مەمتىمىن ھوشۇر بۇ تەكلىپنى قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلدى. مەن ناھايىتى خۇش بولدۇم.

يازغۇچى بۇ ئەسەرگە تۇتۇش قىلغان ئۈچ يىل

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جەرياندا ئىشنى سالچىلار تۇرمۇشىنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، ئىلى دەرياسىنى بويلاپ دەريانىڭ تارماق باش ئېقىنى بولغان تېكەس دەرياسىنى ياقىلاپ ئەينى چاغلاردىكى سالچىلارنىڭ ئىزنالىرىنى ئىزدىدى، توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە ئورمانلىرىنى ئارىلىدى، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇب ـ شىمال تەرىپىگە ئۆتۈپ قەدىمىي مۇز داۋان يولىنى كېزىپ چىقتى، دالالاردا تۈنىدى. قىسقىسى، ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. بىز بۇ ئەسەر توغرۇلۇق كۆپ پىكىر ئالماشتۇردۇق. ئەسەر پۈتكەندىن كېيىن ئەسەرنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالىنى كۆرۈپ چىقتىم، پىكىرلەشتۇق. مەن ئەدەبىياتتىن بىخەۋەر، بىرەر كۇپلېت شېئىر يېزىپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن مەزكۇر ئەسەرنى يېزىش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇشتىن تارتىپ، سالچىلىق تارىخىنى ئۆگىنىش، ئەدەبىي ئىجادىيەتنى باشلاش، ئەسەرنى پۈتكۈزۈپ چىققاندىن كېيىنكى قايتا ـ قايتا پىششىقلاشقىچە بولغان جەرياندا يازغۇچىنىڭ قانچىلىك ئەمگەك، قان ـ تەر ئاققۇزغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

مەن يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرغا رەھمەت ئېيتىمەن!

2012 ـ يىلى 25 ـ ئىيۇن، بېيجىڭ

# مۇقەددىمە

بۈيۈك چوققىلارنى بىرەپ كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان قېلىن قار ـ مۇزلار، جىرالاردىن ئوقچۇپ چۈشۈۋاتقان سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى، شۇ سۇلارنى قېنىپ ئىچىپ كۆكلەرگە بوي تارتقان ياپيېشىل ئورمانلار، گۈركىرەپ ئېقىۋاتقان دەريالارنى ياقىلاپ كەتكەن توقايلار، ياۋا گۈللەرگە پۈركەنگەن كەڭ دالا... بۇلارنىڭ ھەممىسى تەبىئەت بىزگە ئاتا قىلغان ئۇلۇغ بايلىق. ئەڭ ئىپتىدائىي رىۋايەت، ئەڭ قەدىمىي ئەپسانە، ئەڭ گۈزەل رەسىم، شائىرنىڭ ئەڭ يالقۇنلۇق شېئىرلىرىمۇ ئۇنىڭسىز ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەمەس.

شۇ ئورمان، شۇ دەريا ئېقىنلىرى ئارىسىدا گۈرسۈلدەپ دەسسەپ ئالدىراش يۈرىدىغان، كېيىملىرىنىڭ يىرتىقلىرىدىن مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان، قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرى، بوران ـ چاپقۇنلاردا چىرايلىرى قارىدىغان ئاجايىپ بىر ئادەملەر بار. ئۇ بولسىمۇ سالچىلاردۇر. دەريا، ئورمانلاردىكى ئەڭ قەدىمىي ناخشىلارنى شۇلار ئېيتقان، ۋادىلاردىن قايتقان ئەڭ دەسلەپكى سادالارنى شۇ كىشىلەر ئاڭلىغان، دەريا ياقىلاپ كەتكەن ئەڭ قەدىمىي ئاياغ يوللارنى شۇ ئادەملەر قالدۇرغان... ئۇلار ئۆركەشلەپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان شىددەتلىك دەريا ئېقىنلىرىدا جاننى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ يۈرىدىغان، ئۆلۈمنى پىسەنت قىلمايدىغان، قورقماس تەۋەككۈلچىلەردىن ئىدى. سالچىلار قەدىمدىن ھازىرغىچە ئەۋلادمۇئەۋلاد نەچچە ئەسىرلىك مۇساپىنى مۇشەققەتتە بېسىپ ئۆتۈپ، ئىنسانلارنىڭ ياغاچ بىلەن ئۆي ـ ماكان قۇرۇپ ياشىشىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى. شاھلارنىڭ ئوردا ـ قەسىرلىرى، بايلارنىڭ ساراي ـ ئايۋانلىرى، ھەيۋەتلىك مەسچىت، ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلارنىڭ ھەممىسى شۇ ئاددىي ئادەملەر ئېقىتىپ كەلگەن ياغاچلار بىلەن ئۆرە بولغان. ئىلى دەرياسىدىكى سالچىلار تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن غۇلجا شەھىرىگىچە بولغان نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق دەريا ئېقىنىدا نۇرغۇن قەھرىمانلىق داستانلىرىنى ياراتقان. قىرغاقلار ئۇلارنىڭ خەتەرگە يولۇققان چاغدىكى قەھرلىك ھۆركىرەشلىرىنى، توقايلار ئۇلارنىڭ خەتەردىن قۇتۇلغان چاغدىكى شادلىق چۇقانلىرىنى تالاي قېتىم ئاڭلىغان...

تېخى يېقىنقى يىللارغىچە ئىلى دەرياسىدا سالچىلار قاتناپ تۇرغانىدى. دەريا ئارالىرىغا پادا كالىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ئوتلىتىۋاتقان پادىچىلار، دەرياغا قارماق تاشلاپ قويۇپ خىيالدا ئولتۇرغان بېلىقچىلار، دەريا بويىدىكى توقايلارغا سەيلە ـ ساياھەتكە چۈشكەن قىز ـ يىگىتلەر قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ، دەريا دولقۇنلىرى ئارىسىدا لەپەڭشىپ ئېقىپ كېلىۋاتقان سالغا قاراپ: «ئەنە... ئەنە، سال كەلدى، سال!» دەپ ھاياجاندا ۋارقىرىشاتتى. ئۇششاق باللار قىرغاق بويلاپ سالغا ئەگىشىپ يۈگۈرەيتتى... ۋاقىتنىڭ قەدىمى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا يەتكەندە دۆلەت تەبىئىي ئورمان

مەنبەلىرىنى قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى. ئورمانلاردىن ياغاچ كېسىش توختىتىدى، ئەمدى چەكلىك ئورمان مەنبەلىرىنى ئاسرىمايمۇ بولمايتتى، پەقەت ياغاچ ماتېرىياللىرىغا تايىنىپلا ئۆي ـ ماكان قۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەيۋەتلىك تاغلار ئارىسىدىن سال بىلەن ياغاچ ئېقىتىپ چىقىش ئىشلىرىغىمۇ خاتىمە بېرىلدى.

سال توختاپ بۈگۈنگىچە ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتتى. ئەينى يىللاردىكى پېشقەدەم سالچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئالەمدىن كەتتى. ھايات قالغانلىرىنىڭمۇ ساقال-بۇرۇتلىرى ئاق ئارىلاپ، بەللىرى مۈكچەيدى. دەريا بويلىرىدىكى سالچىلار بېسىپ ئۆتكەن ئاياغ يوللارنى ئوت ـ چۆپلەر بېسىپ، توقايلاردىكى سالچىلار ياققان گۈلخانلارنىڭ كۈللىرىنى شاماللار ئۇچۇرۇپ بولدى. بارا ـ بارا ئىنسانلارغا ئاجايىپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن سال ۋە سالچىلار ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، بىر تارىخ، بىر كەسىپ، ئوت يۈرەك ئادەملەر توغرىسىدىكى بىر داستان ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى...
مەن بۇ كىتابىمنى ئەنە شۇ سالچىلار تۇرمۇشىنى يورۇتۇپ بېرىشكە بېغىشلىدىم.

※ ※ ※

ئاجايىپ كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سالچىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھايات ۋەكىللىرى ۋە شۇ ئىشلارغا شاھىت ئادەملەرنىڭ ئىزىنى قوغلىشىپ غۇلجا، توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە، غۇلجا ناھىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتراپلىرىدا ئىككى - ئۈچ يىل يۈردۈم. پېشقەدەم سالچىلاردىن ئاتۇش بۇيامەتلىك تاش ھاشىم (85 ياش)، قاغىلىقلىق ماخمۇت ئاۋۇت (75 ياش)، قەشقەر يېڭىسارلىق ئوبۇل ھەسەن (70 ياش)، ئۇستۇنئاتۇشلۇق ئەبەيدۇللا ناسىر (82 ياش)، قەشقەر كونىشەھەرلىك رېھىم ماموت (78 ياش)، ئىمىرھەسەن ئىسلام (80 ياش)، ئۇزۇن يىل ياغاچ كېسىش بىلەن شۇغۇللانغان ئوسمانجان سىدىق (84 ياش)، مارالبېشىلىق داۋۇت ياقۇپ (74 ياش)، كونا سالچى ئىسمايىل پالتا (93 ياش)، ئابلىز رېھىم (70 ياش)، قۇربانجان ئىسمايىل (80 ياش)، قەشقەر تازغۇنلۇق سەلەي نامەت (96 ياش)، ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ سالچىلىق بىلەن ئۆتكەن ئوسمان مۇھەممەت... توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ سابىق ھاكىمى نىياز باقى (80 ياش)، خەلپەم بۇزرۇكۋار مازىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خەلپىسى پىدا خەلپەمنىڭ ئوغلى نۇرى پىدا، غەربىي تەڭرىتاغ ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ پېشقەدەم رەھبىرى تۇداخۇن مۇھەممەت، ئابدۇقادىر ئابدۇرېشىت، تاشساميۇزىلىك پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇقېيۇم ئەپەندى، توققۇزتارا ناھىيەسىنىڭ پېشقەدەم رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ بىرى روزى تاران، قاپچىغاينىڭ ئىلگىرىكى مائارىپچىلىرىنىڭ بىرى سۇلتان قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. بۇ پېشقەدەم سالچىلار ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر مېنى كۆپلىگەن قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى.

كونا سالچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەينى يىللاردا ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، مۇز داۋانى ئاتلاپ جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلىغا چىققان ئادەملەر ئىدى. سالچىلار ھاياتىنى

ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئاقسۇ جامىدىن موشۇلكۇرە شوتىغىچە سوزۇلغان قەدىمىي يولنى كۆرۈش زۆرۈر ئىدى. ياش ۋاقىتلىرىدا ئۇلاغچىلىق قىلىپ مۇز داۋانىدىن كۆپ قېتىم ئۆتكەن، ئەسلىي كۇچالىق ئابلىمىت ماخمۇت ھاجىم، موشۇلكۇرە شوتىدىكى مۇھەممەت ساقچى، ئاباكرى، ئاقسۇ جامدىكى روزى ئەيسا، ئۇنسۇ ناھىيە بازىرىدىكى تۇردى تۆمۈر، مۇز داۋان يولىدىكى قەدىمىي ئۆتەڭ «تىككەنقورۇق» يېزىسىدىكى ياسىن ھاشىم قاتارلىق كىشىلەرنىڭ مۇز داۋان، كارۋان يوللىرى ۋە قەدىمىي ئۆتەڭلەر ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلىدىم.

موشۇلكۇرە ناھىيەلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى مەرھۇم تۇرغاننىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ياش شائىر پەرھات ئىلياس، يولباشلىغۇچى راخمانجان، فوتو ئاپپاراتچى ھەسەنجان، خانىيايلاقتىن باشلاپ قوشۇلغان مالچى دارجىبايلارنىڭ ھەمراھلىقىدا موشۇلكۇرەنىڭ شوتا يېزىسىدىن چىقىپ، شوتائارشاڭ، خانىيايلاق، توغراسۇ، ئايغىرئالدى قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ شىپالىق داۋىنىغىچە يېتىپ باردىم. بۇ — قەدىمىي مۇز داۋان يولىنىڭ شىمالىي بۆلىكىدىكى مۇھىم جايلار ئىدى. ئالدىمىزدا «خادا مۇز» دەپ ئاتىلىدىغان كۆز يەتمەس مۇزلۇق سوزۇلۇپ ياتاتتى. بىز ئاتلارنى شىپالىقتا قويۇپ، «خادا مۇز» ئىچىدە بىر كۈن تىنەپ يۈردۇق.

ئىككىنچى يىلى مەن تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا ئۆتتۈم. ئۇنسۇ ناھىيەسىنىڭ ئىشخانا مۇدىرى ئادىل، كارۋانلار ھەققىدە كۆپ ئىزدەنگەن پېشقەدەم مائارىپچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئابدۇراخمان دىيار ۋە ئوغلۇم غەيرەتلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۈنسۈدىن چىقىپ مۆزات دەرياسىنىڭ قىرغىقىنى ياقىلاپ مېڭىپ قوغان، چوڭئارپا، كىچىككئارپا، يېڭى مەھەللە، ئۆتەك بۇلاقلارنى ئارقىغا تاشلاپ تاكى قۇمبەلقۇتانغىچە يېتىپ باردۇق. ئالدىمىزدا ئېگىز گىرانت تاغ، تاغ ئارقىسىدا قارلىق چوققىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاغنىڭ ئىككى بىقىنىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇ شۇ يەردە قوشۇلۇپ ئالدىمىزنى توسۇغاندى...

بىز يەنە موڭغۇلكۆرە، تېكەس، توققۇزتارا ئورمانلىرىنى، موڭغۇلكۆرە قاراكۆلدىن تاكى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئايغىدىكى زايىمكاغا قەدەر سوزۇلغان نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق دەريا ئېقىنىنى ئارىلىدۇق. بۇ ئەينى يىللاردىكى سالچىلار ئىلى دەرياسىدا سال بىلەن ئاققان يول ئىدى. بىز ئۆز ۋاقتىدا سالچىلارغا مۇشەققەت يەتكۈزگەن ھەربىر بۇرۇلۇش، خەتەرلىك تاشلارنى كۆزدىن كەچۈردۇق. بۇ سەپەردە ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ سالچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان پېشقەدەم سالچى، قاپچىغاي سالچىلار ئەترىتىنىڭ سابىق باشلىقى ئىبراھىمجان ئوسمان، توققۇزتارا ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى نىغمەت تۇرسۇن، ئۆمرى سالچىلارغا تاماق ئېتىپ، نان يېقىپ ئۆتكەن ئابلاجان ئۇستامنىڭ ئوغلى شوپۇر ئابابەكرى باشتىن - ئاياغ مەن بىلەن بىللە بولدى. غەربىي تەڭرىتاغ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەكبەر سىدىق، توققۇزتارا ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى ليۇپىڭ خىزمەتلىرىمىزگە قولايلىق يارىتىپ بەردى ۋە كۆپ قېتىم ئالاھىدە ۋاقىت ئاجرىتىپ بىز بىلەن بىللە

بولدى... بۇ كىتابىنىڭ پۈتۈپ چىقىشىدا يۇقىرىدا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بارلىق كىشىلەرنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسى بار. ئۇلارغا سەمىمىي رەھمىتىمنى ئېيتىمەن.

ئەڭ چوڭ رەھمەتنى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتقا ئېيتسام بولىدۇ. ئۇ تەشەببۇس قىلمىغان بولسا سالچىلار توغرىسىدا مۇنداق بىر ئەسەر يېزىش خىيالىمدىمۇ يوق ئىدى.

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ خانىمى گۈلبوستان توققۇزتارا ئورمانچىلىق مەيدانىدا بىر مەزگىل تۇرغان، چوڭ جىرغىلاڭ دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان موخۇر يېزىسى ۋە نارات تاغلىرىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان چاپچى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدا سەھىيە ـ داۋالاش خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەنىدى. شۇ چاغلاردا ئابلەت ئابدۇرېشىتمۇ كۆپ قېتىم بۇ تەرەپلەرگە ئۆتكەن. ئۇ ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ ئاددىي پۇقرا مەزگىللىرى بولۇپ، دەريا دولقۇنلىرىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان سالىلارنى، سالچىلارنىڭ جاپالىق تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، سالچىلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانىدى.

ئۇ كەملەردە تاغ يوللىرى دېگەندەك ياسىلىپمۇ كەتمىگەنىدى. يىراقلارغا سوزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى، ئېگىز ـ پەس يوللار، يېنىكىزدىن سىزنى ئاچچىق توپىغا كۆمۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغان قارا ماشىنىلار، يول بويىدىكى مالچىلارنىڭ تاملىرىنى يامغۇر يالاپ پاكارلىتىۋەتكەن ئۆيلىرى، كۆن نۇرىدا ئوتتەك قىزىپ كەتكەن تاشلار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئارىسىدىن غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان قاسراقلىق يىلانلار، ئالدىڭىزدىن يىپتەك تىزىلىپ ئالدىراش ئۆتۈپ كېتىدىغان چۈمۈلىلەر، قانداقتۇر بىر ئەگىلىشلەردىكى غىرىسلاپ تۇرىدىغان كونا كۆۋرۈك، ئېگىز چوققىلاردىن سىزگە نەزەر سالىدىغان تاغ تېكىلىرى، كۆكۈچ تۇمان ئىچىدە ئۈگدەپ ياتقان قارىغايلار، كۆك ئاسماندا قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ ئۇچۇپ يۈرگەن لاچىن، ھارغاندا ئۆزىڭىزنى تاشلاپ ياتىدىغان چىملىقلار... ئەگەر بۇ يوللاردا سىز بىرەر قېتىم پىيادە مېڭىپ قالسىڭىز كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان مۇنداق مەنزىرىلەرنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇيالمايسىز. ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ قەلبىدىمۇ ياش ۋاقىتلىرىدا قالغان مۇنداق تەسىراتلار چوڭقۇر ئىدى.

ئابلەت ئابدۇرېشىت مېنى ئۈرۈمچىدىكى تۇرالغۇسىغا چاقىرتقانىدى. بىز رەئىسنىڭ مېھمانخانىسىدا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. 9 ـ ئاي كىرىپ قالغان بولسىمۇ ئۈرۈمچىدە تېخى يازنىڭ تىنچىقى قايتمىغانىدى. دېرىزىدىن ھويلىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ جىمجىت ئېسىلىپ تۇرغان يوپۇرماقلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۆھبىتىمىز ياز كۈنلىرىدىكى ئىلى يايلاقلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، دەريا بويلىرىدىكى جانغا ئارام سالغىن شامال، بىر زامانلاردا ئىلى دەرياسىدا توختىماي مېڭىپ تۇرغان سال ۋە سالچىلارنى چۆرىدەپ داۋاملاشتى... ئابلەت ئابدۇرېشىت ماڭا سالچىلار تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان چوڭراق بىر پارچە ئەسەر يېزىشنى تەۋسىيە قىلدى. بىز ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

— بېرىڭ، مەتتىمىن، سالچىلار ئارىسىغا تېزرەك

بىرىنىڭ، — دەيتتى ئۇ، — يەنە سەل كىچىككىنە قاپچىغايدىكى سالچىلار مەھەللىسىنىمۇ كۆرەلمەيسىز، ھايات پىشقەدەم سالچىلارمۇ ئاز قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار تۈگىگەندە ئۇرۇقدانىراق بىرنىمە يېزىپ قالدۇرايلى، ياشلىرىمىز، كېيىنكى ئەۋلادلار سال دېگەننىڭ نېمىلىكىنى، سالچىلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى بىلىپ قالسۇن.

ئابلەت ئابدۇرېشىت قاپچىغايدىكى سالچىلار مەھەللىسىنى كۆچۈرۈش، پىشقەدەم سالچىلارنىڭ ئاخىرقى تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بۇ كىتابنىڭ پۈتۈپ چىقىشى ئۈچۈن نۇرغۇن كۈچ چىقاردى.

※ ※ ※

ئەسەرنى كىتابخانلارغا ياقتۇرۇدەك قىلىپ يېزىپ چىقالىدىممۇ، يوق؟ بىلمەيمەن. بۇ كىتابتا سۆزلەنگەن ئىشلارنى راست دېسىڭىز راست، چۈنكى ئۇ ئىشلارنىڭ بەزى شاھىتلىرى ھېلىمۇ ھايات؛ يازغۇچىنىڭ بەدىئىي توقۇلمىسى دېسىڭىز ئۇمۇ يالغان ئەمەس، چۈنكى مەن ئۆز قەلىمىم بىلەن ياراتقان بىرنەچچە پېرسوناژلارنىڭ ئۈستىگە سالچىلىرىمىزنىڭ نۇرغۇن ئىش ـ ئىزلىرى ۋە مۇرەككەپ خاراكتېرىنى يۈكلىدىم...

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## 1 ـ قىسىم مۇزات يولىدا


بىرىنچى باب ئوغۇل ئۆيلەشنىڭ قىزىق شەرتى ... 3
ئىككىنچى باب قاچ، بالام ........ 20
ئۈچىنچى باب ھەزرەت سەيلىسى ........ 37
تۆتىنچى باب سەمەت نوچى ........ 53
بەشىنچى باب ئىلىغا كېتەي ........ 75
ئالتىنچى باب ئۆمەر مەدداھ ........ 95
يەتتىنچى باب ئىلىدىكى تۆت مازار ........ 113
سەككىزىنچى باب سىرلىق چاپچال مازار ........ 128
توققۇزىنچى باب ھۈسەن بايۋەچچە ........ 147
ئونىنچى باب شەيتان ........ 174
ئون بىرىنچى باب دەرەخ كەسمە ........ 203
ئون ئىككىنچى باب جامدا ........ 222
ئون ئۈچىنچى باب مانا بۇ قوغان ........ 239
ئون تۆتىنچى باب قىمار ........ 254

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2 ـ قىسىم  مۇز داۋان

ئون بەشىنچى باب  خاتىرىلەر ...................... 273
ئون ئالتىنچى باب  قاغىلار ........................ 286
ئون يەتتىنچى باب  تامغاتاشتا تۇمان .............. 305
ئون سەككىزىنچى باب  مۇز داۋاندا بازار ......... 325
ئون توققۇزىنچى باب  پەللەك ...................... 340
يىگىرمىنچى باب  چۇش ........................... 356
يىگىرمە بىرىنچى باب  شىپالىق .................... 372
يىگىرمە ئىككىنچى باب  قۇدۇق .................... 386
يىگىرمە ئۈچىنچى باب  توغراسۇدا .................. 399
يىگىرمە تۆتىنچى باب  نەزەر تەگكەن زېمىن ..... 416
يىگىرمە بەشىنچى باب  ئالابايتالنىڭ دېڭى ...... 435
يىگىرمە ئالتىنچى باب  شوتا ...................... 448
يىگىرمە يەتتىنچى باب  قۇۋاننىڭ غېمى .......... 466
يىگىرمە سەككىزىنچى باب  قاراكۆلدە ............ 485

## 1 ـ قىسىم

# مۇزات يولىدا

ئىلى يولىنى قىلاي بايان،
بىلمىگىنىڭ بولسۇن ئايان.
يۇرتتىن كەتمەي نېمە چارە،
چىرمىۋالسا زۇلۇم ـ چايان.

— خەلق قوشاقلىرىدىن



www.uyghurkitap.com

## بىرىنچى باب

# ئوغۇل ئۆيلەشنىڭ قىزىق شەرتى

تەكلىماكان ئەتراپىدىكى چۆللۈكلەردە شۇنداق بىر يېزىلار ئۇچرايدۇكى، كۆرۈپ ھەيران قالىسىز. ئەتراپىنى قۇم بارخىنى ئورىۋالغان قانداقتۇر بىر جاڭگالدا تاشلىق ساي، توپىلىق يوللار بىلەن ماڭىسىز - ماڭىسىز، بىر چاغدا تۇيۇقسىز ئالدىڭىزدا بۈككىدە تېرەكلىك بىر يېزىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالىدۇ - دە، ھارغىنلىق يېتىپ مۇگدەپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭمۇ، مېڭىشى ئاستىلاپ كېتىۋاتقان ئات - ئۇلاغلارنىڭمۇ قەدىمى ئىتتىكلەپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەردە يولۇچىلار سۇنايلىنىپ يېتىپ ئارام ئالىدىغان سالقىن كۆلەڭگىلەر، ئات - ئۇلاغلار قېنىپ ئىچىدىغان مۇزدەك سۇ، يېتەرلىك يەم - خەشەكلەر تېپىلىدۇ. چوڭ يولدىن بۇرۇلۇپ قانداقتۇر بىر سۇيى يوق يوغان ئېرىقنى ياقىلاپ كەتكەن يان يول سىزنى تۈپتوغرا شۇ يېزىغا ئېلىپ بارىدۇ. كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا بۇ ئېرىقتىكى سۇلار قىرغاقلىرىغىچە تاشقىنلاپ، خۇددى قىرغىزلارنىڭ بوزىسىدەك كۆپۈكلىنىپ پۈتۈن مەھەللە ئېتىزلىرىنى سۇغا قاندۇرىدۇ... سۇۋاقلىرى چۈشۈپ ئىچىدىكى ياغاچ - كېسەكلىرى كۆرۈنۈپ قالغان كونا تاملار،

ئىشىكلىرى قاغجىراپ، قىيسىيىپ كەتكەن دېھقان ئۆيلىرى، ئۆينىڭ ئارقىسىدا دانلاپ يۇرگەن توخۇلار، يوغان ئۇجمىنىڭ سايىسىدا ھۇرۇنلۇق بىلەن كۆشەپ ياتقان كالا، قىيقاس ـ چۇقان سېلىپ توپىلىق يولدا يالىڭاچ دېگۈدەكلا ئويناۋاتقان ئۇششاق باللار، پاكار ـ پاكار تاملار ئارقىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان مېۋىلىك دەرەخلەر، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن شوخ قىزلاردەك مارىشىپ تۇرغان ئالما ـ ئانارلار، مەھەللىنىڭ بىر چېتى ياكى قاپ ئوتتۇرىسىدا تىنىق ئاسماندىكى ئاپپاق بۇلۇتلارنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۇرۇپ تىپتىنچ سوزۇلۇپ ياتقان كۆل... بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزگە راھەتلىك بىر يېنىك تۇيغۇ بېغىشلايدۇ ـ دە، ئىختىيارسىز قەدىمىڭىزنى توختىتىپ، يول ياقىسىدىكى قايسىبىر دېھقان قايسىبىر يىلى نىمە سەۋەبتىندۇر بۇ يەرگە ئەكىلىپ تاشلاپ قويۇپ ئۇنتۇغان، كېيىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرۇۋېرىپ سىلىقلىشىپ كەتكەن ياغاچ ئۇستىدە بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالغۇڭىز كېلىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى ئەپچىللىك بىلەن يىغىپ، كۆلدىن ئېڭىشىپ سۇ ئېلىۋاتقان گۈزەل سەھرا قىزى ئىختىيارسىز دىققىتىڭىزنى تارتىدۇ. قىز چېلىكىنى سۇغا تولدۇرۇپ قەددىنى رۇسلىغاندا گويا كۆلنىڭ ئەتراپىدىكى شاخلىرىنى سۇ يۈزىگە ئېگىپ تۇرغان سۆگەتلەرمۇ قەددىنى رۇسلىغاندەك بولۇپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدا مۆگدەپ ئولتۇرغان قۇشقاچلار ئىختىيارسىز چۇرۇقلىشىپ كېتىدۇ. قىزنىڭ چېلىكى ئەتراپىدا پەيدا بولغان دۇپدۇگىلەك دائىرە قارشى قىرغاقلارغىچە كېڭىيىپ، چېلەكتىن تۆكۈلگەن سۇ

تامچىلىرىدىن سانسىز ھەسەن ـ ھۈسەنلەر پەيدا بولغاندەك بولىدۇ. قىز ئەپكىشنى مۈرىسىگە ئېلىپ لەرزان تەۋرىنىپ مېڭىپ كەتكەندە نېمىشقىدۇر ئاۋازىڭىزنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتقۇڭىز كېلىپ قالىدۇ... بۇ يەردە ھەممە نېمە شۈنچىلىك ئاددىي، شۈنچىلىك گۈزەل، مۇشۇنداق ئازادە يېزىلار تۇرغان يەردە يەنە نېمىشقا ئادەملەرنىڭ شۈنچە دىمىقتا شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، قىستاڭچىلىقتا تىقىلىپ ياشايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيسىز.

بۇ يېزىنىڭ بىر تەرىپى دېھقانلارنىڭ ئېتىزلىرىغا تۇتىشىپ كېتەتتى. شۇ تاپتا بېشىغا نېپىز شاپاق دوپپىنى قىرلاپ كىيىۋالغان بىر دېھقان يىگىت ئېتىز بېشىدا كۆل سورۇۋاتاتتى. بۇ ئەتراپتىكى يېزىلاردا دېھقانلار زىرائەتلەردىكى ھاشاراتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇشۇنداق چارە ئىشلىتەتتى. كۆلنى شامالنىڭ يۆنىلىشىگە بېقىپ سورۇپ بەرگەندە ئاچچىق كۆل توزۇندىلىرى ئۇچۇپ بېرىپ زىرائەتلەر ئۈستىگە قونۇپ بىر قەۋەت چاڭ ھاسىل قىلىپ، ھاشاراتلارنىڭ كۆپىيىشىنى توسۇيتتى. بۇ ھېچبىر كىتابلارغىمۇ يېزىلمىغان. ئىشقىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق تېرىقچىلىق ئىشلىرىدا تەجرىبىگە ئايلانغان بىر ئادەت ئىدى. دۇنيادا كىتابقا يېزىلمىغان ئىشلار ئاز دەمسىز؟...

كۆل سورۇۋاتقان دېھقاننىڭ ماتا كۆڭلىكىگە ئۈست ـ ئۈستىلەپ چۈشكەن ياماق، بېلىگە بەلباغ ئورنىدا باغلىۋالغان شوينا، قىزىق توپىنى ئوشۇقچە كېچىپ تۇرغان، تاپانلىرى يېرىلغان قاپقارا پۇتلىرى ئۇنىڭ تازىمۇ قارا نامرات ئىكەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ تۇراتتى.

ئۇ قولىدىكى ياغاچ گۇرجىكىنى ئالدىدىكى كۆل دۆۋىسىگە سانجىپ قويۇپ بېلىنى رۇسلىدى. بارغانسېرى قىزىتىپ چىقىپ كېلىۋاتقان قۇياشقا ئالىقىنىنى سايىۋەن قىلىپ ئەتراپقا قارىدى. قۇياش ئەتراپنى ئوتتەك قىزىتماقتا ئىدى. ئېتىزنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە بىرنەچچە دېھقان ئېگىشىپ نېمە ئىشلار بىلەندۇر مەشغۇل ئىدى. بىرنەچچە ئېشەك ئېتىز يېنىدىكى توپىلىقتا ئېغىنىشىۋاتاتتى. ئۇ يەردىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ بۇلۇتتەك لەيلەپ يىراقلارغا سۈرۈلەتتى. «بىردەم ئارام ئالاي» دېدى دېھقان يىگىت ئۆز - ئۆزىگە پېشانىسىدىن قۇيۇلۇۋاتقان تەرنى كىر قول ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇرۇپ. ئۇ ئېتىز قىرى بىلەن ماڭغىنىچە مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كۆل بويىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە راھەت بىر سالقىنلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. يىگىت ئوچۇملاپ سۇ ئىچىپ، يۈزىنى يۇيۇپ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە ئېرتتى. كۆل بويىدىكى يوغان سۆگەتنىڭ ئاستىغا كېلىپ سوزۇلۇپ ياتتى - دە، كۆزىنى يۇمۇپ خىيالغا كەتتى.

※ ※ ※

بۇ يىگىتنىڭ ئىسمى سەمەت ئىدى. شۇ كۈنلەردە سەمەت كۆزىنى يۇمسىلا كۆز ئالدىغا ئۆگەي دادىسى كېلەتتى. سەمەتنىڭ ئۆز دادىسى خېلى يىللارنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. سەمەتنىڭ ئانىسى ئۇششاق ئىككى بالىسىنى يېتىلەپ يۈرۈپ، ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشىغا يېتىشەلمەي، ئاخىرى يۇقىرىقى مەھەللىدىكى پەيزۇللا



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېگەن بىر ئادەمگە ياتلىق بولدى، بۇ ئادەمدىنمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى بالا تۇغدى. سەمەتنىڭ بۇ ئۆگەي دادىسى غەلىتە مىجەزى بار ئادەم ئىدى. قاچانلا بولمىسۇن، ياخشى ئاتتىن بىرنى مىنىۋېلىپ قەيەردە ئويۇن ـ تاماشا، ئوغلاق تارتىش، چېلىش بولسا شۇ يەردە يۈرەتتى. ئوتتۇرا بوي، كۆتمەك بۇرۇت، دوغىلاق كەلگەن بۇ ئادەم ئۆزىمۇ داڭقى چىققان چېلىشچىلاردىن ئىدى. ئائىلىنىڭ ئىگىلىكى، ئۆي ئىشى دېگەنلەر بىلەن قىلچە كارى يوق ئىدى. ئېتىنى بىر قامچىلاپ چىقىپ كەتسە كۈنلەپ قەيەرلەردىدۇر يۈرۈپ، يەنە بىر كۈنلەردە پەيدا بولۇپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئۇ ئەسلىدە خېلىلا ھالى ياخشى بىر ئائىلىنى بىرقانچە يىلغا بارمايلا نامراتلاشتۇرۇپ بولدى. ئۇششاق ئۇكىلىرىنى كۆتۈرۈپ بېقىش، ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرىغا يۈگۈرۈش ئاكا ـ ئۇكا مەمەت بىلەن سەمەتنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەنىدى.

بۇ يۇرتلاردا قىزلار ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشقا، ئوغۇللار ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلارغا ئۇلاشسىلا ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويىدىغان ئادەت بار ئىدى. سەمەتنىڭ ئاكىسى مەمەتنىڭ يېشى يىگىرمىگە تاقاپ قالغاندىمۇ ئۆگەي ئاتىنىڭ ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى. ئاخىر بىر كۈنلەردە مەمەت ئۆيدىن قېيىداپ چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىدى.

ياز كۈنلىرى تاغ تەرەپتىن لايقىپ ئېقىپ كەلگەن بىر ئۆستەڭ سۇ تېرەكلىك بۇ يېزا ئىچىنى ئارىلاپ تۆۋەندىكى ئېتىزلىقلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتەتتى. بۇ بىر ئۆستەڭ سۇ مەھەللە ئىچىگە كىرگەندە قايسىبىر دېھقانىنىڭ بېغىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يېنىمدىلا غايىب بولۇپ كېتەتتى ـ دە، يەنە مەھەللە كوچىسىنىڭ قەيەرلەردىدۇر بىر يەرلىرىدە پەيدا بولۇپ قالاتتى. يازنىڭ تىنچىق ئىسسىقلىرىدا بۇ بىر ئۆستەڭ سۇ يېزىغا ئاجايىپ بىر سالقىنلىق، راھەت بەخش ئېتەتتى... يېزىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ يىراقلارغا سوزۇلۇپ كېتىدىغان توپىلىق چوڭ يولدىن بەزىدە قوڭغۇراق، كولدۇرمىلىرىنى داراڭشىتىپ ئېشەكچىلەر، تۆگە كارۋانلىرى ئۆتۈپ قالاتتى. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يول بىلەن توختىماي مېڭىۋەرگەن كىشى ئېگىز ـ ئېگىز تاغلار، ھەيۋەتلىك چوققىلار، ئۇلۇغ سۇلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ غەلىتە خەلقلەر، خىلمۇخىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئادەملەر ياشايدىغان ناتونۇش يۇرتلارغا بېرىپ قالارمىش... بالا ۋاقىتلىرىدا سەمەت بىلەن ئاكىسى مەمەت كېچىلىرى تۈگۈلۈكتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ، شۇ يولدىن ئۆتكەن كارۋانلارنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازلىرىنى تىڭشاپ يېتىشنى ياخشى كۆرەتتى. يولۇچىلار ئېيتقان ناخشىلار ئۇلارنى ئەللەيلەپ، ئۇلارنىڭ بالىلىق خىياللىرىنى يىراق ـ يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى.

ئېتىم ئالدىدا كەتتى،
قامچام يېنىدا كەتتى.
ئۆز يۇرتتىن كەتمەس ئىدىم،
دەرد ـ ئەلەم تازا يەتتى.

ئېتىمنى توقۇپ قويدۇم،
باغلىغىلى تانام يوق.

غېرىبلىق ماڭا يەتتى،
ئاتام بىلەن ئانام يوق.

ئاللا ــ ئاللا ۋاي باللا،
ئاسماندىكى ئاي باللا.
ئۆز يۇرتىمدىن ئايرىلىپ،
ئۇستىمىشى لاي باللا.

سەمەتنىڭ ئاكىسى مەمەت ئەنە شۇ يول بىلەن كارۋانلارغا ئەگىشىپ كەتتى ــ دە، قايتىپ كەلمىدى. ئەمدى ئۆينىڭ، ئېتىزنىڭ ھەممە ئېغىرچىلىقلىرى سەمەتنىڭ ئۇستىگە ئارتىلغانىدى. ئۇنىڭمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش يىراقلارغا كەتكۇسى كېلەتتى ــ يۇ، يەنە ئانىسىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىمايتتى. بەزىدە ئۆگەي دادىسىغا خۇيى تۇتۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قارىغۇسى كەلمەي قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا پەيزۇللاخۇن ئىچىدە: «ھەرقاچان بۇ ھارامتاماقنىڭمۇ خوتۇن ئالغۇسى كېلىپ قالدى!» دەپ ئويلايتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، يېقىندىن بېرى كۆل بويىغا سۇغا چىقىدىغان بىر قىز سەمەتنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قىز سەمەتنى ياقتۇرامدۇ، يوق؟ ئۇنىمۇ بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ قىز ئەپكەشنى كۆتۈرۈپ مەھەللە كوچىسىدا پەيدا بولۇشى بىلەن سەمەتكە ئالەم تېخىمۇ يورۇپ كەتكەندەك، قىزنىڭ توپىلىق يولغا ئىز قالدۇرۇپ كېتىپ بارغان ھەربىر قەدىمىدىن ئەتراپقا رەڭمۇرەڭ گۈللەر چېچىلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. سەمەت ئىختىيارسىز يىراقلاپ كېتىپ بارغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ قالاتتى. ئەپسۇس، بۇ قىز يېقىندىلا يىراق بىر يەرگە ياتلىق بولۇپ كەتتى...

— پەيزۇللاخۇن، سەمەتنى ئۆيلەيدىغان ۋاق بولۇپ قالدى، — دەپ پىچىرلايتتى ئانا كېچىلىرى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا.

— قانداق دەيسەن؟ — دەپ چۆچۈپ كەتتى پەيزۇللاخۇن، — ساڭا بىرەر شەپە بولدىما؟

— يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ قوشنىلارنىڭ قىزلىرىنىڭ كەينىدىن خىيالغا پېتىپ قاراپ قالىدىغان بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ قالدىم.

— ھەي ياقەي، سەمەت دېگەن تېخى كىچىك تۇرسا.

— كىچىك - كىچىك، دەپ يۈرۈپ ئاكىسىغا ئوخشاش قاچۇرۇپ قويمايلى يەنە!

— ئەستاغپۇرۇللا، مېنىڭ كۆزۈمگە سەمەت تېخى كىچىككىلا كۆرۈنىدۇ... بىر ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ، قارا موردىن تۈتۈن چىقارماقمۇ ئاسان ئەمەس، توختا، مەن ئۇنى بىر سىناپ كۆرەي...

تازا بوغداي مايسىلىرى تاختا بولۇپ، ئەتراپ يېشىللىققا پۈركەنگەن بىر كۈنلەر ئىدى. سەمەت ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى يوغان يوتىسىغىچە تۈرۈۋېتىپ، كەتمىنىنى كۆتۈرۈپ ئېتىز ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ سۇ تۇتۇۋاتاتتى. ئۇ ئېچىقلارنى ئېچىپ، قەيەرلەرنىدۇر توپا تاشلاپ قىرلاپ، كۆۋەجەپ كېلىۋاتقان سۇنى بوغداي مايسىلىرى تەرەپكە باشلىۋالغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولدى. كەتمىنىنى يەرگە تىرەپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. مەھەللە تەرەپتىن بىرەيلەن ئاتلىق چىقىپ كېلىۋاتاتتى. سەمەت سىنچىلاپ قاراپ ئۆگەي

دادىسىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى ـ دە، ئىشىنى قىلىۋەردى.

ــ هاي سەمەت، بۇياققا چىق! ــ دەپ ۋارقىرىدى پەيزۇللاخۇن يېقىنلاپ كېلىپ.

ــ نېمە ئىش، دادا؟... كۆرۈۋاتقانلا بۇغدايغا سۇ ئېچىۋاتىمەن.

ــ بىر ئېغىزلا گەپ، گەپنى ئاڭلاپ بولۇپ ئىشىڭنى قىلساڭمۇ بولىدۇ.

سەمەت دادىسىنىڭ سەل ئاچچىقى كېلىپ تۇرغانلىقىنى پەملەپ قالدى. «بۇ ئادەمگە نېمە بولغاندۇ؟ ــ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، ــ ئاخشام ئاغىنىلىرىمگە: ‹بۇ ئۆگەي دادامنىڭ خىيالىغا مېنى ئۆيلەپ قويۇش دېگەن كىرىپ چىقمايدۇ. مەنمۇ ئاكامغا ئوخشاش يىراق بىر يەرگە كېتەيمىكىن دەيمەن›، دېگەندەك قىلىۋېدىم، شۇ گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قالدىمۇ ـ يە..»

سەمەت خىياللىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغۇچە ئۆگەي دادىسى ئېتىز يېنىدىكى يولدا توختاپ ئاتتىن چۈشتى.

ــ هە، قاراپلا تۇرىسەنغۇ؟!

ــ مانا، مانا، ــ دەپ ئېتىزدىن توپىلىق يولغا چىقتى سەمەت.

ــ قېنى، بېلىڭگە پوتاڭنى باغلا.

ــ نېمە قىلىمىز؟

ــ چېلىشىمىز.

ــ كىم بىلەن چېلىشىمىزا، دادا؟ بۇ هېچكىم يوق ئايدالادا؟

ــ ئىككىمىز چېلىشىمىز.

ــ ئىككىمىز؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ ھە، ئىككىمىز.
ــ قويسىلا، ئاتا بىلەن بالا چېلىشقان نەدە بار؟
ــ مانا مۇشۇ يەردە بار، ھازىر كۆرىسەن.
ــ مەن سىلى بىلەن چېلىشمايمەن!
سەمەت شۇنداق دېدى ـ دە، يولنىڭ چېتىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى.
ــ تۇرە ئورنۇڭدىن!ــ دەپ سەمەتنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ تۇرغۇزدى پەيزۇللاخۇن،ــ ئۆمرۈڭدە پەقەت چېلىشىپ باقمىغانما؟
ــ چېلىشقان، ھېلىقى تۆگمەنچىنىڭ پور كۆتەك ئوغلىنىمۇ يىقىتىۋالغان.
ــ ھەببەللى، كىبلە، مەنمۇ سېنىڭ كارامىتىڭنى بىر كۆرۈپ باقاي.
شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ بالا يول ئۈستىدىلا تۇتۇشۇپ كەتتى. بەل تۇتۇشا ـ تۇتۇشمايلا پەيزۇللاخۇن ئوغلىنى يەرگە ئېتىپ ئۈردى ـ دە، «تېخى ۋاقتىڭ باركەن!» دەپ ئېتىلغا مىنىپ ئارقىسىغىمۇ قارىماي كەتتى. سەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنىڭ توپىسىنى قاققىنىچە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇپلا قالدى.
كەچتە سەمەت بولغان ئىشنى ئاغىنىلىرىگە سۆزلەپ بېرىۋىدى، ھەممەيلەن ھەيران بولدى.
ــ دادىسى بىلەن بالىسى چېلىشتى دېگەن نېمە گەپ؟
ــ «تېخى ۋاقتىڭ باركەن» دېگىنىگە قارىغاندا، سېنى بىر يەرگە ئاپىرىپ چېلىشقا سالماقچىمۇ ـ يە؟
ــ ھەي باللار ھەي، ماڭا قاراڭلا،ــ دېدى ئارىدا يېشى چوڭراق بىرى،ــ پەيزۇللاخۇننىڭ كۆڭلىدە بىر ئىش باردەك تۇرىدۇ. سەمەتنى ئۆيلەپ قويىدىغاندەك قىلىدۇ.

ــ ئۆيلىمەكچى بولسا شۇنداق چىلىشقا سىلىپ باقىدىغان ئىش بارمىكەن؟

ــ پەيزۇللاخۇن ئۆگەي بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاتىسى، توي دېگەن كىچىك ئىشمۇ، ئۆمۈر سودىسى. ھەربىر ئاتا ئۆيلەش ئالدىدا بالا دېگەننى شۇنداق بىر سىناپ باقىدۇ. تۇتۇشا - تۇتۇشمايلا يىقىلغىنىڭغا قاراپ تېخى بۇ خام سويمىكەن، دەپتۇ - دە!

يىگىتلەر كۈلۈشۈپ كەتتى.

ــ سەمەت، سىنىڭمۇ خېلى كۈچۈڭ بارغۇ، قول قايرىشىساق ھەممىمىزنى يېڭىۋالاتتىڭ،ــ دېدى يەنە بىر يىگىت.

ــ «دادام» دەپ ئايىغاندۇ،ــ دېدى يەنە بىرەيلەن.

ــ شۇنىڭغا قارىغاندا، چېلىش دېگەننىمۇ ئۆگىنىپ قويىدىغان گەپكەن - ھە!ــ دېدى يەنە بىرى.

ئىككىنچى يىلى تازا ئورما ۋاقتى ئىدى. قۇياش ئەتراپنى ئوتتەك قىزىتىۋاتاتتى. ئېتىزدا ئىشلەۋاتقان ئەرلەرگە چاي ئېلىپ كېتىۋاتقان چوكانلار ئېتىز قىرلىرى تەرەپتىكى سايە بىلەن چاي قاپاقلىرىنى مۈرىلىرىگە قويۇپ كېتىشىۋاتاتتى. بەزەن - بەزەن پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئىسسىق شامال چوكانلارنىڭ چاچلىرىنى يېنىك سىلكىپ، كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. سەمەت بولسا ئۆز ئېتىزىدا بېشىنى كۆتۈرمەي ئورما ئورۇۋاتاتتى. ئاپتاپتا كۆيۈپ تۇرغان ئېتىز يولىدا يەنە ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسى ئاتلىق پەيدا بولدى.

ــ ھەي سەمەت!ــ دەپ يىراقتىنلا ۋارقىرىدى ئۇ.

ــ خوش، دادا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ــ ماۋۇ يولغا چىق!
ــ پوتامنىمۇ باغلىۋالامدىم؟
ــ باغلا!
سەمەت ئورغاقنى تاشلاپ، پوتىسىنى مەھكەم باغلاپ، توپىلىق يولغا چىقىپ يەنە دادىسى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. بۇ قېتىم ئۇ ئىككى پۇتى بىلەن يەرگە مەھكەم دەسسەپ تىرەجەپ، خېلى غەيرەت قىلىپ باققان بولسىمۇ دادىسىغا يەنە تەڭ كېلەلمىدى. پەيزۇللاخۇن ئۇنى بىلىدىن مەھكەم قورۇپ تۇتۇپ ئالدىغا تارتىپ بىرلا چىرماق ئۇرۇپ يىقىتتى ـ دە، «يەنە خامكەنسەن!» دەپ ئېتىغا سەكرەپ مىنىپ كېتىپ قالدى.
مەھەللىدىكى ئاغىنىلەر سەمەتنىڭ يەنە يىقىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
ــ ھەي ئەخمەق، ئاشۇ قېرى داداڭغا كۈچۈڭ يەتمىسە خوتۇنۇڭنىڭ قانداق ھۆددىسىدىن چىقىسەن؟ ــ دېيىشەتتى ئۇلار.
ــ مەن خوتۇنۇم بىلەن ئۆيدە چېلىشىپ ئويناياتتىممۇ؟!
ــ ۋاقتى كەلگەندە كۆرىسەن، ياۋاشراق خوتۇنغا ئۇچراپ قالساڭغۇ ياخشى، يامانراقلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالساڭ... ۋاھ، گەپ قىلما...
ــ ھە، يامانراقنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام نېمە قىلىدۇ؟
ــ نېمە قىلماقچىدى، ــ دېدى ھېلىقى يېشى چوڭراق ئاغىنە، ئۇ بىر ـ ئىككى ئۆيلىنىپ خېلى ئىش كۆرۈپ قالغانىدى، ــ خوتۇن دېگەنبىلەن ياخشى ئۆتسەڭغۇ بۇ ئەر ـ خوتۇنچىلىق دېگەننىڭ تاتلىقلىقىغا ھېچنېمە

يەتمەيدۇ. ئەممازە، يامان خوتۇن بىلەن يامان بولۇشۇپ قالساڭ، خۇدايىم ساقلىسۇن، ئاستىغا بېسىۋېلىپ دۇمبالاپ، ئىشتىنىڭنى قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ، كۆتۈڭگە تېپىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

— شۇنداق، — دەپ بۇ گەپنى قۇۋۋەتلىدى يەنە بىرەيلەن، — بۇرۇن بىزنىڭ تاياخۇن دەپ بىر ھەقەمسايىمىز بولىدىغان، دادىسى ئۇنىڭغا «ئېتىز ئىشىغا كۈچ بېرىدۇ» دەپ تازىمۇ قاۋۇل بىر چوكاننى ئېلىپ بەرسە بولىدۇ. بىر كۈنى ئېتىزدا: «تاياخۇن، ئاشۇ خوتۇنۇڭ بىلەن ئۆيدە بەل تۇتۇشۇپ قالساڭ بېسىۋالامسەن، يا ئاستىدا قالامسەن؟» دەپ ئۇنى گەپكە سالدۇق. ئۆزىمۇ سەل گالۋاڭراق يېتىمتى، «بېسىۋالماي!» دەپ ۋارقىرىدى. «ئەمىسە، خوتۇنۇڭ بىلەن مۇشۇ ئېتىزدا بىر چېلىشىپ باقە، بىز كۆرۈپ باقايلى» دېدۇق. تاياخۇن: «ھەي تۇخان، مەيەرگە كېلە!» دەپ خوتۇننى چاقىردى. خوتۇنى: «نېمە گەپ؟» دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىككىدە تۇردى. تاياخۇن يۈگۈرۈپ قوپۇپ خوتۇنىنى ئۇياق - بۇياققا تارتىپ ئورنىدىنمۇ قوزغىتالمىدى. ھېلىقى چوكان: «نېمانداق قىلىدۇ ماۋۇ ئادەم» دەپ ئېرىنى باغلىغان بەلبېغىدىن تۇتۇپ پىرقىرىتىپ بىر ئېتىۋىدى، تاياخۇن نېرىدىكى توپا ئالغان ئازگالغا بېرىپ «گۈپپىدە» چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىلىنى ئالالماي ئۆيدە ئىككى ئاي ياتتى. ھازىر خوتۇنى «تاياخۇن!» دەپ ۋارقىرىسا، تاياخۇن ئوقۇۋاتقان نامىزىنىمۇ بۇزۇپ يۈگۈرۈپ چىقىپ «ھە» دەيدۇ.

بۇ مەھەللىدە ھېيتاخۇن دەپ بىر بوۋاي بار ئىدى. ياش

ۋاقىتلىرىدا ئەسكەر بولغان، يۇرت كېزىپ كۆپ جاھان كۆرگەن، ئۆز ۋاقىتلىرىدا گېلاۋخۇيغا[1] ئەزا بولۇپ چامباش ئۆگەنگەن ئادەم ئىدى. ئۇ قىرىق ياشقا كىرگۈچە چېلىشىش، مۇشتلىشىش دېگەنلەردىن ئۆزىنى تارتماي، نۇرغۇن قايناملارغا كىرىپ پىشىپ چىققان قاراملاردىن ھېسابلىناتتى. ھېيتاخۇن بوۋاي ھازىر مەھەللىدىكى يېتىلگەن ياش بالىلارنى كۆرسە ئۇلارنىڭ مېغىش - تۇرۇشى، ياشلىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان قامەتلىگە قاراپ زوقلىناتتى. بەزىدە يەنە ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ئېتىزدا توپىغا مىلىنىپ، كېچىسى ئۆيدە خوتۇنىنى قۇچاقلاپ ئۆتۈپ كېتىپلا بارغان ئۆمرىگە ئىچى پۇشاتتى. بىرەرسىگە بولسىمۇ ئۆز ھۈنەرلىرىنى ئۆگىتىپ قويغۇسى كېلەتتى. سەمەت بىلەن ئۆگەي دادىسى ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشنى ئاڭلىغان ھېيتاخۇن بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ، بىر كۈنى سەمەتنى يېنىغا چاقىردى:

— بالام، سەن داداڭدىن يامانلاپ يۇرسەڭ بولمايدۇ، — دېدى بوۋاي، — ئەر - خوتۇنچىلىق دېگەننىڭ ياخشى - يامان كۈنلىرى بولىدۇ. داداڭ سېنى «ئۇستىخىنىنى قاتتىمۇ، يوق؟» دەپ سىناپ باقماقچى ئوخشايدۇ. مانا مەن ساڭا چېلىشىشنىڭ ئېپىنى ئۆگىتىپ قوياي.

شۇ كۈندىن باشلاپ سەمەت ھېيتاخۇن بوۋايدىن چېلىش ئۆگەندى.

— پەقەت كۈچلا بولسا ھېساب ئەمەس، — دەيتتى

① گېلاۋخۇي — چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە خەلق ئىچىدە قۇرۇلغان مەخپىي تەشكىلات. گېلاۋخۇيچىلار چىڭ خاندانلىقىنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇش، باراۋەر بولۇش دېگەندەك شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئاز سانلىق مىللەت كىشىلىرىنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشكەن.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھېيتاخۇن بوۋاي، ــ بۇ جاھاندا كۆچى بار، ئىپپى يوق ئادەملەر تولا.

بوۋاي سەمەتكە چېلىششىش، چامباشچىلىق، مۇشتلىششىش ماھارەتلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەتتى. سەمەت ئىپتىز ـ ئىبرىق ئىشلىرىدىن قولى بوشىسىلا ھېيتاخۇن بوۋاينى ئىزدەپ كېلەتتى... ئارىدىن يەنە بىر ـ ئىككى يىل ئۆتۇپ كەتتى. مانا ئەمدى سەمەت ئۆزىمۇ تولۇپ، بىلەك، پاچاق، كۆكرەكلىرىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۇپ چىقىپ ئوبدانلا كۆچكە كېلىپ قالغاندى.

※ ※ ※

سەمەت شۇ خىياللار بىلەن كۆل بويىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا يېتىپ ئازراق كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كۆلگە سۇ ئالغىلى كەلگەن قىزلار ئەپكەشلىرىنى مۇرىسىگە سېلىپ كۆلدىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرى تېقىمىدا ئويناپ تۇراتتى. سەمەت قىزلارنىڭ ئارىسىدىن ھېلىقى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزنى ئاختۇردى ـ دە، تاپالمىدى... «چۈشمۇ بولاي دەپ قاپتۇ، ئىپتىز بېشىدىكى كۆلنى سورۇۋېتىپ ئۆيگە بىراقلا قايتاي» دەپ ئويلىدى سەمەت. ئۇ ئىپتىز بېشىغا ئەمدىلا يېتىپ كېلىپ قولىغا گۈرجەكنى ئېلىپ تۇراتتى، يىراقتىن يولنىڭ توپىسىنى توزۇتۇپ ئاتلىق چىقىپ كېتىۋاتقان ئۆگەي دادىسىغا كۆزى چۈشتى.

ــ ھە، قېنى، گۈرجەكنى قوي، يەنە بىر بەل تۇتۇشۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



باقايلى، ــ دېدى پەيزۇللاخۇن يېقىنلاپ كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ تۇرۇپ.

ــ دادا، چېلىشمىساق بوپتىكەن، ــ دېدى سەمەت.

ــ نېمىشقا؟

ــ چېلىشقۇم يوق.

ــ نېمىشقا؟... خوتۇنمۇ ئالغۇڭ يوقما؟... مانا مەن دادام بىلەن بەش قېتىم بەل تۇتۇشۇپ، دادامنى بېشىمغا ئېلىپ يەرگە ئاتقۇدەك بولغاندا ئاندىن ئۆيلەنگەن. ئوغۇل بالىنىڭ بىلى چىڭ بولمىسا خوتۇنغا بوزەك بولۇپ قالىدۇ.

ــ خوتۇنمۇ ئالغۇم يوق!

ــ كېلە، ئەخمەق... خوتۇن ئالمىغان بىلەن قانداق بولىدۇ؟ قارا، كالپۇكلىرىڭنىڭ ئۈستىنى قاپقارا بۇرۇت بېسىپ كەتكىنىنى...

ــ دادا، چۈش بولۇپ قورساق ئېچىپ قالدى...

ــ سېنىڭ قورسىقىڭ ئاچ بولسا مېنىڭمۇ ئاچ، كېلە، ئاغلىسام سېنى ھېيتاخۇن بوۋايدىن خېلى ھۈنەر ئۆگەندى دەيدىغۇ؟ مېنى يىقىتىۋالساڭ مۇشۇ مەھەللىدىن خالىغان قىزىڭنى ئېلىپ بېرىمەن.

شۇنداق قىلىپ، ئاتا ــ بالا يەنە تۇتۇشۇپ قالدى. سەمەتنىڭ ئۆگەي دادىسى بىلەن چېلىشماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەتراپتا ئىشلەۋاتقان دېھقانلاردىنمۇ ئۈچ ــ تۆتى يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى.

ئاتا ــ بالا توپىلىق يەردە بەل تۇتۇشۇپ، بىر ــ بىرىنى مۇدۇرۇپ ئالدى ــ كەينىگە ئىتتىرىشىپ بىر دەقىقە تىركەشكەن بولدى ــ دە، سەمەت بىرلا كۈچەپ دادىسىنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ پىرقىرىتىپ ئېتىۋەتتى. بۇ ئىش

شۇنچىلىك تۇيۇقسىز بولدىكى، پەيزۇللاخۇن ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنىمۇ ئۇقماي قالدى. بارغانچە بېرىپ كۇل دۆۋىسىنىڭ ئىچىگە بېشىچە كىرىپلا كەتتى. بىر ـ ئىككى دېھقان «ھەي، يامان بولدى!» دەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى پۇتىدىن تارتىپ كۇل دۆۋىسى ئىچىدىن تارتىۋالغاندا پەيزۇللاخۇننىڭ بېشى نېمىگىدۇر قاتتىق تېگىپ يېرىلىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ جېنى چىقىپ بولغانىدى. سەمەت تېگىرقاپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىپ ئالدىرىسى
www.uyghurkitap.com



## ئىككىنچى باب

# قاچ، بالام

سەمەت ئۆگەي دادىسىنىڭ شۇنچە ئوڭاي جېنى چىقىپ كەتكىنىگە ئۆزىنى ئىشەندۈرەلمەيلا قالدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇنى ئۇياق ـ بۇياققا ئىرغىتىپ باقتى. «دادا!... دادا!...» دەپ پەرياد سېلىپ ۋارقىرىدى. پەيزۇللاخۇن ئۈن ـ تىنسىز، پۈت ـ قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ ناھايىتىمۇ خاتىرجەم ياتاتتى.

ـــ قوپە ئورنۇڭدىن، ئوغلۇم، ـــ دېدى بىر ياشانغان دېھقان، ـــ داداڭ ياراتقان ئىگەمگە ئامانىتىنى تاپشۇرۇپ بوپتۇ.

ـــ توۋا! ـــ دەپ ياقىسىنى تۇتاتتى يەنە بىر دېھقان، ـــ ھېلىلا ئات ئۇستىدە گىدىيىپ ئولتۇرغان ئادەم، ھە؟!... بۇ دۇنيا شۇنچىلىكلا دۇنيا، ۋاقتى كەلگەندە بىر تىنىقتىن قالىدىكەنمۇ، بولدى...

ئەتراپقا ئولاشقانلار پەيزۇللاخۇننىڭ باش ـ كۆزىدىكى كۆل يۇقىلىرىنى تازىلاپ ئېڭىكىنى چاتتى. ئىككى دېھقان قەيەردىندۇر بىر زەمبىلنى تېپىپ كېلىپ جەسەتنى ئۇنىڭغا سېلىپ كۆتۈردى. سەمەت «ۋاي دادام!» دەپ ھازا ئېچىپ ئالدىدا ماڭدى، ئۇلار شۇ ھالەتتە مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە ھەممە ھەيران بولۇشتى.

— كىم قازا قىپتۇ، كىم؟ — دەپ سورىشاتتى يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھويلا - ھويلىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان خوتۇنلار بىر - بىرىدىن.

— ۋاي ماۋۇ پەزىلەتخاننىڭ كىيىن تەگكەن ئېرى.

— ھە، ھېلىقى ئاتتىن چۈشمەي يۈرىدىغان كۆتمەك بۇرۇت ئادەمما؟

— نېمە بوپتۇ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپتىما؟

— ھەي خوتۇنلار، يولنى بوشىتىڭلار، — دېدى پەيزۇللاخۇننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭغان مەزىن ئاخۇنۇم، — پەيزۇللاخۇن ئاتتىن يىقىلماپتۇ، ئۆگەي بالىسىدىن يىقىلىپ قازا قىپتۇ. رىزقى شۇنچىلىك...

مەزىن ئاخۇنۇم شۇ گەپلەرنى قىلىپ ئالدىراپ ئۆتۈپ كەتتى. مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ گېپىنى چالا - پۇچۇق ئاڭلاپ قالغان بىر قېرى مەزلۇم ھېچنېمىنى ئاڭقىرالماي ئەتراپىغا ھەيران بولۇپ قارىدى، ئۇنىڭ قولىقى سەل ئېغىرراق ئىدى.

— نېمە بوپتۇ دەيدۇ، خۇدا ھەققى ماڭا بىر ئوبدانراق چۈشەندۈرسەڭلارچۇ.

— پەيزۇللاخۇن ئاتتىن يىقىلماپتۇ، — دەپ چۈشەندۈردى يەنە بىر خوتۇن ھېلىقى قېرى مەزلۇمنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ ۋارقىراپ، — ئۆگەي بالىسىدىن يىقىلىپ ئۆلۈپتۇدەك.

— نېمە؟! — دەپ تېخىمۇ ھەيران بولدى قېرى مەزلۇم، — پەيزۇللاخۇن ئۆگەي بالىسىغا مىنىۋاپتىمىكەن؟

— ئوھوش، نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ خوتۇن، ئۆگەي بالىسى بىلەن چېلىشىمەن، دەپ يىقىلىپ قازا قىپتۇدەك...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۆزىمۇ نەدە چېلىش بولسا شۇ يەرگە يۈگۈرەيدىغان ئادەم بولمىدىغان...

— پەيزۇللاخۇن ھېلىراقتىلا مەھەللە ئىچىدىن ئات چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلىۋىدىغۇ؟ — دېدى يەنە بىر ئايال.

— شۇنداق، كۆرگەنلىرى توغرا، ئېتىنى چاپتۇرۇپ توپتوغرىلا ئېتىزغا، سەمەتئاخۇننىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىگە بېرىپ، ئوغلىنى ئۇنىمىسا قويماي چېلىشىمىز دەپ تارتىپ چىقىپتۇدەك. سەمەتئاخۇن پىرقىرىتىپ بىر ئېتىپتىكەن، يەرگە بېشىچىلا چۈشۈپ، شۇ يەردىلا جان بېرىپتۇدەك.

— ئۆمرىدە ئېتىزغا چىقىپ تۈزۈكرەك بىر كەتمەن چېپىپ باقمىغان ئادەم ئېتىزغا بېرىپ ئۆلۈپتۇما؟

— ھە، پەيزۇللاخۇننى ئېتىزغا ئەجىلى سۆرەپ بېرىپتىكەندە!...

جامائەت گۇرۇلدەپ كىرىپ سەمەتنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىشقا باشلىدى. كوچا - كوچىلارنىڭ توپىلىرىنى توزۇتۇپ قىزىقچىلىق كۆرۈش ئۈچۈن يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كەلگەن باللار ھويلىنىڭ پاكار تاملىرى ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. پەيزۇللاخۇننىڭ يۇقىرىقى مەھەللىدە چوڭ خوتۇنىدىن بولغان بىر - بىرىدىن يوغان ئوغۇللىرى بار ئىدى. كەچكە يېقىن ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگەندە جېدەلنىڭ چوڭى چىقتى. ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇيىدەك ئالايتىپ، ئەتراپتىكى جامائەتكە قاراپ گۇر - گۇر ۋارقىرىشاتتى.

— ۋاي خالايىق، ماۋۇ ئۆگەي دېگەن يېتىم ئوغلاقنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىنى كۆردۈڭلىما؟

— ياشتا چوڭ بولۇپ قالغان ئادەمنى مۇشۇنداق

چىلىشىمەن دەپ ئايرىپ كۆلگە سىلەپ ئۆلتۈرۈپ قويسا بۇنىڭ سورىقى يوقما؟

— كىم بىلىدۇ، ئاۋۋال ئۆلتۈرۈپ ئاندىن كۆلگە كۆمۈپ قويغانمۇ تېخى... بولمىسا كۆلگە بېشى كىرىپ كەتكەنگىمۇ ئادەم ئۆلۈپ قالامدا؟!

سەمەت بىلەن پەيزۇللاخۇن چىلىشقان يەردە گۇۋاھچى بولۇپ تۇرغان بىرنەچچە دېھقان بۇ تۆھمەتلەرگە ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتتى.

— ھاي ـ ھاي، بالىلىرىم، قارىسىغىلا گەپ قىلماڭلار، پەيزۇللاخۇننىڭ قانداق قازا تاپقانلىقىنىڭ ئۈستىدە كۆرۈپ تۇرغان ئادەملەر بار،— دەپ نەسىھەت قىلدى مەھەللىدىكى ئاقساقاللارنىڭ بىرى پەيزۇللاخۇننىڭ چوڭ ئوغۇللىرىغا،— تەقدىرگە تەن بەرمەكلىك، قازاغا رىزا بولماق لازىم.

— ۋاھ، قىزىق گەپقۇ بۇ!— دەپ تېخىمۇ سەكرەپ كەتتى پەيزۇللاخۇننىڭ چوڭ ئوغۇللىرى ئىچىدىكى كۆزى سەل ئەلەسرەك بىرى. ئۇ بەك جىددىيلىشىپ كەتسە كۆزىنىڭ ئىككى قارىچۇقى ئىككى تەرەپكە كېتىپ، ئۇنىڭ زادى كىمگە قاراپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى،— قازاغا رىزا بولماق لازىم، دەپ خەق دادىمىزنى ئۆلتۈرۈپ قويسا قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپلا تۇرساق بولامتى؟

— ھوي ئۇكامويا!— دېدى زەردىسى قايناپ تۇرغان بىر دېھقان،— خەق سېنىڭ داداڭنى بىكاردىن ـ بىكارغىلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىنى يوق، سەمەتئاخۇن ئېتىزدا بىر ئوبدان تىنچ ئىشلەۋاتاتتى. مانا ئاۋۇ ئەخەتقارىي، باقى قوغۇنچى ھەممىمىز شۇ يەردە بار، بىر چاغدا پەيزۇللاخۇن مەھەللە تەرەپتىن چىقىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئاتلىق،— دەپ قوشۇمچە قىلدى بىر دېھقان.

— ھە، ئاستىدا ئات، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئۇدۇل سەمەتئاخۇننىڭ يېنىغا كېلىپ: «ھاي سەمەت، بۇياققا چىق، چېلىشىمىز» دەپ دېۋەيلەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئاتا - بالا چېلىشماقچى بولدى، بىزمۇ تاماشا كۆرمەك بولۇپ ئۇ يەرگە ئولاشتۇق.

— ياق، باشتا سەمەتئاخۇن «دادا، چېلىشمايلى» دەپ تارتىنىپ تۇرۇۋالدى،— دەپ سۆز قاتتى يەنە بىرەيلەن.

— راست شۇنداق بولدى، سەمەتئاخۇننىڭ بىر ئىشنى كۆڭلى تۈيغانمۇ، زادىلا چېلىشقۇسى يوق ئىدى. پەيزۇللاخۇننىڭ گېپىنى يېرالماي ئوتتۇرىغا چىقتى، سەمەتئاخۇننىڭ بېلىدە پوتىمۇ يوق، بېلىنى بىر شوينا بىلەن باغلىۋالغانىكەن، ئارىمىزدىن بىرىمىز پوتىمىزنى يېشىپ تاشلاپ بەردۇق.

— ئەخەتقارىينىڭ پوتىسى....

— ھە، سەمەتئاخۇن ئەخەتقارىينىڭ پوتىسىنى ئېلىپ باغلىدى. پەيزۇللاخۇن بىلەن بەل تۇتۇشا - تۇتۇشمايلا ئۇنى كۆتۈرۈپلا يەرگە ئاتتى. قارىساق پەيزۇللاخۇن بېشىچىلا كۆل دۆۋىسى ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. تارتىپ چىقارساق جېنى چىقىپ بوپتۇ. شۇنچىلىكلا بىر ئىش. بۇ دۇنيادا رىزقىمىز تۈگىگەن چاغدا ھەممىمىز ئاشۇنداق ئەرزىمەسلا بىر باھانە - سەۋەبلەر بىلەن كۆزىمىزنى يۇمىمىز.

— شۇنداق بولماي، بىر تىنىقتىن قالدىڭ، يوق،— دەپ قوشۇمچە قىلدى يەنە بىرەيلەن،— رەھمەتلىك پەيزۇللاخۇن ئۆزىمۇ چېلىششقا بەك ئامراق ئىدى. تۇۋۋا دەيدىغان ئىش. ئېتىمىزدىمۇ، خاماندىمۇ، ئىشقىلىپ نە توغرا كەلسە شۇ يەردە مۇشۇ ئۆگەي ئوغلى بىلەن

چىلىشىمەن، دەپلا تۇرۇۋالاتتىغۇتاڭ، ئاخىرى بېرىپ شۇ چېلىشىش ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقتى.

جامائەت پەيزۇللاخۇنىنىڭ چوڭ ئوغۇللىرىغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ نەسىھەت قىلىمىز، دەپ بىكارلا ئاۋارە بولۇشاتتى. باشقىلار «هاي، ئۇنداق ئەمەس» دېگەنسېرى ئۇلار تېخىمۇ سەكرەشكىلى تۇردى.

— ۋاي ياش كەتكەن دادام، بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن دادام!...

— هاي خالايىق، دادامنىڭ مۇشۇ يېتىمەكنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قويغىنىنىڭ سازايىسى مۇشۇما؟

— قېنى ئۇ سەمەت دېگەن مۇناپىق؟ ئۆزى نەگە مۆكۈۋالدى؟

— نوچى بولسا مەۋگە چىقىپ بىز بىلەن بىر چېلىشىپ باقمامدا!

— قېنى ئۇ هارامزادە!؟....

— بىز جانغا جان ئالمىغۇچە بولدى قىلمايمىز...

سەمەتنى جامائەت مۆكتۈرۈپ قويغانىدى. ئەتراپ قاراڭغۇلاشقاندا ئانا سەمەتنى ئۆگەي دادىسىنىڭ ئېتىغا مىندۈرۈپ مەھەللىدىن قاچۇرۇۋەتتى.

— قاچ، بالام!— دەيتتى ئانا،— داداڭنىڭ چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ پەيلى بەك يامان. پەيزۇللانى كۆممەي تۇرۇپ ئاۋۋال سېنىڭ جېنىڭنى ئېلىشىدىغاندەك قىلىدۇ. قاچ، قەشقەر تەرەپكىلا قاراپ قاچ، قەشقەر دېگەن چوڭ شەھەر، سېنىڭدەك بىر مۇساپىرغا باش تىققۇدەك يەر چىقىپ قالار... بولمىسا تاغ ئارقىسىغا، ئىلىخوغىلا چىقىپ كەت. ئاكاڭ مەمەتنى شۇ يەردىكەن، دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئاكاڭنى ئىزدەپ تاپ!

※ ※ ※

سەمەت ئۆگەي دادىسىنىڭ قاراگىر يورغىسىغا مىندى. ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ مەھەللىنىڭ ئارقىسىدىكى باغلارنى ئارىلاپ ماڭدى. باغلار ئارىسىدىكى قانداقتۇر بىر تار كوچىلاردىن ئۆتتى. ئەتراپ تۇم قاراڭغۇ بولۇپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار ئۈنسىز جىمىرلايتتى. سەمەت ئۈجمە كۆچەتلىرى تىكىلگەن بىر ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ ئېتىزلىققا چىقتى. ئەمدى سەمەتنىڭ ھويلىسىدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئەنسىز ۋارقىراشلار يىراقتا قالماقتا ئىدى. سەمەت مەھەللىنىڭ چېتىدىكى توپىلىق چوڭ يولغا يەتكەندە ئاتنىڭ بېشىنى ئوڭغا بۇرىدى - دە، ئاتنى دېۋىتىپ چوڭ يول بويلاپ چاپتۇرۇپ كەتتى.

قاراڭغۇلۇقتا يولدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭمۇ كۆرۈنمەيتتى. قاراگىر ئات، ئات ئۈستىدىكى قارامتۇل گەۋدە گويا شۇ پۈتۈن قاراڭغۇلۇقنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى. پەقەت ئات تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن دۈپۈرلەشلەرلا يىراق - يېقىن مەھەللىدىكى ئىتلارنىڭ سەزگۈر قۇلاقلىرىغا يېتەتتى. يول ئۈستىدىكى مەھەللىنىڭ بەزى يامانراق ئىتلىرى غەزەپ بىلەن ھاۋشىپ ئاتنىڭ ئاياغلىرى ئەتراپىدا پەيدا بولاتتى - دە، يەنە ئارقىدا قالاتتى... سەمەتنىڭ يۈرىكىنىڭ ئۇرۇشى ئات تۇيىقىدىن چىققان دۈپۈرلەشلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئاجايىپ بىر دەبدەبىلىك دەقىقىلەرنىڭ مۇزىكىسىنى ئورۇنداۋاتقاندەك

قىلاتتى. تىپتىنىچ سۇ يۈزىدىمۇ بەزىدە شىددەتلىك دولقۇنلار كۆتۈرۈلىدۇ؛ كۆپكۆك ئاسمان يۈزىدىمۇ بىردەمدىلا قارا بۇلۇتلار پەيدا بولىدۇ ـ دە، گۈلدۈرلەپ چاقماقلار چېقىلىدۇ؛ كىشىلىك ھاياتتىمۇ بەزىدە كىچىككىنە تاسادىپىيلىقلار ئادەم تەقدىرىنى باشقىلا بىر يوللارغا بۇرىۋېتىدۇ... سەمەت: «بۇ يۇرتتىن، بۇ توپىلىق يوللاردىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ كېتىۋاتىمەنمۇ؟ يەنە قايتىپ كېلەرمەنمۇ؟» دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئاتىنىڭ چۈلۈۋۈرىغا ئېسىلىپ يىغلاپ قالغان ئانىسى، شۇ تېرەكلىك ئاددىي مەھەللە، ئوتتۇرىسىدىكى تىنىق كۆل، كۆل بويىدا ئەپكەشتە سۇ ئېلىپ كېتىۋاتقان سەھرا قىزلىرى كېلەتتى... ئەنە شۇ قىزلار ئىچىدە سەمەتنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان بىر قىز بار ئىدى. قىزنىڭ بېشىدىكى ياغلىقىنىڭ شامالدا يەلپۈنۈشىمۇ، ئەپكەشتىكى سۇنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن بىر تەرەپكە سەل قىيسايغان ئەۋرىشىم بەستىمۇ، باش كۆتۈرۈپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ قويۇشلىرىمۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياقاتتى. بۇ دېھقان يىگىتنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ يۈكسەك ئارزۇسىمۇ شۇ قىزغا ئېرىشىش ئىدى. شۇ قىز بىلەن بىر ياستۇققا باش قويسا، كۈندۈزلىرى سەمەت ئېتىزدا ئىشلىسە قىز قاپاقتا سوغۇق چاي يەتكۈزۈپ بەرسە، كېچىلىرى ئۇلار ئاددىي دېھقان كەپىسىنىڭ تۈڭلۈكلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇلتۇزلار، بۇلۇتلار ئارىلاپ كېتىپ بارغان تولۇن ئايغا بىللە قاراپ يېتىپ ئوتلۇق تىلەكلىرىنى بىر ـ بىرىگە پىچىرلاشسا، يىگىت ئۈچۈن بۇ دۇنيانىڭ بەختىمۇ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېلىۋاتقان دېھقان ھاياتىنىڭ رىتىمىمۇ ئەنە شۇ ئىدى. ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنىڭ ئېغىر مۇشەققىتى، بىر ئۆينىڭ تۈگىمەس غەملىرى بىلەن پۇچۇلغان دېھقان كۆڭلى سۇ ئىچىدىغان مەشۇقى بىلەن بىر كېچە تاتلىق مۇڭدىشىپ ياتسىلا ئەتىسى يەنە يېپيېڭى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ روھلۇق مېڭىپ ئېتىزغا چىقىپ كېتىدۇ. سەمەتكە شۇ كىچىككىنە بەختمۇ نېسىپ بولمىدى. شۇ تاپتا ئۇ تەقدىر ناملىق ئوۋچىنىڭ قولىدىكى يادىن ئېتىلىپ چىققان ئوق ئىدى. نەگە بېرىپ چۈشۈشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

سەمەت زادى قانچىلىك يول باسقىنىنى بىلەلمىدى. ئازدىن كېيىن كۆككە ئاي كۆتۈرۈلۈپ تۇتاش كەتكەن ئېتىزلار، قاراڭغۇلۇقتا ئۈگدەپ ياتقان مەھەللىلەر، يىراقتىكى ئەگرى ـ بۈگرى دۆڭلۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ سارغۇچ نۇرىغا چۆمۈلدۈردى. ئاتمۇ يۈگۈرۈشتىن توختاپ ئىتتىك بۆرە يورغىسىدا كېتىپ باراتتى. يول ئۈستىدە دولىسىغا كەتمەن سېلىۋالغان بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇ ئاي يورۇقىدا تىرىلغۇ يەرلىرىگە سۇ ئېچىۋاتقان دېھقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئاستا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىپ باراتتى.

سەن ئۆزۈڭ كەتكەن بىلەن،
ئوتۇ پىراقىڭ كەتمىدى.
ئۇيقۇ يوق كېچە كۆزۈمدىن،
خۇلقۇ سىياقىڭ كەتمىدى...

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تاغا، ــ دېدى سەمەت ھېلىقى

كىشىگە يېقىنلاپ بارغاندا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — دېدى دېھقان دولىسىدىكى كەتمەننى ئېلىپ يەرگە قويۇپ سەمەتكە بۇرۇلۇپ قاراپ، — كېچىلەپ ئالدىراپ مېڭىپسىلا، ئۇكام، يول بولسۇن.
— قەشقەرگە ماڭغانىدىم. توغرا كېتىپ بارامدىمەن قايداق، بىلەلمىدىم؟
— توغرا مېڭىپسىلا، مۇشۇ يولدىن چىقماي ئۇدۇل مېڭىۋەرسىلە ئالدىلىرىدا يەنە بىر يۇرتنىڭ قارىسى كۆرۈنىدۇ. ئاندىن...
دېھقاننىڭ گېپىنىڭ تېخى ئاخىرى چۇشمەي تۇراتتى، يول ئۈستىدە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا يەنە بىر ئادەم پەيدا بولۇپ قالدى. تەڭنىدەك يوغان قورساق سالغان بۇ ئادەم ئۇدۇل كېلىپ سەمەتنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتۇپ ئاتقا سىنچىلاپ بىر قارىدى ـ دە، نېمىگىدۇر ھاياجانلىنىپ ۋارقىراپ كەتتى.
— ھاشىم، ۋاي ھاشىم!
— نېمە؟
— مەۋگە بىر چىقە، ماۋۇ ئاتقا بىر قاراپ قوي.
يول ياقىسىدىكى قېرى قارىياغاچ كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقتىن يەنە بىر ئادەم يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇمۇ ئاتقا قاراپ ۋارقىرىۋەتتى ـ دە، يولنى توستى.
— پاھ، بېگىمنىڭ ئېتىنىڭ ئۆزى شۇغۇ.
— بۇنىڭ بەستى، رەڭگىنىڭ قارىلىقىنى قارا، ماۋۇ ئاي يورۇقىدا بىر قاراپلا بېگىمنىڭ ئېتىنىڭ جۈپتى شۇكەن دېدىم.
— بۇ ئات بۇ يەرگە نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ — دەپ ئات ئۈستىدىكى سەمەتكە قارىدى كېيىن يېتىپ كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئورۇقراق ئادەم، — ئۇكامـوي، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟ بۇ ئاتنى نەدىن مىنىپ كەلدىڭ؟
— نېمە گەپتى، ئاكىلار؟ — دېدى سەمەت، — مەن بەك ئالدىراپتىمەن، مېنى يولۇمدىن قويمىساڭلار.
— ئاۋۋال بىر ئاتتىن چۈشە.
سەمەت: «بۇ يەردە بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتىدىغۇ دېيمەن، ئاستىمدىكى ئاتنى بۇلار بىرسىنىڭ يىتتۇرگەن ئېتىغا ئوخشىتىۋاتقان بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ـ دە، ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى.
— بىز پالتاخۇن بېگىمنىڭ ئادەملىرى بولىمىز، پالتاخۇن بەگ دەپ ئاڭلىغانمۇ سەن.
— ئاڭلىماپتىكەنمەن.
— توۋا، ماۋۇ نېمە دەيدىغاندۇ؟ بۇ دۇنيادا پالتاخۇن بېگىمنى تونۇمايدىغان ئادەممۇ باركەن ـ ھە؟!... ئۆزۈڭ نەدە چوڭ بولغان؟... ئاڭلاپ قوي، پالتاخۇن بەگ دېگەن مۇشۇ ئەتراپتىكى پۈتۈن مەھەللە ـ كوي، يېزا ـ قىشلاق، دەشت ـ جاڭگاللارنىڭ بېگى، ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىمۇ بەگ ئۆتۈپتىكەن، ئۆز زامانىسىدا ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى ئۇ يېقى ھىندى، كەشمىر، بۇ يېقى ئاشۇ ئورۇسنىڭ يەرلىرىگىچە يېتىپ باراتتىكەن...
— ئاكاھوي، نېماندلق ئۇزۇن ھېكايە بۇ؟ — دەپ گەپنى بۆلۈۋەتتى سەمەت، — دادام ئۆلۈپ كەتكەن، قەشقەردىكى تۇغقانلارغا مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزەي دەپ ئالدىراپ كېچىلەپ كېتىۋاتاتتىم، خوش بولسام، مېنى يولدىن قويمىساڭلار.
— ياش بولغان بىلەن نېماندلق تاقىتىڭ يوق سېنىڭ، ئاۋۋال ماۋۇ گەپنى ئوبدان قۇلاق سېلىپ بىر ئاڭلا،

قەشقەر دېگىنىڭ قىچىپ كەتمەيدۇ.

سەمەتنىڭ يولىنى توسۇپ تۇرغان بۇ ئىككىيلەن ئىچكەنمۇ ياكى نەشىنى بولۇشىغا چەككەنمۇ، ئىشقىلىپ يەر دەسسەپ تۇرۇشىمۇ تازا جايىدا ئەمەس ئىدى. سەمەت ئاتتىن چۈشۈپ خاتا قىلغانلىقىنى دەرھال چۈشەندى. ھېلىقى يوغان قورساق ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىغا مەھكەم ئېسىلىپ تۇراتتى. ئورۇق ئاداش ئەزمىلىك بىلەن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

ــ مانا شۇ پالتاخۇن بېگىمنىڭ ئۆزى ئولتۇرىدىغان مەيسگە قاتىدىغان مۇشۇنداق بىر جۈپ قارا ئېتى بولىدىغان. ئۆتكەن قېتىم بېگىم يېڭى كەلگەن ئامبالنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىپتىكەن. ئىشقىلىپ، بېگىمنىڭ ئۆيىدىن مېھمان ئۈزۈلمەيدۇ. دوتەي، شەڭگەن دەمسەن، يامۇلنىڭ يايىلىرىغىچە ئىچى پۇشسىلا ھەممىسى بېگىمنى ئىزدەپ تاپىدۇ. پالتاخۇن بېگىمنىڭمۇ ئالامەت داستىخىنى كەڭ ئادەم، شۇنداق قىلىپ بېگىم يېڭى كەلگەن ئامبالنى ئۆيىگە چاقىرىپتىكەن. بېگىمنىڭ ئاشۇ بىر جۈپ قاراگىر ئېتىغا ئامبالنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالسا بولىدۇ...

نېرىدا كەتمىنىگە تايىنىپ قاراپ تۇرغان دېھقان ماۋۇ ئىككى مۇتتەھەمنىڭ يىگىتنىڭ ئېتىنى تارتىۋالماقچى بولۇپ، راست ـ يالغانىنى بولۇشىغا ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەۋاتقىنىغا چىداپ تۇرالماي «ئۆھۆ!» دەپ قاتتىق يۆتىلىپ قويدى. ھېلىقى ئىككىيلەن دېھقان تەرەپكە تەڭلا قارىدى ـ دە:

ــ خوش، قانداق ئىشەك يوق؟... نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ يولۇڭغا ماڭ! ــ دەپ ھۆرپەيدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دېهقان كەتمىنىنى دولىسىغا سېلىپ قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى.

— نېمە دەۋاتاتتىما؟... — دەپ گېپىنى داۋام قىلماقچى بولدى ئورۇق كەلگىنى.

— ئامبالنىڭ كۆزى بېگىمنىڭ ئىتىغا چۈشۈپ قاپتۇ دېگەنتىڭلا، — دەپ لوقما سالدى چۈلۈۋۈرغا ئېسىلىپ تۇرغان خام سېمىز.

— هە، ئامبالنىڭ كۆزى باشقا نېمىگە چۈشمەي ئاشۇ بىر جۈپ قاراگىر ئاتقا چۈشۈپتۇ. «پالتاخۇن، ماۋۇ بىر جۈپ ئات ئەجەب چىرايلىقكەن جومۇ!» دەپ ساپتۇ. بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى سەن بىلەن بىز «ئاتنى ماختاۋاتىدۇ» دەپ مۇنداق چۈشەنگەن بىلەن، بېگىم ئۇنداق چۈشەنمەيدىكەن. ئامبال كېتىشى بىلەنلا بېگىم: «ئاپلاھۇ ئەكبەر، ماۋۇ ئىككى ئاتنى كۆزدىن يىراق بىر يەرگە باغلاپ قويىدىغان گەپكەن. ئەمدى بۇ ئاتلارنى ئامبال غوجامغا سوۋغا قىلىشقا تەمەي بولمىدى» دەپ ئولتۇرالماي قالدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دېدى سەمەت تاقىتى تۈگەپ، — بۇ ئىشلارنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ مېنى يولدىن قويمىغان بولساڭلار بوپتىكەن، ئاكىلار...

— ماڭا قارا، سەن بىزنى يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان نېمىلەر ئوخشايدۇ، دەۋاتىسەنغۇ دەيمەن، — دېدى ئاتنىڭ چۈلۈۋۈرىنى مەهكەم تۇتۇپ تۇرغان خام سېمىز، — ئاۋۋال ماۋۇ ئاكاڭنىڭ گېپىنى ئوبدان ئاڭلىمامسەن.

— بېگىم يېڭىدىن بىر مەيە ياستىتىپ، شۇ مەيىگە هېلىقى بىر جۈپ قاراگىر ئاتنى قېتىپ ئاپىرىپ ئامبالغا

سوۋغا قىلىپ ئامبالنى بىر خۇش قىلىۋەتمەكچى بوپتىكەن،ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئورۇق ئاداش،ــ قەشقەردىكى مەيگەشلەرگە يېڭى مەپە بۇيرۇتۇپمۇ قويغان. شۇ ئارىدا ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى قايىلىمامدىغان، پالتاخۇن بېگىمنىڭ ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان بىر بەڭباش ئوغلى بار، بىر كۈنى ھېچكىمگە گەپ قىلماي قاراگىر ئاتنىڭ بىرسىنى مىنىپ چىقىپ كېتىپ ئوغلاق تارتىشىپ، يۈتلىشىپ يىقىلىپ ئاتنىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ. توكۇر ئاتنى ئامبالغا سوۋغا قىلغىلى بولمايدۇ ـ دە، كەلگۈلۈك بىزگە كەلدى. پالتاخۇن بېگىم: «مۇشۇ ئاتقا جۈپ بولىدىغان قاراگىر ئاتتىن بىرنى تېپىپ كېلىڭلار» دەپ بىزنى ئۆيدىن قوغلىغىلى ھەپتە ـ ئون كۈن بولدى. بېگىمنىڭ شۇنچىۋالا ئاتلىرى ئىچىدە مۇنداق قاراگىر ئاتتىن يەنە بىرى چىقمىدى. بارمىغان يېرىمىز، چىقمىغان دۆڭىمىز قالمىغان. مانا بۈگۈن خۇدايىمنىڭ ئۆزى ساڭا بۇ ئاتنى مىندۇرۇپ ئالدىمىزغا ئەۋەتىپتۇ... ساڭا بۇ ئىشلارنى ئېيتىپ چۈشەندۈرىمەن، دەپ ئەجەب جىق گەپ قىلىپ كەتتىما... گەپنىڭ پوسكاللىسى، چىرايلىقچە گەپ ئاڭلىساڭ، ھازىر بىز بىلەن بېرىپ بېگىمنىڭ مېھمانخانىسىدا تازا پۇت ـ قولۇڭنى سۇنۇپ ئارامىڭنى ئېلىپ ياتىسەن. تاڭ ئاتقاندا بېگىمنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۆزۈڭ بىر ئاتنى تاللاپ مىنىپ يولۇڭغا راۋان بولىسەن.

ــ بېگىم ئۇستىلەپ پۇلمۇ بېرەمدۇ تېخى،ــ دەپ قوشۇپ قويدى يوغان قورساق.

ــ شۇنداق، ئات ياراپ قالسا يەنە پۇلمۇ ئالىسەن. «ياق» دېسەڭ مۇشۇ يەردىلا ئاتنى تارتىۋېلىپ كۆتۈڭگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تېپىمىز، قەشقەرىڭگە پىيادە كېتىسەن. پى ... پى ... پىيادە...

ئورۇقنىڭ گېپى تېخى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا بېشى بىرنېمىگە ۋاققىدە تېگىپ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى ــ دە، ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. سەمەت ئىككى مۇتتەھەمنى يەلكىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ بېشىنى بىر ــ بىرىگە ئۇستۇرگەندى، باداڭ قورساق ئارقىسىغا نەچچە قەدەم سەنتۈرۈلۈپ، قولىدىن چۇلۇۋۇر چىقىپ كەتتى. سەمەت ئوركۈپ چاپچىپ كەتكەن ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىدىن تۇتۇۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. ئۇ ئاتقا سەكرەپ مىندى ــ دە، چاپتۇرۇپ كەتتى.

تاڭ سۈزۈلگەندە سەمەت بىر دەڭنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. دەرۋازا ئىچىدىن ئېتىلگەندى. بۇ قەشقەر شەھىرى ئەتراپىدىكى دەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى. سەمەت ئاتتىن چۈشۈپ دەرۋازىنى يېنىك ئۇردى. ئازدىن كېيىن دەڭ ئىچىدىن كىمدۇر بىرىنىڭ يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى، دەرۋازىنى ئاپپاق ساقال بىر بوۋاي ئاچتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى سەمەت ئوڭ قولىنى سول كۆكسىگە ئېلىپ، — يىراقتىن كېلىشىم، بىكار ئۆي بولسا ئازراق ئارام ئالاي دېگەن.

— كىرسىلە.

ئاپتاپتا قاغجىراپ كەتكەن دەرۋازا غىچىرلاپ يوغان ئېچىلدى. دەڭنىڭ كەڭرى كەتكەن قورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلاغلىرى چىقىرىۋېتىلگەن بىرنەچچە هارۋا تاشلىنىپ ياتاتتى. تام ياقلىتىپ سېلىنغان ئوقۇرلاردا ئات ــ ئۇلاغلار باشلىرىنى سىلكىپ يەم

يەۋاتاتتى. بوۋاي سەمەتنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىپ، ئاتنى ئۆزۈن توغىرا ياغاچقا ئاپىرىپ باغلىدى. سەمەتكە چەتتىكى بىر ئۆينى ئېچىپ بەردى. سەمەت سۈپىغا سېلىنغان بورا ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى ـ دە، چۈشكىچە قاتتىق ئۇخلىدى. ئۇ ئويغانغاندا تىكىلىشىپ كەتكەن قۇياش دەڭنىڭ ئات ـ هارۋىلار كېتىپ بوشاپ قالغان يوغان هويلىسىنى ئوتتەك قىزىتىپ تۇراتتى. سەمەت مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇيدى. دەڭچى ئىزدەپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ مىنىپ كەلگەن ئېتىنى ساتماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. قاراگىر يورغا نېرىدىكى ئوقۇردا دەڭچىگە تاشلاپ بەرگەن بېدىنى ئىشتىياق بىلەن يەۋاتاتتى. دەڭچى بوۋاي ئاقىرىپ كەتكەن قويۇق قاشلىرى ئاستىدىن سەمەتكە دىققەت بىلەن قارىدى ـ دە، ئاتنىڭ يېنىغا باردى.

ــ بالام، بۇ ئاتلىرى ياخشى ئاتتەك قىلىدۇ، ــ دېدى دەڭچى ئاتنىڭ ساغرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ لېكىنزە ئاتنى خېلى بەك يىراق يەردىن قاتتىق مىنىپ كەلگەندەك قىلىلا، بىر يەردىن ئەپقېچىپ كەلمىگەنلا؟

ــ نېمە دەيدىغاندىلا؟... خاتىرجەم بولسىلا، تاغا، ــ دېدى سەمەت، ــ بېشىمغا بىر پېشكەللىك كېلىپ يۇرتتىن قاچقىپ چىقىشىم، نېمە پېشكەللىك دېسىلە، سۆزلەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن...

سەمەتنىڭ گېلىگە بىرنېمە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ، كۆزىگە ياش كەلدى، ئالدىدىكى بۇ ئاپپاق ساقاللىق ئادەمگە ئېسىلىپ بىر يىغلىۋالغۇسى، ئىچىدىكى ھەممە دەرد ـ ئەلەملىرىنى تۆكۈپ ئىچىنى بىر بوشىتىۋالغۇسى بار ئىدى. ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى.

ــ بوپتۇ، سۆزلىگىلىرى كەلمىسە سۆزلىمىسىلە،ــ دېدى بوۋاي،ــ مېنىڭ دېگىنىم قايىلىسىلا، ئەتىگەن سىلى كەلگەندە بۇ ئاتنىڭ دەسسەپ تۇرغۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىكەن. ھېلىمۇ قايىلىسىلا، پۇتلىرى دىرىلدەپ تىترەپ تۇرۇپتۇ.

ــ بارى شۇ،ــ دېدى سەمەت،ــ ئاتىغانلىرىنى بېرىپ ئېلىپ قالسىلا، ئاتنى تۇرماق، ئۆزۈمنىڭ قورسىقىنى باققۇدەكمۇ پۇلۇم يوق.

ــ بوپتۇ، ئاتنى مەن ئېلىپ بېقىپ قوياي، مۇبادا جىقراق پۇل تېپىپ قالسىلا كېلىپ ئاتنى قايتۇرۇپ ئەكېتەرلا،ــ دەپ ئاتىغان پۇلىنى سەمەتكە سۇندى دەڭجا.

ــ ھەشقاللا!ــ دېدى سەمەت پۇلنى ئېلىپ.

## ئۈچىنچى باب

# ھەزرەت سەيلىسى

سەمەتنىڭ ئاتىنىڭ پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ قەشقەر بازارلىرىنى ئارىلاپ يۈرگىنىگە مانا ئۈچ كۈن بولۇپ قالغانىدى. پۈتۈن قەشقەر ۋاڭ ـ چۇڭ ئىچىدە تەۋرەيتتى. تىنىچ سوزۇلۇپ ياتقان ياپيېشىل ئېكىنزارلىقلار، زىرائەتلەرنى سۆيۈپ ئۆتىدىغان مەيىن شامال، راھەت سايىلارنى تاشلاپ تۇرغان تىنىچ باغلار، ئېرىقلاردا شىلدىرلاپ ئېقىپ قىرغاقتىكى چىمەنلەرگە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ ئۆتىدىغان سۇلارنى كۆرۈپ چوڭ بولغان سەھرالىق يىگىت ئۈچۈن بۇ يەردىكى ھەممە نېمە ناھايىتىمۇ ھەيران قالارلىق ئىدى. ياغ بازىرى، مال بازىرى، چاپان بازىرى، تۇماق بازىرى، يەنە شۇنداق قانداقتۇر بازارلاردىكى ئالارمەن ـ ساتارمەنلەرنىڭ چىڭقىلىپ ۋارقىراشلىرى، تەلەڭگىلەرگە گۈل چېكىۋاتقان مىسكەرلەرنىڭ بولقىلىرى، تۆمۈرچىلەرنىڭ بازغانلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن جاراڭلىق سادا، كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئارىسىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن ئۇششاق باللارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانلىرى، دېۋانىلەرنىڭ سەدىقە تىلەپ تۇۋلاشلىرى... بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ ئەسىرلەردىن بېرى ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان تونۇش بىر

ناخشىنى، قەشقەر مىڭ يىللاردىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتقان ئۇلۇغ بىر سىمفونىيەنى ھاسىل قىلاتتى. ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن ئۇچەيدەك تار كوچىلار، كوچىنىڭ تارلىقىدىن مەھەللىگە ھەر قېتىم ئوتۇن ئېلىپ كىرگەن ھارۋىلارنىڭ شاخ ـ شۇمبىلىرى سۈركىلىۋېرىپ ئىككى يېقىنى ئويمان بولۇپ كەتكەن تاملار، بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە مىنگەشكەن ئۆيلەر، بايلارنىڭ تام ـ تورۇسلىرىغا نەقىشلەر چېكىلگەن ھەشەمەتلىك ئايۋانلىرى، كاسىپلار ۋە شەھەر نامراتلىرىنىڭ قىيسىيىپ كەتكەن غېرىب كۆلبىلىرى، دوقمۇش ـ دوقمۇشلاردىكى مۇنارى كۆككە بوي تارتقان ھەيۋەتلىك مەسچىتلەر، مەھەللىلەردىن بازارغا قاراپ سوزۇلغان ئاشۇ ئەگرى ـ بۈگرى كوچىلاردىن ئالدىراش چىقىپ كېلىۋاتقان دوپپىلىق، تۇماقلىق، سەللىلىك، ياغلىق ئارتقان، پۈركەنجە يېپىنغان، ئېگىز ـ پاكار، ئورۇق ـ سېمىز ئادەملەر، قولتۇقىغا قېلىن كىتابلارنى قىستۇرۇۋېلىپ قايسىبىر مەدرىسەلەرگە قاراپ ماڭغان تالىپلار، ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا قاراپ ھاڭۋېقىپ لەلەڭلەپ يۈرگەن بىكارچىلار، رەستىلەردىكى تىقما ـ تىقمىچىلىق، ئادەملەردىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق تەر پۇرىقى، ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ ئايىغىدىن توزۇغان توپا ـ چاڭ، مەشھۇر ھېيتگاھ جامائەسى ئالدىدىكى مەيداندا سوزۇلۇپ ياتقان غېرىب ـ بىچارىلەرنىڭ ھەر خىل سىياقتىكى ئەلەملىك چىرايى... مۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى رەسسام پەقەت قەشقەر شەھىرىدىنلا تاپالايدۇ.

سەمەت كىشىلەر توپى ئارىسىدا ھەر تەرەپكە چايقىلاتتى. بەزىدە «پوش ـ پوش!» دەپ ۋارقىراپ ماڭغان

ھارۋىكەشلەرنىڭ ھارۋىلىرى ئۇنى قىستاپ يولنىڭ چېتىگە سۈرۈپ قويياتتى. ئۇ شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ بۇ قىستاڭ شەھەرگە يىغىلىشىۋېلىپ، بۇغداي ـ قوناق تەرمەي، ئېتىزغا سۇ تۇتماي قانداق جېنىنى باقىدىغانلىقىغا زادى ئەقلىنى يەتكۈزەلمەيتتى. سەمەت كىملەرگىدۇر سوقۇلۇپ، كىملەرنىدۇر تۈرتۈپ ئىتتىرىپ تۇيۇقسىز سالقىن بىر كوچىغا كىرىپ قالدى ـ دە، ئەركىن نەپەس ئالدى. بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش سودىسى قىلىدىغان سەرراپلار، ھەر خىل ئورۇس چىتلىرى، ھىندى باسمىلىرى، جۇڭگونىڭ رەڭمۇرەڭ تاۋار ـ دۇردۇن، جانان چىنىلىرىنى توپ تارقىتىدىغان چوڭ سودىگەرلەر جايلاشقان رەستە ئىدى. رەستىنىڭ ئۈستى يېپىلغان بولۇپ، سودىگەرلەر قېلىن كۆرپىلەر ئۈستىدە قېنىق دەملەنگەن چايلىرىنى ئىچىپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ يەردە سودا ئىللىق كۈلۈمسىرەش، سىپايە پىچىرلاشلار بىلەنلا پۈتەتتى ـ دە، ماللارنى ئارقىمدىكى مۇستەھكەم تاقاقلار سېلىنغان ئامباردىن خىزمەتچىلەر ئېلىپ بېرەتتى. بۇ رەستىنىڭ ئاخىرىمۇ يەنە سەمەتنى ھۈنەرۋەنلەر جايلاشقان ۋاڭ ـ چۇڭلۇق كوچىغا ئېلىپ چىقتى.

ئۇلۇغ قەشقەر بىنا بولغان كۈندىن باشلاپ ئۆز قوينىدا چوڭ ـ چوڭ ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرگەن، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلىرىنى يۇرت ـ يۇرتلارغا تاراتقان ئاجايىپ بىر شەھەر. ئۆمرى دەستىگاھلار ئالدىدا مۈكچىيىپ ئۆتكەن، يۈز ـ كۆزلىرىنى تورلۇق قوغۇندەك سانسىز قورۇقلار باسقان، ئالىقانلىرى قاداقلاشقان ئۇستىلارنىڭ قولىدىن پۈتۈپ چىققان ھەر خىل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئامبىرى



نۇسخىدىكى رەڭدار گىلەملەر، تېكىمەت كىگىز، داڭلىق قەشقەر پالاسلىرى؛ سىپتا توقۇلغان يىپەك رەخت، سەرگەز، ماتا، خورجۇن، تاغارلارغا ئۇستىگە بېسىلغان ئاجايىپ نۇسخىلار، پىلتا قاقىلغان گۈللۈك ساندۇقلار، زەرگەر بازىرىدىكى قۇياش نۇرىدا «يالت ـ يۇلت» قىلىپ جۇلالىنىپ تۇرغان ئالتۇن جابدۇقلار، يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار؛ دۇتار، تەمبۇر، راۋاب، غىجەك، ساتارلارنىڭ دەستىلىرىگە ئۇستىخاندىن قويۇلغان نەپىس نەقىشلەر؛ پۇرىقى دىماقنى يېرىپ، ئىشتىھانى ئېچىۋېتىدىغان سامسا، مانتا، پەرمۇدە، پولۇ، لەڭمەن، ئۈگرە، لەڭپۇڭ، شىرمەننانلار... بولارنىڭ ھەممىسى قەشقەر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ كارامىتىنى نامايىش قىلاتتى.

قەشقەر چايخانىلىرىچۇ؟ قەشقەر چايخانىلىرى ئۇستىدە گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتىش نامەردلىك بولىدۇ. چايخانىلاردا ئۆمرى شۇ چايخانىدىكى ھەرقانداق قېرى چايچىدىن ئۇزۇن بولغان يوغان قارا چۆگۈنلەردە ھەر دائىم قايناق سۇ ۋاراقشىپ قايناپ تۇراتتى. ئوتدانلارنىڭ ئەتراپىدىكى چەينەكلەر ھېلىدىن ـ ھېلىغا يەڭگۈشلىنەتتى. گۈللۈك پەتنۇسلارغا يۇمشاق نان، قىزىق چايلارنى قويۇپ كۆتۈرۈۋالغان مۇلازىملار كىشىلەر ئارىسىدىن موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئاددىي پالاس ـ كىگىزلەر سېلىنغان بۇگۈلۈكلەردە شەھەر كەمبەغەللىرى، كاسىپلار ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشەتتى. ئىسسىق چايدىن كېيىن بوشاشقان بەزى ھۈنەرۋەنلەر بۇ يەردە بىردەملىك كۆزىنى يۇمۇپ ئۇگدەيتتى ـ دە، يەنە ئالدىراپ ئىشلىرىغا مېڭىپ كېتەتتى. كۆتۈرمىلەر

ئۈستىدىكى گىلەملەر سېلىنغان ئۆيلەردە ئۇزاق مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدىغان دوست ـ يارەنلەر، ئالاھىدە كۈتۈلىدىغان مېھمانلار ئولتۇرۇشاتتى. بەزى چايخانىلار يېنىدىكى سەيناادا سازەندىلەر دۇتار ـ تەمبۇر، راۋابلىرىنى چېلىپ نەغمە قىلىشاتتى. ۋائىزلار مىڭ يىللار ئالدىدىكى قىسسە، ئەپسانىلەر ھەققىدە ھېكايە قىلىشاتتى. تولىراق ئۇلار ھېكايىلىرىنىڭ بېشىنى «مۇشۇ سورۇندا ئولتۇرغان ئەقىدىلىك يارەنلەر، مۇھەببەتلىك بۇرادەرلەرنىڭ زېھنلىرىگە يېتىپ ئاشكارا بولسۇنكى...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن باشلاپ، «مانا خالايىق، بۇ ئويۇنچى پەلەك، ۋاپاسىز ئالەمنىڭ چاقى ھەر زامان مۇشۇنداق تەتۈر چۆرگۈلەيدۇ...» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇراتتى.

سەمەت بىرقانچە كېچىنى مانا مۇشۇ چايخانىلارنىڭ پالاسلىرىدا سوزايلىنىپ يېتىپ تاڭغا ئۇلىدى. بۇ يەردە بىر نان، بىر چەينەك چاي بىلەن ئەڭ ئەرزان باھادا قورساقنى گوللىغىلى بولاتتى. ئاق كۆڭۈل چايچىلار بەزى مۇساپىرلارنىڭ قونغىنىغا پۇلمۇ ئالمايتتى. سەمەت يەنە مۇشۇ چايخانىلاردا ھازىر ھەزرەت سەيلىسى مەزگىلى ئىكەنلىكىنى، بۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى.

ـــ ئۇكاموي! ـــ دېدى تەلەپپۇزىدىن ئاتۇشلۇق ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان سودىگەر سۆپەت بىرەيلەن ئالدىدىكى قۇرۇق پىيالىگە قاراپ مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەن سەمەتكە قاراپ، ـــ ئۈستىبېشىڭغا قارىغاندا قەشقەرگە سىرتتىن كەلگەن يېتىمچىدەك قىلىسەن، نېمانچە غەمگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتىڭ؟ ھەزرەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەيلىسىگە بار، كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ، ھەممە ئويۇن ـ تاماشا شۇ يەردە...

※ ※ ※

سەمەت ئەتىسى سەھەردىلا ھەزرەت سەيلىسىگە قاراپ ماڭغان توپقا قېتىلىپ يولغا چىقتى. تېخى رەستىلەردىكى دۇكانلار ئېچىلمىغانىدى. كوچا سۈپۈرگۈچىلەر ئەخلەت يىغىدىغان ھارۋىلىرىنى تاراقشىتىپ، يوللارغا سۇ چېچىپ سۈپۈرۈۋاتاتتى، چاڭ ئارىلاش نەمخۇش ھاۋا ئۆتكۈچىلەرنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇراتتى. دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ـ ياغ، سەي ـ كۆكتات، ئوتۇن ـ ياغاچ باسقان ھارۋىلىرى ھەر تەرەپتىن شەھەرگە كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئاپپاق خوجا مازىرىغا قاراپ ماڭغانلار ئىچىدە بېشىغا ئېگىز كۇلاھ، ئۇستىگە قۇراق جەندە كىيگەن ئاشىق، سوپى، دەرۋىشلەر كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بېشىغا ئاق، سېرىق رەڭلىك نېپىز سەللە يۆگىگەن، بەزىلىرىنىڭ ئىككى قولىدا ئىككى ساپايى، يەنە بەزىلىرى بىر قولىدا ساپايى، بىر قولىدا تاش تۇتقان بولۇپ، شەھەر كوچىلىرىنىڭ ھەربىر دوقمۇش بۇرۇلۇشلىرىغا كەلگەندە توختاپ، ساپايىلىرىنى شاراقشىتىپ يەرگە ئۇرۇپ، «ھۇۋ!» دەپ نەرە تارتىپ، خانىقا ھۆكمەت ئاھاڭلىرىغا تۇۋلاپ پىرقىراپ دەۋر قىلىشاتتى. بەزى قول ـ ئىلكىدە بار ئائىلىلەرنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، قولىدا پەتنۇس ياكى تاۋاق تۇتقان خىزمەتچىلەر پەتنۇسنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ

چىقىپ، «مانا ماۋۇ پالانى بېگىمنىڭ ئاشىقلىرىمىغا ئاتىغىنى ئىكەن!» دەپ ئاشىقلارغا سەدىقە بېرەتتى. پەتنۇسنىڭ ئۈستىگە پوشكال، قۇيماق، رەخت، ماتا، چاي ياكى پۇل دېگەندەك نەرسىلەر قويۇلغان بولاتتى. مۇنداق سەدىقىلەرنى بەزى ئاشىقلار ئالاتتى. بەزىلىرى كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويماي، بېشىنى بۇراپ كېتىپ قالاتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ ئاشىقلار «مۇناجاتى ئاشىقلار» ۋە «خاراباتى ئاشىقلار» دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن. «خاراباتى ئاشىقلار» ئۆزىنى پەقەت بىر ئاللانىڭ مۇھەببىتى بىلەن مەستۇمۇستەغرەق بولغان دەپ قاراپ، يۈز ـ كۆزلىرىنىمۇ يۇيماي، چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ چىگىچلىشىپ كەتكەن ھالەتتە، كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل ۋەيرانە يۈرۈشىدىكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك ھۇنەر ـ كەسپى يوق، بىكارچى، سەرگەردان كىشىلەر بولۇپ، دۇنيا، ئائىلە، بالىچاقا دېگەننى دوست تۇتمايدىكەن. ئۆزلىرىنى نەقشىبەندە تەرىقەتچىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ساداقەتمەن مۇرىتلار ھېسابلاپ، كوچىنى مازار ـ ماشايىخلاردا ئۆتكۈزۈپ، قەيەردە ئۇماچ قايناۋاتقان بولسا ياغاچ تاۋاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ شۇ يەرگە ئالدىرايدىكەن. مۇنداق ئىسسىق ئۇماچلار مازارلارنىڭ يوغان داش قازىنىدا سەدىقىچىلەر ئېلىپ كەلگەن بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ، چامغۇر، گۆش، ئۇستىخانلارنىڭ ھەممىسى سېلىنىپ تەييارلىنىدىكەن. ئۇلار قىشتىمۇ يۇتىغا قېلىنراق ئاياغ كىيمەي، شاقىلداق كەشە، يالاڭ كىيىملەر بىلەن قىشنى چىقىرىپ، ئۇ دۇنيادىكى راھەت ـ پاراغەتكە بولغان تەلپۈنۈش ئوتىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياشايدىكەن. ئۇلار يىل بويى «ئالتۇنگۇلخان خېنىم»، «ئىمامىلىرىم»، «ھەزرىتى موللام»، «ئاپپاق خوجام» ۋە يەنە قانداقتۇر بىر مازار ـ ماشايىخلارنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ گۈلخان يېقىپ، ئىسرىقلارنى سېلىپ، گۈلخان ئۈستىگە قوي مېيىنى تاشلاپ بۇس چىقىرىپ، يەتمىگەندە چىلىملارغا نەشە سېلىپ پۈرقىرىتىپ تارتىپ، مازارمۇمازار يۆتكىلىشىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. مۇنداق تۇرمۇش ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس قالغانىكەن. «مۇناجاتى ئاشىقلار» بولسا كېيىم ـ كېچەكلىرىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يۇيۇپ، يۆتكەپ، غۇسۇل تاھارەت بىلەن پاكىز يۈرىدىكەن. قۇلخوجا ئەھمەد، ھۇۋەيدا، مەشرەپلەرنىڭ شېئىر ـ نەزملىرىنى ئوقۇيدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى: «نەغمە دېگەن ئوردا بىلەن خاننىڭ، داستان ئىشق ـ مۇھەببەت قايىنمىدىكىلەرنىڭ، مەشرەپ ئاشىقلارنىڭ» دەپ مۇقام ئاھاڭلىرى ئىچىدىكى مەشرەپ قىسمىنى ناھايىتى چوڭ بىلىدىكەن.

ھەزرەتكە قاراپ ماڭغان كىشىلەر توپى تۆشۈك دەرۋازىسى ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەندە سوپىلارنىڭ «ھۇۋ» تارتىشلىرى ئالامەت قىزىپ كەتتى. بىلىدىغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، سوپى ـ ئاشىقلار بۇ تۆشۈك دەرۋازىنى ناھايىتى چوڭ بىلىدىكەن. كىتابلاردا يېزىلىشىچە، ئاپپاق خوجىنىڭ دادىسى مۇھەممەد يۈسۈپ① ئەسلى سەمەرقەنتكە قاراشلىق دەھبىت دېگەن يەردىن بولۇپ، كېيىن قومۇلغا كېلىپ ئۆزىنى «مۇھەممەد

---

① مۇھەممەد يۈسۈپ ـــ ئۇنۋانى ھەزرىتى مازار پاشا، ھەزرىتى پايزۇل ئەنۋەرمۇ دېيىلىدۇ.

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، سەئىدلەردىن بولىمەن» دەپ ئېلان قىلىپ، «چىقتىم» دېگەن جايدىكى بىر ئۆڭكۈردە ئىستىقامەت قىلىپ ياشىغانىكەن. ئۇ ئۆز تەقۋادارلىقى بىلەن كىشىلەرگە تونۇلغاندىن كېيىن، قومۇل شەھىرىگە كىرىپ قەشقەر بەشكېرەملىك مىرسېيىد جېلىل قەشقىرى دېگەن كىشىنىڭ قىزى زىلەيخا بىلەن توي قىلغانىكەن. قېيىنئاتىسىنىڭ ھىمايىسىدا ئىشانلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، مۇرىت توپلاپ شۆھرەت قازىنىدىكەن. شۇ كۈنلەردە خوجا ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا) تۇغۇلغانىكەن. 1638 ـ يىلى مۇھەممەد يۇسۇپ 12 ياشلىق ئاپپاق خوجىنى يېتىلەپ مۇرىت ـ مۇخلىسلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قەشقەر بەشكېرەمگە كەلگەن. قېيىنئاتىسىنىڭ ئىلگىرىكى يۇرتى قاراساقالغا ئورۇنلىشىپ، ئۇنىڭ زېمىنلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغان. خانىقا سېلىپ، جەھرى ـ سۆھبەتلەر بىلەن ئىشانلىقنى قانات يايدۇرغان. مۇرىتلىرىنىڭ بېرىپ ـ كېلىشىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى سېپىلىدىن بىر تۆشۈك ئاچقۇزغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر «تۆشۈك دەرۋازا» دەپ ئاتالغانىكەن. سوپى ـ ئاشىقلار بۇ يەردە ساپايىلىرىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ تېخىمۇ قاتتىق چېلىپ ھۆكمەت ئوقۇپ، خانىقا ئاھاڭلىرىغا توۋلاپ قوللىرىنى كېرىپ، ئېتەكلىرىنى يېيىپ سامالارنى سېلىپ خۇدىنى بىلمەي پىرقىراشقا باشلىدى. قانچە سوپىلارنىڭ جاۋغايلىرىدا ماغزاپلار قايناپ، قانچە ئاشىقلار بىھوش بولۇپ يىقىلىپمۇ چۈشتى.

شۇ تەرىقىدە ئادەملەر توپى يەنە ئاپپاق خوجا مازىرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاراپ مېڭىپ كەتتى. يەنە بىر قىسىم ھارۋىلىق، ئۇلاغلىق ئادەملەر خۇرجۇنلىرىنى مورىسىگە تاشلاپ، قولىغا ئۇزۇن تايىقىنى تۇتۇپ پىيادە كېلىۋاتقان ئىخلاسمەنلەرگە تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ قوشۇلۇپ ھەزرەتكە قاراپ كېتىۋاتقان توپنى ئۇلغايتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى نەچچە كۈنلۈك يوللارنى بېسىپ، قۇملۇق، شورلۇق، يانتاقلىق جاڭگاللارنى كېزىپ يىراقلاردىن كەلگەچكە كېچىككەنىدى.

ئاپپاق خوجا مازىرى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئۆزىگە جەم قىلغان ئاجايىپ قۇرۇلۇش ئىدى. بۇ يەرگە سوپىزم مەزھىپىنىڭ ئاتاقلىق پىرى ئاپپاق خوجا دەپنە قىلىنغانىدى. بۇ مازارنىڭ كۆلىمى نەچچە پاتمان① يەرنى ئىگىلىگەنىدى. مازارنىڭ ھەيۋەتلىك دەرۋازىسى جەنۇبقا قاراپ تۇراتتى. دەرۋازا ئالدىدا ئەتراپى ئېگىز دەل ـ دەرەخلەر بىلەن قورشالغان شەربەت كۆلى يېيىلىپ ياتاتتى. دەرۋازىدىن كىرگەندە تام ـ تورۇس، تۈۋرۈك، جەگىلىرى كۆركەم نەقىشلىنىپ، رەڭمۇرەڭ سىرلانغان مەسچىت كۆزگە تاشلىناتتى. خانىقا، ئېتىكاپخانا ۋە ئايۋانلاردىن تەركىب تاپقان مەسچىت قورۇسىدىن ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلغاندا رەڭلىك كاھىشلار بىلەن قوپۇرۇلغان ھەيۋەتلىك ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ گۈمبىزىگە يەتكىلى بولاتتى. مازار گۈمبىزىنىڭ تۆت بۇرجىكى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى مۇنارلارنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن ئۇچلىرى كۆككە سانجىلىپ تۇراتتى. گۈمبەز تاملىرىنىڭ يۈزى كۆك ـ يېشىل چاقچۇق خىشلار بىلەن

① پاتمان ــ بىر پاتمان 15 موغا تەڭ.

يېپىلغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ گۇمبەز ئىچىگە ئاپپاق خوجىنىڭ بەش ئەۋلادىغا چېتىلىدىغان يەتمىش نەچچە جەمەتىنىڭ جەسىتى دەپنە قىلىنغانىكەن.

ئۇستىگە ئۇزۇن پەرىجە كىيىپ، بېشىغا كىرلىشىپ كەتكەن يوغان سەللە يۆگىگەن، ساقاللىرى چېگىچ بىر ئادەم ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ئالدىدىكى ئېگىزرەك بىر جايغا چىقىۋېلىپ ۋارقىراپ جار سالماقتا ئىدى.

«ئىھ خالايىق، كۆزۈڭنى ئاچ!— دەيتتى ئۇ،— مانا بۇ ئالدىڭدىكى بەھەيۋەت گۇمبەز ھەزرىتى ئاپپاق خوجامنىڭ مەقبەرىسى بولىدۇ. خوجامنىڭ ئەسلىي ئىسمى خوجا ھىدايىتۇللا. بۇ گۇمبەز ئورنىغا ئەڭ ئاۋۋال ھەزرىتى ئاپپاق خوجامنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشان كۆمۈلگەن. مۇھەممەد يۇسۇپ ئىشاننىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ئىمىن ئىشان، مۇھەممەد ئىمىن ئىشاننىڭ دادىسى مەختۇم ئەزەم[1]، مەختۇم ئەزەمنىڭ ئاتىسى سەئىد جالالىدىن ئىشان بولىدۇ. ئۇنىڭمۇ نېرىسىنى سۈرۈشتۈرسە ھەزرىتى ئاپپاق خوجامنىڭ نەسەب ـ نىشانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. شۇڭا ھەزرىتى ئاپپاق خوجامنى ھەزرىتى سەئىدمۇ دەيمىز. بۇ ــ پەيغەمبەر ئەۋلادى دېمەكتۇر. بۇ قەبرىنى ئىخلاس بىلەن زىيارەت قىلغانلار رەسۇلۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ شاراپىتىگە ئەڭ بۇرۇن ئېرىشىدۇ... بىر قېتىم ھەزرىتى ئاپپاق خوجام بۇ يەرگە

---

[1] مەختۇم ئەزەم ــ ئۇلۇغ ئۇستاز دېگەن مەنىدە. ئەمەلىي ئىسمى خوجا ئەھمەت كاسانى، ئۆزبېكىستاننىڭ پەرغانە ۋىلايىتىنىڭ كاسان دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئوتتۇرا ئاسىيا نەقشبەندىيە تەرىقەتچىلەر گۇرۇھىنىڭ پىرى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى


كېلىپ، ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ تۇرۇپ: ‹قاراڭلار، بۇ جاي پەلەكتىن نۇر تۆكۈلگەن ئاجايىپ يەر ئىكەن، بۇ يەرگە ئوبدان بىر گۈمبەز ياساڭلار، تاكى قىيامەت كۈنگىچە بۇزۇلمىسۇن. قىيامەتتە مەنمۇ مۇرىتلىرىم بىلەن شۇ زېمىندىن قوپارمەن› دەپتىكەن... ھەي ئەھلى مۇسۇلمانلار، ئەنە شۇ ئالدىڭلاردا تۇرغان مۇقەددەس گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ، گۈمبەزنىڭ ئىشىكى ئۈدۈلىدىكى قەبرە تېمىغا يېزىلغان ئەبجەت ھېسابىغا قاراڭلار، بۇ ھىجرەتنىڭ 1105 ـ يىللىرى ياسالغان. گۈمبەز پۈتۈپ يېرىم يىلدىن كېيىن ھەزرىتى ئاپپاق خوجام 68 يېشىدا ياراتقان ئىگەمگە ئامانىتىنى تاپشۇرۇپ، مانا بۇ ‹ئاپپاق ئەلەيھى› گۈمبىزىگە كېلىپ ياتقان، ھەزرىتى ئاپپاق خوجام مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىسى، تەرىقەت سۈلۈكىنىڭ پېشۋاسى، كىمكى ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا خەير ـ سەدىقىسىنى ئايىمىسا ئۇنىڭ مۇشكۈلى ئاسان، تىلىكى قوبۇل بولغاي، مەھشەر كۈنى ياراتقان ئىگەم ئۇنىڭ ئورنىنى ھەزرىتى ئاپپاق خوجامنىڭ يېنىدا قىلغاي...»

كىملەردۇر بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، يەنە كىملەردۇر «ئاھا!» دەپ نەرە تارتاتتى. سەمەت ئاغزىنى ئاچقىنىچە بايىقى سۆزلىگەن ئادەمگە قاراپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئەسكى تۇمىقىنى ئوڭدا قىلىپ تۇتۇپ تۇرغان ئادەمنىڭ تۇمىقىغا ئەتراپتىكىلەر توختىماي پۇل تاشلىماقتا ئىدى. ھەر قېتىم تۇماق توشۇپ كەتكەندە ئۇنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرغان بايىقى يوغان سەللىلىك ئادەم تۇماقتىكى پۇلنى ئوچۇملاپ ئېلىپ قوينىغا

سالاتتى. سەمەتمۇ ھېلىقى كىر تۇماقا ئاتىغىنىنى تاشلىدى ـ دە، ئارقىسىغا ياندى.

ئاپپاق خوجا گۇمبىزىنىڭ ئەتراپىدا تاۋاپچىلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى. ئىخلاسمەنلەر بىر ـ بىرىنى ئىتتىرىشىپ بېرىپ قەبرىنىڭ تاملىرىنى سۆيەتتى. توپ ئىچىدە چايقىلىپ يۈرۈپ مازار ئىچىگە كىرىپ قالغان سەمەت گۇمبەزگە يېقىنلاپ بېرىشتىن ۋاز كەچتى. كىملەردۇر مازارنىڭ تۇۋرۇكلىرىنى قۇچاقلاپ كۆز يېشى قىلاتتى، قەبرىنىڭ سۇپىلىرىغا لەۋلىرىنى بېسىپ، كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى توپىلارنى ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتەتتى. ئاپپاق خوجامدىن يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان دەرد ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇ، كەمبەغەلچىلىكلەردىن خالاس قىلىشنى تىلەيتتى... گۇمبەزنىڭ ئەتراپىدا يەنە ئۇزۇن پەرىجىلەرنى كىيىپ، بېشىغا سەللىلەرنى يۆگەشكەن دۇئاگۇيلار پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۇلار يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ھەربىر تاۋاپچىنىڭ ئەتراپىغا چىۋىندەك ئولىشىپ، بىر ـ بىردىن قىزغىنىپ ئاۋازىنى بولۇشىغا كۆتۈرۈپ ئايەت باشلاپ، دۇئاغا كۆتۈرگەن قوللىرىنى ئۇزاققىچە چۇشۇرمەي سىزگە ئاجايىپ تىلەكلەرنى تىلەيتتى. مۇنداق چاغدا تاۋاپچىلارنىڭ كۆڭلى ئېرىپ، ئىختىيارسىز قوللىرىنى يانچۇقىغا سوزۇپ دۇئاچىغا سەدىقە بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى.

ئاپپاق خوجا خان بولۇپ تۇرغان 16 يىلدا سوپىزمنى دۆلەت قانۇنى قىلىپ تۇرغۇزغان. بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان مۇرىتلىرى 300 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ئاپپاق خوجا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پىركامىل تەستىقىدىن ئۆتۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىشانلىق دەرىجىسىگە يەتكەنلەرنى جاي ـ جايلاردىكى مازار ـ ماشايىخلارغا ئەۋەتەتتىكەن. قەشقەردىكى خان خوجا مازىرىدىن يەكەندىكى ئالتۇنلۇق مازىرىغىچە بولغان ھەممە مازار، خانىقالاردا داشلار ئېسىلىپ، ئۇماچ قايناپ تۇراتتىكەن. جۇلدۇر كېپەن، تەركىدۇنيا سوپى، ئاشىق، دەرۋىشلەر مازارمۇمازار قاتراپ «ھۇۋۇ» سېلىپ، قورسىقىنى بېقىپ يۈرۈشەتتىكەن. ئۇ دەۋرلەردە قۇرئان ۋە ھەپتىيەكتىن باشقا ھەرقانداق كىتابنى ئوقۇش مەنئى قىلىنغان. ساز چېلىش، ناخشا ئېيتىش، مەشرەپ ئويناش چەكلەنگەن؛ ئىتائەت قىلمىغانلار دارغا ئېسىلغان ياكى بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن؛ ھەتتا ئاۋام شائىرى مەشرەپمۇ ئۆتكۈر پىكىرلىك شېئىرلارنى يازغانلىقى ئۈچۈن يوقىلاڭ بەتنامىلار بىلەن قەشقەردىن قوغلانغانىدى. ئەڭ مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، ئاپپاق خوجا چەكلىگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇگۈنگە كېلىپ سوپىلار ئۇنىڭ بېشىنى دەسسەپ تۇرۇپ قىلىدىغان بولغانىدى. مازارنىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلىكلەردە بەڭگىلەر قىڭغىيىپ يېتىپ نەشىسىنى تارتىپ، ئۆزىنىڭ تۈگىمەس خىياللىرىنى سۈرەتتى. بەزىلىرى ۋەدە قىلىنغان جەننەت ۋە ئۇ يەردىكى ھۆر ـ پەرىلەرگە يېتىش ئۈچۈن بالدۇرراق ئۆلۈپ كېتىشىنى خالاپ كۆنلەپ ئاغزىغا ھېچنېمە سالمايتتى. شۇنچە ئاچ يۈرۈپمۇ ئەتىسى يەنە ئۆزىنىڭ غېرىب كۆلبىسىدە تىرىك قوپقىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران بولاتتى. قەيەردىدۇر بىر يەردە قىمارۋازلار مەيدىلىرىگە مۇشتلاپ تۆت ئوشۇقنى دومىلىتىشاتتى. قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوغرى ئىدى. ئاۋۋال قىمارۋاز بولۇپ ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئوغرى بولامدۇ

ياكى ئاۋۋال ئوغرى بولۇپ تەر تۆكمەي تاپقان دۇنياسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن قىمارۋاز بولۇپ كېتەمدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. بۇ يەردە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ پۇرلەشكەن قەغەز پۇللار، ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەت، تەڭگىلەر شاراقلاپ تۆكۈلەتتى. ئىت تالاشتۇرىدىغان، توخۇ سوقۇشتۇرىدىغان، قوچقار سوقۇشتۇرىدىغانلارنىڭمۇ ئۆز مەيدانلىرى ئايرىم ئىدى. ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قايسىبىر ئۆيلەردە يەنە نەغمە ـ ناۋا ئەۋجىگە چىقىپ، ئىچىشۋازلىق داۋاملىشاتتى. ئۇلار ئۈچۈن ئاپپاق خوجا دېگەننىڭ زادى قانداق ئادەملىكى قاراڭغۇ بولۇپ، قىممەتلىكى ھەر يىلى بۇ يەردە بولۇپ تۇرىدىغان ھەزرەت سەيلىسى ئىدى.

مۇرىتلىرىغا ئۇ دۇنيانىڭ جەننىتىگە يېتىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى بارلىق راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن كېچىپ مۇساپىر چىلىقتا ياشاشنى تەرغىب قىلغان ئاپپاق خوجىمۇ ئۇست ـ ئۇستىلەپ خوتۇن ئېلىپ بۇ دۇنيانىڭ راھىتىنى زادى قولدىن بەرمىگەن. بىر قېتىملىق شاھلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ باقماق ئۈچۈن ھەرقانداق ئاسىيلىق قىلمىشىدىن*باش تارتماي، ئاخىرىدا 170 يىل سەلتەنەت سۈرۈپ، ئاجايىپ مەدەنىيەت ياراتقان ئۇلۇغ سەئىدىيە خانلىقىنى ۋەيران قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مانا مۇشۇ مازارنى قالدۇرۇپ ئۇ ئالەمگە كەتكەنىدى.

※ ※ ※

سەمەت ئايلىنىپ ئاپپاق خوجا مازىرى گۈمبىزىنىڭ ئارقىسىدىكى قەبرىستانلىقتا چىقىپ قالدى. قەبرىلەر ئارىسىدىكى ئاياغ يوللارنىڭ توپىسى چىڭدىلىپ، لويىلا ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوكات، تىكەنلىك ئوت، شۇۋاقلار كىشىلەر ئايىغى ئاستىدا چەيلەنگەنىدى. سەمەتنى مويسىپىت بىر كىشى توختاتتى.

— بالام، رەڭگىرويلىرىغا قارىغاندا ياخشى ئادەملەرنىڭ بالىسى ئوخشايسەن. ئەمما سىلىنى غەم بېسىۋاپتۇ. مەن سىلى ئۈچۈن بىر قۇرئان ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ قوياي. مۇشۇ مازاردا ياتقان ئۇلۇغلارنىڭ روھى سىلىنى قوللاپ، ئىشلىرى ياخشىلىققا تارتىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس، قېنى يۈكۈنسىلە، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم... — دەپ تىلاۋەتنى باشلىدى.

سەمەت يۈكۈندى. ھېلىقى مويسىپىت شۇنچىلىك چىرايلىق نەپەستە قىرائەت قىلدىكى، سەمەت مۆڭلىنىپ يىغلىغۇدەك ھالغا كەلدى. مويسىپىتنىڭ سۈرىنىڭ ئوقۇۋاتقان سۆزلىرىنىڭ زادى نېمە مەنىدە ئىكەنلىكىنى قىلچە بىلمىسىمۇ، بۇ لەرزان ئاھاڭ، سىرلىق، چۈشىنىكسىز سۆزلەر ئۇنىڭ قەلبىنى ئىللىتىپ، كۆز ئالدىغا ئەگرى - بۈگرى سوزۇلۇپ كەتكەن توپىلىق يوللار، يىراق بىر يەردە قالغان تىرەكلىك يېزىسى، كېچىدە ئۇنى مەھەللە چېتىگىچە ئۇزىتىپ چىققان جاپاكەش ئانىسى كەلگەنىدى...

# تۆتىنچى باب

## سەمەت نوچى

ئاپپاق خوجا مازىرىنى كارامەتچىلەر يىغىلىدىغان جاي دېيىشكىنىمۇ بولىدۇ. ئادەتتىكى پۇقرالار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ يەردىكى يوغان گۇمبەزنىڭ ئىچىدە ياتقان زاتنىڭ كىملىكى، ئۇنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ ئادەم ئىكەنلىكى ئانچە مۇھىم ئەمەس ئىدى؛ ئۇلار ھەر يىلى ھەزرەت سەيلىسى مەزگىلىدە بۇ يەردە بولىدىغان قىزىقچىلىقلارنى، كارامەتچىلەرنىڭ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ھۈنەرلىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلىنى ئېچىش، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا بۇ يەرگە يىغىلىشاتتى. تۇخۇمنى تۇماقنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ يىراقتىن تۇرۇپلا «سۇپ!» دەپ چۈجە چىقىرالايدىغان كۆز باغلامچىلار، ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ ئوت ئىچىدىن كەپتەرلەرنى ئۇچۇرۇپ چىقىرالايدىغان سېھىرگەرلەر، جىرىڭلاپ تۇرىدىغان تىللالارنى قولىغا ئېلىپلا ئەرزىمەس مىس تەڭگىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويالايدىغان كارامەتچىلەر، تىك دار ئۈستىدە پۇتىغا پەتنۇس تېڭىپ، كۆزىنى باغلاپ ماڭالايدىغان دارۋازلار، كۆيۈۋاتقان ئوت چەمبىرەكلەرنىڭ ئارىسىدىن موللاق ئېتىپ ئۆتەلەيدىغان سېرىكچىلەر، «يىتكەن ھەرقانداق نەرسەڭنى تاپالايمەن، كەلگۈسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بېشىڭغا نېمە قىسمەتلەر كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرىدىغان رەممالالار، كىملەرنىڭدۇر كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان غەلىتە ـ غەلىتە كېسەللىرىنى كۆرۈش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئاجايىپ تېۋىپلار، خىلمۇخىل تۇمارلارنى پۈتۈپ بېرەلەيدىغان موللامىلار، ئەر ـ ئاياللارنى بىر ـ بىرىگە ئامراق قىلىدىغان، بىر ـ بىرىدىن ئاجرىتىۋېتەلەيدىغان ئىسسىقتۇ، سوۋۇتقۇلارنى تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئالدامچىلار، بۇ يەردە كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتەتتى.

ھەممىدىنمۇ كىشىنى قىزىقتۇرىدىغىنى، تېكە ئوينىتىدىغان قىزىقچىنىڭ ئۇزۇن ساقال ئاق تېكىسى ئىدى. ئۇ تېكىنىڭ ساقاللىرىنىمۇ بوياپ قويغانىدى. تېكە ئالا ـ بۇلىماچ توقىماقنىڭ ئۈستىگە ئەپچىللىك بىلەن چىقىپ، تۆت پۇتىنى توقىماقنىڭ ئالىقانچىلىكمۇ كەلمەيدىغان يۈزىگە يىغىپ تىك تۇرۇپ، ئەتراپىغا قاراپ ھەممىگە تەڭ سالام قىلاتتى. تېكە باقۇچىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ھەزرەت سەيلىسىدە ئاپپاق خوجا مازىرىدا تېكە ئوينىتىش ئۇنىڭغا ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئۆدۈم ئىمىش، ئەگەر بىرەر قېتىم نېمە سەۋەبلەر بىلەندۇر ھەزرەت سەيلىسىدە بىرەر نۆۋەت تېكە ئويناتمايدىغان بولسا پۈتۈن بەدىنىنى يىرىڭلىق يارا بېسىپ كېتەرمىش... ئاشۇ تىنىق ئاسماندەك كۆپكۆك تۇرغان شەربەت كۆلىنىڭ ئۇ قېتىدىكى ھەزرىتى ئاپپاق خوجا مازىرىدا ياتقان زاتلارنىڭ بىرىگە مۇشۇ ئاق تېكە ئازراق ئۇرۇق ـ تۇغقانمۇ كېلەرمىش. بىر يىللىرى ئاپپاق خوجىنىڭ ئۆزىمۇ ساقىلىنى نەق مۇشۇ تېكىدەك قىزىل

بوياپ، ئۇستىگە ھەر خىل رەڭلىك لاتىلارنى ئارتىپ، كەشمىر، لاداق، شىزاڭلارنىڭ تىك چوققىلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن تاقلاپ ئۆتۈپ كىشىگە ئېيتقىلى بولمايدىغان خۇپيانە ئىشلارنى قىلغانمىش.

ھەر تەرەپتىن كەلگەنلەر تېكە ئويناتقۇچىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ توپنى ئولغايتماقتا ئىدى. بۇغداي، قوناق، مېۋە ـ چېۋىلىرىنى سېتىپ بىكار بولغان دېھقانلار پوش ـ پوش دېگىنىچە بوشىغان قۇرۇق ھارۋىلىرىنى توپنىڭ ئارقىسىغا يېقىن تارتىپ، ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇرۇپ ئويۇن كۆرەتتى. شۇ چاغدا بۇ يەرگە ئۇستىگە ياماق جەندە، بېشىغا بىر تەرىپىگە سالپىيىپ كەتكەن ئەسكى كۇلاھ كىيىپ، قولىغا ئۇزۇن تاياق تۇتقان بىر دەرۋىش ئېشىكىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدىگىنىچە كىرىپ كەلدى.

— ھاي خالايىق! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى دەرۋىش، — سىلەر ئاشۇ قىزىل ساقال تېكىنىڭ ھۈنەرلىرىگە شۇنچە ھەيران قېلىۋاتامسىلەر؟ ئۇنچىلىك ئويۇننى مانا مېنىڭ ماۋۇ قوتۇر ئېشىكىممۇ قىلالايدۇ، قېنى، ئېشىكىم، ئەتراپىڭىزدىكى مېھمانلارغا بىر سالام بېرىۋېتىڭ!

ئۇزۇن يالىلىق ئاق ئېشەك بېشىنى لىڭشىتىپ، بىر پۇتى بىلەن يەرنى تېپىپ، تۆت ئەتراپىغا قاراپ سالام بېرىپ چىقتى. كۆرگەنلەرنىڭ ئاغزىدىن «پاھوي!» دەپ ھەيران قالغان ئاۋاز تەڭلا چىقتى. بايىقى تېكە ئويناتقۇچى يەرگە ئولاشقانلارنىڭ يېرىمى بۇ تەرەپكە قاراشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— قېنى، ئېشىكىم، ئەمدى ئاۋازىڭىزنى تارتىنماي قويۇۋېتىپ بىر ھېكمەت ئوقۇۋېتىڭ!

دەرۋىشنىڭ ئېشىكى بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرىنى كېرىپ، بىر ھاڭرىۋېدى، ئەتراپقا ئولاشقان ئۇششاق باللار خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ مازارنى بېشىغا كىيدى.

— خالايىق، بۇ ئېشەكنى ئاددىي چاغلاپ قالماڭلار، مېنىڭ بۇ ئاق ئېشىكىممۇ ئاپپاق خوجىغا ئازراق تۇغقان كېلىدۇ. بۇ ئېشىكىمنىڭ بوۋىسى ھەزرىتى ئاپپاق خوجىنىڭ بوۋىسىنىڭ بوۋىسى، سەئىد جالالىدىن ئىشاننىڭ ئوغلى مەختۇم ئەزەمنى بۇخارادىن ئېرىنمەي ئۈستىگە مىندۈرۈپ قەشقەرگە ئېلىپ كەلگەن... قېنى، ئېشىكىم، ھەزرىتى ئاپپاق خوجام ياتقان يەر قايسى تەرەپتە؟ بىر كۆرسىتىپ بېرىڭ!

ئېشەك بېشىنى تۆۋەن سىلىپ مىدىر قىلماي تۇردى.

— ھەي ئېشىكىم، مەن سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن!

ئېشەك يەنىلا مىدىر قىلماي تۇرۇۋەردى.

— بۇ ئېشەكنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغلارنىڭ ئىسمى چىقسا سۈكۈتتە تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرىدىغان ئادىتى بار... ماۋۇ مېھمانلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتىمنىڭ ياتقان يېرىنى بىلمەيدىغانلار بار ئىكەن. قېنى بىر كۆرسىتىۋېتىڭ.

ئېشەك بىر قۇلىقىنى سالپايتىپ، بىر قۇلىقىنى ئېگىز قىلىپ، ساپسېرىق كۆزلىرىنى ئەيىبدارلارچە چىمچىقلىتىپ تۇرۇۋەردى.

— ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، خالايىق، ھەرقانچە ئۇلۇغلارنىڭ جەمەتى بولغان بىلەنمۇ يەنە ئېشەك دېگەن ئېشەك!

دەرۋىش قولىدىكى تايىقىنى كۆتۈرۈپ ئىشەكنى ئۇرماقچى بولۇۋىدى، تاياق تېگىپ بولغۇچە ئىشەك ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئارقا ئىككى پۇتىدا تىك بولۇپ، ھېلىقى ئىسمىنى ئاتاشقا بولمايدىغان ئۇياتلىق يېرىنى دەل مازار تەرەپكە قاراتتى.

ــ جامائەت كۆرگەنسىلەر؟ ــ دېدى دەرۋىش، ــ مانا بۇ ئىشەك «ئاپپاق خوجا شۇ تەرەپتە ياتمدۇ» دەۋاتىدۇ.

شۇ چاغدا بۇ ئويۇننى چەتتىن كۆرۈپ تۇرغان بىرقانچە سوپىلارنىڭ غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى.

ــ ھاي ـ ھاي ! بۇ كىمگە قىلىنىۋاتقان ھاقارەت ؟!

ــ سەن ئۆزۈڭ كىم بولىسەن زادى؟

ــ ئۇر ماۋۇ ئىمانسىزنى!

ــ ئىشىكىنىمۇ قوشۇپ دۇمبالا!

شۇ گەپ بىلەن تەڭ، ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار بىر ـ بىرى بىلەن ياقىلىشىپ كەتتى. ھەزرەت سەيلىسىدە ھەر يىلى مۇشۇنداق بىرقانچە نۆۋەت جېدەل ـ ماجىرا بولۇپ تۇراتتى. ئىشنىڭ بېشى مۇشۇنداق ئەرزىمەس بىر ئىشلار بىلەن باشلىناتتى ـ دە، ئاخىرى قاتتىق مۇشتلاش، چوڭ غوۋغاغا ئايلىناتتى. كىم كىم تەرەپ، كىمنىڭ نېمە ئۈچۈن سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. مۇنداق جېدەلنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئوشۇقچە ئىش ئىدى. جېدەلنىڭ سەۋەبىنى سورىماي، «ھە، بۇ يەردە بىر قەپەس مۇشتلىشىش بولۇۋېتىپتۇ ـ دە!» دېيىشكىنىزلا بولدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇرۇش ـ جېدەل تاپماقچى بولغانلار بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە ئەتەي

www.uyghurkitap.com



سۈركىلىشىپ يۈرگەندى... ئەتراپتا قىزىقچىلىق كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭمۇ بىرنەچچىسىنىڭ قېنى قىزىپ، ياقىلاشقانلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قېلىشتى... كىملەرنىڭدۇ قاپقى يېرىلىپ، نېمىلەردۇر چارتىلداپ يىرتىلدى. يايمىچىلارنىڭ سايىۋەنلىرى قىڭغىيىپ، باققاللارنىڭ ماللىرى ھەر تەرەپكە چېچىلدى. بۇ جېدەل مۇشۇنداق ئەۋجىگە چىققىلى تۇرغاندا، ھېلىقى دەرۋىش ئۇياتلىق يېرىنى ئەيمەنمەي مازار غوجامغا قاراتقان بىئەدەپ ئېشىكىنى مىنىپ، يىراق بىر يەردە توپىلىق يولنىڭ چېڭىنى توزۇتۇپ كېتىپ باراتتى.

※ ※ ※

سەمەتنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا چايقىلىپ يۈرۈپ قورسىقى ئوبدانلا ئاچقانىدى. خالىيراق يەردىكى بىر ئاشخانىغا تاماققا كىردى. سەمەت تېخى ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ئالدىدا يېڭىدىن باشلانغان جېدەلدىن بىخەۋەر ئىدى. ئىسسىلىشىپ كەتكەن پاكار ئاشخانىنىڭ ئىچىدە دېھقان سۈپەت بىرقانچەيلەن تاماق يەۋاتاتتى، بەزىلەر تاماق كۈتۈپ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشاتتى. بۇ ھەزرەت سەيلىسى ۋاقتىدا ئاشپەز ئۇستاملار بورا ـ چەنزىلەر بىلەن ئاددىيلا قىلىپ قۇراشتۇرۇپ ئوقەت قىلىپ تۇرىدىغان ۋاقىتلىق كەپىلەرنىڭ بىرى ئىدى. سەمەت نانغا ئون مانتا بۇيرۇدى.

— مانتىنىڭ ئازراق ۋاقتى بار، كۈتىلا... — دېدى ئاشپەز ئۇستام. سەمەت:

— كۆتەي، — دېدى ـ دە، نېرىراقتىكى بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردى.

تاماق يەۋاتقانلار ئارىسىدا مازار ئالدىدا بولۇۋاتقان جېدەل ئۈستىدە پاراڭ كېتىۋاتاتتى.

— مازارنىڭ ئالدىدىكى نېمە مالىمانچىلىق ئىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدى ئاشپەز ئۇستام.

— جېدەل! — دەپ جاۋاب بەردى بىرەيلەن.

— نېمە جېدەلكەن ئۇ؟

— يەنە شۇ يۈسۈپ «قان» بىلەن ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرىنىڭ ئىشى بولمامدۇ.

— يا ئاللا، ئەجەبمۇ تۈگىمىدى بۇ خەقنىڭ جېدىلى، — دېدى ساقاللىرى ئاقارغان بىر كىشى، — ھەر يىلى ھەزرەت سەيلىسىدە شۇ خەقنىڭ قالايمىقانچىلىقى، خەق مازار خوجامغا سېغىنىپ گۇناھتىن ساقىت بولماقنى ئىستىسە، بۇ بەچچىخەرلەر گۇناھنىڭ ئۈستىگە گۇناھ ئارتىشىدۇ.

— زادى نېمە تالىشىدىغاندۇ بۇ خەق؟ — دېدى بىر مېھمان.

— نېمە تالىشاتتى، — دېدى مانتا تۈگۈۋاتقان يەنە بىر ئۇستام، — بىر ـ بىرىدىن ئابرۇي تالىشىدۇ.

— ئابرۇي دېگەننى مۇشتلىشىپ تاپىدىغان گەپمىكەن؟

— شۇ گەپ ئەمەسمۇ، بۇ خەق پالانى قېتىمقى ھەزرەت سەيلىسىدە پوكۇنچىنىڭ ئادەملىرى پالانچىنىڭ ئادەملىرىنى ئاپپاق خوجامدىن سۈرۈپ چىقىرىپتۇ، دېگەن ئاتاقنى ئالسىلا بولدى. ئۆتكەن بىر قېتىمدا يەنە مۇشۇ ئىبراھىم «جودا» بىلەن يۈسۈپ «قان»نىڭ ئادەملىرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



مۈشتلىشىپ تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈشۈپ ھەزرەتنى بېشىغا كىيگەن. ئەت تالاشتۇرۇۋاتقان مەيداندىن باشلانغان جېدەل نەچچە كۈنگىچە تۈگىمەي، نەچچە ئادەم ئۆلۈپ، نەچچىسىنىڭ پۇت ـ قولى سۇنۇپ، ئاخىرىدا بۇ ئىشقا ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ئارىلىشىپ ئاران تىنچىغان. شۇ چاغدا ھۆكۈمەت بۇ توخۇ پوقىلىرىنى بىرىنىڭ ئادىمى كېلىپ ھەزرەتنى تاۋاپ قىلىپ كەتكەننىڭياقى يەنە بىرىنىڭ ئادەملىرىنى كېلىدىغان قىلىپ رەتكە سېلىپ قويغان. كۆرۈشتىلىما، بۇ نىجىسلارنىڭ بۇ يىل ھەزرەتكە يەنە تەڭلا كېلىشىۋالغىنىنى.

ــ يەنە كېلىپ جېدەلنى نەق خوجامنىڭ مازىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قىلىۋاتقىنىنى دېسىلە ئىمانسىزلارنىڭ...

ــ ئىبراھىم «جودا» دېگىنى كىمكەن ئۇ؟ ــ دەپ سورىدى چاي ئىچىپ ئولتۇرغانلاردىن بىرەيلەن.

ــ ئىبراھىم «جودا» دېگەن كاتتا باي. ئاڭلىساق، بىر زامانلاردا نەدە جېدەل بولسا شۇ يەردە ئۈنىدىغان مۇتتەھەملەرنىڭ بىرى ئىكەنىدۇق. قەشقەر، توققۇزاق، يېڭىشەھەر، بەشكېرەم، ئاۋات دېگەندەك مۈشۈ تۆڭگىرەكلەردە ماڭا ھېچكىمنىڭ چىشى پاتمايدۇ دەپ يۈرىدىكەن. «ئامەتنى نەگە بارسەن دېسە، دوقا ماڭلايغا» دېگەن گەپ بار. كېيىن بۇ ئىبراھىمئاخۇنغا ئامەت كېلىپ بېيىپ كېتىپتۇ. ھەرەمەيىن شېرىپكە بېرىپ ھاجىمۇ بولۇپ كەلدى. لېكىنىزە مۈشۈ ئاپپاق خوجامدا ئابرۇي تالىشىپ سوقۇشىدىغان خۇيىدىن ھازىرغىچە قالمىدى.

— يۈسۈپ «قان»چۇ؟

— يۈسۈپ «قان» دېگىنى پەيزاۋات، يېڭىسار، يوپۇرغا تەرەپلەردىكى ئوغرى - قىمارۋازلارنىڭ بېشى، قىپقىزىللا ئۈششۈق، ھەر يىلى بىر كېلىپ ئاپپاق خوجامدا ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلمىسا خۇماردىن چىقمايدۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سەمەت ھەيران بولۇپ خىيالغا چۆشۈپ كەتتى. «توۋا!— دەيتتى ئۇ شۇ بىر كۈندە ئاپپاق خوجىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ،— شۇنچە ئۇلۇغ بىر مازاردا، شۇنچە شۆھرەتلىك بىر ئادەمنىڭ قەبرىسى ئەتراپىدا نېمە ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ - ھە؟!... بىر يەرگە قارىساڭ كىملەردۇر ياقىلىرىنى يىرتىپ خۇداغا نالە - پەرياد قىلىۋاتقان، بىر يەرگە قارىساڭ ئۇرۇش - جېدەل؛ بىر يەرگە قارىساڭ كىملەردۇر توۋا - ئىستىغبار ئېيتىۋاتقان، بىر يەرگە قارىساڭ يەنە كىملەردۇر مەيدە مۇشتلاپ، دەتتىكام دەپ تۆت ئوشۇقنى ئېتىۋاتقان؛ بىر يەرگە قارىساڭ چىن دىلىدىن چىققان چەكسىز ئىبادەت، يەنە بىر يەرگە قارىساڭ داپ بىلەن نەغمە...» سەمەت ئۆزىنىڭ يىراق بىر يەردە قالغان خىلۋەت مەھەللىسىنى دۇنيادىكى ئەڭ تىنچ يەر شۇ بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئۇ يەردە تاڭنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقىنىنى خورازلار ئۆزىنىڭ خىلمۇخىل ئاۋازلىرى بىلەن خەۋەر قىلىدۇ. ئازدىن كېيىنلا مەھەللە مەسچىتىنىڭ پەشتىقىدىن مەزىنىنىڭ سوزۇپ ئېيتقان ئەزەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، پۈتۈن مەھەللە، تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقتا سوزۇلۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياتقان ئىتىز، دالالارنى ئۆزىنىڭ مۆڭگىغا كۆمىدۇ. قايسىبىر ئىشكىلەر غىچىرلاپ ئىچىلىپ، قوللىرىغا تەرەت چۆگۈنلىرىنى كۆتۈرگەن مويسىپىتلار كالتە يۆتىلىپ هويلىلاردا پەيدا بولىدۇ. كىچىكچە ئاشىقنىڭ قويىندا ياتقان شوخ بىر يىگىت قايسىبىر باغنىڭ شورىسىدىن يولغا سەكرەپ چۈشۈپ، كىيىملىرىدىكى توپا يۇقىلىرىنى قاققىنىچە نەلەرگىدۇر غايىب بولىدۇ. سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان يېڭى بىر تاڭ بىلەن تەڭ كاللار مۆرەپ، قويلار مەرەپ يېزىنىڭ ئادەتتىكى تىنچ بىر كۈنى باشلىنىدۇ. دۇنيانىڭ يارالمىشى ئەزەلدىن شۇنداق ئەنسىز بولسا كېرەك، سەمەت ئاشۇ خىلۋەت يېزىسىدىمۇ ئارامخۇدا ياشىيالمىدى...

— يا ئىبراهىم خەلىلۇللا!

مانتىپەزنىڭ قاسقاننى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىغان ئاۋازى سەمەتنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى. قاسقاندىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەن هور بىلەن تەڭ، يېڭى مانتىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ئەتراپقا تارىدى.

— بىژژە، ئىككى، تۆت، بەش، سەككىز، مانا ئون دانە مانتا...

سەمەت ئالدىغا كەلگەن مانتىنىڭ ئۈستىگە قارىمۇچ سەپتى، ئاندىن هەربىر مانتىنىڭ جىلتىسىنى تىتىپ ئاغزىنى ئاچتى. مۇنداق قىلغاندا مانتا ئىچىدىكى ئىسسىق هاۋا كۆتۈرۈلۈپ مانتا تېز سوۋۇيتتى. سەمەت مانتىنىڭ قىيمىسىنى يۇمشاق نانغا يۆگەپ، قىزىق چاي بىلەن ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ ئون مانتىنى پاك ـ پاكىز سوقۇۋەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا ئالدىغا چىقىپ تازا بىر كېرىلدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى دۇمچەك ـ دۇمچەك

قەبرىلەر ئارىسىدا نېمىلەرنىدۇر قىلىپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئادەملەرگە چۈشتى.

ئۇ يەردە چەتتىكى بىر يوغان قارىياغاچنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان بىرنەچچەيلەن نېمىگىدۇر خۇشال بولۇشۇپ قاقاھلاپ كۈلۈپ قېتىپ قېلىشقانىدى. «مۇشۇ كۈنلەردە شۇنچە خۇشال بولۇپ كەتكۈدەك نېمە ئىش باردۇ؟ — دەپ ھەيران قالدى سەمەت، — ھەرھالدا ئۇرۇش - جېدەلگە ئارىلاشقاندىن كۆرە، كۈلۈۋاتقانلارنى تاماشا قىلغان ياخشىراق...»

سەمەت ئاشخانىنىڭ ئالدىدىن قوزغىلىپ ھېلىقى كۈلۈشۈۋاتقانلار ئولتۇرغان قارىياغاچ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تېخى قارىياغاچ سايىسىغا يەتمەستىنلا قەدىمىنى توختاتتى.

— غوجام، ماڭا قايلىسىلا...

سەمەتنىڭ قۇلىقىغا بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىشىتىلگەندەك قىلغانىدى. ئۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى. نېرىراقتا يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر كونا گۈمبەزنىڭ يېنىدا يۈزىنى يېرىم چۈمكىۋالغان بىر ئايال ئۇنى ھە دەپ شەرەتلەپ چاقىرىۋاتاتتى.

— ماڭا گەپ قىلدىلىما؟ — دەپ سورىدى سەمەت.

— شۇنداق، غوجام، سىلىگە گەپ قىلىۋاتىمەن، مۇبارەك قەدەملىرىنى بۇياققا بىر باسسىلا.

— نېمە گەپ؟ — دېدى سەمەت ئايالغا يېقىنلاپ بېرىپ.

— غوجام، مانا ماۋۇ جانىنىڭ ھۇزۇرىدىن ئازراق ئوتلاپ باقمامىلا، — دېدى ئۇ قولىدىكى قاپاقنى كۆرسىتىپ.

— نېمە ئۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ــ مۇسەللەس.
ــ مۇسەللەس دېگەن نېمە؟
ــ ۋاي غوجام، تېخى سىلى مۇسەللەسنىمۇ بىلمەمدىلا؟ بۇ گەپچە تېخى سىرىق تۆكىدىن ئاجرىمىغان چۈجىلىكەنلىدە؟... بۇ دېگەن ئۈزۈمنىڭ شەربىتى، جاننىڭ راھىتى، قېرىنى ياش قىلىدۇ، ياۋاشنى شاش قىلىدۇ.
ــ ھاراق دېسىلە؟
ــ خۇدايا توۋا دېسىلە، غوجام، ھاراق دېگەننى بۇ ھەزرىتىمنىڭ ئۇلۇغ مازىرىغا كۆتۈرۈپ كەلگىلى بولامدۇ؟ بۇ دېگەن پۈتۈن قارىي قۇرئان، ئۆلىمالار ئىچىدىغان مەي دېگەن شۇ. ئىچسە ئۇشۇق گەپنى ئاز قىلىدىغان، قىرائەتنى ساز قىلىدىغان...
ــ بەك جىق ئىچىۋەتسىمۇ ئادەمنى ماز قىلىدىغان،ــ دەپ گەپ قىستۇردى سەمەت.
ــ مانا، مانا، غوجام، ئۆزلىرىمۇ بىلىدىكەنلىغۇ... قېنى ئازراق قۇيايما؟
ــ قۇيسىلا!
خوتۇن قويىندىن بىر قارا ھېجىرنى چىقىرىپ، ئۇنىڭغا قاپاقتىن بۇلدۇقلىتىپ مۇسەللەس تۆكۈپ سەمەتكە سۇندى، سەمەت ھېجىرنى قولىغا ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. مۇزدەك سۇيۇقلۇق ئۇنى راستتىنلا راھەتلەندۈرگەندەك بولدى.
ــ قېنى، يەنە بىرنى قۇيسىلا!
ــ ئېغىزلىرىغا تېتىغان بولسا ئاۋۋال پۇلىنى تۆلىۋەتسىلە، باشتىكى بىر ئاپقۇر مىنىڭ سىلىگە قىلغان ھەدىيەم بولۇپ قالسۇن،ــ دېدى ئايال.

سەمەت ئۇنچىقماي پۇل تۆلىدى، ئايال تولدۇرۇپ يەنە بىر ھېجىر مۇسەللەسنى قۇيۇپ سەمەتكە سۇندى، سەمەت ئۇنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى. مەھەللىدىن قېچىپ چىققاندىن بېرى كۆڭلىنى بېسىپ تۇرغان ئەنسىزچىلىكنى ئۇنتۇپ، چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرگەندەك بولدى.

— ئاۋۇ قارىياغاچنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ توختىماي كۈلۈۋاتقانلارمۇ مۇشۇنداق بىرنەرسە ئىچكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى سەمەت.

— ھە، ئۇلار بايىلا مەندىن ئىككى قاپاق مۇسەللەسنى سېتىۋالغان... ئەجەب بىر بىئەپ يەردە تۇرۇپ قالدۇقا، يۇرسىلە، ماۋۇ مازارنىڭ ئىچىگە كىرەيلى، خالىيراق... — دەپ ياندىكى ئەسكى گۇمبەزنى شەرەتلىدى خوتۇن. گۇمبەزنىڭ ئىچىدە بىر پارچە كونا پالاس تاشلاقلىق تۇراتتى. سەمەت ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە ھېجىر مۇسەللەسنى ئىچىپ ھېلىقى خوتۇننىڭ قاپىقىنى قۇرۇقداپ قويدى.

— يەنە يوقما؟

— تۈگەپ كەتتى، غوجّام. ئۆيدىغۇ تېخىمۇ ئوبدىنى بار، يا شۇ يەرگىلا بارامدىلا، كۆڭۈللىرىنى ئاچىدىغان خېنىملارمۇ تەييار.

— بولدى، كېرەك ئەمەس!

سەمەت يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپ پۇرلەشكەن بىرمۇنچە پۇلنى چىقىرىپ سانىمايلا مەيپۇرۇش خوتۇنغا تاشلاپ بەردى. ئورنىدىن دەس تۇرۇپ گۇمبەزدىن چىقتى. مەي ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ئۆرلىتىۋەتكەنىدى. ئۇ ئۇدۇل ھېلىقى مۇشتلاشچىلار بىلەن قالايمىقان بولۇۋاتقان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئىرىراقتا قەبرىلەر ئارىسى بىلەن كەتكەن ئاياغ يول ئۈستىدە كىيىنىشى ۋە تۇرغان تۇرقىدىنلا خوتۇنلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان كۆتمەك بۇرۇتلارنى قويۇۋېلىپ، مەيدىسىدىكى قويۇق تۈكلىرىنى باشقىلار كۆرسۇن، دەپ ئەتەي مەيدىسىنىمۇ يوغان ئېچىۋېلىپ يۇرىدىغان قورۇق سۆلەت بايۋەچچىلەردىن ئىككەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان ئىككىيلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. مۇنداقلارنىڭ بەزىلىرى باي سودىگەرلەرنىڭ باللىرىدىن بولۇپ، بىلىگە گۆللۈك بەلباغلارنى چىگىپ، يانچۇقىنى ئانىسى بەرگەن پۇللار بىلەن تومپايتىپ، قايسىبىر كوچىدىكى ئۆيىنىشى رەڭلىك يىپلارنى ئارىلاشتۇرۇپ توقۇپ بەرگەن ئىشتانبېغىنىڭ چۇچىلىسىنى ئەتەي ئالدىغا ساڭگىلىتىۋېلىپ توختىماي كوچا چۆرگۈلەيتتى؛ يەنە بەزىلىرى بولسا قېرى پۇلدارلاردىن تۇل قالغان باي چوكانلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، كونىنى ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسىنى بۇزۇپ - چېچىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ھارامزادىلەردىن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە قاراپ ھىجىيىپ تۇرۇشى نېمىشقىدۇر سەمەتنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلەتتى.

— غوجىلىرىم، نېرىراق بىر تۇرۇشاملا، مەن ئۆتۈۋالاي، — دېدى سەمەت يولنى توراپ تۇرۇۋالغان بايۋەچچىلەرگە قاراپ.

بايۋەچچىلەر سەمەتكە بۇرۇلۇپ قارىدى.

— مازار دېگەننىڭ ھەممە يېرى يول، يولۇڭنى تېپىپ مېڭىۋەرمەمسەن، — دېدى ئۇلار سەمەتنى نەزىرىگىمۇ ئىلماي.

سەمەت بۇ يول بىلەن ماڭمىسا قەبرىلەرنىڭ ئۈستى

بىلەن، ئۆلگەنلەرنىڭ بېشىنى دەسسەپ ماڭسا بولاتتى. سەمەت ئالدىدا دىپەيدەك تۇرۇۋالغان بىرىنى بەلدىن تۇتۇپ بىر ئېتىۋىدى، ياندىكى قەبرىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۆزىنى دەڭسىيەلمەي سەنتۈرۈلۈپ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. بىرىنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە بىرى ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قاچتى. خوتۇنلارغا ئىشقىۋازلىق قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئۇنداق ئادەملەرنىڭ تۇرقىغا قارىسىڭىز تولىمۇ ھەيۋەتلىك، ئەمەلىيەتتە ھالى شۇنچىلىكلا ئىدى. ئۇلار خوتۇنلارنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، شېرىن گەپلەر بىلەن ساددا چوكانلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ئۇستا ئىدى...

مۇسەللەس سەمەتنى ئوبدانلا تۇتقانىدى. ئۇ ھېلىقى بايۋەچچىلەرگە قاراپمۇ قويماي، مۇشتلاشچىلار توپىغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئەتراپتىكى ئىت تالاشتۇرۇۋاتقان، قوچقار سوقۇشتۇرۇۋاتقانلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈۋاتقانلارمۇ بۇ يەرگە يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ جېدەلچىلەر توپى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتكەنىدى.

ــ ھاي سەمەتئاخۇن، نەگە؟

كىمدۇر بىرى ئۇنى چاقىردى، لېكىن سەمەت ئۇ كىشىنى زادى تونۇيالمىدى. بەلكىم ئۇنىڭ مىنىپ كەلگەن ئېتىنى سېتىۋالغان دەڭچادۇر ۋە ياكى چايخانىلارنىڭ بىرىدە بورا ئۈستىدە بىللە يېتىپ تاڭ ئاتقۇزغان بۇرادەرلەرنىڭ بىرىدۇر...

ــ ئۇ تەرەپكە بارمىسىلا، بىكار خەقنىڭ يوقىلاڭ ماجىراسىغا ئارىلىشىپ قالىلا.

ــ بۇ يەردە چېلىشىدىغان يەر يوقمۇ؟ مېنىڭ بىر چېلىشقۇم بار ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



— چېلىشىدىغان يەر؟

— ھە، مۇنداق ئادەم بىلەن ئادەم بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىدىغان مەيدان.

— ئۇنداق يەر يوق.

— قىزىق ئىش، ئىت تالاشتۇرىدىغان، قوچقار سوقۇشتۇرىدىغان يەر بار، لېكىن چېلىشىدىغان يەر يوق، بۇ قانداق گەپ بولدى؟ مەن ھەزرەتنىڭ پالۋانلىرى بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باقاي دېگەن، ئاۋۇ يەردىكى نېمە قالايمىقانچىلىق ئۇ؟

— يۇسۇپ «قان» بىلەن ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرى مۇشتلىشىۋاتىدۇ...

— نېمانداق تۈگمەيدىغان جېدەل ئۇ؟ مۇشتلاش دېگەندە قاس ـ قۇسلا سىلىشىپ، يەڭگەن ـ يېڭىلگىنى بىر تەرەپ بولمامدا.

— ۋاي سەمەتئاخۇن، بۇ جېدەل ئەتىگەنىنىڭياقى نەچچە بېسىقىپ يەنە ئۇلغايدى. بايا ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرى يۇسۇپ «قان»نىڭ ئادەملىرىنى سۇر ـ توقاي قىلغان، ھېلىراقتا يۇسۇپ «قان»نىڭ ئادەملىرى بېرىپ بىرمۇنچە چوماقچىلىرىنى باشلاپ كەپتۇ. ئىش يەنە چىڭىغا چىقىپتۇدەك.

— ئۇنداق بولسا مەنمۇ بىر مەيدانغا چۈشۈپ مۇشتلىشىپ باقاي.

— ھاي قويىسىلا، ئۆزلىرىگە ھاي بەرسىلە، ئۇكام، ئاڭلىسام ھېلى مەيدانغا يۇسۇپ «قان»نىڭ ئۆزى چۈشۈپتۇدەك.

— يۇسۇپ «قان» دېگىنى قايسى؟

شۇ گەپلەر بولغۇچە مۇشتلاشچىلار توپى سۈرۈلۈپ

سەمەت تۇرغان يەرگە يىقىلىشىپ قالغانىدى.

ــ ئەنە ئاشۇ، ئوتتۇرىدا پىرقىراپ ھەممىگە تەك مۇشت ئېتىۋاتقان ئادەم، يۇسۇپ «قان» دېگەن شۇ.

سەمەت ئادەملەر توپىغا ئارىلىشىپ كەتتى. ئەتراپتا تاماشا كۆرۈۋاتقانلار مۇشتلاشچىلار قايسى تەرەپكە سۈرۈلسە تەك شۇ تەرەپكە دوكۇلدىشىپ يۈگۈرەيتتى. جېدەل توپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قايناۋاتاتتى. گويا ھەممىلا ئادەم مۇسەللەس ئىچىپ قىزىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. سەمەت ئادەملەر ئارىسىدا ھەر تەرەپكە چايقىلىپ مۇشتلاشچىلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. مۇشتلىشىۋاتقانلار ئەمدى مازار تەرەپتىن يىراقلاپ كۆل بويىغا كېلىپ قالغانىدى. سەمەتنىڭ بىقىنىغىمۇ بىر ـ ئىككى مۇشت ئوبدانلا تەگدى. ئەمدى يەڭنى تۇرۇپ ئېلىشماي بۇ توپىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەتكىلى بولمايتتى. سەمەتنىڭ كۆزلىرىگىمۇ قان تولدى. كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ كانىيىغا قول سېلىۋىدى، سەمەت ئۇنى ئېڭىكىدىن كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ ئۆزىدىن نېرى قىلىپ، بېلىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپلا كۆلگە ئاتتى. كۆل سۈيى ئەتراپقا سانسىز چەمبىرەكلەرنى تارقىتىپ قىرغاققا شالاقلاپ ئۇرۇلدى. سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى بىچارە بىر چۆكۈپ، بىر بېشىنى چىقىرىپ قىرغاققا قاراپ سىلجىماقتا ئىدى. سەمەت شۇ چاغدا ئۆزىگە قاراپ ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەمنى كۆردى. كۆزلىرى مولۇننىڭ كۆزىدەك يوغان چەكچىيىپ، تېشىغا پۇلتىيىپ تۇرغان بۇ ئادەم يۇسۇپ «قان»نىڭ ئۆزى ئىدى. سەمەتنىڭ كۆزىگە ھېلىقى مەھەللىسىدىكى ماتەم كۈنى ھويلىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاق ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرۇۋېلىپ: «قېنى، ھېلىقى سەمەت دېگەن يېتىم ئوغلاق؟ نوچى بولسا مەۋەگە بىر چىقىپ باقمامدۇ؟ قانغا قان ئالمىغۇچە بولدى قىلمايمىز!» دەپ ۋارقىراۋاتقان بىر كۆزى ئەلەس ئۆگەي ئاكىسى كۆرۈنگەندەك بولدى ـ دە، يۈسۈپ «قان»نى بىر كاللا قويۇپلا ئوڭدىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى. يۈسۈپ «قان»نىڭ كۆز ئالدىدىن گىلەم بازىرىدىكى كەلكۈن نۇسخىسىدىكى گىلەملەر غۇيۇلداپ ئۆتكەندەك بولۇپ، تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىدىكى قىپقىزىل چوغلانغان تۆمۈرگە جاڭگىدە بازغان تېگىپ ئەتراپقا سانسىز ئۇچقۇنلار چاچرىغاندەك قىلدى ـ دە، بىردىنلا ئەتراپتىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار جىممىپ، سېزىمىنى يوقاتتى...

باياتىن بېرى يۈسۈپ «قان»نىڭ ئادەملىرى كۈچىيىپ، ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرى مازار دەرۋازىسى ئالدىغا قاپسىلىپ قالغانىدى. سەمەت كېلىپ قوشۇلۇشى بىلەن ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرىگە جان كىرىپ، يۈسۈپ «قان»نىڭ ئادەملىرىنى ئوتتۇرىدىن سۈرۈپ چىقتى. يۈسۈپ «قان» بايىقى بىر كاللا بىلەن ھوشىغا كېلەلمەي يەردە ياتاتتى. ئۇنىڭ ئادەملىرى باشچىسىدىن ئايرىلىپ قالغاچقا تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتكىلى تۇردى. سەمەت بۇنىڭ ئۆزىگە نەدىن كەلگەن كۈچ ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەي توپنىڭ ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك ھۆركىرەيتتى...

ھەزرەتتىكى مۇشتلاشنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۇششاق باللار شۇ ئەتراپتىكى دەرەخلەرگە يامىشىپ چىقىۋېلىشقانىدى. ئۇلار جېدەل قايناۋاتقان چاغدا كۆرگەنلىرىنى بىر ـ بىرىگە ۋارقىراپ خەۋەر قىلىشاتتى.

— يا ئاللا، يا ئاللا، كۆردۈڭمۇ، ئاۋۇ بىرەيلەننىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى.
— قارا، ماۋۇ بىرەيلەن كالتەكنى كۆتۈرۈپ چىقتى.
— قايسى تەرەپنىڭ ئادىمى يامانكەن؟
— ۋاي خۇدايىمەي، بۇلارنىڭ قايسى كىم تەرەپ كىم بىلىپتۇ.
— ھېلى ئوتتۇردا پىرقىراپ يۈرۈپ ھەممىنى سىلىۋاتقان بىرسى كۆرۈنمەي قالدى، ئوتتۇردا يىقىلىپ دەسسىلىپلا كەتتىمۇ قايداغ...
— چېرىك... چېرىك كېلىۋاتىدۇ!— دەپ ۋارقىرىدى دەرەخنىڭ ئەڭ ئۇچىغا چىقىپ قاغىدەك قونۇۋالغان بىر بالا.

ھەزرەت سەيلىسى مەزگىلىدە مانا مۇشۇنداق قاتتىق جېدەل بولۇپ كەتكەندە ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى چىقىپ ئارىلىشىپ جېدەلنى باساتتى. كېلىۋاتقان چېرىكلەر يىراقتىنلا ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئېتىپ پوپوزا قىلىۋىدى، دېگەندەك، «پاڭ ــ پۇڭ!» قىلغان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئەتراپقا ئولاشقان تاماشىچىلارمۇ ھەر تەرەپكە قاراپ قاچتى. مەيداندا ئۆلگەن بىرقانچەيلەن قان ئىچىدە ياتاتتى. يەنە بىرقانچىسى ئىنجىقلاپ ئۆرە بولالماي يەردە يۇملاپ يۈرەتتى... بىردەمدىلا بۇ يەردە زەمبىل كۆتۈرگەن ئادەملەر پەيدا بولۇپ، ھەركىم ئۆزىنىڭ تونۇغان ئادەملىرىنى زەمبىلگە سېلىپ ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدى.

مۇنداق ئىشلارغا ھەزرەتنىڭ ئادەملىرى كۆنۈك بولسا كېرەك، ئاز ئۆتمەيلا يەنە كۆل ئەتراپى جانلىنىپ، ھېلىلا جېدەل بولغان يەردە يەنە ناۋاي، باققال، سامسىپەز، گۆشگىردە ساتقۇچىلارنىڭ تەۋەككۈلىرى پەيدا بولدى.

ئالارمەن ـ ساتارمەنلەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى باشلاندى.
ــ ياغ يەيسەن، ياغ يەيسەن!
ــ ئەركەك قوينىڭ ئوغال باللا!
ــ ياغ يەپ يالىڭاچ يات!
ئارىلاپ بۇ ئادەملەر ھېلى بولغان ئىشلار توغرىسىدا مۇلاھىزە قىلىپ قالاتتى.
ــ يا ئاللا، ئوق دېگەندىن ھەرقانداق ئادەم قورقىدىكەن ـ ھە!
ــ قورقمامدىغان، قايلىسىلا بىردەمدىلا بۇ يەردە ھېلىقى نوچىلارنىڭ بىرەرسىمۇ قالمىدى.
ــ ئاڭلىساق يۇسۇپ «قان»نى بىر نوچى بىر كاللا قويۇپلا قوپالماس قىلىپ قويدى دەيدا؟
ــ ئۆلۈپتۇ!
ــ يا ئاللا شۇ بىر كاللا بىلەنلىما؟
ــ ئەجەل دېگەن شۇ، ھەرقانداق نوچىنىڭ بىر پەيمانى توشقان پەيتى بولىدۇ، قايلىسىلا.
ــ كاللا قويغان نوچى كىمدۇ؟
ــ كىم دەيدۇ، ئىشقىلىپ ئىلگىرى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بىر نوچىمىش.
ــ ھىم، ئۇنداق بولسا، ــ دەپ مۇلاھىزە قىلدى بۇ گەپلەرنى دىققەت بىلەن ئاڭلاپ تۇرغان پاكار سامسىپەز، ــ يۇسۇپ «قان»مۇ مۇشۇ بىر ـ ئىككى يىلدا بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن... ھېلىقى كاللا قويغان نوچىنى ھېچكىم تونۇمىغىنىغا قارىغاندا، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئۆزى يۇسۇپ «قان»نىڭ جېنىنى ئالىدىغانغا ئادەم سۈرەتتە ئەۋەتكەن ئەزرائىلنىڭ ئۆزىكەن دەڭلا.
ــ يوقسۇ، ــ دەپ سۆز قىستۇردى سامسىپەزنىڭ

تەۋەككۈلچىلىكىم يېنىمدا سامسا يەپ تۇرغان ئاقساقال ئادەم، — سەمەت نوچى دېگەن شۇ. ئاڭلىسام ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ يېتىم يولسىزلىق قىلغان ئىككى چېرىكنى بېشىنى قولتۇقىغا قىسىپلا سۆرەپ چىقىپ، ئىككى قولىقىدىن تۇتۇپ بىر سۆگەتكە مىخلاپ قويۇپلا كېتىپتىكەن.

— يا ئاللا، كۆچ دېگەن باركەن - دە!

— يۈرىكىچۇ، يۈرىكى قاپتەك باركەن!

شۇ كۈنى ئاپپاق خوجا مازىرىدا كىشىلەر ئارىسىدا «سەمەت نوچى» دېگەن بىر ئىسىم ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. ئادەملەر سەمەت نوچى توغرىسىدىكى ۋەقەلەرگە ئۆزىنىڭ خىيالىدىن يېڭى - يېڭى ھېكايىلەرنى توقۇپ قوشۇپ بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشەتتى.

— سەمەت نوچى دېگەن ھەرقانداق ئادەمنى بىر مۇشت بىلەنلا تىك چۈشۈرەرمىش.

— يۈسۈپ «قان» بىلەن ئىلگىرى ئاداۋىتى بار دەيدۇ...

— كاللا قويسا تامنىمۇ ئۆرۈۋېتەرمىش.

— بۇ سەمەت دېگەن نوچى ھەزرەتكە زادى نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ بۇرۇن ئەجەب ئاڭلىماپتىكەنمىز، — دېيدى بىرەيلەن بۇ ئىشلارنىڭ باش - ئاخىرىنى زادى چۈشىنەلمەي.

— ئەسلىي بىر نامرات يېتىمكەن، — دەپ چۈشەندۈردى يەنە بىرەيلەن، — مازار غوجام مېنى قوللاپ قالسا كۈنۈم ياخشى بولۇپ قالارمۇ، دەپ ئۈمىد قىلىپ ئاپپاق خوجىنى تاۋاپ قىلغىلى كەپتىكەن. بۇ يەردىكى قالايمىقانچىلىق، ئۇرۇش - جېدەلنى كۆرۈپ مازار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غوجامغا بولغان ئىخلاسىمۇ قايتىپتۇ. مازارنىڭ چېتىدىكى بىر سۆگەتكە يۆلىنىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ. چۈشىدە ئاپپاق ساقاللىق بىر كىشىنى كۆرۈپتۇ. ھېلىقى مويسىپىت سەمەتئاخۇنغا قاراپ: «بالام، سەن رەڭگى - رۇخسارىڭغا قارىغاندا ياخشى ئادەملەرنىڭ بالىچاقىسىدەك قىلىسەن، سېنى غەم بېسىۋاپتۇ، مەن ساڭا بىر دۇئا قىلاي، مۇشۇ مازاردا ياتقان ئۇلۇغلار سېنى قوللاپ، ئىشلىرىڭ ياخشى تەرەپكە تارتىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس. بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، خۇدا ساڭا يېتەرلىك كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن، ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ دۇئا قىپتۇ. سەمەتئاخۇن چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىغا قارىسا ئالدىدا ھېچكىم يوق. ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كېرىلگۈسى كەپتۇ. دەس ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كېرىلگەنىكەن، بېشىدىن تارتىپ پۇت - قوللىرىنىڭ ئۇچىغىچە بىر كۈچ - قۇۋۋەت ماڭغاندەك بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇرسىلدەپ دەسسەپ ئۇدۇل بېرىپ، تەپ تارتماي ھەزرەتنىڭ مازىرىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا مۇشتلىشىۋاتقانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۆسۈپ كىرىپ ھېلىقى ھەممە جېدەلنى تېرىۋاتقان يوسۇپ «قان»نى كاللا بىلەن بىرنىلا قويۇپ يەر چىشلىتىپتۇ.

— يا ئاللا، راست نوچىكەن!

— ئاپپاق خوجام ئۆزى مەدەت بەرگەن يىتىم ئوخشىمامدۇ؟

## بەشىنچى باب

# ئىلىغا كېتەي

ئەگەر ياراتقان ئىگەم بىر ئادەمنىڭ پېشانىسىگە «نوچى» ئاتىلىش قىسمىتىنى پۈتكەن بولسا، ئۇ قانداقتۇر بىر سەۋەبلەر بىلەن «نوچى» ئاتىلىپ قالىدىغان بولسا كېرەك. مانا سەمەت شۇنداق بولدى. تېخى تۇنۇگۈنلا ئۇ يىراق بىر خىلۋەت يېزىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئانچىمۇ چېلىقىپ كەتمەيدىغان ئاددىي دېھقان ئىدى. بۈگۈن ھەزرەت سەيلىسىدە ئۇ يۈسۈپ «قان»نى كاللا بىلەن بىرنى ئۇسۇپلا خەقنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدى. يۈسۈپ «قان» زادى قانچىلىك ئادەم ئىدى؟ ئۇنى بىر كاللا قويۇپلا ئارقىغا ئۇچۇرۇۋېتىپ ئورنىدىن قوپالماس قىلىپ قويغان ئادەم نېمىشقا شۇنچىۋالا نوچى ئاتىلىپ قالىدۇ؟ بۇ تەرەپلىرىمۇ سەمەتكە قاراڭغۇ ئىدى. سەمەتنىڭ كىچىك چاغلىرىدا بالىلار بىلەن نېمىلەرنىدۇر تالىشىپ جېدەللەشكەنلىرىنى، ئاغىنىلىرى بىلەن ئۆستەڭ بويىدىكى قۇمساڭغۇ يەردە بەل تۇتۇشۇپ چېلىشقانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، چوڭ بولغاندا ئۇ بىرەر ئادەم بىلەن ئوشۇقچە سەن - پەن دېيىشىپ ياقا سىقىشقانمۇ ئادەم ئەمەس ئىدى. پەقەت مەھەللىدىكى چاغلىرىدا ئۇ ھېيتاخۇن بوۋايدىن ئازراق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چېلىش ئۆگەنگەن، بوۋاي ئۇنىڭغا چامباشچىلىق، مۇشتلىشىش دېگەنلەردىن ئانچە ـ مۇنچە تەلىممۇ بەرگەن. مەشىق قىلىپ دەسسەۋېرىپ بوۋاينىڭ ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاختارمىلىقنىڭ داڭگاللىرى توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن... بەلكىم سەمەتنىڭ نوچىلىقى ئاخىرقى قېتىم ئۆگەي دادىسى بىلەن بەل تۇتۇشقان ئاشۇ كۈندىن باشلانغاندۇ، بولمىسا نېمىشقا ئۇ ئادەم پىرقىرىتىپ بىر ئاتقان بىلەنلا كۆلگە مىلىنىپ ئۆلۈپ قالىدۇ؟... مەھەللىسىدىن ئاتلىق قېچىپ كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ يولىنى توسۇغان ھېلىقى ئىككى ئادەمچۇ؟ سەمەتنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇلار بىلەن تۇتۇشقۇسى يوق ئىدى. ئۇ قەشقەرگە، پاناھلىنىدىغان ئوبدانراق بىر يەرگە يېتىشكە ئالدىرايتتى. ئۇ ئىككىيلەنگە سەمەت ھېيتاخۇن بوۋاي ئۆگەتكەن كاللا سوقۇشتۇرۇش ھۈنىرىنى ئىشلەتتى. شۇمۇ نوچىلىققا ھېساب بولامدىغاندۇ؟...

سەمەت بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۆزىمۇ ئاڭقىرالماي قالدى. ئۇنىڭ توغرىسىدا قەشقەردە كىشىلەر ئارىسىدا ئاجايىپ گەپلەر تارقالغانىدى.

ــ يا ئاللا، ھەزرەت سەيلىسىدە يېڭى بىر نوچى پەيدا بوپتۇدەك، ــ دەپ ھېكايە قىلىشاتتى ئۇلار، ــ ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، يۈسۈپ «قان» دېگەننى بارمىقى بىلەن پېشانىسىگە بىر چېكىپلا يەر چىشلىتىپتۇدەك.

ــ قانىتى بارمىكەن؟

ــ بار ئوخشايدۇ، بولمىسا باشقىلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن قانداق ئۇچۇپ ئۆتىدۇ؟

ــ مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ــ دەپ پارىڭنى باشلايتتى

يەنە بىرەيلەن، ــ بۇ سەمەت دېگەن يېتىمنى ئىلگىرى ھېچكىممۇ كۆرۈپ باقماپتىكەن. شۇ كۈنى بىر گۇمبەز يېرىلىپ، سەمەت نوچى شۇنىڭ ئىچىدىنلا چىقىپ كەپتۇدەك...

گەرچە مۇنداق ئەپقاچتى گەپلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئاپپاق خوجىدا سەمەت نوچىنىڭ قانداق مۇشتلاشقىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇچۇن «يۇسۇپ ‹قان›نى بىر كاللا قويۇپلا جەھەننەمگە يولغا سايتۇدەك....» دېگەن گەپنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىدى. يۇسۇپ «قان» دېگەن بۇ نوچى بىرقانچە يىللاردىن بېرى ھەزرەت سەيلىسىنى بېشىغا كىيىپ، خەقنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ كېلىۋاتقان يۈرت مۇتتەھەملىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئىبراھىم «جودا»مۇ يۇسۇپ «قان»غا تەڭ كېلەلىگۇدەك بىرەر نوچىنى تاپالماي تېپىرلاپ يۈرەتتى. سەمەتنىڭ ئاپپاق خوجىدا پەيدا بولۇشى راستلا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىش بولدى.

ــ ئۇنى ئاللانىڭ ئۆزى ئەۋەتتى، ــ دەيتتى ئىبراھىم «جودا»، ــ ئىگىسى قوللىغان چاغدا ھەرقانداق مۇشكۇل ئىشمۇ مۇشۇنداق ئوڭايلا ھەل بولىدۇ.

ئىبراھىم «جودا»نى ئەتراپىدىكىلەر ھۆرمەتلەپ «ئىبراھىم ھاجىم» دەيتتى. ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان، ئوتتۇرا بوي، سەل سېمىزرەك كەلگەن بۇ ئادەم نۇرغۇن يەر ـ زېمىنغا ئىگە بايلارنىڭ بىرى ئىدى. بىر ـ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ مەككە ـ مەدىنە تەرەپلەرنى زىيارەت قىلىپ «ھاجى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئادەمنىڭ بوۋىسى ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى جېدەلخور ئادەم بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



«جودا» دېگەن لەقەم ئۇلارنىڭ ئەۋلادىغا بوۋىسىدىن قالغانىكەن. مۇنداق ئۇقۇملا سەپراسى ئۆرلەپ قالىدىغان ئىش ئىبراھىمنىڭمۇ قېنىدا بولۇپ، ياش ۋاقىتلىرىدا ئۇمۇ كۆپ جودالارغا ئارىلاشقانىدى. ھازىرمۇ ھەزرەت سەيلىسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قولدىن بەرگۈسى كەلمەيتتى.

※ ※ ※

سەمەت يۇسۇپ «قان»نى بىر كاللاپ قويۇپ ئۆرۈۋەتكەندىن كېيىنلا ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرى: «بولدى، بولدى، ئاچچىقلىرىغا ھاي بەرسىلە، قالغان ئىشنى ئەمدى بىز بىر تەرەپ قىلىمىز» دەپ قولتۇقىدىن يۆلەپ، نەچچىسى ئەتراپىغا ئولىشىپ مۇھاپىزەت قىلىپ ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئىبراھىم ھاجىم (ئىبراھىم جودا) ئاپپاق خوجا مازىرى ئەتراپىدىكى باغلارنىڭ بىرىدە، يوغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا قۇرۇلغان كاتتا سالقىنلاپ چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ھېلىلا بىرقانچە چاپارمەنلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئاپپاق خوجا مازىرى ئالدىدا بولغان ئىشلار، يۇسۇپ «قان»نىڭ بىر كاللا يەپلا يىقىلىپ ئورنىدىن تۇرالمىغانلىقىنى يەتكۈزگەنىدى. ئىبراھىم ھاجىم ئورنىدىن تۇرۇپ سەمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشتى. ئۇنى ئۆزى ئولتۇرغان كاتقا ــ كۆرپە ئۈستىگە ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى. سەمەتكە زەن سېلىپ قارىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ياش، ساغلام، بەدەنلىرى چىڭ كەلگەن بىر ئىشلەمچى سۈپەت يىگىت تۇراتتى. لېكىن،

ھاجىم بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن ئادەم ئىدى. بەزىدە مۇنداق ئاددىيلا كۆرۈنگەن ياش ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا كىشى ئويلىمىغان قارا كۈچنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئىبراھىم «جودا» سەمەت بىلەن قىسقىلا ئەھۋاللاشتى. ئۇنىڭ تېگى، كىملىكىنى، قايسى يۇرتنىڭ ئادىمى بولىدىغانلىقىنى سورىدى. سەمەتتىن تېخى ھېلىقى خوتۇنىنىڭ قاپىقىدىن ئىچكەن مۇسەللەسنىڭ كەيپى كەتمىگەنىدى. ئۇ ئىبراھىم «جودا»نىڭ سوئاللىرىغا مۇجمەل جاۋاب بەردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتىنى، يۇرتىدا يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، ئاشۇ گۈزەل، تىنچ ماكاندىن نېمىشقا قېچىپ چىققانلىقىنى ئۆزگىلەرگە ئېيتقۇسى يوق ئىدى. ئىبراھىم «جودا» سەمەتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنىڭ كەيپىكىنى بىلدى ـ دە، دەرھال چاپارمەنلىرىگە قاراپ:

— ھاي، قېنى سىلەر؟ ماۋۇ سەمەت نوچىنى سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار، بۈگۈن ئوبدان ئارام ئالسۇن. ئەتە جاڭگال مەھەللىگە، «سېرىق قۇشقاچ»نىڭكىگە ئاپىرىپ كۆڭلىنى ئېچىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرى سەمەتنى ئاتلىرىنىڭ بوينىدىكى قوڭغۇراقلىرى جاراڭلاپ تۇرىدىغان مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ شەھەرگە ئەكىرىپ بىر سارايغا ئورۇنلاشتۇردى. ياندىكى ئۆيلەرگە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ خىزمىتىدە بولىدىغان بىرقانچە ئادەملىرىمۇ قويدى. بۇ قەشقەرگە سىرتتىن كەلگەن سودىگەرلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۈشمىدىغان سارايلارنىڭ بىرى ئىدى. سارايىنىڭ ئوتتۇرىسى ئۈستى يېپىلغان ئىگىز لاپاس بولۇپ، لاپاس ئاستىدا تاي ـ تاي ماللار، تاغار ـ تاغار قۇرۇق مېۋىلەر، يەنە بىر تەرەپتە دورا ـ دەرمەك، تۆمۈر ـ تەرسەك، ئۆتۈك، مەسە، كۆن ـ خۇرۇم، ماتا ـ چەكمەن دېگەندەك نەرسىلەر رەت ـ رېتى بىلەن قويۇلغانىدى. لاپاسنى چۆرگۈلىتىپ ھۇجرىلار سېلىنغانىدى. بۇ ھۇجرىلارمۇ گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن ئالاھىدە خانىلار، يۇمشاق كىگىزلەر تاشلانغان ئادەتتىكى ئۆيلەر ۋە بۇلۇڭلۇككە پالاس ياكى بورىلار سېلىپ قويۇلغان ئاددىي ياتاقلار بولۇپ نەچچە خىلغا ئايرىلاتتى. سارايىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا يەنە قاتار كەتكەن ئۇلاغ باغلايدىغان ئوقۇرلار؛ يەم ـ خەشەكلەر ساقلىنىدىغان ئامبارلار جايلاشقانىدى.

سەمەت نوچى ھامماملغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپ ئىبراھىم «جودا»نىڭ خىزمەتكارلىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن يېڭى كىيىملەرنى كىيىپ ئوبدان تاماقلاندى. شۇ تاپتا ئۇ گىلەملەر تاشلانغان ئالاھىدە ھۇجرىدا پەي ياستۇقلارغا يۆلىنىپ يېتىپ خىيالغا كەتتى.

«ئاپپاق خوجاممۇ بولىدىغان يەركەن،ــ دەيتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە،ــ ياخشى مەيزاپتىن بىرقانچە ئاپقۇر ئىچىپ راسا كەيىپ بولۇۋېلىپ، ھەزرەتنىڭ سەيلىسىنى قالايمىقان قىلىپ يۈرگەن مۆتتەھەملەردىن بىر ـ ئىككىسىنى تۇتۇۋېلىپ تازا سالساڭ قالغانلىرى ۋاي غوجام دەپ كېلىپ ئۆزىلا خىزمىتىڭدە بولىدىكەن... بۇ يەردە ئىشلىرىم يولىغا چۈشۈپ قالسا پۇل تېپىپ ئوبدان بىر قورۇ ـ جاي سېتىۋالسام، ئانامنى قەشقەرگە ئەكېلىۋالسام، ھېلىقى كۆل بويىدىن سۇ ئېلىپ

ماڭىدىغان قىزنىمۇ ئەكېلىۋالسام، بىچارە ئانام بىر ئۆمۈر جاپا چەكتى. ئانا، ئەمدى خىزمىتىڭنى كېلىنىڭ قىلىدۇ، سەن ئارامىڭنى ئال دېسەم، ھويلىغا گۈللەرنى تېرىساق...»

سەمەت شۇ خىياللار بىلەن كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا كەتكىنىنى تۇيماي قالدى.

ئەتىسى ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرى سەمەتنى ياخشى ئاتقا مىندۈرۈپ جاڭگال مەھەللىگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يەنە گەۋدىلىك ئادەملەردىن بىرنەچچىسى بىللە كېتىپ باراتتى. «جاڭگال مەھەللە» دېگەن جەنۇبتىمۇ، شىمالدىمۇ، زادى قەشقەر شەھىرىدىن قانچىلىك يىراقلىقتا، ھېلىقى «سېرىق قۇشقاچ» دېگىنى زادى كىم، ئادەممۇ، جىنمۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسى ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرى بىلىدىغان مەخپىي گەپلەر ئىدى. سەمەتنىڭ ئەتراپىدا كېتىپ بارغان بۇ بىرنەچچەيلەن گەرچە سەمەتتىن يوغان، قاۋۇل كۆرۈنسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى بوگۇنگىچە يۇسۇپ «قان» دېگەنگە تەڭ كېلەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇلار سەمەتكە يەر تېگىدىن ھەسەت ۋە ھۆرمەت بىلەن قاراپ قوياتتى.

ئۇلار شەھەردىن چىقىپ توپىلىق ئەگرى - بۈگرى يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ تېرەكلىك چوڭ بىر باغنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختاشتى. باغنىڭ يوغان دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسى شاراقلىشى بىلەن ھويلىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى كەلدى. ئارقىدىنلا بىر مۇلازىم پەيدا بولۇپ دەرۋازىنى ئاچتى، يەنە بىرقانچە چاكارلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ مېھمانلارنىڭ قولىدىن ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرىنى ئېلىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com


ــ قېنى، مەرھەمەت قىلىشسىلا!

مېھمانلار قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان قانداقتۇر بىر مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئارىلاپ كەتكەن يول بىلەن يۇقىرىدىكى پېشايۋانلىق ئۆيگە يېتىپ كەلدى. تولدۇرۇپ قىپقىزىل گىلەملەر سېلىنغان بۇ چوڭ ئۆيگە ئايلاندۇرۇپ يېكەندازلار تاشلانغان بولۇپ، تام تەرەپلەرگە مېھمانلارنىڭ يۆلىنىپ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن مامۇق ياستۇقلار قويۇلغانىدى.

كەكە ساقال، چاققان كەلگەن بىر كىشى مېھمانلارنى ئورۇنلاشتۇردى.

ــ سەمەت نوچى كىم؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

ــ مانا بۇ كىشى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سىلى يۇقىرىغا چىقسىلا، بۇگۈنكى داستىخاننىڭ ئىززەتلىك مېھمىنى سىلى. قەيەرگە كېلىپ قالدۇقكىن، دەپ ھەيران بولمىسىلا، بۇ ئىبراھىم ھاجىمنىڭ شەھەر سىرتىدىكى باغلىرىنىڭ بىرى... قېنى، سىلى ماۋۇ يەرگە، ھە، سىلى ئاۋۇ تەرەپكە...

داستىخان سېلىنىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ ئېلىندى. ناۋات سالغان سىنچاي، يۇمشاق نان بىلەن رىشالە قويۇلغاندىن كېيىن ئارقىدىنلا گۆشلۈك پولۇ، ئەتراپى گۈل چىقىرىپ پۈكۈلگەن گۆشنان، قورداق، سامبۇسىلار ئارقا ـ ئارقىدىن كىردى. تاماقتىن كېيىن داستىخان يەنە قايتا سېلىنىپ نازۇنېمەت، مېۋە ـ چېۋىلەر تىزىلدى. قوللىرىغا دۇتار، داپ تۇتۇشقان بىرقانچە چوكان كىرىپ كېلىشتى. ئىشىك تەرەپتە يۈزىنى يېرىم چۈمكىۋالغان بىر چوكان مېھمانلارغا مۇسەللەس قۇيۇشقا باشلىدى. خوتۇنلار نەغمىگە چۈشتى:

قىشىڭىزنىڭ قارىسى،
سىپىلغا چۈشتى سايىسى،
شۇنچە يىراق بولارمۇ
ئىككىمىزنىڭ ئارىسى.

قىشىڭىز قارا ئىكەن،
هويلىڭىز ساراي ئىكەن،
ئاخشىمى باراي دېسەم،
دۈشمەنلەر مارايدىكەن.

دۇتارنىڭ لەرزان ئاۋازىغا داپ «دۇم ـ دۇم» قىلىپ جور بولاتتى. ناخشىچىنىڭ سۆزلىرى مۇڭ ئارىلاش تەسىر قىلىپ كىشىنى ئېزەتتى.

قارا قاش كەتكەن بىلەن،
ئوت ـ پىراقى كەتمىدى.
مەن يارىمغا يىغلىسام،
يار هالىمغا يەتمىدى.

ئاق تەڭگە پۇلۇم بولسا،
ئاق يەرگە ساراي سالسام.
قارا قاش مېنىڭ بولسا،
بوينىغا گىرە سالسام...

ــ هوي چىمەنگۇل خېنىم! ــ دەپ ۋارقىراپ ناخشىچىنى توختىتىپ قويدى ئىشىكنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان ئاق سېرىق كەلگەن چىرايلىق بىر چوكان، ــ نېمانداق بۇگۇن سىلىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى «قارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاش»تىن ئەگىپ كېتەلمەيدۇ؟ بۇ سورۇندىكى قايسى قارا قاشنى قۇشلاپ قوشاق قېتىۋاتىدىلا؟ قارىسام سەمەت نوچىنىڭ قېشىغۇ ئۇنچىۋالا قارا كۆرۈنمەيدۇ...

پاراققىدە كۈلكە ئۆينى بىر ئالدى، ھەممىنىڭ كۆزى سەمەتكە تىكىلگەندى. سەمەت شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

— خېنىم، دۇتارنى ماۋۇ ھېپىزىخانغا بىر بەرسىلە، باشقىچە بىر پەيزى قىلىپ باقسۇن!— دېدى ھېلىقى ئاق سېرىق چوكان.

ئارقا تەرەپتىن سىمىز بىر چوكان چىقىپ ئالدىغا ئۆتۈپ يۈكۈندى - دە، دۇتارنى قولىغا ئېلىپ سازىنى باشقىدىن تەڭشىدى، ئاندىن كۆپچىلىككە تەكشى بىر قاراپ ناخشىسىنى باشلىدى:

يېڭىشەھەر دېگەن يەردە،
مەن بارمىغان باغ تولا.
يېشى كىچىك يار تۇتۇپ،
يۈرىكىمدە داغ تولا.

— بەللى، بەللى!— دەپ ۋارقىرىدى ئولتۇرغان ئەرلەردىن بىرقانچىسى. ئېچىلىۋاتقان مۇسەللەس تەسىر قىلىپ بەزىلىرىنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

— ھېپىزىخان، بەك نادان بالىغىمۇ ئېسىلىۋالمىسىلا، شۇنداق دەردى تولا...

ئامرىقىم چىرايلىققا
چاي قۇيۇپ تۇتاي دەيمەن.

خالىيدا سۆيۈپ قويۇپ،
كۆڭلىنى ئۈتاي دەيمەن.

— يا ئاللا! ماۋۇ خېنىمنىڭ گەپلىرىنى كۆرۈڭ، — دەپ مەيدىسىگە ئۇردى بىرى.

— يېشى كىچىك بالىنى خالىيغا ئاپىرىپ سۆيۈپ بىر ئىش قىلىپ يۈرۈپتۇدە بۇ خېنىم.

تاغقا چىقتىم بىر كۈنى،
كۆرۈپ قالدىم تۈلكىنى،
يار كەلمەيدۇ نە بولدى،
بىر يىل بولدى كەتكىلى...

— مانا ـ مانا، دېمىدۇقما، خېنىم، — دېيىشتى بىرنەچچىسى، — بەك كىچىك يار تۇتۇۋالغان بىلەن مۇشۇنداق نادان، ۋاپاسىز چىقىپ قالىدۇ.

چېچىمنىڭ تولا دەيدۇ،
دەردىم تولا چېچىمدىن.
سەن قىلغان ۋاپاسىزلىق،
زادى چىقماس ئېسىمدىن...

— هوي هېپىزخېنىم، سىلىنىڭ دەردلىرىمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك بارمۇ نېمە؟... ئوهۇش، يىغلاڭغۇ پەدىلەرنى قويۇپ، مۇنداق بىر شوخ ـ شوخ پەدىگە چالسىلا ئۇسسۇل قىلايلى.

— ئۇنداق بولسا ناخشىسى ئۆزلىرىدىن بولسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ھېپىزخان سازنى ئۇسسۇل پەدىسىگە يۆتكىدى. ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ھېلىقى كېلىشكەن چوكان ناخشا بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى.

ئەلچى قويسام ئاناڭغا،
كىچىك دەپتۇ يېشىڭنى.
كىچىك بولساڭ نىمىشقا،
قارا قىلدىڭ قېشىڭنى؟

ئاللا ــ ئاللا، ۋاي باللا،
ئاسماندىكى ئاي باللا.
قورقماي شوخ ــ شوخ ئويناڭلار،
گۈلگە تەشنا چوكانلار.

ــ خېنىم، سىلىدىن گۈل ئايلانسۇن! ــ دەپ بىرنەچچەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ بىر تەرىپىگە گۈل قويۇلغان پەتنۇسقا پۇل تاشلاپ ئۇسسۇلچى خېنىمنىڭ بېشىدىن ئۆرۈدى.

ئۇسسۇلچىنىڭ پۈتۈن بەدىنى لىغىرلاپ، بارماقلىرىدىن قاس چىقاتتى. گىلەم ئۈستىدە ئۇششاق قەدەم ئېلىپ لەرزان يورغىلايتتى، گويا ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى كۆي لەرزىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ھەر تەرەپكە ئېگىلەتتى. ئۇسسۇلچى ناخشىنىڭ سۆزلىرىنىمۇ خۇددى قۇشقاچ ۋىچىرلىغاندەك ناھايىتى يېنىك ئالاتتى. مۇشۇ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بۇ ئاق سېرىق گۈزەل خېنىم «سېرىق قۇشقاچ» دەپ نام ئالغانىدى.

ئايمىدۇ مېنىڭ يارىم،
كۈنمىدۇ مېنىڭ يارىم.
تاڭ سەھەردە ئېچىلغان،
گۈلمىدۇ مېنىڭ يارىم...

دۇتاردىن كۆتۈرۈلگەن لەرزان كۈي، ئوتتۇرىدىكى خېنىمنىڭ ئۇسسۇلى بىلەن ناخشىسى مۇسەللەس كەيپىدە ئولتۇرغان كىشىلەرگە كۈچلۈك تەسىر قىلاتتى. تالادىكى مېۋىلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى مۇزىكا ساداسىدا مەست بولغاندەك يېنىك ئىرغاڭلايتتى. خېنىملارنىڭ قوللىرىدىكى ئۈزۈك، قۇلىقىدىكى ھالقىلاردىن يالت قىلىپ يالتىرىغان نۇر كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇراتتى.

يارىشىپتۇ ئەجەبمۇ
ئاپپاق كۆڭلەك ئۇچاڭغا.
قاچانغۇچە كېلىمەن
دىۋانىدەك كوچاڭغا...

«سېرىق قۇشقاچ» ھەربىر كۇپلېت بېيىت ئاخىرلاشقاندا قاشلىرىنى ئوينىتىپ، سەمەت تەرەپكە سوزۇلۇپ كۆز تاشلاپ قوياتتى. ئۇنىڭغا بۈگۈن ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئاشۇ مېھماننىڭ كۆڭلىنى ئېلىش تاپشۇرۇلغانىدى، لېكىن سەمەت بولسا ئۇسسۇلچىغا نەزىرىنىمۇ سالماي ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ھېلىقى خىلۋەت يېرىدىكى تارتىنچاق قىزلار كېلەتتى. مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىدىكى كۆلدىن سۇ ئېلىپ ماڭىدىغان قىزلار ئىچىدىكى بىر قىز ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرەتتى. ئۆگەي دادىسى: «مېنى

www.uyghurkitap.com



يىقىتىۋالالىساڭ خالىغان قىزىڭنى ئېلىپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە قىلغانىدى. پەلەكنىڭ قىسمىتى نېمىدېگەن چىگىچ ـ ھە! سەمەت ئۆگەي دادىسىنى يىقىتىۋالدى ـ يۇ، لېكىن ئۇ ئادەم ۋەدىسىنى ئورۇندىمايلا ئۇ دۇنياغا كېتىۋالدى...

سەمەت كىچىكىدىنلا كەم سۆز ئىدى. بايا ئۇ قەشقەردىن چىقىپ بۇياققا يېتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرىگە ئۇنچىقماي قۇلاق سېلىپ كەلدى. ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرى قەيەردىدۇر بىر يەردىكى تۇغلار قادالغان ئېگىز دۆڭ، تاملىرىغا يوغان مۇڭگۈزلەر قويۇلغان بىر قەدىمىي مازار توغرىسىدا سۆزلەيتتى. ھەزرەت سەيلىسى ئاخىرلاشقاندا تاۋاپچىلارنىڭ ئەنە شۇ يەرگە يىغىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. «ئۇ يەردىمۇ جەزمەن بىر قەپەس مۇشتلىشىش بولىدۇ، شۇ يەردە يۈسۈپ ‹قان›نىڭ ئادەملىرىنىڭ يەنە بىر ئەدىپىنى بېرىش كېرەك» دەپ مەسلىھەت قىلىشتى.

ــ قېنى كۆرەرمىز، ــ دەيتتى سەمەتنىڭ يېنىدا كېتىپ بارغانلارنىڭ ئىچىدىكى كۆزلىرى يوغان بىرسى ئات ئۈستىدە قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ بۇرادەرلىرىگە قاراپ، ــ ئۆتكەندە ئۇلار بىر ھارۋا كالتەكنى جىغانلىقنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويۇپ، چاندۇرماي قولىدا ھېچنېمە يوق ئادەمدەك تۇرۇشقانىكەن. قوغلاپ بېرىشمىسىزغىلا نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنىڭ بېشى يېرىلغان، قېنى، بۇ نۆۋەت قانداق بولىدىكىن....

ــ نامەردلەر! ــ دېدى سەمەتنىڭ سول يېنىدا كېتىپ بارغان، تامدەك بەستى بار بىرەيلەن، ــ ئوغۇل بالا بولساڭ تاياق ـ توقماق كۆتۈرمەي يەكمۇيەك چىقمامسەن!

— يۈسۈپ «قان» ئۆلدى، ئەمدى ئۇلار نېمىسىگە نوچىلىق قىلىدۇ؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە مانا ئارىمىزغا سەمەت نوچى قېتىلدى، — دەپ خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن سەمەتكە قاراپ قويىدى ئالدىدىراق ماڭغان بىرى، — ئەمدى يەنە نېمىدىن قورقاتتۇق.

سەمەت بىلدىكى، هازىر ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ هەممىسى هېلىقى ئىبراهىم «جودا»نىڭ چوماقچىلىرى، ئۇلارنىڭ جېدىلى بۈگۈن بۇ يەردە بولسا، ئەتىسى ئۇ يەردە، ئىشقىلىپ بېسىقمايدۇ، زادى نېمە تالىشىپ، نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى، دەپمۇ بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي هەيران بولسەن. بۇلارنىڭ ئارىسىغا قېتىلىپ قالدىڭ دېگەنلىك تۈگىمەس غوۋغانى بېشىڭغا كىيدىڭ دېگەن گەپ.

راستىنى ئېيتقاندا، سەمەت ئۆزىنىڭ ئۇنچىۋالا نوچىلىقىغىمۇ ئىشىنىپ كەتمەيتتى. ئاپپاق خوجا مازىرىدا قولىغا مۇسەللەس قاپىقىنى تۇتۇۋېلىپ سەمەتنى چاقىرغان خوتۇن زادى نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ بۇ جادۇگەر خوتۇن مۇسەللەسنىڭ ئىچىگە نېمە ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن؟ هازىر بۇلارنى ئويلىسا سەمەت هەيران بولاتتى. سەمەت قاپاقنى دۈم قىلىپ مۇسەللەسنى كۆتۈرۈپ ئىچىپتۇ - دە، «پوش - پوش!... بۇ ئۇلۇغ ئاپپاق خوجامنىڭ مازىرى ئالدىنى قالايمىقان قىلىۋاتقانلار قايسىڭ!» دەپ جېدەل بولۇۋاتقان تەرەپكىلا قاراپ مېڭىپتۇ. ئالدىنى توسۇغان كىملەرنىدۇر نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، بىر - ئىككىسىنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ شەربەت كۆلگە ئاتقىنى خىرە ئېسىدە بار. ئاندىن يەنە

كىملەرگىدۇر مۇشت ئېتىپ، تازا غەزەپ بىلەن ئالدىغا ھۆرپىيىپ كېلىۋاتقان يەنە بىرىنى بىر كاللا قويۇپلا ئارقىسىغا ئۈچۈرۈۋەتكەندەك قىلغان. ھېلىقى كاللا يەپ يىقىلغان ناھايىتى مۇھىم ئادەم بولسا كېرەك، ئۇ يىقىلىشى بىلەنلا سەمەتنىڭ ئالدىغا بېسىپ كېلىۋاتقانلار بىراقلا ئارقىسىغا داجىشقاندەك قىلغانىدى...

سەمەتنىڭ يېنىدا بېلىگە ياستۇق قويۇپ قىڭغىيىپ ياتقان تامدەك بەستى بار ماۋۇ ئادەم ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق تايانچىسى ئىدى. «ئىلەك قاۋان» دېسە ئۇنى قەشقەر شەھەر ئىچىدە تونۇمايدىغان ئادەم يوق ئىدى. لېكىن، «يامان ياماندىن قورقىدۇ، كەتمەن ساماندىن» دېگەندەك ئۇنىڭمۇ سەمەت بىر كاللا قويۇپ يەر چىشلەتكەن يۈسۈپ «قان»نى كۆرسە چىرايىدا قان قالمايتتى. سەمەت بولسا يۈسۈپ «قان» دېگەننىڭ زادى قانچىلىك بىڭسى بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ ئەرزىمەس بىر دېھقان ئاتقان بىر باش بىلەنلا ئوڭدا چۈشىدىغىنىنى... ئىشقىلىپ، ئامەت قۇشى بۈگۈن سەمەتنىڭ بېشىغا قوندى. ئىلەك «قاۋان»نىڭ ئىچىنى نېمىدۇر تاتىلىغاندەك قىلاتتى. ئىلەك «قاۋان» مۇسەللەس ئىچىپ، خېنىملار بىلەن كۆڭلىنى ئېچىپ كۈنىنى ئۆتكۈزىدىغان بۇ باغنىڭ ئەزىز مېھمىنى بۈگۈن سەمەت بولۇپ قالغانىدى. «سېرىق قۇشقاچ»مۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك بېقىشلىرىنى سەمەتكە قاراتقانىدى.

«بىر ئامال قىلىپ بۇ سەمەت دېگەننى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، — دەپ ئويلايتتى ئىلەك «قاۋان» ئىچىدە، — ئەمدى جېدەل ـ ماجىرانىڭ ئالدىغا مۇشۇ نوچىنىلا ئىتتىرىپ قويايلى، يىقىلمايدىغان دەرەخ

بارمۇ؟ قېنى ئۇ قانچە كۈن دەۋر سۈرەركىن...»
ئۇسسۇل ئاياغلىشىپ، يېڭى پەيدا بولغان يەنە بىر خېنىم دۇتار بىلەن بېيىت ئېيتىپ قىزىتقىلى تۇردى:

يارىم سالغان باراڭدا تۆت دانە تۈۋرۈك،
مەن يارىمغا ئېلىپ كەلدىم بازاردىن ئۆرۈك.
ئۇچكە چېقىپ مەن سۇنسام يارىمغا مېغىز،
قارىسىلدايدۇ بىر ئەپلىك ئاغزىدا سېغىز.
ئەمدى بىلدىم بار ئىكەن مېغىز بەرگەنلەر،
مەن يوق چاغدا يارىمغا سېغىز بەرگەنلەر...

سەمەت ناھايىتى ھوشيار ئولتۇراتتى. بۇ سورۇندا ئۇ مۇسەللەسمۇ ئىچمەي، ئۆزىنى مۇگدىگەنگە سېلىۋېلىپ ناخشا ـ ئۇسسۇلچى خېنىملارنىڭ جىلۋىسىگىمۇ پەرۋا قىلمىدى.
«پاھ، ماۋۇ سەمەت دېگەن گۈينىڭ چوڭچىلىقىنى...— دەيتتى ئۇلەك ئىچىدە،— تېخى ئۆزىنى ھاراق ـ شارابمۇ ئوتلىمايدىغان، خېنىملارغىمۇ كۆز سالمايدىغان قىلىپ كۆرسىتىپ كەتكىنىنى، ھېلى ‹سېرىق قۇشقاچ› بىلەن بىر ئۆيگە كىرگەندە كىچىك تىللىرىڭ چىقىپ كېتەر؟!...»
لېكىن، بەزمە ئاخىرلىشىپ، خېنىملار سەمەت نوچىنى ئايرىمخانىغا تەكلىپ قىلغاندا سەمەت ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرۇپ تەكلىپنى رەت قىلدى.
— ھەشقاللا، مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا قويساڭلار،— دېدى ئۇ،— شەھەرگە، سارايدىكى ھۇجرامغىلا يەتكۈزۈپ قويساڭلار بوپتىكەن، بەك چارچاپ كەتتىم!

ئىلەك «قاۋان»نىڭ كۆزىگە ئەمدى سەمەت ھەقىقىي بىر نوچىدەك كۆرۈندى. «بەللى، ياش بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — نوچى دىگەننىڭ مۇشۇنداق ئۆزىگە تۇشلۇق ھالىمۇ بولۇشى كىرەك - تە!» ئىلەك «قاۋان» چاكارلارنى بۇيرۇپ، ئاتلارنى توقۇتۇپ، ئىككى ئادەمنىڭ ھەمراھلىقىدا سەمەتنى شەھەرگە يولغا سالدى.

كۆن ئولتۇرۇپ ئەتراپقا گۇگۇم ئۆز پەردىسىنى يايماقتا ئىدى. سەمەت ئات ئۈستىدە خىيال بىلەن ئۈنچىقماي كىتىپ باراتتى. ئەمدى ئۇ ئاپپاق خوجا مازىرىنى ئۆۋتەي - توۋتەي قىلىۋەتكەن سەمەت نوچىغا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى دىھقان تەبىئىتىگە قايتقاندەك قىلاتتى... ئۇ خەق ئويلىغاندەك ئاجايىپ نوچىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ نوچىلىقتىن تەمەسىمۇ يوق ئىدى؛ مازارمۇ مازار، سەيلىگاھمۇ سەيلىگاھ يۈرۈپ مۇشتلىشىپ، خەق ئۈچۈن جىنىنى سېلىپ بېرىشنى تېخىمۇ خالىمايتتى. ئۇ بىر كارامەتچىمۇ ئەمەس، ئۇ پەقەت سەمەت. ئورما ئورۇغان، سۇ تۇتقان، خامان تەپكەن، ئۆگەي دادىسى بىلەن بەل تۇتۇشۇپ چېلىشقان ئاددىي بىر دىھقان. ئۇنىڭغا تىنىچ بىر ماكان بولسا، يەر تېرامدۇ ياكى بىر ھۈنەرۋەنگە شاگىرتقا كىرىپ تۆمۈرچى، موزدۇز، تامچى بولامدۇ، ئىشقىلىپ ھالال بىر ئىش بىلەن كۈننى ئۆتكۈزۈشنىلا خالايتتى.

※ ※ ※

قاق سەھەردە سەمەت ياتقان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى بىرلىرى قاقتى.

— كىم؟ — دەپ ۋارقىرىدى سەمەت.

— بىز، سەمەت نوچى.

— بىز دېگەن كىم؟

— ئىبراھىم باي ھاجىمنىڭ خىزمەتكارلىرىمىز، بىزنى باي ھاجىم ئۆزى ئەۋەتكەن. سىلىگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بار ئىدى.

ئىشىكنىڭ ئىلغۇسى شاراقلاپ تۆۋەنگە چۈشتى.

— قېنى كىرىشسىلە، — دېدى سەمەت.

— ئالدىلىرىغا سەھەرلەپلا كېلىپ سىلىنى بىسەرەمجان قىلىشىمىز، — دەپ گەپ باشلىدى دۇئادىن كېيىن كىرگەنلەرنىڭ بىرى، — يۇسۇپ «قان»نىڭ ئادەملىرى ھۆكۈمەتكە ئەرز سۇنۇپتۇدەك.

— نېمە دەپ؟

— خۇنغا خۇن ئالىمىز دېگۈدەك.

— قىپقىزىل ئۇششۇقلۇقتە! — دەپ گەپ قىستۇردى يەنە بىرەيلەن، — يۇسۇپ «قان»مۇ قانچە ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان، ئۇ دەۋانى كىم قىپتىكەن؟ نەچچە يىلنىڭياقى بولۇۋاتقان ماجىرادا ئۆلگەن، مەجرۇھ بولغانلارنىڭ تۆلىمىنى كىم تۆلەيدىكەن؟

— يەنە كىملەردۇر بىرلىرى سىلىنىڭ تېگى — تەكتىلىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ، قەيەردە دەيدۇ بىر يەردە ئۆزىنىڭ ئۆگەي دادىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ قېچىپ چىققان قاچاق، قايسىبىر بېگىمنىڭ مەپىگە قاتىدىغان ياخشى ئېتىنى ئەپقاچقان ئوغرى، دەپ ياموُلغا داد ئېيتىپتۇدەك. ئىشقىلىپ، ئۇستىلىرىدىن گەپ تولا، بۇ يۇسۇپ «قان» دېگەننىڭ ئەسلىدىمۇ تېگى پەس نېمە ئىدى. تېگى پەس ئادەمنىڭ ئەتراپىدىكى غالچىلىرىنىڭمۇ

ئاغزىدىن ياخشى گەپ چىقمايدۇ. ھازىر يامۇلنىڭ چېرىكلىرى سىلىنى ئىزدەپ يۈرۈپتۇ. باي ھاجىم: «مەن ئۇنداق ئادەمنى تونۇمايمەن، مېنىڭ ئادەملىرىمنىڭ ئىچىدە سەمەت ئىسىملىك ئادەم يوق. ئىشەنمىسەڭلار سۈرۈشتۈرۈڭلار» دەپ سىلىنى تونۇمىغان ـ بىلمىگەنگە سېلىۋالدى. ئەمدى باي ھاجىمنىڭ بىزنى سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا ئەۋەتىشىنىڭ سەۋەبى، ھاجىم سىلىنى قەشقەر شەھىرىدىن چىقىپ باشقا بىر يەردە بىر مەزگىل پاناھلىنىپ تۇرسۇن، دەيدۇ. قېنى، قەيەرگە بارسىلا سىلىگە ئوبدانراق بولىدۇ؟ قايسى تامانىي كۆڭۈللىرى تارتىدۇ، ئېيتسىلا، قالغان ئىشنى بىز توغرىلاپ سىلىنى يولغا سېلىپ قويىمىز.

سەمەت ئۇزاققىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئىككى خىزمەتكارى نېمە دەيدىكىن دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. سەمەت ئاخىر بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، ئېغىز ئاچتى.

— بوپتۇ، — دېدى ئۇ، — شۇنچە چوڭ قەشقەر شەھىرىگە سىغمىغان بولسام، ئىلىغولا چىقىپ كېتەي!

# ئالتىنچى باب

## ئۆمەر مەدداھ

سەمەت ئۆزىنىڭ «ئىلىخوغا چىقىپ كېتەي» دەپ قەتئىي قارار قىلغىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران قالدى. ئېھتىمال ئۇنىڭ ئېسىگە ھېلىقى خىلۋەت يېزىسى ۋە شۇ يېزىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ يىراقلارغا قاراپ كېتىدىغان توپىلىق چوڭ يول كەلگەندۇ. سەمەتنىڭ ئاكىسى كۆز يەتمەس تاشلىق چۆل، قانداقتۇر بىر تۆپىلىكلەر، قىپقىزىل گۈللىگەن يۇلغۇنلار بىلەن قاپلانغان جاڭگاللاردىن ئۆتۈپ ئالەمنىڭ ئۇ تەرىپىگە سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئاشۇ يول بىلەن مېڭىپ ئىلىخوغا چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىگەندى. بەزىدە بۇ يول بىلەن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يولۇچىلار مەھەللە ئىچىگە كىرىپ ئات ـ ئۇلاغلىرىنى سۇغىرىپ، دېمىنى ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. بەزى چاغلاردا سەمەت ئۇلاردىن ئىلىغا ئۇلاغچىلار بىلەن چىقىپ كېتىپ خەۋىرى بولمىغان ئاكىسىنى سوراپ قالاتتى. بىر كۈنى ئۇلاغچىلار ئارىسىدىكى بىرەيلەن مەمەتنى تونۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قالدى.

ــ مەمەت سىلىنىڭ ئاكىلىرى بولامدۇ، ئۇكام؟ تونۇيمەن، تونۇمامدىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەمەت روھلىنىپ كەتتى. يەنە سورىدى:

— ئاكام ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ تېنى ساقتۇ؟

— ئاكىلىرى ئىلىدا سال ھەيدەيدۇ.

«سال» دېگەن گەپنى تۇنجى ئاڭلىغان سەمەت ھەيران بولدى.

— سال دېگەن قانداق نېمىكەن؟ — دەپ سورىدى سەمەت. «ھەيدەيدۇ» دېگەن گەپكە قاراپ ئۇ سال دېگەننى ھارۋىغا ئوخشايدىغان بىرنېمە بولسا كېرەك، دەپ چۈشەنگەن ئىدى، — ئۇنىڭ ئىككى چاقى بولامدىكەن، تۆت چاقىمۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىلى تەرەپتىن كەلگەن ئۇلاغچىلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلۈشىسىلا؟... ھەقىچان شۇ يا ئات، يا ئېشەك قاتىدىغان بىرنېمىدۇ؟

— ئۇكامىۋي، — دەپ چۈشەندۈردى ئۇلاغچىلارنىڭ بىرى، — سال دېگەنگە ئاتمۇ، ئېشەكمۇ قاتمايدۇ، ئۇنىڭ چاقىمۇ بولمايدۇ، ئەمما، نەچچە ئات قاتقان ھارۋىدىنمۇ ئىتتىك ماڭىدۇ.

— مانا قايلاڭلار! — دەپ ھەيران بولدى چەتتە گەپ تىڭشاپ تۇرغان بىر دېھقان، — ئات - ئېشەكمۇ قاتمىسا، چاقىمۇ بولمىسا، يەنە نەچچە ئات قاتقان ھارۋىدىن ئىتتىك ماڭسا، زادى قانداق نېمە ئۇ؟... ئاسماندا ئۇچىدىغان بىرنېمە ئوخشىمامدا؟!

— ئاسماندا ئۇچمايدۇ، سۇدا ماڭىدۇ، سۇدا!

— ھە، قولۋاققا ئوخشايدىغان بىرنېمە دېسىلە؟

ــ سالنىڭ ئالدىدا قولۋاق دېگەن نېمە ئۇ؟ ــ دېدى ئىتنىڭ تۆشىكىنى چىگىتىۋاتقان يەنە بىر ئۇلاغچى، ــ سال دېگەن قوچاق يەتمەيدىغان ھەر يوغان ياغاچنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم چېتىپ باغلاپ دەرياغا قويۇپ بېرىدىغان نەرسە. ۋاھ، ئىلىخونىڭ دەريالىرىدىكى سۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئېيتايمۇ، سال دېگەنزە زادى ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى ھەيدىمىسە مۇنداقراق ئادەملەرگە بوي بەرمەيدۇ. ئادەم بويى ئېگىز دولقۇنلارنىڭ ئۈستىدە لەپەڭشىپ كېتىپ بارغان سالنى كۆرسە ھەرقانداق ئىنسان «يا رەببىم، ئۆزۈڭگە ئامانەت!» دەپ ياقىسىنى تۇتىدۇ...

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ سەمەتنىڭ كۆڭلىدىن «مەنمۇ ئىلىخوغا چىقىپ ئاكامنى ئىزدەپ تاپسام ئاشۇ سال ھەيدىغان غەلىتە بىرنېمىلەرگە ئولتۇرۇپ دەريالاردا ئېقىپ باقسام...» دېگەن ئويلار كەچكەنىدى.

ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادەملىرى سەمەتنى قەشقەردىن ئىلىغا قاراپ يولغا چىقماقچى بولۇپ تۇرغان بىر ئۇلاغچىغا تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇلاغچى يېشى قىرىقلاردىن ئېشىپ قالغان، چاچ ـ ساقاللىرىنى ئاق ئارىلىغان ئادەم ئىدى، ئۇلاغچى بۇ ناتونۇش يىگىتكە باشتىن ـ ئاياغ بىر نەزەر سالدى ـ دە، چەتكە تارتىپ ئاستا سورىدى.

ــ ئۇكام، ئاتلىرى كىم بولىدۇ؟

ــ سەمەت.

ــ ھە، سەمەتئاخۇن... مېنىڭ ئىسمىم ئوسمان. ئۇلاغ ھەيدەپ باققانما؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ــ ھەيدىگەن.

ــ ئوبدان گەپ. ياخشى بىر ياردەمچىم بولىدىغان، قارىمامدىلا، تازا يولغا چىقىدىغان چاغدا ئانىسى قاتتىق ئاغرىپ بېشىدا قالدى. ماڭا سىلىدەك بىر ھەمراھ كېرەك...ئوغرىلىق قىلمايدىغانلا؟

ــ يا ئاللا، نېمە دەيدىغانلا؟...

ــ ئەمدى سوراپ باقتىم. قىمارچۇ، قىمار ئويناملا ـ يە؟

ــ قىمار ئوينايدىغانغا نەدە پۇل.

ــ پۇل بولسا ئوينامتىلا؟

ــ خۇدايا توۋا دېسىلە، ئۆمرۈمدە تۆت ئوشۇق دېگەننى تۇتۇپمۇ باققان ئادەم ئەمەسمەن.

ــ نەشىچۇ، نەشە چەككەنمۇ؟

ــ نەشە چەككەن يەردىمۇ ئولتۇرمىغان.

ــ كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، ئۇكام، يول ئۇزۇن، خۇدا بۇيرۇسا خېلى كۈنلەرگىچە ھەمراھ بولىمىز، بىر ـ بىرىمىزنى بىلىپ قالغىنىمىز ياخشى... ئىلىخوغا نېمە ئىش بىلەن بارىلا؟

ــ ھەممە ئادەم بارىدىكەن، مەنمۇ بېرىپ بىر بەختىمنى سىناپ باقاي دېدىم، ــ دېدى سەمەت ئاكىسىنىڭ گەپلىرىنى قىلىپ يۇرۇشنى ئوشۇقچە بىلىپ.

ــ ئوبدان گەپ، جاھان كۆرۈپ ئۇيان ـ بۇيانغا مېڭىپ تۇرغان ياخشى، بىر جايدا تۇرۇۋەرسە سۇمۇ سېسىيدۇ.

ئوسمان ئۇلاغچى سەمەتكە سىنچى كۆزلىرى بىلەن يەنە بىر قاراپ قويدى. بۇ ئۇزۇن يولدا ئىشەنچىسىز ئادەمنى ھەمراھ قىلغىلى بولمايتتى، ئەمما ئۇ سەمەتنى

ئىلىغا ئېلىپ ماڭىدىغان ئىشنى رەت قىلالمىدى. ئىبراھىم ھاجىمنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭغا ئوبدان ھەق تۆلىمەكچى بولغانىدى.

ئەتىسى سەھەردە ئۇلار قەشقەردىن چىقىپ كەتتى. ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ تاغارلار ئارتىلغان بەش ئېشەك، ئىككى قېچىرى بار ئىدى. ئېشەكلىرىمۇ قېچىردىن قېلىشمايدىغان قاۋۇل ئېشەكلەر ئىدى. ئوسمان ئۇلاغچى ئېشەكلەرنىڭ بويۇنلىرىغا، قېچىرنىڭ بويىنى ۋە مەيدىسىگە چىرايلىق پۆپۈك ۋە ھەر خىل قوڭغۇراقلارنى ئېسىۋەتكەنىدى. كارۋان يولغا چۈشۈشى بىلەنلا ئۇلارنىڭ بويىندىكى قوڭغۇراقلار يېقىملىق جاراڭلاشلىرىنى باشلاپ سەمەتنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. ئۇ قاچاندۇر بىر چاغلاردا ــ بالا ۋاقتىدا ئاڭلىغان تونۇش سازنى قايتا ئاڭلىغاندەك بولىغانىدى... ئېھتىمال، مۇزىكىلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىپتىدائىي مۇزىكا كارۋانلارنىڭ شۇ كولدۇرمىسىدۇر بەلكىم. ئۇنى قانداقتۇر ئوتقا قاقلاپ ياكى قۇلاقلىرىنى پۇراپ ساز قىلىشمۇ ھاجەتسىز؛ دەسلەپتە قويۇلغاندا يارىتقان ئىگەم ئۇنىڭغا قانداق ئاۋاز ئاتا قىلغان بولسا تاكى يەر يۈزىدىن يوقاپ كەتكۈچە شۇ ئاۋازدا ناخشىسىنى ئېيتىدۇ؛ قوڭغۇراق ئۈستىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش قىلىپ يۈز قوڭغۇراق سوقسىمۇ، يەنە يۈزىنىڭ ئاۋازى يۈز خىل بولىدۇ.

ئۇلار قەشقەردىن چىقىپ ئىككى كۈن ناھايىتى جىددىللەپ مېڭىشتى. يۇمشاق توپىلىق يولدا ئۇلاغلارنىڭ ئايىغىدىن كۆتۈرۈلگەن ئاپپاق چاڭ ئەتراپقا ئېرىنچەكلىك بىلەن تاراپ ئارقىدا قالاتتى. كارۋان ئۈن ـ تىنسىز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. سەمەتنى ئىبراھىم «جودا»نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەملىرى ياخشى بىر ئاتقا مىندۇرۇپ قويغانىدى. ئاتقا سەمەت نان - توقاچ، يۈك - تاقلىرىنى ئارتىپ، ئۆزى ئۇلاغلارنى يانداپ پىيادە كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭغا ئاتقا مىنگەندىن كۆرە مۇنۇ قىرىق توپىلىق يولدا پىيادە ماڭغان يېنىكرەك ئىدى. سەمەتكە ئېغىر كەلگىنى زېرىكىش بولدى. ئوسمان ئۇلاغچىمۇ ئوشۇق گەپ بىلەن خۇشى يوق، كەم سۆز ئادەم ئىدى. ئەتراپ كەتكەن چۆل، سول تەرەپتە گىياھ ئۈنمەيدىغان تاقىر تاغلار، مۇنداق يولدا بىر كەم سۆز ئادەمگە يەنە بىر ئۈنچىقماس قېتىلسا نېمە بولىدۇ؟ ھەر ئىككىلىسى ئۆزىنىڭ خىيالىنى سۈرۈپ مېڭىشاتتى. بەزىدە ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ ئېشەكلەرگە ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. پەقەت ئۇلاغلارنىڭ بويىنىدىكى چوڭ - كىچىك قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازىلا چۆل جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يىراقلارغىچە ئۇچۇپ كېتەتتى. بەزىدە دەل - دەرەخلەر بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان مەھەللىلەرمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى. قانداقتۇر بىر يېزىنىڭ چېتىدىكى تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن كونا مەسچىت كۆزگە چېلىقاتتى. مەسچىت ئۆگزىسىنىڭ خام كېسەكلىرىنى يىللاردىن بېرى ياغقان يامغۇر، چىققان بورانلار يالاپ ئۈپرىتىۋەتكەن، بىر چاغلاردا بۇ مەسچىتنى ياسىغان تامچى ئۇستامنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يىسىپ تارتىپ چىقارغان گىرۋەكلىرى ئىسكەتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان، ياغاچ ئىشكىمۇ قىيسىيىپ، تاختايلىرى يول - يول يېرىلىپ، ئىتتەرگەندە داد - پەرياد سېلىپ غىچىلداپ ئېچىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. مۇنداق مەسچىتلەرنىڭ جامائەتىمۇ ئۆزگە ئوخشاش بارغانسېرى قېرىپ، ئازلاپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى... ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ

ئەتراپىغىمۇ كۆز سالماي ئۇدۇل ماڭغىنى ماڭغان ئىدى.

— ئىككى كۈندىن بېرى بۇ يولنى ئەجەب بىر غەزەپ بىلەن مېڭىپ كەتتۇقا؟ — دېدى سەمەت ئاخىر چىدىماي جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ئايىغى ئاستىدىكى يولغا قاراپ كېتىپ بارغان ئوسمان ئۇلاغچى «لاپ» قىلىپ سەمەتكە قاراپ قويدى - دە، يەنە ئۈنچىقمىدى.

— سىلى بۇ يولنى تولا مېڭىپ زېرىكىپ كەتكەن بىلەن، مېنىڭ ئەقلىمگە كېلىپ يۈرتتىن ئايرىلىپ ئۇزۇنراق سەپەرگە چىققىشىممۇ مۇشۇ... بىزنى بىرسى قوغلاپ كېلىۋاتمىغاندىكىن، مۇنداق بىر ئاۋۇ كۆرۈنگەن مەھەللىلەرگە كىرىپ، «بۇ قايسى مەھەللە؟ قايسى يۇرتقا قارايدۇ؟ ئادەملىرىنىڭ خۇي - پەيلى، چىراي شەكلى قانداقراق؟» مۇنداق بىر تونۇشقاچ ئازراق دەم ئېلىپ ماڭساق بولماسمىدى...

— سەمەتئاخۇن! — دەپ سەمەتنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئىبراھىم باي ھاجىم ماڭا شۇنداق تاپىلىغان.

— قانداق تاپىلىغان؟

— «ماۋۇ يېتىمنى تاغ ئارقىسىغا سالامەت ئۆتكۈزۈپ، ئىلىخوغا ئاپىرىپ ئىشەنچلىك بىرسىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ خەۋىرىنى ماڭا بېرىسەن، كەلگەندە مەن سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن» دېگەن. ھاجىمنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىغا قايىلىغاندا سىلى ھاجىمغا يېقىن ئۇرۇق - تۇغقان كېلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇرۇق - تۇغقانغۇ كەلمەيمىز، — دېدى سەمەت ئۆزىنىڭ ئىبراھىم «جودا» بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بارلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە قىينىلىپ، — ئىبراھىم ھاجىم بىلەن مېنىڭ رەھمەتلىك دادام ناھايىتى يېقىن ئۆتۈپتىكەن.

— مۇنداق دېسىلە، — دەپ يەر ئاستىدىن سەمەتكە قارىدى ئوسمان ئۇلاغچى، — شۇنىڭغا قايىلىغاندا، ھاجىمنىڭ سىلىنىڭ دادىلىرىغا ئەقىدىسى باركەندە؟

— شۇنداق...

— ھاي، ھاي! — دەپ يۇگۇرۇپ ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇلاغلىرىنىڭ بېشىنى قايرىدى ئوسمان ئۇلاغچى. ئوڭ قول تەرەپتە دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان يەنە بىر يېزىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلاغلار چوڭ يولدىن ئۆتۈپ شۇ مەھەللە تەرەپكە قايرىلغان يولغا كىرىپ كەتكەنىدى. سەمەتنىڭمۇ ئاشۇ مەھەللىلەرگە بىر كىرىپ ئۆتكۈسى بار ئىدى. «بۇ يەردىكى مەھەللىلەرنىڭمۇ ئوتتۇرىسىدا يوغان كۆل بولامدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلايتتى سەمەت، — كۆلدىن سۇ ئېلىپ ماڭىدىغان قىزلارچۇ؟... بۇ يۇرتلارنىڭ قىز - چوكانلىرىنىڭ رەڭگى - رۇخسارى قانداقتۇ؟...»

— ئىبراھىم ھاجىم شۇنداق جىكىلىگەن، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئوسمان ئۇلاغچى، — بۇ يېتىمنى ئىلىخوغا ئامان - ئېسەن يەتكۈزمىسەڭ بولمايدۇ، دېگەن.

— ئىبراھىم ھاجىمغۇ ئوبدان گەپ قىپتۇ، — دېدى سەمەت، — ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم، بىزنىڭ يول بويى نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئىبراھىم ھاجىم بېشىمىزدا قاراپ ئولتۇرمىغاندىن كېيىن ئاۋۇ كۆرۈنگەن مەھەللىلەرگە بىر كىرىپ...

— ئۇكاموي، — دەپ سەمەتنىڭ گېپىنى يەنە

بۆلۈۋەتتى ئوسمان ئۇلاغچى، — ماقۇل دېسىلە، ئەتە يەنە بىر كۈن قاتتىق مېڭىپ مارالبېشىدىن ئۆتۈپ كەتسەك ئاندىن سىلى دېگەندەك ئالدىرىماي يۇرت كۆرۈپ ماڭساقمۇ ماڭىلى.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— نېمىشقىلىقىنى سىلى بىلمەمدىلا؟

— بىلمەيدىكەنمەن.

— ئەمىسە مەن دەپ بېرەي، ئوبدان قۇلاق سالسىلا، يېقىندىن بېرى قەشقەرنىڭ ئەتراپىدا ئوغرى، بۇلاڭچى، قاتىللار كۆپىيىپ قاپتۇدەك. ئۆتكەن ھەپتە خوتەن، قاغىلىق تەرەپكە ماڭغان چېرىكلەرنىڭ ئات - ئۇلاغ، قورال - ياراغلىرىنى كېچىدە قونغان يېرىدىلا قاراقچىلار بۇلاپ كېتىپتۇدەك؛ يەكەن كونىشەھەرنىڭ رەستە بازىرىدىكى «ھىندى سارىيى»نى سىلى يا بىلىلا، يا بىلمەيلا، ھىندىستان تەرەپتىن كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان سودىگەرلەر چۈشىدىغان ئالامەت كاتتا ساراي. قايسىبىر ئوغۇل بالا ھىندىستاندىن ئەپيۈن ئەكېلىپ سېتىپ يۈرگەن بىر سوْدىگەرنى كېچىسىلا ھۇجرىسىدىن سۆرەپ چىقىپ قولىقىنى سارايىنىڭ دەرۋازىسىغا مىخلاپ قويۇپ كېتىپتۇدەك... يەنە نەدە دەيدۇ بىر يەردە بىر يېتىم ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ كۆلگە كۆمۈپ قويۇپ قېچىپ كېتىپتۇدەك. ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى بۇ ئوغرى، قاراقچى، قاتىللارنى ئىزدەپ يۇرتمۇيۇرت ئاختۇرۇپ يۈرگۈدەك... يەنە، ئۇكام، ماۋۇ ئاپپاق خوجامدا ھەزرەت سەيلىسىدە بولغان ئىشمۇ كىچىك ئىش ئەمەس...

— ھەزرەتتە نېمە ئىش بوپتۇ؟

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ــ مېنى تولا گەپكە سالمىسىلا، ئۇكام، بۇ ئىشنى هازىر قەشقەر تەۋەسىدە ئاڭلىمىغان ئادەم قالدىمۇ؟
ــ مەنمۇ چالا ـ پۇچۇق ئاڭلىغاندەك بولدۇم.
ــ ئاڭلىدىلا، ئاڭلىدىلا، ئەمما ھەركىمنىڭ ئاغزىدا گەپ ھەر ياڭزا، مېنىڭ ئاڭلىغىنىمدا ھەزرەتتە بىر نوچى پەيدا بولۇپ قاپتۇدەك. بىر كاللا قويسا ھەرقانداق ئادەم ئىككى كۆنلۈك يەرگە ئۇچۇپ كېتەرمىش. مانا شۇ نوچى ھېلىقى نەچچە يىلنىڭ ياقى ھەزرەتنى سوراپ كەلگەن يۈسۈپ «قان» دېگەننى بىر كاللا قويۇپلا ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ.
ــ ئۇ نوچىنىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ئىزدەپ يۈرگۈدەكمۇ؟
ــ شۇنداق بولماي، ھېلىقى ئۆگەي دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن يېتىم بىلەن يۈسۈپ «قان»نى يەر چىشلەتكەن نوچى بىر ئادەممىش...
سەمەتنىڭ يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلاغچىنىڭ ئاغزىنى تاتىلاپ جىقراق گەپ ئاڭلىماق بولۇپ يەنە سورىدى:
ــ ھۆكۈمەت ئىزدىسە ئۇ نوچىنى ئىزدەۋېتىپتۇ، بىز نېمە دەپ خۇدۇكى بار ئادەمدەك ئالدىراپ ماڭىمىز؟
ــ ئۇكام، نادانلىق قىلمىسىلا، مۇنداق بىر ھېكايە بار، ئاڭلىمىغانمۇ؟ ــ ئوسمان ئۇلاغچى ئۆزى ساۋاتسىز بولسىمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاڭلىغانلىرى كۆپ قۇلاق موللىسى ئادەم ئىدى، سەمەتكە نەدىدۇر ئاڭلىغان بىر ھېكايىنى تەمسىل قىلىپ بەرمەكچى بولدى.
ــ ھە، مۇنداق قىزىق گەپلەر بولسا قىلغاچ ماڭسىلا، ئوسمان تاغا، ئۇ قانداق ھېكايىكەن؟

ــ بىر زامانلاردا مۇشۇ جىمى جاڭگاللاردىكى ھايۋاناتلارنىڭ پادىشاھى يولۋاس ئىكەن. بىر كۈنى يولۋاس جاڭگالدىكى ھەممىنى تۆگىلەرنى تۇتۇپ يوقاتماقچى بوپتۇدەك.

ــ نېمىشقا؟

ــ ئەمدى پادىشاھ دېگەننىڭ كاللىسىغا بەزىدە تۇرۇپلا شۇنداق بولمىغۇر بىر خىياللار كىرىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ تۆگە دېگەننىڭ دەرىجىسى مەندىن شۇنچە تۆۋەن بولسۇن ـ يۇ، بويى نېمانچە ئېگىز دەپلا غەزەپكە كېلىپ قاپتۇدەك.

ــ ۋايتوۋۋا!ــ دېدى سەمەت.

ــ شۇنداق قىلىپ، يولۋاس جاڭگالدىكى ھەممە تۆگىلەرنى تۇتۇپ يوقاتماقچى بوپتۇ. بۇ گەپنى تۈلكە ئاڭلاپ ناھايىتى قورقۇپ كېتىپتۇ. تۈلكە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي يىقىلىپ ـ قوپۇپ قېچىپ كېتىپ بارسا يولدا بىر كىشى ئۇچراپ ئۇنىڭدىن: «ۋاي تۈلكىجان، ساڭا نېمە بولدى؟ نېمانچە ئالاقزەدە بولۇپ قاچىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. تۈلكىجان توختاپ، ئالدى ـ كەينىگە قاراپ ھاسىراپ تۇرۇپ: «سەن ئاڭلىمىدىڭمۇ، يولۋاس پادىشاھ جاڭگالدىكى ھەممە تۆگىلەرنى تۇتۇپ يوقاتماقچى بولۇۋېتىپتۇدەك» دەپتۇ. تۈلكىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھېلىقى ئادەم ھەيرانلا قاپتۇ. «يولۋاس تۆگىلەرنى تۇتۇپ يوقاتماقچى بولۇۋاتقان بولسا سەن نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭ؟» دەپ سوراپتۇ تۈلكىدىن. شۇ چاغدا تۈلكە: «ھەي، سەن بىلمەيسەن، بىزنىڭ بۇ جاڭگالدا چېقىمچى تولا، بىرەرسى مېنى يولۋاسقا ‹مانا مۇشۇمۇ تۆگە› دەپ چېقىپ قويامدىكىن دەپ قورقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىچىپ كېتىپ بارىمەن» دېگەنىكەن. ھەي سەمەتئاخۇن، شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر گەپ، سىلىنىڭ ماۋۇ بەستلىرىمۇ ھەرقانداق نوچىنىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك، بىرەرسى: «ھېلىقى چېرىكلەرنى بولاپ، ئادەم ئۆلتۈرگەننىڭ بىرسى مۇشۇ» دەپ چېقىپ قويسا قانداق قىلىلا؟

— يا ئاللا، شۇنداقمۇ قىلاما؟

— ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. بۇ ئالەمدە چېقىمچىلىق بىلەن كۈن ئالىدىغان توخۇ يوقىلىرىمۇ خېلى بار جۇمۇ. شۇڭا ئادەملەردىن يىراقراق تۇرغىنىمىز ياخشى.

— خەپ! — دېدى سەمەت، — شۇ قەشقەردىن پەقەتلا كەتكۈم يوق ئىدى، ئامال يوق. قەشقەردەك بەلەن شەھەر ئالەمدە يوقمىكىن، دەيمەن. نېمىشقا قەشقەرنى تاشلاپ چىقىپ كېتىپ بارغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن...

※ ※ ※

قايسىبىر قونالغۇغا كەلگەندە ئوسمان ئۇلاغچى بىلەن سەمەت ئالدىدا ئۇزاپ كەتكەن ئۆمەر مەدداھقا يېتىشىۋالدى. ئۆمەر مەدداھ دېگىنىمىز، ھېلىقى ھەزرەت سەيلىسىدە ئېشىكىنىڭ ئۇيىاتلىق يېرىنى ئاپپاق خوجا تەرەپكە قارىتىپ، ھەزرەتتىكى پۈتۈن ماجىرانىڭ باشلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان دەرۋىش سۈپەت ئادەمنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئۇ قەشقەردىن خېلى كۈنلەر ئىلگىرى چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، يۇرت - يۇرتلاردىكى چار بازار (ھەپتىلىك بازار)لارنى ئارىلاپ، ھەربىر بازاردا سورۇن تۈزۈپ مەدداھلىق قىلىپ، بۇ يەرگە ئەمدى يېتىپ

كەلگەنىدى. ئۆمەر مەدداھ يېشى ئەللىكتىن ئاشقان، ئىگىز، زەك كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئورۇق كەلگەن «قۇۋان» ئىسىملىك بىر ياردەمچىسىمۇ بار ئىدى. قۇۋان سەپەردە ئۆمەر مەدداھنىڭ ھەمراھى ئىدى. سورۇن تۈزگەندە مەدداھقا دوست تارتىپ بېرەتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ يۈكى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. يەڭگىل بىر خۇرجۇن بىلەن چاپان ـ چارىسىنى ئالدىدىكى ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئارتىپ قويىغان بولۇپ، قولىلىرىغا ھەم ھاسا، ھەم مەھەللىدىكى ئىتلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن بىردىن ئۇزۇن تاياق تۇتۇۋېلىشقانىدى. ئۇلار قورساقنىڭ ئىشىنى يول ئۈستىدە ئۇچرايدىغان بازارلارغا ئامانەت قىلغانىدى. بەزى ئۇزۇن چۆل يوللىرىدا ئاچمۇ قالاتتى. مۇنداق چاغلاردا مەدداھ قۇۋانغا: «ئاڭلاپ قوي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹ئاچلىق، تەشنالىقنى ئىختىيار قىلىش بىلەن ئۆز نەپسىڭلەرگە جەڭ ئېلان قىلىڭلار› دېگەن. چۈنكى، شەھۋەتنىڭ ھەممىسى كۆپ يېيىشتىن پەيدا بولىدۇ، شەھۋەت ھەركىمنى يولدىن چىقىرىدۇ. توق يۈرگىنىمىزدىن ئاچ يۈرگىنىمىز ياخشىراق» دەپ تەلىم بېرەتتى.

ئۆمەر مەدداھ ھەمراھى بىلەن كېچىدە مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر چارشەنبە بازىرىدا قونۇپ قالغانىدى. مۇنداق بازارلار بۇ ئەتراپتىكى يۇرتلاردا ماڭدامدا ئۇچراپ تۇراتتى. قانداقتۇر بىر چۆل ياكى بىرەر مەھەللە ئەتراپىدىكى «چارشەنبە بازار»، «پەيشەنبە بازار» دەپ ئاتىلىدىغان ئوچۇقچىلىقلاردا بىر سەھەردىلا ئېلىپساتارلار پەيدا بولۇپ ماللىرىنى يېيىشاتتى ـ دە، ئەتراپتىكى مەھەللە ـ مەھەللە، يۇرت ـ يۇرتلاردىن بۇ

يەرگە ئادەملەر يىغىلىپ، ئاشپەزلەرنىڭ مورىلىرىدىن ئىسلار كۆتۈرۈلۈپ، چەرچىنىمال يايمىلىرىنىڭ ئالدى خېرىدارلارنىڭ ۋاڭ - چۇڭىغا چۆمەتتى. ئەتىسىلا قارىسىڭىز ئۇ يەردە چار بازارچىلار ماللىرىنى يايغان ياغاچ جازىلار، ئاشپەزلەر ئوچاقلىرىنىڭ قارايغان مورىسى، تاشلاندۇق ئەسكى - تۈسكىلەردىن باشقا ھېچنېمە قالمايتتى. بۈگۈنكى بازار يەنە باشقا بىر يەردە قايىنايتتى.

تۈنۈگۈنكى بازاردا ئۆمەر مەدداھ پالۋانلار توغرىسىدىكى بىر قىسسىنى شۇنچىلىك قىزىشىپ ھېكايەت قىلدىكى، ئەتراپقا ئولاشقان ئادەملەر ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپلا قېلىشتى. ئۇنىڭغا بەزىدە شۇنداق ئىلھام كېلىپ قالىدىغان كۈنلەر بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ جەڭنامىلىرىنى ئاڭلىغان بىر مويسىپىت تەسىرلىنىپ كېتىپ، شۇ يەردىلا قولىدا چۈلۈۋۈرىنى تۇتۇپ تۇرغان ئېشىكىنى ئۆمەر مەدداھقا بېرىپ دۇئاسىنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن مەدداھنىڭ ئېشىكى ئىككى بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ ئىككى ئۇزۇن قۇلاقنىڭ بىرىنى سېتىۋېتىش قارارىغا كەلدى، چۈنكى بۇ ئۇزۇن سەپەردە ئوشۇقچە بىر ئۇلاغ قوشۇلسا ئۇنىڭ بېشىغا ئارتۇقچە بىر جاننىڭ غېمى ئارتىلاتتى. ئۆمەر مەدداھ ئېشەكلەرنى مال بازىرىغا ئەكىرىپ بازارلىتىۋىدى، ھېلىقى قۇرۇق دۇئاغا كەلگەن ئېشەككە پەقەتلا خېرىدار چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ مىنىپ يۈرگەن قەدىردان ئېشىكىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولغانىدى. ئەمما، كۈن ئۆتمەيلا ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى چۈشەندى. شۇ تاپتا قۇۋان ھېلىقى ئېشەكنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىپ

باراتتى. ئېشەكنىڭ ئۈستىگە ئۆمەر مەدداھ بىلەن قۇۋان مۈرىلىرىدىكى قۇرۇق خۇرجۇنلىرىنى ئارتىپ قويۇشقانىدى. ھېچقانداق يۈكنىڭ يوقلۇقىغا قارىماي بۇ ئېشەك ناھايىتىمۇ مىسسىلداپ قەدەم ئالاتتى. قۇۋان ئېشەكنى خىت دەپ قولىدىكى تايىقىنى ئېگىز كۆتۈرسە ئېشەك ئالدىغا ماڭماي، تاياقتىن قورقۇپ سۆڭگىچىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ يولنىڭ يەنە بىر چېتىگە چىقىپ كېتەتتى. بۇ ئېشەك شۇنچىلىك ھورۇن ئىدىكى، ئەگەر پات - پات شۇنداق تاياق بىلەن دېۋەيلەپ تۇرمىسا مېڭىپ كېتىپ بېرىپمۇ مۈگدەپ قالاتتى.

— پاھ - پاھ، قۇۋانئاخۇن، بۇ ئېشەك سېنىڭ بىلەن ئورۇق - تۇغقانمۇ قانداق؟ — دەپ سورايتتى ئۆمەر مەدداھ، چۈنكى قۇۋاننىڭ لەقىمى «ئەزمە» بولۇپ، ئۇمۇ بەزىدە شۇنداق ئەپلەشمىگەنلا يەرلەردە مۈگدەپ قالاتتى.

— خىت ئاناڭنى...

قۇۋان «ئەزمە» ئېشەكنى دۇنيادىكى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللاشقا باشلايتتى.

— ھاي - ھاي، قۇۋانئاخۇن، ئەدەپ! — دەپ ۋارقىراپ قوياتتى ئۆمەر مەدداھ.

ئۆمەر مەدداھ مازارمۇمازار قاتراپ يۈرىدىغان سوپى - ئىشانلارغا ئوخشىمايتتى. ئۇ بالا ۋاقىتلىرىدا ياخشى تەلىم ئالغان، بىلىملىك ئادەم ئىدى. ئۇماچ قايىنايدىغان داش قازاننى چۆرگىلەپ يۈرىدىغان سوپىلارغا قىلچىمۇ ئىخلاسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ گۇناھقا پاتقان بۇ دۇنيانى، ئىنسانلارنىڭ چىگىچلىشىپ كەتكەن روھىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئوتلۇق نۇتۇقلارنى سۆزلىگەن چاغلىرى، ئاللانىڭ جامالىغا يېتىش ئۈچۈن بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



راھەت ـ پاراغەتلەردىن كېچىپ، جاپالىق زېكىر ـ تەلقىن قىلغان ئۇلۇغ دەۋرلىرى ئالىلىقاچان كەلمەسكە كەتكەنىدى. ئۇ كەملەردىكى تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ نەزەر كۆزىدە ئىنساننىڭ ئورنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە ئىدى. بۈگۈنكى سوپىلار بولسا ھۇرۇنلۇق، قاششاقلىق، نادانلىق بىلەن ئىنسان ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۇرگۈچىلەر ئىدى... ئۆمەر مەدداھ بىلەن تەڭ ئوقۇغانلارنىڭ تولىسى شۇ كۈنلەردە قازىكالان بولۇپ يۇرت سوراپ يۇرەتتى. ئۇ بولسا تەركىدۇنياچىلىقنى، سەپەر قىلىپ يۇرت كېزىشنى ئىختىيار قىلغانىدى. بەزىدە ئۇ پەقەت تىرىكچىلىك ئۈچۈنلا ئانچە ـ مۇنچە مەدداھلىق قىلىپ ئازراق پۇل تاپاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دەپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سالام بەردى ئوسمان ئۇلاغچى ئۆمەر مەدداھقا يېتىشىپ كېلىپ. ئوسمان ئۇلاغچى بۇ ئادەم بىلەن شەخسەن تونۇشمىسىمۇ ئۇنى سىرتىدىن ئوبدان تونۇيتتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى ئۆمەر مەدداھ ئارقىدىن يېتىشىپ كەلگەنلەرگە بۇرۇلۇپ قاراپ، — خوش، يول قاياقا؟

— ئىلىخوغا قاراپ ماڭدۇق، تەقسىر، ئۆزلىرى؟ — دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— خۇدا خالىسا يولىمىز بىر ئىكەن، — دېدى ئۆمەر مەدداھ، — بىزمۇ شۇ تەرەپكە... ماقۇل كۆرسەڭلار بىللە ماڭايلى، بىزنىڭ مۇنۇ كۆرۈمسىز ئېشىكىمىز توپتىن ئايرىلىپ باقمىغان ئوخشايدۇ. ئۆزى يالغۇز زادى يولى ئاۋۇمىدى. سىلەرنىڭ ئۇلاغلارغا ئەگىشىپ ماڭسا ئايىغى ئىتتىكلەپ قالارمىكىن؟

راست دېگەندەك ھېلىقى قاشاڭ ئېشەك ئۇلاغلارغا

قېتىلىپ راۋان مېڭىپ كەتتى. قوۋان «ئەزمە» تولا «خىت» دەيدىغان ئاۋارىچىلىكتىنمۇ قۇتۇلۇپ قالدى. بۇلارنىڭ قېتىلغىنى سەپەرنىمۇ كۆڭۈللۈك قىلدى. ئوسمان ئۇلاغچى ئەمدى ئۆزى بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدىغان ئادەمنى تاپقاچقا توختىماي پاراڭ قىلغىلى تۇردى. سەمەتمۇ ئوبدانلا جانلىنىپ قالدى.

— ئۇستاز، سىلى ئۆمرىلىرىدە كۆپ سەپەر قىلغان، سەپەر قىلىشنىڭمۇ خاسىيىتى چوڭ بولسا كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ھاي ئوسمانئاخۇن، «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دەپ ئاڭلىمىغانمۇ سىلى؟ — دېدى ئۆمەر مەدداھ يولىنى داۋام قىلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئادەتتىكى سۆزلەرمۇ ئۇرغۇسى بىلەن ناھايىتى دەبدەبىلىك چىقاتتى. شۇنداق سۆزلەش ئۆمەر مەدداھقا ئادەت ئىدى، — سەپەر ئازابى دوزاخ ئازابىدىن كەم ئەمەس! ئۇلۇغلارمۇ سەپەرگە مانا شۇنداق تەبىر بېرىشكەن، ئەممازە، ياراتقان ئىگەم ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىنىڭ كۆڭلىگە سەپەر ئارزۇسىنى سالىدۇ، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى سەپەر ئازابلىرىدا تاۋلىنىپ پاك بولىدۇ، سەپەر تۇپەيلى سۇ، ھاۋا ئالمىشىدۇ؛ يېڭى ھاۋا، يېڭى مۇھىت كىشى ۋۇجۇدىنى پاكلايدۇ. شۇڭا، دانالار سەپەر مۇشەققىتىنى زادى ئېغىر ئالغان ئەمەس... قارىسىلا، سىلى بىلەن بىزگە سەپەر ئۈستىدە ئۇچرىغان بىرەر يولۇچى بەلكىم ئەمدى مەڭگۈگە قايتا ئۇچراشماس، ئەممازە شۇ چىراي، شۇ ئادەم كىشىنىڭ ئېسىدە ئۇزاققىچە ساقلىنىپ قالىدۇ؛ سەپەر ئۈستىدە ياراتقان ئىگەمنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىلىرىنى كۆرىمىز. ئاللانىڭ قۇدرىتىگە قايىللىقىمىز ئاشىدۇ... مانا قارىسىلا، ئالدىمىزدا يېڭى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر يۇرتلارنىڭ دەرەخلىرى كۆرۈندى. يەنە ئاز ماڭساق ئاقسۇ تەۋەلىكىگە ئۆلىشىمىز، ئاقسۇ بولسا سۇلىرى ئەلۋەك، ئادەملىرى مېھماندوست، ئاجايىپ بىر شەھەر!

«ھەق دوست!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى قوۋان «ئەزمە». ۋارقىراپ بولۇپ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزى چۆچۈپ كەتتى. باياتىن بېرى ئۇ ئۆزىنى مەلۇم بىر بازارنىڭ يېنىدىكى مەدداھلىق سورۇنىدا دەپ قالغانىدى. تۈنۈگۈنكى چارشەنبە بازىرىدا دوپپا سېتىپ ئولتۇرغان چوكان چۆمپەردىسىنى ئازراق قايرىپ بىر جىلۋە قىلىپ قويۇۋىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قوۋاننىڭ ئېسى تازا جايىدا بولماي قالغانىدى. قوۋان شۇ ياشقا كەلگۈچە تېخى ئۆيلەنمىگەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆمەر مەدداھنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ئاجايىپ مۇھەببەت ۋەقەلىكلىرىنى ئاڭلىغاندا خىيالدا گۈزەل جانانلارغا تەلپۈنۈپ، غەلىتە بىر شېرىن تۇيغۇغا چۆمەتتى.

قوۋاننىڭ تۇيۇقسىز دوست تارتىشى ئۆمەر مەدداھنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى. ئۆمەر مەدداھ قوۋانغا ئالىيىپ بىر قاراپ قويدى ــ دە:

ــ قوۋان، ئۆزۈڭنى قەيەردە چاغلاۋاتىسەن؟... ھەزرەتنىڭ سەيلىسىدە ئەمەس، يولدا كېتىپ بارىمىز ــ ھە! ــ دېدى.

ــ بەرھەق! ــ دەپ ۋارقىرىدى قوۋان.

ئۆمەر مەدداھ قوۋانغا يەنە بىر قېتىم ئالىيىپ قاراپ قويدى. شۇ چاغدا چۆل ئاسمىنىدا كارۋان قوڭغۇراقلىرىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ياڭرىغاندەك بولدى. ھەممەيلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ يىراقتىن قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان بىر تۆگە كارۋىنىنى كۆردى.

## يەتتىنچى باب

# ئىلىدىكى تۆت مازار

قارشى تەرەپتىن كۆرۈنگەن كارۋاننىڭ قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان تۆگىلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدىكىسىنى بىر كىشى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى. تۆگىلەرنىڭ بويىنىغا سېرىق تۇچتىن قۇيۇلغان چوڭ ـ كىچىك قوڭغۇراقلار ئېسىلغان بولۇپ، ھەر خىل ئاۋازدا جاراڭلاپ چۆل ئاسمىنىنى نەغمىگە تولدۇراتتى. ئەڭ ئاخىرىدا كېلىۋاتقان تۆگىنىڭ بويىنىغا بولسا پولات تاختىدىن تۆت چاسا قىلىپ ياسالغان قوش تىللىق چوڭ كولدۇرما ئېسىلغانىدى. تۆگە ھەربىر قەدەم ئالغاندا بۇ كولدۇرما رىتىملىق پۇلاڭلاپ تۆگىنىڭ تۆشىگە ئۇرۇلۇپ بوم ئاۋاز چىقىراتتى. قېچىرغا مىنگەن يەنە بىر ـ ئىككىيلەن كارۋاننى يانداپ كېلىۋاتاتتى. يولۇچىلار ئۇچراشقاندا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۇلاغلىرىنى توختىتىپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالاملاشتى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يولۇچىلار ئوچۇق بولسۇن!

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خوش، نەدىن نەگە؟ ــ دەپ سورىدى ئۆمەر مەدداھ.

ــ ئاقسۇ ئاۋاتتىن چىقتۇق، قەشقەرگە قاراپ كېتىۋاتىمىز، ــ دېدى ئالدىدا تۆگە يېتىلەپ ماڭغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كارۋانچى. ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى قىلىن چاڭ باسقانىدى.

— ھەرقايسىلىرى قاياقىقا قاراپ مېڭىشتىلىكى؟ — دەپ سورىدى قىچىر مىنگەنلەرنىڭ بىرى.

— ئىلىخوغا قاراپ ماڭدۇق، ئىلىخوغا، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — يول تىنچتۇ؟

— تىنچ، ھېچ گەپ يوق.

— پاختىمۇ نېمە؟ — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى تۆگىنىڭ ئۇستىدىكى يۈكلەرنى شەرەتلەپ.

— پاختا.

— پاھ، تازا ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ كەپسىلەردە، ئاڭلىسام ئۆتكەن ھەپتە خام بازىرىدا پاختىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىپتۇدەك.

— بىزمۇ شۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ جىددەللەپ ماڭدۇق. قەشقەر تەرەپ قانداقراق؟ — دەپ سورىدى قىچىر ئۇستىدىكى يەنە بىرەيلەن بېشىدىكى بادام دوپپىسىنى قولىدىكى قامچىسىنىڭ دەستى بىلەن ئارقىغا ئىتتىرىپ قويۇپ.

— ئامانچىلىق.

— ئاڭلىساق، ھەزرەت سەيلىسىدە ئالامەت ئىشلار بولۇپ كېتىپتۇدەكقۇ؟

— نېمە ئىش بوپتۇ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئۆمەر مەدداھ.

— ئاڭلىساق، بىر نوچى يۈسۈپ «قان»نى بىر كاللا قويۇپلا ئورنىدىن قوپالماس قىلىپ قويۇپتۇ، دەيدا؟

— ئۆلۈپتۇ، — دەپ گەپ قىستۇردى ئوسمان ئۇلاغچى.

— يا ئاللا، شۇ بىر كاللا بىلەنلىما؟... بۇ يۈسۈپ

«قان» دىگەنىنىڭ ئادەملىرىنىڭ ئۆزىمۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئۆتكەن قېتىم يەكەندىن مال ئېلىپ كېلىۋاتساق يېڭىسار ئەتراپىدا ئالدىمىزنى توسۇپ، ماللىرىمىزنى كۆپكۆندۈزدە بۇلاپلا كەتكەن.

— ئەجەل دىگەن شۇ،— دىدى ئۆمەر مەدداھ،— ھەرقانداق نوچىنىڭ پەيمانى توشقان ئاشۇنداق بىر كۈنى بولىدۇ.

— يۈسۈپ «قان»غا قورقماي كاللا قويغان قانداقراق نوچىدۇ؟

— كىم دەيدۇ، ئىشقىلىپ بۇرۇن ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بىر نوچىمىش،— دەپ چۈشەندۈردى ئوسمان ئۇلاغچى،— بەستىمىغۇ ئانچە زور ئەمەسمىش، ئەمما بىر مۇشت بىلەن ئالدىدىكى تامنىمۇ ئۆرۈۋېتەرمىش.

— بەستى زور بولمىغان بىلەن بېشى قازاندەك يوغانمىش،— دەپ سۆز قاتتى ئۆمەر مەدداھنىڭ يېنىدا تۇرغان قۇۋان «ئەزمە».

— بۇ جېدەلنىڭ سەۋەبچىسى بىر دەرۋىشنىڭ ئېشىكىدەكقۇ؟— دىدى بايىقى قېچىر ئۈستىدە ئولتۇرغان دوپپىلىق ئاغىنە.

ئۆمەر مەدداھ «لاپ» قىلىپ سوئال قويغۇچىغا قارىدى ــ دە:

ــ شۇنداقمۇ؟... ئۇ جېدەلگە دەرۋىشنىڭ ئېشىكى قانداق ئارىلىشىپ قالغاندۇ؟— دىدى.

— گەپ جىق،— دەپ سۆزگە قوشۇلدى يەنە بىرەيلەن،— بەزىلەر ئۇ دەرۋىشنى يۈسۈپ «قان»نىڭ ئادىمى ئىكەن دەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئىبراھىم «جودا»نىڭ ئادىمى ئىمىش دېيىشىدۇ، ئىشقىلىپ، ئىككى تەرەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەزرەتتە بىر ــ بىرىگە سوركىلىپ جىبدەل چىقىرىدىغانغا باھانە تاپالماي تورغاندا ھېلىقى دەرۋىشنىڭ ئېشىكى ئادەملەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغىلا ئۇسۇپ كىرىپتۇدەك، تەپ تارتماي ھەزرىتى ئاپپاق خوجىنىڭ مازىرى تەرەپكە ھېلىقى بىرنېمىسىنى قارىتىپ جارقىرىتىپ سىيىپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ «ئۇر بەچچىخەرنى!» دەپ ۋارقىرىشىپ بىر ــ بىرى بىلەن سېلىشىپ كېتىپتۇدەك. ئون نەچچە ئادەم ئۆلۈپ، بىرەر يۈزچە ئادەمنىڭ ئاغزى ــ بۇرنى قان بوپتۇ، دەپ ئاڭلىدۇق.

ــ مانا قىزىق! ــ دەپ ھەيران بولدى ئۆمەر مەدداھ، ــ بۇ ۋەقەلەر تېخى ھەزرەتتە بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا يۈز بەرگەن تۇرسا، سىلەر ھەرقايسىڭلار ئاقسۇ تەۋەسىدە يۈرۈپ قانداق خەۋەر تاپتىڭلار؟

ــ ئاڭلىدۇق، ھەزرەتتە ھەر يىلى تېكە ئوينىتىدىغان بىر ئادەم بار ئىكەن، شۇ بىچارە ئۇر ــ ئۇردا تاياق يەپ ئۆلۈپ قالغىلى تاسلا قېلىپ ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستىدىن ئۆلەر ــ تىرىلىشىگە قارىماي ئۆملەپ قېچىپ ئاقسۇغىلا بېرىپ توختاپتىكەن، شۇنىڭدىن ئاڭلىدۇق. بىچارە بايقۇش ساقاللىرىنى بوياپ، قولىغا تېكە ئوينىتىدىغان ياغىچىنى تۇتقىنىچە ئاقسۇ چوڭ مەسچىتىنىڭ ئالدىدا ئۇچراشقانلا ئادەمگە ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپلا يۈرىدۇ. «ھەي، بۇ ئادەم ئەقلىدىن ئازغانمۇ نېمە؟» دەپ قالدۇق. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھەزرەتتىكى شەربەت كۆلىمۇ قىپقىزىل قانمىش، ھازىر ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى ھېلىقى دەرۋىشنى تۇتۇپتۇدەك.

— قانداق تۇتۇپتۇ؟ — دەپ تېخىمۇ ھەيران بولدى ئۆمەر مەدداھ.

— قانداق تۇتاتتى، ھۆكۈمەت دېگەن ھۆكۈمەتتە. «قېنى ھېلىقى ئاپپاق خوجامغا قاراپ بىئەدەپلىك قىلغان ئېشەكنىڭ ئىگىسى؟» دەپ سورۇشتۇرۇپ دەرۋىشنى تېپىپتۇ. غىدىڭ - پىدىڭ قىلغىنىغا قويماي تۇتۇپ باغلاپتۇ.

— ياقەي، مېنىڭ ئاڭلىشىمچە ئۇنداق ئەمەس، — دەپ بۇرادەرلىرىنىڭ گېپىنى بۆلدى ئالدىدىكى تۆگىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ تۇرغان يولۇچى، — ھېلىقى دەرۋىش قەشقەردىن قېچىپ چىقىپ باشقا بىر ئادەمنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ بەخۇدۇك يۈرۈپتىكەن، يامۇلنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ئېشىكىدىن تونۇۋاپتۇ. «ۋاي، مەن ئۆمرۈمدە دەرۋىشلىك قىلىپ باققان ئادەم ئەمەسمەن، ھەزرەت سەيلىسىگە بارمىغىنىمغىمۇ ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قاپتۇ!» دېگىنىگە قويماي، ئېشىكى بىلەن ئىككىسىنىڭ پۇت - قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئۇدۇللا يامۇلغا ئەكىرىپ كېتىپتۇ. ئاز كۈن ئۆتمەي دارغا ئاسارمىش.

— ئېشەكنى ئاسامدىكەن، ئادەمنىمۇ؟

— ھەر ئىككىلىسىنى.

ئۆمەر مەدداھ «سۇبھاناللا!» دەپ ياقىسىنى تۇتتى - دە، تۆگە كارۋىنىدىكىلەرگە قاراپ:

— خەيرخوش، يولۇچىلاردىن قالماڭلار، — دەپ قولىنى پۇلاڭلاتتى.

تۆگە كارۋىنى ئۆتۈپ كەتتى. يولۇچىلارنىڭ قۇلىقىدا ھەر خىل قوڭغۇراق، كولدۇرمىلارنىڭ رىتىملىق ساداسى قېپقالدى. تۆگىلەر تاپىنىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭلارنى چۆل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شاملى كەڭ بوشلۇقىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆمەر مەدداھ خىيالغا چۆشۈپ قالدى. ئوسمان ئۇلاغچى بىلەن سەمەت مال تېخىلغان ئۇلاغلارنىڭ ئارغامچىلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى. ئۆمەر مەدداھ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— قوۋان، هاي قوۋان، قېنى سەن؟ — دەپ چاقىردى.

قوۋان «ئەزمە» ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ يول چېتىدە مۈگدىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ بەزىدە شۇنداق ئۆرە تۇرۇپلا ئۇخلىۋالىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— هاي قوۋان، سېنى چاقىرىۋاتىمەن!

قوۋان چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى — دە:

— مانا مەن! — دەپ مەدداھنىڭ يېنىدا هازىر بولدى.

— ئېشەكنى دارغا ئاسقاننى كۆرگەنمۇ سەن؟ — دەپ ئاستا پىچىرلاپ سورىدى ئۆمەر مەدداھ ئۇنىڭدىن.

— كۆرمەپتىكەنمەن... ئى... ئى... ئىتنى دارغا ئاسقاننى كۆرگەنمەن.

— قاچان، قەيەردە؟

— كىچىك چاغلىرىمدا، بىزنىڭ مەھەللىنىڭ چېتىدە غۇلام چوپان دەپ بىر قويچى بولىدىغان، تورپاقتەك يوغان بىر ئىتى بار ئىدى. ئىتتىن قورقۇپ بىزمۇ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتەلمەيتتۇق. بىر كۈنى قانداق بولغان، شۇ ئىت يامۇلنىڭ بىر ئادىمىنى چىشلەپ قويسا بولىدۇ. شۇ چاغدا يامۇلدىن بىرمۇنچە ئادەملەر دۈكۈرلىشىپ چىقىپ غۇلام چوپاننىڭ قورۇسىنى قورشاپ، ئىتنى غۇلام چوپاننىڭ ئۆزىگە تۇتۇپ باغلاتقۇزغان. غەزەپ قىزىق تاماشا بولغان. ئىتنى باغلاپ بەرسىمۇ يامۇلنىڭ ئادەملىرىنىڭ هېچقايسىسى ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمىگەن. ئۇنىڭ خىرىس قىلغان چاغدىكى

چىرايىنى كۆرسىلە ھەرقانداق ئادەمنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىدۇ، يامۇلنىڭ ئادەملىرى ئاۋۋال ئۇنى ئاتتى، ئۆلتۈرۈپ بولۇپ ئاندىن غۇلام چوپاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى قارىياغاچنىڭ شېخىغا ئاستى... بەك قىزىق بولغان... ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

— ھە، ئەمىسە ئىتنى ئاسقان بولسا ئېشەكنىمۇ ئاسىدىكەن، — دېدى ئۆمەر مەدداھ، — قۇۋان، بىز ھېلىقى ئېشىكىمىزنى قانداقراق بىر ئادەمگە سېتىۋىدۇق، زادى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن...

— دېھقانمۇ، كاسىپمۇ، مەنمۇ تازا بىلەلمىدىم، ئىشقىلىپ، چاپان - چارىلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن ساقاللىق بىر ئادەمدەك قىلغان. ئەممازە ئۇ ئوغرىنىڭ كۆزى ئۇلاغ تونۇيدىكەن. ئاۋۇ قاشاڭ ئېشەككە قاراپمۇ قويماي، «بولدى، مۇشۇ ئېشەكنى ئالغىنىم ئالغان» دەپ سىلىنىڭ مىنىپ يۈرگەن ئېشەكلىرىگە يېپىشىۋالغانىدى.

— بابا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەجىلىگە يېپىشىپتىكەندە! — دېدى ئۆمەر مەدداھ.

— قېنى، بىزمۇ قوزغالمايلىما! — دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان ئۇلاغچى، — كۈن ئىسسىپ كەتكىلى تۇردى، يەنە ئازراق ماڭساق ئالدىمىزدا بىر دوقا بار، ئاشۇ دوقىدىن ئەگىلسەكلا «سۆگەتلىك»كە يېتىمىز، شۇ يەردە ئازراق تاماقلىنىپ، ئۇلاغلارنى ئارام ئالدۇرۇپ ئۆتۈپ كېتەرمىز.

※ ※ ※

ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ «سۆگەتلىك» دېگىنى يول بويىدىكى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر ئويمان يەر ئىدى. بۇ

يەرگە ھەر يىلى كەلكۈن كەلگەن چاغلاردا ئازراق سۇ يىغىلىپ قالاتتى. ئەتراپتا شۇ سۇنى ئىچىپ كۆكلىگەن چۆل تاللىرى ۋە بىرنەچچە تۈپ قارىياغاچ كۆلەڭگە تاشلاپ تۇراتتى. يولۇچىلار ئۇتۇن ــ چاۋارلارنى يىغىپ كېلىپ ئوت يېقىپ، ئازراق چاي قاينىتىپ ئىچىشتى. ئوسمان ئۇلاغچى ئۇلاغلارغىمۇ ئازراقتىن يەم بېرىپ سۇغاردى. ئۆمەر مەدداھ چايدىن كېيىن دەرەخ سايىسىدىكى داق يەردە بىردەم سوزۇلۇپ يېتىپ ئارام ئېلىپلا، ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى ئۇنتۇغان بولدى. تاللارنىڭ ئۇششاق يوپۇرماقلىرى چۆل شامىلىدا چۇشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلايتتى. ئىسسىقتىن قىچىپ قارىياغاچ شاخلىرىنىڭ دالدىسىغا مۆكۈنگەن قۇشقاچلار كۆڭۈللۈك ۋىچىرلىشاتتى. ئۆمەر مەدداھ ئورنىدىن تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ چۇرۇقلىشىۋاتقان قۇشلارغا قاراپ كۈلدى.

ــ ئوسمانئاخۇن، ــ دېدى ئۇ، ــ ئىلى تەرەپتە، تاغ ئارقىسىدا «بۇلبۇل» دەپ بىر قۇش بار، بىلىدىغانلا؟

ــ بىلمەيدىغان، ئالامەت سايرىۋېتىدۇ ــ دە جانىۋار.

ــ شۇ قۇشنى ئۆزلىرى كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنما؟

ــ ئۆزىنى كۆرمىگەن، ئاۋازىنى ئاڭلىغان...

كۆرگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاۋازى ئۇنداق جاراڭلىق بولغىنى بىلەن ئۆزى قۇشقاچچىلىكلا قۇشمىش.

ــ قۇشقاچتىن سەل چوڭراق ئوخشايدۇ، قەشقەرنىڭ چايخانىلىرىنىڭ ئالدىغا قەپەستە ئېسىپ قويىدىغان تورغايلارچىلىك بارمىكىن. لېكىنزە، بۇلبۇلنىڭ سايرىشى ئالدىدا تورغاي دېگەن نېمە.

ــ مەنمۇ بۇلبۇلنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلىغان، ئۆزىنى

كۆرمىگەن،— دېدى ئۆمەر مەدداھ،— سىلى دېگەندەك ئۇنىڭ سايرىشىغا ھېچقانداق قۇش تەڭ بولالمايدۇ.

— بىر يىلى تازا باھار ۋاقتىدا تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قالدۇق،— دەپ ھېكايە قىلدى ئوسمان ئۇلاغچى،— دەريا ياقىلاپ كېتىۋاتىمىز. توقايلاردا سايراۋاتقان بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازىنى ئېيتمايمۇ... بىرى توختىسا بىرى ئۇلاپ بەس ـ بەستە سايرايدىكەن. زادى بۇ جانىۋارنى بىر كۆرەيچۇ، دەپ توقايلىققا كىرىپ بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى چىقىۋاتقان يەرگە يېتىپ بارسىلا ئۇنىڭ ئاۋازى يوقاپ كېتىپ، يەنە سىلىدىن ئون ـ يىگىرمە قەدەم نېرىدىلا پەيدا بولىدىكەن. غەزەپ سايرىۋېتىدىكەن دەيمەن. ئاڭلىسام، ئۇ قىزىلگۈلنىڭ ئىشقىدا شۇنداق مەست بولۇپ سايرارمىش، قىزىلگۈل غۇنچىسىنىڭ پورەكلەپ ئېچىلغىنىنى زادى كۆرەلمەسمىش.

— مۇھەببەت دېگەن شۇ،— دېدى ئۆمەر مەدداھ،— ئۇنىڭ ۋەسلىگە يەتتىگىمۇ قىممىتىنىڭ تايىنى قالمايدۇ. شۇ ۋەجىدىنمىكىن، نەۋايى ھەزرىتىم ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەنىكەن، شۇڭا قارىسىلا ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى پاساھەتنى...

يولۇچىلار يولغا چۈشتى، ئۆمەر مەدداھ ھەممىنىڭ ئالدىدا روھلۇق قەدەم ئېلىپ كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز ئوسمان ئۇلاغچى: «بۇ ئادەم ئىلگىخو تەرەپكە نېمە ئىش بىلەن بارىدىغاندۇ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى كېتىپ بارمايدىغاندۇ؟...» دەپ ئويلاپ قالدى.

سەمەت ئۆمەر مەدداھنىڭ ئارقىسىدىلا كېتىپ باراتتى، ئۇمۇ بۇ پاراڭچى ئادەمگە قىزىقىپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇنى يەنە نېمە پاراكەندىلىكلەرنى سالاركىن، دەپ پاندىشىپ ماڭدى. ئۆمەر مەدداھ سىنچى كۆزلىرى بىلەن ئارقىسىدىن يېتىشىپ كېلىۋاتقان سەمەتكە قاراپ:

— ئۇكام، سىنىڭ ئىسمىڭ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سەمەت، — دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى سەمەت.

— ئوسمانئاخۇن، — دەپ ئۇلاغچىغا قارىدى ئۆمەر مەدداھ، — بۇ سەمەتئاخۇن سىلىنىڭ يالىلۇۋالغان يارده‌مچىلىرى ئوخشىمامدا؟

— يوقسۇ، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ياخشى بىر ياردەمچىم بار ئىدى، بۇ نۆۋەت ئانىسى ئاغرىپ قېلىپ يولغا چىقالماي قالدى. بۇ ئىنىمۇ ئىلىغا بارىدىغان يولۇچى ئىكەن، ئۆزۈمگە ھەمراھ قىلىۋالدىم.

— ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ئۆمەر مەدداھ سەمەتكە يەنە بىر قاراپ. ئۇ ئاغزىنى ئۆمەللەپ سەمەتتىن بىر گەپنى سورىماقچى بولۇۋىدى، ئوسمان ئۇلاغچى گەپ ئارىلاپ كەتتى.

— ئۇستاز، ئۆزلىرى بۇ قېتىم ئىلىخوغا نېمە زۆرۈرىيەت بىلەن ماڭدىلىكىن؟

— ياش كۈندىن - كۈنگە چوڭىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئوسمانئاخۇن، پۇتتا خۇدايىم بەرگەن مۇشۇنچىلىك ماغدۇرنىڭ باردا ئۇلۇغلار قەدەم باسقان يەرلەرنى زىيارەت قىلىپ، ئىلىدىكى تۆت مازارنى تاۋاپ ئەتمەكچى نىيەت قىلىپ كېتىۋاتىمەن.

— قايسى تۆت مازارنى دەۋاتىلا؟

— ئوسمانئاخۇن، بۇ قانداق گەپ بولدى؟ — دەپ ئوسمان ئۇلاغچىغا قارىدى ئۆمەر مەدداھ، — سىلى

قەشقەر بىلەن ئىلىخو ئارىلىقىدا توختىماي قاتناپ تۇرىدىغان ئادەم تۇرۇپ ئىلىدىكى تۆت مازارنى بىلمەمدىلا؟

— ئىلىخو دېگەن يۇرتتىمۇ ئۇلۇغلار ياتقان مازارلار خېلى كۆپ. ئەمدى سىلى قايسى تۆت مازارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىدىلىكىن، بىلىپ قالاي دەيمىنا.

— شۇنداق، بىلىپ قويغانلىرى ياخشى، ئەمىسە قۇلاق سالسىلا، — دەپ گەپ باشلىدى ئۆمەر مەدداھ، — بىر ئۆيىنىمۇ ئۇنىڭ تۆت تېمى كۆتۈرۈپ تۇرغاندەك پۈتۈن ئىلىخو دېگەن يۇرتنىمۇ شۇ تۆت مازار يۆلەپ تۇرىدۇ. سىلى بىلىلا، پۈتۈن ئىلىخونىڭ كەڭ كەتكەن يايلاقلىرىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن «ئىلى دەرياسى» دەپ بىر ئەزىم دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ تۆت مازارنىڭ ئىككىسى كۈنچىقىشقا، ئىككىسى كۈنپېتىشقا، ئىككىسى دەريانىڭ ئوڭ قانىتىغا، ئىككىسى سول قانىتىغا ئورۇنلاشقان. خۇددى تارازا تەخسىسىنىڭ تۆت يىپىدەك پۈتۈن ئىلى زېمىنىنى تەڭشەپ تۇتۇپ تۇرىدۇ.

— ئۇ مازارلاردا ياتقان ئۇلۇغلار كىملەركىن؟ — دېدى سەمەت.

— سەمەتئاخۇن، — دەپ سەمەتنى ئوڭ بىقىنىدىن ئاستا نوقۇدى قوۋۋان «ئەزمە»، — ئۇستازنىڭ گېپىنى ئارىلىمىسىلا، ئاچچىقى كېلىدۇ.

— ئەمدى بىلمىگەننى سوراش ئەيىب ئەمەستۇ!...

— ئۆزۈڭ گەپنى ئاز قىلغان بىلەن، خېلى گەپ ئانىسى ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ئۆمەر مەدداھ سەمەتكە قاراپ، — مېنىڭ مۇشۇنداق ۋالاقلاپ تۇرمىسام ئىچىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پۈشۈپ قالىدىغان كېسىلىم بار. بۇ «مەدداھ» دېگەن ئاتاق ماڭا شۇڭا مەھكەم يېپىشقان، بوپتۇ، ماڭغىچە بىر پاراڭ بولۇپ قالسۇن. ئۇ تۆت مازاردا ياتقان تۆت ئۇلۇغ زاتنىڭ ئۆمۈر تارىخىنىڭ ھەربىرى بىر كىتاب، مەن قىسقىچە بىلگىنىمنى سۆزلەپ بېرەي.

ــ سۆزلىسىلە، سۆزلىسىلە، يول دېگەن پاراڭ بىلەن ئاۋۇيدۇ، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ بۇ تۆت مازاردا ياتقان زاتلارنىڭ پەزىلەت، ئىش - ئىزلىرىنىڭ كاتتىلىقىغا سۆز كەتمەيدۇ، ــ دەپ گەپ باشلىدى ئۆمەر مەدداھ قولىدىكى تايىقىنى سىلىكىپ تۇرۇپ، ــ ئۇنىڭ ئىچىدىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى ئىلى دەرياسىنىڭ سول قانىتىنىڭ كۈنپېتىش بۇرجىكىدىكى «خۇنخاي» دېگەن يەردە سۈكۈتتە ياتقان «خۇنخاي مازىرى». ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەر نۇرغۇن قان تۆكۈلگەن زېمىن ئىكەن. بۇ مازاردا زامان ئەھلىنىڭ داناسى، ئەقىل - پاراسەتنىڭ چوققىسى، ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ پېشۋاسى يۈسۈپ سەككاكى دېگەن بۈيۈك ئالىم ياتىدۇ. بۇ زات دۇنياغا ئۆزىنىڭ «مىفتاھىل ئۇلۇم» دېگەن كىتابى بىلەن مەشھۇر.

ــ ئۇ كىتابتا نېمە ۋەقەلەر يېزىلغان بولغىيتتى؟ ــ دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ «مىفتاھىل ئۇلۇم» دېگەننىڭ مەنىسى، ــ دەپ چۈشەندۈردى ئۆمەر مەدداھ، ــ «ئىلىملار ئاچقۇچى» دېمەك بولىدۇ. بۇ كىتابتا ئالىم ئىلمىي نۇجۇم، تەبىئەت، ئەدەبىيات، مۇزىكا دېگەندەك نۇرغۇن ئىلىملاردىن بىلىم بەرگەن. شۇ زامانلاردا ئىلىدا نۇرغۇن

خانلارنىڭ پايتەختى بولغان «ئالمالىق» دېگەن بىر مەشھۇر شەھەر بولغان. بۇ سودا - سېتىق ناھايىتى ئەۋج ئالغان، كۆنچىقىش بىلەن كۈنپېتىشتىن كېلىۋاتقان سەيياھلار، سودا كارۋانلىرى جەزمەن چۈشۈپ ئۆتمىسە بولمايدىغان كاتتا شەھەر ئىكەندۇق. شەھەرنىڭ رەت - رەت كوچىلىرى، باغباراڭلىق ئۆي - جايلىرى، ئالارمەن - ساتارمەنلەر بىلەن قايناپ تۇرغان رەستىلىرى توغرىسىدا سەيياھلارنىڭ نۇرغۇن كىتابلىرىغا مەدھىيەلەر يېزىلغان. شەرقتىن كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ چىقىپ دۇنيانىڭ يېرىمىنى بېسىۋالغان خاقانى چىڭگىزخان ئۆز ئوغۇللىرىغا زېمىن بۆلۈپ بەرگەندە ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتايغا ماۋرەئۈننەھىر، خارەزىم، بەلىخ، بەدەخشان، قەشقەرىيە، جۇڭغارىيە ۋە شۇ كەڭ ئىلى زېمىنىنىمۇ قوشۇپ بەرگەنىكەن. چاغاتايىنىڭ ئوردىسى ئەنە شۇ «ئالمالىق» شەھىرىدە بولغانىكەن. چاغاتاي سەككىنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئالمىنى «ئالمالىق»دىكى ئوردىسىغا مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىپتۇ. ئوسمانئاخۇن، مەن سىلىگە ئېيتاي، دۇنيادا خانلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپ خىزمەت قىلماقتىن ئازابلىق ئىش يوق.

— قانداق دەيلا؟ — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— شۇنداق، ناھايىتى ئازابلىق. ھەربىر قەدەملىرىنى ساناپ دەسسەپ، ھەر دائىم خوش - خوش دەپ ئېگىلىپ تۇرىدىغانغا بەللىرىنىڭ ئۇستىخىنى تازا ئەۋرىشىم بولمىسا بولمايدۇ؛ ئەتراپلىرىدا ھەسەت، كۆرەلمەسلىك بىلەن سىلىگە قادىلىپ تۇرغان نۇرغۇن كۆزلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



چىقىمچىلىقىدىن ھوشيار تۇرمىسىلا يەنە بولمايدۇ. ئىشقىلىپ، تولىمۇ مۇشەققەت، خەتەرلىك ئىش. يۈسۈپ سەككاكىنىڭ ئەل ئىچى ۋە خان ئالدىدا ئابرۇيىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەلمىگەن ھەسەتخور ۋەزىرلەر ئالىمنى خانغا چېقىپ زىندانغا تاشلاتقۇزغان. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىمۇ شۇ زىنداندا ئاخىرلاشقانىكەن.

— ئۆمەر تاغا، بۇ قايسى زامانلاردا بولغان ئىشلار؟ — دەپ سورىدى ئۆمەر مەدداھنىڭ سۆزلىرىنىڭ يىپىنى چۇشىنىپ، يىپىنى چۇشەنمىگەن سەمەت.

— ھىجرىيە 620 ـ يىللار①، يەنى بۇنىڭدىن يەتتە يۈز يىللارچە مۇقەددەم بولغان ئىشلار... بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چاغاتاي ئالىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، سەككاكىنى ئۆزى شۇ يەرگە دەپنە قىلدۇرغانىكەن. يەنە بىر ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئالىمغا ئەقىدە قىلغۇچىلار ئۇنىڭ جەسىتىنى زىنداندىن ئوغرىلىقچە ئاچىقىپ ئاشۇ ھاۋالىق يەرگە ئەكېلىپ دەپنە قىلغانىكەن. قەبرىنىڭ كۇنگەي تەرىپىدە دىلمۇك تاغلىرى دەپ ئاتالغان چىرايلىق بىر تاغ قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. قەبرىنىڭ يېنىدىن تاغ سۇلىرى دولقۇنلاپ ئۆتىدۇ. ئۇ يەردىن ھەر دائىم تاۋاپچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ... ھاي ـ ھاي، ئۇلاغلارغا قاراڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۆمەر مەدداھ.

ئۇلاغلار قانداقتۇر بىر جىرا ئىچىگە ئالدىراپ چۈشۈپ كېتىشىۋاتاتتى.

---

① يۈسۈپ سەككاكى مىلادىيە 1160 ـ يىلى دۇنياغا كېلىپ، 1229 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

— ئالدىمىزدا سۇ بار، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئۇلاغلار سۇ ئىچكىلى ئالدىراۋاتىدۇ.

تاشلىق جىرانىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن ئېرىق قۇپقۇرۇق تۇراتتى. ئۇلاغلار ئېرىق ئىچىدىكى نەملىكنى پۇراپ ـ پۇراپ بىردەم تۇرۇپ قېلىشتى ـ دە، يەنە مېڭىپ كەتتى. جىرانىڭ ئۇ تەرىپى يەنە كەڭ كەتكەن يالاڭلىق ئىدى. ئەگرى ـ بۈگرى كەتكەن چۆل يولىدا ئۇلاردىن باشقا ھېچبىر ھاياتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.

www.uyghurkitap.com



## سەككىزىنچى باب

# سىرلىق چاپچال مازار

— خوش، تەقسىر، گەپلىرىنى داۋام قىلسىلا، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى ئۇلاغلار جىرانىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئۇ تەرەپتىكى تۈز يولغا چۈشكەندە.

— قايسى گەپنى دەيدىلا؟ — دېدى ئۆمەر مەدداھ.

— ئىلىدىكى تۆت مازار توغرىسىدا...

— ھە... ئىلىخودىكى ئىككىنچى بىر ئۇلۇغ مازار — «تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى»... تۇغلۇق تۆمۈرخان دەپ ئاڭلىغانمۇ سەن، — دەپ يېنىدا كېلىۋاتقان سەمەتكە قارىدى ئۆمەر مەدداھ.

— ئاڭلىماپتىكەنمەن، ئىسمىدىن قارىغاندا ئۇ تۆمۈرچى ئادەم ئوخشىمامدۇ؟

ئۆمەر مەدداھ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. سەمەت ئورۇنسىز بىر گەپ قىلىپ قويغىنىنى پەملەپ خىجىل بولۇپ قالدى.

— ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ يۇرتتا دېھقانلارنىڭ ئات - ئېشەكلىرىنى تاقىلاپ، كەتمەنلىرىنى سوقۇپ بېرىدىغان بىر تۆمۈرچى ئۇستام بولىدىغان، خەقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى «تۇداخۇن تۆمۈر» دەيتتى...

— يا بولمىسا ئۇ ناھايىتىمۇ پىخسىق بىر ئادەممىكىن، — دەپ سەمەتنىڭ گېپىنى تارتىۋالدى قۇۋان «ئەزمە»، — بىزنىڭ مەھەللىدە «ئىمىن چويۇن» دەپ بىر ئادەم بولىدىغان. ناھايىتىمۇ پىخسىق، قاتتىقلىقىدىن كىشىلەر شۇنداق لەقەم قويۇپ قويغان، قۇدۇققا بىر يارماق پۇلى چۈشۈپ كەتسە ئارغامچا باغلاپ قۇدۇققا چۈشۈشتىن يانمايتتى...

— پاھ، ئەجەب گەپچى بولۇپ كېتىپسەنا؟ — دەپ قۇۋاننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئۆمەر مەدداھ، — تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ قانداق ئادەملىكىنى مانا ھازىر ئاڭلايسەن. ھەي خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمە، شۇنداق بىر زامانلار بولغانكى، بىز ياشاپ تۇرغان بۇ يۇرتلارنى خاقانى چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى نەچچە يۈز يىل سورىغان. تۇغلۇق تۆمۈرخان چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى بولىدۇ، ئۇ ئون بەش يېشىدا خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، «موغۇلىستان»[①] دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى ئىلىدىكى بايا مەن سىلەرگە تەرىپىنى قىلىپ بەرگەن «ئالمالىق» شەھىرى ئىدى. دۆلەتنىڭ چېگراسى شىمالدا ئالتاي تاغلىرىدىن كاتتا دېڭىز[②] غىچە، كۈنپېتىش تەرەپتە فەرغانە ئويمانلىقى، جەنۇبتا قاراقۇرۇم تاغلىرى، كۈنچىقىشتا قومۇلنىڭمۇ نېرىسىغىچە بولغان كەڭ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتىكەن... ئوسمانئاخۇن، ئېيتماققا ئوڭاي بولغان

---

① موغۇلىستان — ئەينى يىللاردا تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدىن قۇرۇلغان دۆلەت. تارىختا «شەرقىي چاغاتاي خانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادىيە 1348 ـ يىلىدىن 1509 ـ يىللارغىچە دەۋر سۈرگەن.

② كاتتا دېڭىز — ھازىرقى بالقاش كۆلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن، مەن دېگەن ئاشۇ دائىرىنى سىلى ئاۋۇ ئۇلاغلىرى بىلەن نەچچە ئايدا ئاران چۆرگۈلەپ بولىلا.

— يا ئاللا! ئەجەب كاتتا پادىشاھلار ئۆتتۈپتىكەن، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— تۇغلۇق تۆمۈرخان ھىجرىيە 765 ـ يىلى[1] ئاشۇ موغۇلىستان خانلىقىنىڭ پايتەختى ئالمالىق شەھىرىدە ۋاپات بولۇپ شۇ جايغا دەپنە قىلىنغان، بۇ مازارنىڭ ئورنى ئىلى دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرەپ، كۈنپېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى مەشھۇر ئالمالىق شەھىرىنىڭ ئورنىدا ھازىر ھېچبىر شەھەر يوق. ئاڭلىسام، ئۇ يەرگە تارىخىي ئىزلارنى ئاختۇرىدىغان ئالىملار، تۇيۇقسىز باي بولۇپ كەتكۈسى كېلىدىغان تەۋەككۈلچىلەر، خىيالپەرەسلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي بېرىپ تۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىلگىرىكى شەھەر ئىزنالىرىنى قېزىپ يۈرۈپ تەلىيى كەلگەنلىرى بۇرۇنقى خانلاردىن قالغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، ھەر خىل تامغا، خىلمۇخىل تەڭگىلەرنىمۇ تېپىۋالىدىكەن... بەزىلىرىگە تېخى قەدىمىي جۇڭگونىڭ قىممەت باھالىق جانان چىنىلىرى، رۇم، شام، يۇناندىكى سەنئەتكارلارنىڭ قولىدىن پۈتۈپ چىققان ئاجايىپ سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ، دېيىشىدۇ. بۇنداق نەرسىلەرنى ئەلۋەتتە كۈنچىقىش بىلەن كۈنپېتىش ئوتتۇرىسىدا قاتناپ تۇرىدىغان سودىگەرلەر سىلىدەك ئۇلاغچىلارنىڭ ئۇلىغىغا ئارتىپ، يىراقلاردىن بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ كەلگىنى ئېنىق. شۇنىڭدىنلا ئىلگىرى ئالمالىقنىڭ قانچىلىك كاتتا شەھەر ئىكەنلىكىنى

[1] مىلادىيە 1364 — 1363 ـ يىللار.

پەملىسىلە بولىدۇ. بۇ قەدىم شەھەر كىشىلەر نەزىرىدىن قانداق غايىب بولغان؟ رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىر زامانلارغا كەلگەندە بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ئالتۇن ـ كۈمۈش، بايلىققا كۆمۈلۈپ، دىيانەتتىن يىراقلىشىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاق دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەس ھالغا يەتكەنمىش. ياراتقان ئىگەم غەزەپكە كېلىپ بىر كېچىدىلا ئۇ يەرگە تاغدىن كەلكۈن ئەۋەتىپ شەھەرنى سۇ ئاستىغا غەرق قىلغانىكەن. ئۇ يەردە ھازىر يىراق ئۆتمۈشنىڭ شاھىتى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ.

ــ سۇبھانالىلا!ــ دەپ ياقىسىنى تۇتتى قۇۋان «ئەزمە»،ــ شۇنچە چوڭ بىر پادىشاھنىڭ شەھىرى بىر كېچىدىلا سۇغا چۆكۈپ يوق بولغان بولسا ـ ھە؟...

يولۇچىلار توپىلىق يول بىلەن توختىماي ئىلگىرىلەيتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان يول تاقىر ئېدىرلار، تاشلىق ساي، كەڭ كەتكەن بوشلۇقلاردىن ئۆتەتتى. بەزىدە يول ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، يەنە قانداقتۇر بىر ئويمانلىقلارغا قاراپ ئۇچ تارتىپ كېتەتتى. بەزىدە يولنىڭ چېتىدە قايسىبىر مەھەللىلەرنىڭ دەرەخلىرى، قاغجىراپ ياتقان ئۇنۇمسىز ئېتىزلار، ئولتۇرۇشۇپ يەر بىلەن تەڭ بولۇپ كەتكىلى تۇرغان توپا تاملار پەيدا بولاتتى ـ دە، يەنە بارغانسېرى ئارقىدا قېلىپ كۆزدىن غايىب بولاتتى... سەمەت بېشىنى كۆتۈرمەي خىيال بىلەن كېتىپ باراتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان توغرىسىدىكى بولغان گەپلەر ئۇنى ئويغا سېلىپ قويغانىدى. «ئون بەش يېشىدا پادىشاھلىق تەختتە ئولتۇرۇپ شۇنچە چوڭ يۇرتلارنى سورىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نېمىدېگەن قالتىس ئادەملەر ئۇ، — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — ئون بەش ياشتا مېنىڭ بىر خوتۇن ئېلىشقىمۇ قۇربىم يەتمىگەن. ئەمما، ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىر ئىشنى ئاسان قىلسا ئۇ يەنە باشقا بىر ئىش ئوخشايدۇ. بۇمۇ ھېلىقى مېنىڭ ھەزرەت سەيلىسىدە بىرنەچچە ھېجىر مۇسەللەسنى ئىچىۋېلىپ يۈسۈپ «قان» دېگەن نوچىنى بىر كالللا قويۇپلا ئۇخلىتىۋەتكىنىمدەكلا بىر ئىش بولسا كېرەك...»

تۇغلۇق تۆمۈرخان توغرىسىدىكى گەپلەر ئوسمان ئۇلاغچىنىمۇ خېلى قىزىقتۇرغان بولسا كېرەك، ئۇ ئۆمەر مەدداھقا سوئال قويدى:

— تەقسىر، سىلى ھازىر قىلغان گەپنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان موغۇل ئەۋلادى بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟

— توغرا ئېيتتىلا، موغۇل ئەۋلادى.

— مەن ئىلىخودا بۇ زاتنىڭ قەبرىسىنى بىر قېتىم زىيارەت قىلىۋىدىم، ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ قەبرە مۇسۇلمانلار قەبرىسى سىياقىدا ھەيۋەت ياسالغاندەك قىلغان. مازار ئىشىكى ئەتراپىغا قۇرئاندىكى ئايەتلەر ھۆسنخەت بىلەن پۈتۈلگەندەك قىلغىنىنى كۆرۈۋىدىم.

— كۆرگەنلىرى توغرا، — دېدى ئۆمەر مەدداھ، — ئوسمانئاخۇن، ئويلاپ كەلسەك بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى شۇنچە قىزىق ۋە شۇنچە سىرلىق. ئەبۇھافىز كوبرا بۇخارا دېگەن بىر مەشھۇر ئىسلام ئۆلىماسى ئۆتكەن. ئىسمىدىن بىلىسىلە بولىدۇكى، بۇ ئادەم ئەسلى بۇخارالىق بولۇپ، شەرىئەت ئىلمىنىڭ كاتتا ئالىمى ئىدى. چىڭگىزخاننىڭ قوشۇنلىرى بۇخارا، سەمەرقەنتكە

ئوخشاش شەھەرلەرگە بوراندەك ئۆزىنى ئۇرۇپ بېسىپ كىرگەندە، چىڭگىزخان ھېلىقى شەھەرلەردىكى مۇنارلىرى ئاسمانغا تاقاشقان مەسچىتلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىكەن. ئات ئۈستىدە تۇرۇپ بىر مەسچىتنىڭ ھەيۋەتلىك سىياقىغا كۆز سېلىپ، ئەتراپتا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان سەللىلىك ئۆلىمالارغا قاراپ: «بۇ نېمە قىلىدىغان يەر؟» دەپ سوراپتۇ. ئۆلىمالار بۇ دەھشەتلىك چۆل يىلپىزىغا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى ئۇقماي قىسقىلا قىلىپ «خۇدانىڭ ئۆيى» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىڭگىزخان ئاچچىق كۈلۈپ: «خۇدانىڭ ئۆيى پۈتكۈل ئالەم، ئۇنىڭغا مۇنداق ئۆينىڭ لازىمى يوق، بۇزۇۋېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سانسىز مەسچىت، مەدرىسەلەر چېقىلىپ، قانچىلىغان ئۆلىمالارنىڭ كاللىسى كېسىلگەن، دېيىشىدۇ. بۇ قەتل قىلىنغان ئادەملەر ئارىسىدا ئەبۇھافىز كوبرا بۇخارامۇ بار ئىدى... ئوسمانئاخۇن، قارىسىلا، ئاللا ئەڭ سەۋر قىلغۇچىدۇر. شۇ ۋەقەلەر بولۇپ ئارىدىن 150 يىللارچە ئۆتكەندە، يەنە شۇ ئەبۇھافىز كوبرا بۇخارانىڭ ئەۋلادلىرى چىڭگىزخاننىڭ يەتتىنچى نەۋرىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلدۇرغان. ئىسلام دىنىغا كىرىپ ئىمان ئېيتقان شۇ خانلارنىڭ ئەۋلادلىرى كېيىن بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە باشقا شەھەرلەردە ئۆز قولى بىلەن بىر ـ بىرىدىن كاتتا مەسچىتلەرنى سالدۇرغان. تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلغان كىشىنىڭ نامى شەيخ جالالىدىن كېتىكى ئىدى...

— بەرھەق! — دەپ ۋارقىرىدى قوۋان «ئەزمە». ئۇ

ۋاقتى ـ ۋاقتىدا شۇنداق ۋارقىراپ تۇرمىسا مېڭىپ كېتىپ بىر-بىرىمىز ئۇخلاپ قالاتتى.

ــ خاننى قورقماي دىنىنى ئۆزگەرتىشكە دەۋەت قىلغان بولسا ئۇ قالتىس يۈرەكلىك ئادەمكەن ـ دە!ــ دېدى سەمەت.

ــ شۇنداق،ــ دېدى ئۆمەر مەدداھ،ــ شەيخ جالالىدىن كېتىكى «كېتىك» شەھىرىدە تۇرىدىغان زات ئىكەن.

ــ كېتىك دېگىنى قانداق شەھەركەن، ئۇستاز؟ ئەجەب مەن ئاڭلىماپتىكەنمەن؟ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ قەدىم زامانلاردا بىز مېڭىپ كېتىپ بارغان مانا مۇشۇ دەشت ـ باياۋانلاردا بىر ـ بىرىدىن كاتتا شەھەرلەر بولغانىكەن. كېيىن ـ كېيىن بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى قۇمنىڭ ئاستىدا قالغان دېيىشىدۇ. كېتىك شەھىرى تارىم دەرياسى بىلەن چەرچەن دەرياسىنىڭ قوشۇلۇپ كەتكەن يېرىگە يېقىن بىر جايدىكى مەشھۇر شەھەر ئىكەن. بۇ شەھەرنىڭ خەلقى شۇنچە باياشات ياشايدىكەن، كۆپىنچىسى ياراتقان ئىگىسىنى تونۇمايدىكەن. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئاللانىڭ غەزىپى تۇپەيلىدىن كېتىك شەھىرىگىمۇ قۇم يېغىپ ئاپەت بوپتۇ. شەيخ جالالىدىن كېتىكى كېچىدە چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە: «سەن ئەتراپىڭدىكى ئادەملەرنى ئىمانغا دەۋەت قىل، بولمىسا پۈتكۈل موغۇلىستان قۇم ئاستىدا قالىدۇ» دېگەن بېشارەت بوپتۇ. ئۇ كەملەردە بىز ياشايدىغان بۇ يۇرتلارنىڭ ھەممىسىنى موغۇلىستان ئاتايدىكەن، شەيخ جالالىدىن كېتىكى چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ بىرنەچچە مۇرىتلىرى بىلەن كېچىلەپ مېڭىپ ئاقسۇ تەۋەسىدىكى ئايكۆل دېگەن يەرگە چۈشۈپتۇ. بۇ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ

ئاقسۇدا تېخى يېڭىلا تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئىكەن. ئۇ كېتىك شەھىرىنىڭ قوۋم ئاستىدا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ شەھەردىن قېچىپ چىققانلارنى ئالدىغا چاقىرتىپتۇ. ئۇلاردىن كېتىك دۇچ كەلگەن پاجىئەنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. شەيخ جالالىدىن كېتىكى خان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەگەر ئىنسانلار ياراتقان ئىگىسىنى تونۇمىسا، قىلغان ياخشىلىق ـ يامانلىق ھەممە ئەمەللەرنىڭ بىر كۈنى سورىقى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ ئاللادىن ئەيمەنمىسە كىشىلەر ئارىسىدا يامانلىقنىڭ يامراپ كېتىدىغىنىنى، ئاخىرىغا بېرىپ ئاللانىڭ غەزىپىگە دۇچ كېلىدىغىنىنى ئېيتىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىمانغا دەۋەت قىپتۇ. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭمۇ دىلى يۇمشاپ: «بۇ كىشىنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا شۇنچە يېقىملىق ئاڭلىنىپتۇ. مەن ئىلگىرى تەختتە ئولتۇرغاندا بۇ كىشىمۇ يېتىپ بارسۇن. مەن بۇ كىشىنىڭ دىنىغا كىرىمەن. بۇ يەردە سەركەردىلىرىم يوق، يۇرتىنىڭ تولىسى ئىلىدا» دەپ شەيخ جالالىدىن كېتىكىغا ۋەدە قىپتۇ. ياراتقان ئىگەم بىر ئىشنى كىمنىڭ بېجىرىشىغا تايىن قىلغان بولسا شۇ بېجىرىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈچى خۇدا، شەيخ جالالىدىن كېتىكى ۋاقىت تېپىپ ئىلىغا بارغۇچە ئەجەل پۇرسەت بەرمەي ۋاپات بوپتۇ. ئاقسۇنىڭ ئايكۆل تەۋەسىگە دەپنە قىلىنىپتۇ. شەيخ ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ئوغلى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللاغا: «مەن بىر چىراغقا ياغ قويۇپ، پىلىك سېلىپ تەييارلىغانىدىم، ئەمدى بۇ چىراغقا ئوت يېقىش سىزگە قالدى» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن. مەۋلان ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا دادىسىنىڭ

ۋەسىيىتىنى ئادا قىلماق بولۇپ ئىلىغا بېرىپ، سەھەر ۋاقتىدا ئالمالىق شەھىرىنىڭ يېنىدىكى بىر دۆڭدە ئەزان چاقىرىپتۇ. خاننىڭ قۇلىقىغا بۇ ئاۋاز ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىنىپتۇ. ئەزان ئېيتقۇچىنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ. «كىم بولىسىز؟» دەپ سوراپتۇ خان مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللادىن. «سىز بىلەن ئاقسۇدا كۆرۈشكەن شەيخ جالالىدىن كېتىكىنىڭ ئوغلى بولىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا. «دادىڭىز قېنى؟» دەپ سوراپتۇ خان. مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا: «دادام ئالەمدىن ئۆتتى. مەن ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن سىزدىن ئۈمىد كۈتۈپ كەلدىم» دەپ خاننى ئىسلام دىنىغا دالالەت قىپتۇ. خان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ ئىمان ئېيتىپتۇ. شۇ كۈنى ئىلى ئاسمىنىدا نۇر چاقناپ، گۈللەر بەس - بەستە ئېچىلىپ، قۇشلار خۇشخۇي چۇرۇقلىشىپ، دەريا، ئېرىق - ئۆستەڭلەر سۇ بىلەن تولۇپ، ئاجايىپ كۆيلەرگە جور بولۇپ شارقىراپ ئېقىپ كىشىلەرنى تاڭ قالدۇرغانىكەن. خان قول ئاستىدىكى كاتتا سەركەردە، ئەمەلدارلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەكىرىپ دىنغا دالالەت قىپتۇ. ئۇلارمۇ: «بۇ ئاجايىپ بىر خاسىيەتلىك ئىش ئىكەن» دەپ ئەتراپتىكى مۆجىزىلەرگە ھەيران بولۇشۇپتۇ. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، شۇ كۈنى 160 مىڭ ئادەم ئىسلام دىنىغا كىرىپ، پۈتۈن ئىلى ئالمىگە دىنىنىڭ نۇرى چۈشكەن، دېيىلىدۇ. موغۇللار ئارىسىدىمۇ ئىسلام دىنى شۇ كۈندىن باشلاپ ئاشكارا بولۇپ قارارلاشقانىكەن. ھېلىقى مەۋلانە ئەرشىدىن ۋەلىيۇللا ئالمالىققا بېرىپ تۇنجى قېتىم ئەزان چاقىرغان دۆڭنى كىشىلەر شۇنىڭدىن باشلاپ «ئەزاندۆڭ» دەپ

ئاتاشقان. تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ جەسىتىنىمۇ شۇ دۆڭ ئەتراپىغا قويۇشقان. ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ھەيۋەتلىك گۈمبەز قوپۇرۇلغان، قەبرە ۋە گۈمبەزلەرنىڭ يۈزى كۆك، يېشىل، ئاق، بىنەپشە چاقچۇقلار بىلەن يېپىلىپ نەقىشلەنگەن. گۈمبەز ئىشىكىنىڭ ئەتراپىغا خۇش خەتلەر ئويۇلغان...

ئوسمانئاخۇن، سىلى: «مەن تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنى بىر قېتىم زىيارەت قىلغان» دېگەندەك قىلىۋىدىلا، ئىشىكنىڭ ئەتراپىدىكى خەتلەرنى ئوقۇغانلا؟

— تەقسىر، مەن ئۇ خەتلەرنى ئوقۇيالىغان بولسام بۇ يەردە ئۇلاغ ھەيدەپ يۈرمەيتتىم.

— سىلى تۇرماق خېلى - خېلى ئادەملەرمۇ ئوقۇيالىغۇچە ئوقۇيالمايدۇ. نەچچە يۈز يىللاردىن بېرى بوران - چۇدۇنلاردا تۇرۇپ ئۇ خەتلەرنىڭ نۇرغۇن يەرلىرى ئۆچۈپ كەتكەن. يەنە بەزى نادان تاۋاپچىلار «تەۋەررۇك» دەپ بەزى خىش، كاھىشلارنى قومۇرۇپ ئېلىپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ تازا سىنچىلاپ قارىسا «ئۇلۇغ سۇلتان... ئۇنىڭ شەپقەت - شاپائىتى دېڭىزدىن چوڭقۇر ئىدى. ئۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ قوغدىغۇچىسى، ھەممە ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ پاسىبانى... خاتىرجەملىكنىڭ بۇلىقى...» دېگەن سۆزلەرنى ئوقۇغىلى بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مازارنى ياسىغۇچىلار ئاشۇ رەڭلىك چاقچۇقلارنى تۆگىلەرگە ئارتىپ سەمەرقەنت، بۇخارا تەرەپلەردىن يەتكۈزۈپ كەلگەنىكەن...

ئەمدى بىلگەنلا، ئوسمانئاخۇن، شۇ تاپتا بىز ئۇلۇغلارنىڭ قەدىمى تەگكەن يوللار بىلەن كېتىپ بېرىپتىمىز، خۇدا خالىسا ئاز كۈنلەردىن كېيىن ئىلى دىيارىغا يېتىپ،

www.uyghurkitap.com



تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىنى يەنە تاۋاپ قىلىمىز.

— خۇدا ئامانچىلىقنى بەرسە، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— بىزغۇ نەگە بارساق مازار - ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلىپ، ئۇلۇغلارنىڭ قەدىمى يەتكەن يەرلەرنى زىيارەت قىلىپلا يۈرىدىغان ئادەم، — دېدى ئۆمەر مەدداھ، — بىراق، ئىلىغا بارغاندا سىلىنى تاپقىلى بولامدىكىن؟

— نېمىشقا ئۇنداق دەيلا؟

— ئۇلاغچىلارنى مەن ئوبدان بىلىمەن، ھەرقايسىلىرى ناھايىتىمۇ ئالدىراش يۈرۈشىلا، نەدە كىرا قىلىدىغان مال بولسا ئاۋۋال شۇ يەرگە يۈگۈرەيلا.

— بارغاندا كۆرۈلا، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — خۇدايىم بۇيرۇسا، مەن سىلى بىلەن ئىلىغىچە ئاشۇ ئۇلۇغ تۆت مازىرىنىڭ ھەممىسىنى تاۋاپ قىلىشنى نىيەت قىلدىم. بىزغۇ مازارلارنى ئىشقىلىپ بۇ يەردە بىر ئۇلۇغ زات ياتسا كېرەك، دەپلا قارىسىغىلا زىيارەت قىلىدىكەنمىز. سىلى بولسىلا ھەربىر مازارنىڭ تېگى - تەكتىنى ئوبدان بىلىدىكەنلا...

چۆل شامىلى پاكار ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سۆيۈپ ئۆتەتتى. قۇياش تەپتىدە قىزىغان تاشلارنىڭ ئۈستىدە كەسلەنچۈكلەر غىل - پال كۆزگە چېلىقاتتى - دە، يەنە نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى. ئېگىلىرىنىڭ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكىنىنى بىلگەن ئۇلاغلار ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا قەدەم ئېلىپ ئىلگىرىلەيتتى. ئېگىز ئاسماندا قۇرغۇي قاناتلىرىنى يېيىپ پەرۋاز قىلماقتا ئىدى. ئۆمەر مەدداھ قىلىدىغان گېپىنى ئىزدەۋاتقاندەك خىيالغا چۈشۈپ قالدى.

— ھە، تېخى ئىككى مازارنىڭ خاسىيەتلىرىنى سۆزلىدىلا، يەنە ئىككى مازار توغرىسىدىكى گەپلەر قالدى،— دەپ ئەسكەرتتى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ئىلىخونىڭ كۈنچىقىش شىمالى بۇرجىدا «قاش دەرياسى» دەپ بىر مەشھۇر ئېقىن بار،— دەپ گەپ باشلىدى ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ بايامقى ماختاشلىرىدىن روھى كۆتۈرۈلگەن ئۆمەر مەدداھ يۇقىرى ئاۋازدا،— ئۇ ھەيۋەتلىك تاغلار، تار قىساڭلاردىن ئۆتۈپ ئىلى دەرياسىغا بېرىپ قوشۇلىدىغان باش ئېقىن. ئەنە شۇ قاش دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئابرال تېغىنىڭ تەسكەي ئېتىكىدە بۈك - باراقسانلىق ئىچىدە بىر قەبرە ئۇن - تىنسىز سۈكۈت قىلىپ ياتىدۇ. بۇ — چىڭگىزخاننىڭ ئونىنچى نەۋرىسى سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ مازىرى بولىدۇ. سۇلتان ئۇۋەيسخان بۇنىڭدىن تەخمىنەن 500 يىللار ئىلگىرى ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپ، ئىلىدا «ئىلىبالىق دۆلىتى»[1]نى قۇرغان ئادەم. «ئۇۋەيس» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «قۇدرەتلىك» دېمەك بولىدۇ. سۇلتانى ئۇۋەيس نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ ئىسلام دىنىنىڭ شەرقتە پارلىشىغا كۆپ كۈچ چىقارغان. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرى جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى، ئاتلارنىڭ غەزەپلىك كىشنەشلىرى ئىچىدە ئۆتكەن؛ بەدىنى دۇشمەن تىغلىرىدىن قالغان تارتۇقلار بىلەن تولغان؛ ئەجەل ئۇنىڭ بېشىغا قانچە قېتىم دېۋەيلەپ كېلىپ كەتكەن؛ قانچە قېتىم رەقىبلىرىنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشكەن، ئۆز

---

[1] سۇلتان ئۇۋەيسخاننىڭ ئىلىبالىق ھاكىمىيىتىنى قۇرغان ۋاقتى 1417 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىڭلىسى مەختۇمسۇلانى رەقىبلەرگە ياتلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆز ئەقىدىسى، يولىدىن قايتمىغان، ئاخىرىدا ئۇ ئىسلام ئۇچۇن بولغان جەڭلەرنىڭ بىرىدە شېھىت بولۇپ، شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ئىچىدە «ئۇۋەيسىيە» دەپ بىر تەرىقەت مەزھىپى بار. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «كارامەت كۆرسەتكۈچى» دېگەن بولىدۇ. شۇڭا سوپى ـ ئىشانلارمۇ بۇ مازارنى ناھايىتى چوڭ بىلىدۇ. مېنىڭ ئاڭلىشىمغا قارىغاندا، بۇرۇنلاردا موخغۇللارمۇ بۇ مازارنىڭ ئالدىدىن ئۆتمەكچى بولسا ئاۋۋال ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بويىنىغا سېلىپ پىيادە ئۆتەتتىكەن.

— ياھ، بۇمۇ ناھايىتى كاتتا زاتنىڭ مازىرى ئىكەن، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— «چىن تۆمۈر باتۇر» ھەققىدىكى خەلق ئىچىگە تارقالغان رىۋايەتلەرنىمۇ سۇلتانى ئۇۋەيسىنىڭ ئۆمۈر تارىخىدىن كېلىپ چىققان دېگەن گەپلەر بار، سەمەتئاخۇن، — دەپ سەمەتكە قارىدى ئۆمەر مەدداھ، — «چىن تۆمۈر باتۇر» دېگەن چۆچەكنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، — دېدى سەمەت بالا ۋاقتىدا ئانىسىدىن ئاڭلىغان ھېكايىلەرنى ئېسىگە ئېلىپ، — ھېلىقى قان شورايدىغان جادۇگەر خوتۇن چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ سىڭلىسى مەختۇمسۇلانىڭ ئىشىكىنى قېقىپ: «چىن تۆمۈر باتۇر ئۆيىدە بارمۇ؟ كاپ ـ كاپ كۈچۈكى بوسۇغىدا بارمۇ؟ تۇلپار ئېتى ئېغىلدا بارمۇ؟»... يەنە نېمە ئىدى؟...

— مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟ — دەپ لوقما سالدى قۇۋان.

ــ ھە، «مىسران قىلىچى قوزۇقتا بارمۇ؟» دەيدىغان چۆچەكمۇ؟

ــ ھەببەللى، ئەقلىڭگە ئاپىرىن! ــ دېدى ئۆمەر مەدداھ.

ــ تەقسىر، ئىلىدىكى تۆتىنچى مازار ئىلى دەرياسى بويىدىكى چاپچال مازارغۇ دەيمەن؟ ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ئۆمەر مەدداھ ئوسمان ئۇلاغچىغا لاپ قىلىپ قارىدى ـ دە، سورىدى:

ــ شۇنداق، ئۇ مازارنىڭ دەريا بىلەن ئارىلىقى بىر يۈز گەزلا كېلەر بەلكىم، سىلى ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ باققانمۇ؟

ــ ئۆتكەن، ئىككى ـ ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا شۇ تەرەپتىن گۇرۇچ توشىغىنىم ئېسىمدە، كىشىلەر «چاپچال مازار» دېگەن ئەنە شۇ دەپ بىر گۇمبەزنى كۆرسەتتى. ئۇ يەردە قانداق زاتلارنىڭ، قانداق ئۇلۇغلارنىڭ ياتىدىغانلىقىنى مەنمۇ سورىمىغان ئىكەنمەن.

ــ ئوسمانئاخۇن، ــ دېدى ئۆمەر مەدداھ، ــ زامانى ئاخىر يېقىنلاشقانسېرى مازار ـ ماشايىخلارمۇ ياۋاشلاپ كېتىدۇ، دېگەن گەپ بار، شۇ ئۇلۇغ مازارنىڭ يېنىدىن قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرمەي، ئېشەكلىرىنى خىت دەپلا ئۆتۈپ كەتكەن بولسىلا، ھېلىمۇ ئېشەكلىرى پۇتلىشىپ پۇتى سۇنماپتۇ.

ــ دۇئا قىلدىم، تەقسىر، دۇئا قىلدىم. شۇغىنىسى، كىمگە دۇئا قىلىۋاتقىنىمنى بىلمەيلا دۇئا قىلدىم ـ دە، ئۆزلىرى ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ قويغايلا.

ــ ئوسمانئاخۇن، راستىمنى ئېيتسام، ئۇ مازاردا زادى كىمنىڭ ياتىدىغانلىقىنى مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن. بۇ قېتىمقى سەپىرىمنىڭ مەقسىتىمۇ مانا شۇ مازارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئىشان ـ شەيخلىرىنى زىيارەت قىلىپ، تەزكىرە ـ خاتىرىلىرىنى ئوبدان ئوقۇپ، ئۇ يەردە زادى قايسى ئۇلۇغ زاتنىڭ ياتقانلىقىنى ئېنىق ئۇقماق... بۇ مازارنىڭ ياسىلىش شەكلىدىنمۇ ناھايىتى قەدىمىي مازارلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ئۇنى سىلى دېگەندەك «چاپچال مازار» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، نەچچە يۈز يىللارنىڭ ئالدىدا ئۇ يەرگە زالىم بىر پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا ئېغىر زۇلۇم سالغانىكەن. ئىسلام قوشۇنلىرى بۇ زالىم ئۈستىگە يۈرۈش قىلىپ، «ناغراتاش»[1] دېگەن يەرگە كەلگەندە ناغرا، جەڭ دۇمباقلىرىنى چاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلى دەرياسى ياقىسىدا ئىككى تەرەپ تۇتۇشۇپ شۇنداق قاتتىق جەڭ بوپتۇكى، ئەييۇھەنناس، ئىلى ئىلى بولۇپ مۇنداق قاتتىق يېغىلىق بولۇپ باقمىغانىكەن. ئاخىرىدا ئىسلام قوشۇنى غالىب كېلىپ، دۈشمەننى «چاپ ـ چاپ» دەپ ۋارقىراپ قوغلاپتۇ. يارىدارلارنى سال بىلەن دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇ يەردىكى قىزىق قۇمغا كۆمۈپ داۋالاپتۇ. شېھىت بولغانلارنى دەريانىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى يار ئۈستىگە دەپنە قىپتۇ. مازار ئىسمى «چاپ ـ چاپ مازار» ئاتالغانىكەن. مازار جايلاشقان يۇرت چاپچال دەپ ئاتالغاچقا، بۇ مازارنىڭ نامىمۇ بارا ـ بارا «چاپچال مازار»غا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇدەك. بۇ مازاردىكى چوڭ گۈمبەزگە شۇ قېتىمقى جەڭنىڭ ئەڭ چوڭ سەركەردىسى دەپنە قىلىنغانىكەن. «بۇ زاتنىڭ ئىسىم ـ شەرىپى زادى كىم؟ ئۇنىڭ تېگى ـ تەكتى نەلىك؟ ئۇ

[1] ناغراتاش ـــ توققۇزتارانىڭ غەربىدىكى بىر ئورۇننىڭ ئىسمى.

كىشى زادى قايسى يىلى، قانداق كۈنلەردە ۋاپات بولغان؟»
دېگەن سوئاللارغا ھەركىم ھەر ياڭزا جاۋاب بېرىدىكەن.
مەن ئىلىخوغا مۇز داۋان بىلەن ئۆتۈپ باقمىغان، ئۇ
تەرەپكە بىر يىللىرى يۇلتۇز داۋانلىرى ئارقىلىق بىر
مەرتەم چۈشكەنىدىم. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن چاپچال
مازارنىڭ قارشىسىدا ــ دەريانىڭ شىمالىي لىۋىدە
رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېلىقى ياربدارلارنى كۆمۈپ
ساقايتقان قۇملۇق ھېلىمۇ بار ئىكەن. ئادەملەر ئۇ يەرنى
«قۇم ئارىشاڭ» دەپ ئاتايدىكەن. ھەر يىلى يازدا كۈن
قىزىغاندا ئۇ يەرگە نۇرغۇن ئادەملەر كېلىپ قۇمغا
كۆمۈلۈپ داۋالىنىدىكەن.
ــ بۇمۇ ئاشۇ مازارنىڭ خاسىيىتىدىن بولسا كېرەك؟
ــ شۇنداق، ئۇسمانئاخۇن، سىلى سال ھەيدەيدىغان
ئادەملەرنى كۆرگەنمۇ؟
ــ كۆرمەمدىغان، تەقسىر، خۇدا ئىشلىرىمىزغا
ئوڭايلىق بېرىپ مۇز داۋاندىن سالامەت چۈشسەكلا،
شوتىدىن ئۆتكەندە يول ئۈستىدىكى «قاراكۆل» دېگەن بىر
يەرگە يېتىپ بارىمىز، ئانا شۇ يەردىن باشلاپ دەريادا
ئېقىپ كېتىپ بارغانساللارنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇ
سالچى دېگەنلەر ئالامەت قورقۇمسىز ئادەملەر. قۇچاق
يەتمەيدىغان يوغان قارىغاي ياغاچلىرىنى بۇرنىدىن تېشىپ
چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ، سۇدا لەيلىتىپ كېتىۋېرىدۇ.
ــ ھەببەللى، بىلىدىكەنلا، لېكىن ئۇسمانئاخۇن،
سىلىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇ سال دېگەن ناھايىتىمۇ ياۋاش
لەيلەپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، سالچىلىقنى بەك
خەتىرى بار ئىش دەيدۇ. دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدە تار
جىلغا، بىر ـ بىرىدىن يوغان تاشلار، دەھشەتلىك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قايىناملار كۆپ ئىكەن. بۇ يەرلەردىن ئۆتكۈچە سالچىلارنىڭ سالامەت ئۆتكىنى ئۆتكەن، بولمىسا سالىلىرى تاشلارغا ئۇرۇلۇپ چۇۋۇلۇپ، ئۆلۈكى شۇ يەردىلا قالىدىكەن.

ــ شۇنداق، بۇ گەپلەرنى مەنمۇ كۆپ ئاڭلىغان، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

سالچىلار توغرىسىدا گەپ چىقىشىدى، سەمەتمۇ دىققەت قىلىپ قۇلاق سېلىشقا باشلىدى.

ــ ياماتۇ دېگەن يەرنى سىلەر ئۇلاغچىلار ئوبدان بىلىسىلەر، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئۆمەر مەدداھ، ــ قاش، تېكەس، كۈنەس دەريالىرى شۇ يەرگە كەلگەندە بىر ــ بىرىگە قوشۇلۇپ چوڭ ئېقىن بولۇپ «ئىلى دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ. هازىر قانداق، بىلمىدىم. مەن ئۆتكەن چاغلاردا ئۇ يەردە خېلىلا چوڭ بىر بازار بار ئىكەن. دەريادا كېمە ماڭاتتىكەن. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا كېمىدىن ئۆتۈشنى ساقلاپ ئات ــ هارۋا، ئادەملەر توپلىشىپ تۇرۇپ كېتىشەتتىكەن. دەريا بويى يولۇچىلار چۈشىدىغان دەڭ، ئاشخانا، دۇكانلار بىلەن ئاۋات ئىكەن. ئاشۇ ياماتۇ بىلەن چاپچال مازارنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراقمۇ ئەمەس. سالچىلار هېلىقى مۇشكۈل يەرلەردىن سالامەت ئۆتۈپ ياماتۇغا يېتىپ كەلگەندە: «خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى سال بىلەن جېنىمىز ئۆزىمىزگە تەۋە بولدى» دېيىشىدىكەن. چاپچال مازارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە پالاقلىرىنى تاشلاپ، قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈرۈپ، ئاللانىڭ ئۆزلىرىنى بۇ يەرگە سالامەت يەتكۈزگەنلىكىگە شۈكۈر ئېيتىپ چاپچال مازاردا ياتقان ئۆلۈغلارنىڭ روهىدىن ئۆزلىرىگە مەدەت تىلەيدىكەن،

بولمىسا، كىيلەر نۆۋەت سال بىلەن ماڭغاندا چوقۇم بىرەر خىيىم ـ خەتەرگە ئۇچرايدىكەن...

— يا ئاللا! — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ھەممە سىرلارنىڭ يەشكۈچىسى جانابى ئاللا! — دېدى مەدداھ، — بىز پەقەت قىياسلا قىلالايمىز، خالاس.

— دوس... ت!

قۇۋان «ئەزمە» يەنە مۇگدەپ ئويغانغاندەك تۇيۇقسىز ۋارقىرىۋەتتى. ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ئۇلاغلار چۆچۈپ ئىتتىك مېڭىپ كېتىشتى. ئۆمەر مەدداھقا دوست تارتىپ بېرىپ يۈرۈپ قۇۋان «ئەزمە»گە ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ شۇنداق ۋارقىراپ تۇرۇش ئادەت بولۇپ قالغاندى. ئۇ بەزىدە بازاردا كېتىپ بارغان بولسا مانتىپەز ئۇستامنىڭ «ياپىرىم!» دەپ ۋارقىراپ قاسقاننى كۆتۈرگىنىنى ئاڭلىسىمۇ ئىختىيارسىز «دوست!» دەپ ۋارقىرىۋېتىپ قالاتتى. كېچىسى ئۇخلاۋاتقان چاغلىرىدا ئۆينىڭ يېنىدىن بىرەرسى قاتتىقراق ئاۋازدا ناخشا توۋلاپ ئۆتۈپ قالسىمۇ چۈشەكەپ دوست تارتاتتى. ئۇ ئۆمەر مەدداھنىڭ دەبدەبىلىك گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئىنتوناتسىيەسى ۋە ئۇرغۇلىرىغا قاراپلا قەيەردە دوست تارتىش كېرەكلىكىنى تەبىئىي ھېس قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۆمەر مەدداھ سۆزلەۋاتقان جەڭنامە ـ قىسسەلەرنىڭ مەزمۇنى، ۋەقەلىكلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئانچە كىرىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ خىيالىدىن بولسا قايسىبىر يولدا ئۇچراشقان پۇركەنجىلىك خوتۇننىڭ تولغىنىپ مېڭىشلىرى، قايسىبىر بازاردىكى چوكاننىڭ ئۇنىڭغا چۈمپەردىسىنى قايرىپ قويۇپ قاراشلىرى نېرى كەتمەيتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇ ئۆمەر مەدداھ

ئۇچۇن كەم بولسا بولمايدىغان ئادەم ئىدى. قوۋان ئۇنىڭ يىراق - يېقىن ئىشلىرىغا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ خىزمىتىنى قىلاتتى. مەدداھلىق سورۇنلىرىنى تۈزۈشكە ياردەملىشەتتى. بۇ خىزمەتلىرى ئۇچۇن ئۇ ئۆمەر مەدداھدىن بىرەر قېتىممۇ ھەق تەلەپ قىلىپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بۇ مەدداھقا ئالاھىدە ئەقىدىسى بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ توختىماي مېڭىپ يېڭى - يېڭى يۇرتلارنى كۆرگىنىگە خۇش ئىدى. ئۇ يەرلەردە يەنە ھېلىقىدەك رۇخسارىنى غىل - پال كۆرسىتىپ قويۇپ يۈرەككە ئوت ياققىدىغان يېڭى - يېڭى ساھىبجاماللار ئۇچراپ تۇراتتى.

## توققۇزىنچى باب

# ھۆسەن بايۋەچچە

قەشقەردە قاسساپ تولا، ئەمما قادىر «بىلەي» يەنە باشقىچە بىر قاسساپ ـ تە! قادىر «بىلەي» دېسە ئۇنى تونۇمايدىغىنى يوق. باشقىلار قوي باغلايدىغان تانىسىنىڭ چىگىشىنى يېشىپ قويىنى باغلاپ بولغۇچە ئۇ «يا جەئفەرى سادىق!»① دەپ قويىنى كۆتۈرۈپ يىقىتىپ بېشىنى قىبلىگە قىلىپ، «ئاللاھۇئەكبەر!» دەپ تەكبىر ئېيتىپ پىچاق ئۇرۇپ، تېرىنى پۈۋلەپ كۆپتۈرۈپ گۆشتىن ئاجرىتىپ، قويىنىڭ ئاچچىق ئۈچەي ـ تاتلىق ئۈچەي، ئۆپكە ـ قېرىن، ئىچ ماي ـ قۇيرۇق ماي دېگەنلىرىنى جاي ـ جايىدا ئايرىپ ئون مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە گۆشنى پارچىلاپ بولىدۇ. ئۇنىڭ قوي بوغۇزلايدىغان، تېرە ئاجرىتىدىغان، گۆش پارچىلايدىغان پىچاقلىرى ھەرقايسىسى ئايرىم. بۇ پىچاقلار قادىر «بىلەي»نىڭ قولىدا ھېچبىر ئۇستىخانغا ئۇرۇلماستىن، خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك شۇنچىلىك راۋان ھەرىكەتكە كېلىدۇكى، كەكە ـ پالتا ئىشلەتمەستىنلا گۆشلەرنى ئۇگە ـ ئۇگىلىرىدىن ئاجرىتىپ بېرەلەيدۇ.

---

① جەئفەرى سادىق ـــ قاسساپلارنىڭ پىرى.

قادىر «بىلەي» پاكار، دىقماق، كۆتمەك بۇرۇت ئادەم ئىدى. مايلىشىپ كەتكەن ئىشتىنىنىڭ لىپپىزىگە دائىم بىر - ئىككى پىچاقنى ئىسقۇىلىپ يۈرەتتى. نەگە بارسا بىكار تۇرماي يانچۇقىدىكى چىقىن قانات بىلىيى بىلەن پىچاقلىرىنى بىلەپلا ئولتۇراتتى. «پىچاقنى پىچاق قىلىدىغان بىلەي» دىگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. شۇڭا باشقىلار ئۇنى «قادىر قاساپ» دىمەي، «قادىر بىلەي»لا دەيتتى.

قادىر «بىلەي» مال سويۇشتا داڭ چىقىرىپ بىر مەزگىل يۈردى. ھەربىر كەسىپنىڭ شۇنداق داڭدار ئادەملىرى بولىدۇ. ئۇنى سىز بىلەن بىز ئانچە بىلىپ كەتمەيمىز. ئەمما، كاسىپلار ئۆزئارا بىر - بىرىنى ئوبدان بىلىشىدۇ. بولۇپمۇ قەشقەردەك ھۈنەرۋەنلەر توپلاشقان شەھەردە كاسىپنىڭ ياخشىسى بولمىسا جان باقالمايدۇ...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قادىر «بىلەي» يوغان بىر قوچقارنى سويماقچى بولۇپ كۆتۈرۈپ باستى. قوچقارنىڭ ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن ئارقا بىر پۇتىنى جۈپلەپ چىگمەكچى بولغان ئارىلىقتا قانداق بولغان، ھىلىقى قوچقار بىر تېپىپ قاسساپنى ئوگدىسىغا ئۈچۈرۈۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بۇ قادىر «بىلەي»نىڭ ئەللىك ياشىنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان ۋاقتى ئىدى. ئۇ: «ھە، قادىر، ئەمدى يېشىڭ چوڭ بولۇپ قاپتۇ» دەپ ئويلىدى. مەيدىسىدە بىر ئاغرىق پەيدا بولۇۋېلىپ خېلى بىر مەزگىل مال سويماي يۈردى. بىر كۈنى كېچىدە چۈشىدە ئۇ ھېلىقى يوغان قوچقارنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. چۈشىدە ئۇ قوچقارنىڭ مۈڭگۈزىگە مىنىپ قىلىپ

چۈشەلمەي تەر بېسىپ كەتكەندى. خوتۇننى نوقۇپ ئويغاتتى.

— سىلىگە نېمە بولدى؟ — دېدى خوتۇنى ئۇيقۇلۇقتا كۆزىنى ئاچالماي.

— قوپۇڭلار، چىراغنى يېقىڭلار! — دېدى قادىر «بىلەي».

چىراغنىڭ سۇس يورۇقى ئۆي ئىچىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى. قادىر «بىلەي» قوپۇپ تاھارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. شۇ يىللاردا بازارنىڭ ئىتتىكلىكىدە بەزىدە مالنىڭ يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ تەكبىر ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي بوغۇزلىۋەتكەنلىرىنى، شارقىراپ ئاققان قان، مالنىڭ قاسساپقا تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغان كۆز قارىچۇقلىرىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ تېنى شۈركۈندى. جايناما‌زدا ئولتۇرۇپ خۇدادىن گۇناھىنى تىلىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ مال سويىدىغان پىچاقنىمۇ قولىغا ئېلىپ باقمىدى. كېيىن ئۇ بىرقانچە يەرلەردە گۆش دۇكىنى ئېچىپ شاگىرتلارنى ئىشقا سالدى. قادىر «بىلەي»نىڭ ئوقىتى كۈندىن - كۈنگە راۋاجلىنىپ، دۇكانلىرىنىڭ سانىمۇ ئېشىپ، ئاخىرىدا ئۇ قەشقەرنىڭ كۈندىلىك گۆش تىجارىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئادەملەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. كىشىلەر ئۇنى يەنە ئارقىسىدىن قادىر «بىلەي» دېسىمۇ، ئالدىدا خۇشامەت قىلىپ قادىر باي دەيتتى.

قادىر «بىلەي»نىڭ ئىلگىرىكى خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ، قادىر باي ئاتالغاندىن كېيىن ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ خوتۇن ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىكى چوڭ خوتۇنىدىن ھەسەن - ھۈسەن ئىسىملىك ئىككى ئوغلى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بار ئىدى. قادىر «بىلەي» ھازىر ياش خوتۇنلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇلاردىن بولغان كىچىك بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ، نامرات كۇنلەردە تاپقان باللىرىنىڭ تەربىيەسىگە ئېشىنالماس بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن قادىر «بىلەي»نىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن دادىسىغا قېيىداپ، ئىنىلىرىغا ماڭغان ئېشەكچىلەرگە ئەگىشىپ ئىلىغا چىقىپ كەتتى. ئىككىنچى ئوغلى ھۈسەننى «ئۇ ماڭا ئوخشاش مال بوغۇزلايدىغان قارا قورساق ئادەم بولۇپ قالمىسۇن» دەپ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىكى بىر قانچە موللىلارغا ئوقۇشقا تۇتۇپ بەرگەنمۇ بولدى، لېكىن ئۇ ئۇششاق سۈرىلەرنى يادلاشتىن نېرى بارالمىدى. ھۈسەننىڭ كۆڭلى ئوقۇشتا ئەمەس ئىدى. چوڭ بولغانسېرى ئۇ دادىسىدەك پاكار، دوغىلاق ئادەم ئەمەس، ئانىسىنى تارتىپ ئېگىز، زىلۋا يىگىت بولدى. يېقىندىن بېرى ئۇ دۇكانلاردىكى غەللىدىن پۇل ئوغرىلاپ قىمار ئويناشنى ئۆگىنىۋالغانىدى.

قادىر «بىلەي» پۇل تېپىپ «قادىر باي» ئاتالغاندىن كېيىن، ئۆزى قارا قورساق بولسىمۇ مەسچىت جامائىتىگە ئارىلىشىپ، بىلىمدار ئۆلىمالار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىدىغان بولغانىدى. ئۇ بەزىدە تېخى قۇرئان، ھەدىسلەردىكى ھەقىقەتلەر ئۈستىدە بولغان مۇھاكىمىلەرگىمۇ ئارىلىشىپ سۆز قىتىپ قوياتتى. ئۆلىمالار قادىرنىڭ بىلىمسىزلىكىگە ئىچىدە كۈلسىمۇ، يەنە ئۇنىڭغا قاتارىدىن ئورۇن بېرىشىپ، «ۋاي، قادىر باي» دېيىشەتتى. چۈنكى، ئۇلار ھەپتىدە بىر ـ ئىككى كۈن قادىر «بىلەي»نىڭ داستىخىنىدا گۆش يەپ، مېھمان بولۇپ تۇراتتى. قادىر «بىلەي» قەشقەردىكى بۇ يۇقىرى

قاتلام كىشىلەرگە ئارىلاشقانسېرى ئوغلى ھۇسەننىڭ قىلىقلىرىدىن خىجالەت بولۇپ قالىدىغان بولدى. بۇ بالىنىڭ ھېچبىر ئىشقا قوڭى يوق ئىدى. مال سويۇش، گۆش سېتىش دېگەنلەرگە ئىشەنچلىك قويغىلى، بولۇپمۇ غەللىگە يېقىن يولاتقىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرى ھۇسەن چاچ بازىرىغا ئۆگىنىۋالغانىدى. قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، دادىسىنىڭ پۇللىرىنى بىر ئاماللاپ قولغا چۈشۈرۈپ ئايىماي خەجلەپ يۈرگەچكە باشقىلار ئۇنى «ھۇسەن بايۋەچچە» دەپ قوياتتى.

چاچ بازىرى قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى بازار رەستىلىرىنىڭ بىر چەتلىرىدە بىرقانچە يەردە بار ئىدى. ئۇ كەملەردە ئاياللارنىڭ بىلەكتەك توم قارا چاچلىرىنىڭ تېقىمىدىن ئېشىپ تاشلىنىپ تۇرۇشى چوڭ سۆلەت ھېسابلىناتتى. بەزى سەتەڭلەرنىڭ چېچى ھەتتا يىلاندەك تولغىنىپ يەردە سۆرىلىپ تۇراتتى. مۇنداق چاچلارنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى ئايرىيالماي كىشى ھەيران بولاتتى. چاچ بازىرىنى ئاياللارنىڭ چۈشۈپ كەتكەن ياكى چۈشۈرۈۋەتكەن ئۇزۇن چاچلىرىنى ئەكېلىپ ساتىدىغان ھاجەتمەنلەر، مۇنداق چاچلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى تۈرى بويىچە ئۇزۇن ـ قىسقا، ھەر خىل رەڭدە چىرايلىق «ئەتمە چاچ» قىلىپ رەتلەپ چاچ سالىدىغان خېنىملارغا يۇقىرى باھادا ساتىدىغان چاچچىلار قىزىتاتتى. بۇ يەردە يەنە ئۆرۈمە چاچلارغا يانداش ئېسىلىدىغان ھەر خىل چاچ بېزەكلىرى، چاچتەڭگە، ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ياسالغان تۆشۈك مونچاق، مارجانلار، خىلمۇخىل تارغاق، سۈزگە، سۈرمە، خېنە، ئوسما، ئۈپا ـ ئەڭلىك، خېنىملار ئۆزىدىكى

غەيرىي پۇراقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىپار، سەندەل، ئەنبەر، ئەتىرگە ئوخشاش خۇش پۇراق بويۇملار، ھەتتا چاچقا مەلھەم قىلىپ چىپلىدىغان جىگدە يېلىملىرىغىچە سېتىلاتتى.

نىمشقىدۇر بۇ چاچ بازىرىنىڭ ئانچە ياخشى نامى يوق ئىدى. بۇ يەردە ئۆزىگە جۇپ ئىزدەپ چىققان تول چوكانلار، قەشقەردە نامى بار داڭدار سەتەڭلەر، ئەر - خوتۇنلارنى بىر - بىرى بىلەن تېپىشتۇرۇپ پۇل تاپىدىغان دەللەلەر ئۇچراپ تۇراتتى. ھۇسەن بايۋەچچە مۇشۇ بازارغا كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان سەتەڭلەرگە ئۆگىنىۋالغانىدى. قادىر «بىلەي» بېشىنى ساقايتىش ئۈچۈن ھۇسەننى ئالدىغا چاقىرىپ: «ماڭ جۇگۇ، ئىلىغا چىقىپ ئاكاڭنى ئىزدەپ تېپىپ ھال - ئەھۋالىنى سوراپ كەل! ھەممە ئادەم ئىلىخونى بىر ئىبرىقىدا ئالتۇن، بىر ئىبرىقىدا كۈمۈش ئاقىدۇ، دەپ ماختايدۇ. ئاكاڭنىڭ ھال - كۈنى ياخشى بولسا سەنمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ قالارسەن، يامانراق بولسا بىللە يۇرتقا قايتىپ كېلەرسىلەر» دەپ ئىككى قېتىم يولغا سالدى. ھەر ئىككىلا قېتىمدا ھۇسەن بايۋەچچە دادىسىنىڭ يولغا دەپ بەرگەن پۇلىنى قىماردا ئۇتتۇرۇۋېتىپ ياكى نىمىلەرگىدۇر خەجلەپ تۈگىتىپ، داۋان ئاشمايلا قايتىپ كەلدى.

ھۇسەن بايۋەچچە ھەر قېتىم قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە يەنە پېتىنى بۇزماي، دادىسىنىڭ دۇكانلىرىدىن پۇل ئېلىپ خەجلەپ يۈرۈۋېرەتتى. ئەگەر بىرەرسى: «بايۋەچچە، سىلىنى ئىلىخو تەرەپكە كەتتى، دېگەندەك قىلىۋىدى؟...» دەپ گۇمان بىلەن سورىسا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلىغا چىقماي قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئاجايىپ - غارايىپ يالغانلارنى

تـوقـۇيـتتـى. ئـەلـۋەتتـە ئـۇ: «دادام بـەرگـەن پـۇلـلارنـى خوتۇنلارغا خەجلىمدىم ياكى يولـدا قىمارخـانىلاردا مەيدە مـۇشتلاپ تـۇگـەتتـىم» دېسە بولـمـايدۇ ـ دە! تولـىـراق خەقنىڭ ئارىسىدا «قادىر (بىلەي)»نىڭ ئىلىخـوغا ماڭغـان ئوغلىنى يولدا بۇلاڭچىلار بۇلاپتۇدەك» دېگەن گەپ تـولا تارقىلاتتى.

ــ ئىلىخونىڭ يولىدىكى بۇلاڭچىلارغا ھېچكىم تـەڭ كېلەلـمىگـۇدەك، ــ دەپ ھـېكايـە قـىلـىـشـاتتى ھـۇسـەن بايۋەچچىنىڭ قايتىپ كەلـگـەنلىكـى تـوغرىسىدا سۆزلەيدىغانلار، ــ ھـۇسەن بايۋەچچە ئاستىدىكى ئـات، يېنىدىكى ھەممە پۇل ـ پۇچەكلىرىنى بېرىپ جېنىنى ئارانلا قۇتـۇلدۇرۇپ قاپتـۇ؛ بىلـلە ماڭغـان ئـېشەكچى جاھىللىق قىلىپ، بۇلاڭچىلار بىلـەن ئېلىشماقچى بوپتىكەن، مالـلىرىدىنمۇ، جېنىدىنمـۇ ئايرىلـىپتۇ؛ شۇ كارۋانغا ئەگىشىپ بىللە كېتىۋاتقان يەنە بىر ـ ئىككىيلەننىمۇ بۇلاڭچىلار ئۇرۇپ، يانچۇقلىرىنى ئـۆرۈپ ئـاختۇرۇپ، ئۇستىدىكى كىيىم ـ كېچەك، پـۇتىدىكى ئاياغلىرىدىن تارتىپ قويماي سالدۇرۇپ، قىپيالىڭاچ قىلىپ قويۇپ بېرىپتۇدەك...

مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان بەزىلەر:

ــ ئەجەب ئۇ ئوغرىلار ھۇسەن بايۋەچچىگە چېقىلماي، ئۇنىڭ پۇلى بىلەن مېلىنى ئېلىپلا ئۆزىنى ساق يولغا سېلىپ قويۇپتا؟ ــ دەپ گۇمان بىلەن سورايتتى.

بۇ سوئالغا ھېلىقى ھېكايىچىلەر مۇنداق جاۋاب قىلاتتى:

ــ ھۇسەن بايۋەچچىدىن ھېلىقى بۇلاڭچىلار: «كىمنىڭ بالىسى سەن؟» دەپ سورايتىكەن، ھـۇسـەن بايۋەچچە:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



«قادىرنىڭ، قەشقەردىكى قادىرنىڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. «قەشقەر دېگەندە قادىردىن تولا نېمە يوق، قايسى قادىرنىڭ؟» دەپ سورىغانىكەن، ھۈسەن بايۋەچچە: «قادىر باينىڭ، قادىر ‹بىلەي› دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھېلىقى بۇلاڭچىلارنىڭ باشلىقى: «بولدى، بولدى... بۇ يىتىمگە چېقىلماي، قەشقەرگە ساق يولغا سېلىپ قويۇڭلار!» دەپتۇدەك...

بۇ ھەقتە قادىر «بىلەي»نىڭ ئۆزى باشقىلارغا ھېكايە قىلسا:

— توۋا دەيمەن، قەشقەر بىلەن ئاقسۇ ئەتراپىدىكى يول توسۇپ يۇرىدىغان بۇ ئوغرىلار مېنى قانداق تونۇيدىكىن، «قەشقەردىكى قادىر باينىڭ ئوغلىمۇ سەن؟ ھىم...» دېيىشىپتۇ ـ دە، ھۈسەننى ساق ـ سالامەت يولغا سېلىپ قويۇپتۇ، ھەر نېمە بولسا بالا ئامان قايتىپ كەلدى. پۇل دېگەن تېپىلمىدىغان نېمىغۇ! ــ دەيتتى.

قادىر «بىلەي» ئاغزىدا شۇنداق دەپ قويغان بىلەن كۆڭلىدە ھۈسەننىڭ گەپلىرىگە ھەرگىز ئىشەنمەيتتى.

ھۈسەن بايۋەچچە ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلگەندە شۇنداق غەلىتە ھېكايىلەرنى توقۇدىكى، بۇ گەپلەرگە ئەمدى كىچىك بالىنىمۇ ئىشەندۇرمەك تەس ئىدى. ھۈسەن بايۋەچچىنىڭ گېپىگە قارىغاندا، بۇ قېتىم قاراقچىلار يولۇچىلارنىڭ يولىنى تورىغاندا ھۈسەن بايۋەچچە ئۇلار بىلەن ناھايىتى قاتتىق ئېلىشىپتۇدەك، يېنىدىكى پۇللارنى بەرگىلى ئۇنىماي خېلى ھەپىلىشىپتۇ. ئالدىنقى قېتىمقى ساۋاقلارنى ئېسىدە تۇتۇپ ئۇ پۇللارنىمۇ خېلى مەھكەم يەرگە جايلاشتۇرغانىكەن. لېكىن، قاراقچىلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن ناھايىتى ئۇستا سېھىرگەر چىقىپ

قاپتۇممىش. ئۇ نېمىدۇر بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپتىكەن، ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ يانچۇقلىرىنىڭ چاك ـ چېكى، چاپانلىرىنىڭ ئەستەرلىرى سۆكۈلۈپ، بايۋەچچىنىڭ پېتەكنىڭ ئاستى، كالتە ئىشتانلىرىنىڭ ئاللىقانداق يەرلىرىگە تىقىقان پۇللىرىغىچە قالماي غۇيۇلداپ ئۇچقانچە بىرىپ ھېلىقى سېھىرگەرنىڭ چۆنتىگە چۇشۇپ كېتىپتۇمىش. ئۇنىڭ ھەربىر يانچۇقىنىڭ چوڭلۇقى تاغاردەك بارمىش.

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلار ئىشەنمەي، بايۋەچچىگە دارىتمىلاپ سورايتتى:

ــ ئۇنداق بولسا بايۋەچچە ئاستىڭلىدىكى ئېتىڭلىمۇ ئېگەر ـ توقۇمى بىلەن شۇ سېھىرگەرنىڭ چۆنتىگە چۇشۇپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

ــ شۇنداق بولدى، ــ دەيتتى ھۇسەن بايۋەچچە قىزىرىپمۇ قويماي، ــ قارىسام ئېگەرنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرالماي قاڭقىپ كېتىۋاتىمەن. «نېمە گەپ بولاپ كەتتى» دەپ سەكرەپ ئاتتىن چۇشۇشۇمگىلا ئاۋۋال ئېگەر ـ توقۇم، ئارقىدىن ھېلىقى دادام مىندۇرۇپ قويغان ياخشى ئات بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇدۇل ئۇچۇپ بېرىپ ھېلىقى سېھىرگەرنىڭ يانچۇقىغىلا چۇشۇپ كەتتى. قورققىنىمدىن ئارقامغا ياندىم ـ دە، قەشقەرگىلا قاراپ قاچتىم...

ئۇچىنچى قېتىمدا قادىر «بىلەي» ھۇسەن بايۋەچچىنى ئات ـ ئۇلاغمۇ ئېلىپ بەرمەي پىيادىلا يولغا سالماقچى بولدى. ئۇ ئۆتكەن قېتىمقى ئاچچىقىدىن يانمىغانىدى. شۇ قېتىم ئۇ ھۇسەنگە ئۆزى مىنىپ يۇرگەن تازىمۇ سىلىق يورغىسى بار ئېتىنى مىندۇرۇپ قويسا قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىقى ھېلىقى بولدى. ھۆسەننىڭ ئۇ چاغدا توقۇغان يالغانلىرى شۇنچىلىك كۈلكىلىك بولغان ئىدىكى، قادىر «بىلەي» ئوغلىنىڭ ئۆزىنى كىچىك بالىدەك كۆرۈپ قىلمۇۋاتقان گەپلىرىگە ئىچ - ئىچىدىن خاپا بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھۆسەننى ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ، ئۇنى ئۇلاغچىغا قوشۇپ قويماقچى بولدى. ئوسمان ئۇلاغچى قادىر «بىلەي»نىڭ بۇ ئوغلىنىڭ سەپەرگە تازا ئىشەنچلىك ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، قادىر «بىلەي»نىڭ يۈزىنى قىلىپ ئۇشۇق گەپ قىلالمىدى. ئوسمان ئۇلاغچى سەپەرگە تەخ بولۇپ يولغا چىقماقچى بولغاندا ھۆسەن بايۋەچچە كەلمىدى. ئوسمان ئۇلاغچى ئىككى كۈن ئۇنىڭ يولىغا قاراپ، ئۈچىنچى كۈنى يولغا چىقىۋەرگەنىدى.

ھۆسەن بايۋەچچە ئۇ كۈنلەردە ئاۋۋال دادىسىدىن ئازراق بىرنەرسە يۇلۇپ، ئاندىن يولغا چىقىشنىڭ كويىدا يۈرگەنىدى.

— دادا، يول بەك ئۇزۇن، مۇز داۋان دېگەن يەرلەرنىڭ قانچىلىك خەتەر ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولغىيتتىلا؟... ھېچبولمىسا يۈك - تاقنى ئارتىدىغانغا بىرەر قوتۇر ئېشەك بولسىمۇ ئېلىپ بەرسىلە، ئاكامنىڭ ئالدىغا مۇشۇنداق قەلەندەر مەھەللىسىنىڭ قەلەندەرلىرىدەك يالاق بارسام سىلىگىمۇ ياخشىمۇ؟ — دەيتتى ھۆسەن.

قادىر «بىلەي» ئاخىر ئوغلىغا يامان ئەمەس بىر قېچىر ئېلىپ بەردى. قادىر «بىلەي»نىڭ خوتۇنلىرى ئارىسىدا چوڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندە، دەسلەپتە ئالغان بىر خوتۇنى بار ئىدى. ھۆسەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىچىك كەلگەچكە، قانداقلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا ئاز - تولا ئانىلىق

مېھرى بار ئىدى. ئۇ ئېرىگە بىلىندۈرمەي، ئالتۇن جابدۇقلىرىنى سېتىپ ئۇنىڭغا ئازراق پۇل جۆندەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھۇسەن بايۋەچچە ھېلىقى قېچىرغا مىنىپ، ئوسمان ئۇلاغچىدىن ئىككى كۈن كېيىن يولغا چىقتى.

— ماڭا قارا، ھۇسەن، ماۋۇ مېنىڭ سېنى ئۇچىنچى قېتىم يولغا سېلىشىم جۇما، — دېدى قادىر «بىلەي» ئوغلىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، — ھەر مەرتەم ئۇچ مەرتەم دېگەن گەپ بار... ھە!... بۇدامۇ يەنە ھېلىقىنىڭدەك خېنىملار بىلەن مەيدە مۇشتلىشىدىغان قىمارۋازلارنىڭ سورۇنىغا كىرىپ كېتىپ ھەممىنى يوق قىلىپ كېلىدىغان بولساڭ كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما.. ياخشىسى ماۋۇ قەشقەرگىمۇ ئاياغ باسما!... ئوسمانئاخۇن كېتىپ قېلىپ يامان قېپتۇ، يولنى بىلىدىغانسەن؟

— بىلمەمدىغان، دادا، مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇچىنچى رەت مېڭىشىم تۇرسا... — دېدى ھۇسەن خىجىلمۇ بولماي.

— باشقا گەپىنى قويۇپ ئوسمان ئۇلاغچىغا يېتىشىۋال، ياخشى ئادەم. ئەممىسە خۇداغا ئامانەت!

— دادا، خاتىرجەم بولسىلا.

※ ※ ※

ئوسمان ئۇلاغچى بىلەن كېتىپ بارغان يولۇچىلار چۆل يوللىرىدا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. بۇ ئەگرى - توقاي يوللار مەھەللىلەرنى مەھەللىلەرگە، يۇرتلارنى يۇرتلارغا ئۇلايتتى. قانچە يىللاردىن بېرى كارۋان ئۇلاغلىرىنىڭ تاقىلىق، تاقىسىز تۇياقلىرى ئاستىدا بۇ يولنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



داڭگاللىرى ئېزىلىپ توپىغا، تاشلىرى ئۇۋۇلۇپ قۇمغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلاغلار ئاياغلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ يولۇچىلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ خېلى ۋاقىتقىچە يول ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەتراپقا تارقىلىپ كېتەتتى. كۈن بارغانسېرى ئىسسىپ تىنچىق باشلانماقتا ئىدى.

يولۇچىلار يولدىن چىقىپ ئازراق مېڭىپ ئەتراپقا بۇككىدە كۆلەڭگە تاشلاپ تۇرغان بىر چوڭ قارىياغاچ ئاستىغا كېلىپ توختاشتى. بۇ ھەيۋەتلىك قارىياغاچ قاچاندۇر بىر چاغلاردا بۇ چۆلدە شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇرغانلىقتىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يىلتىزلىرىنى سۇ ئەلۋەك شۇ يىللاردىلا زېمىنىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگىچە يېيىپ بولغان بولۇپ، شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ ھازىر يەنە يوغان شاخلىرىنى ھەر تەرەپكە تاشلاپ مەزمۇت تۇراتتى. قارىياغاچ ئاستىغا چېچىلغان ئوت - چۆپ ئۇۋاقلىرى، تاشلارنى يىغىپ ياسىغان ئىستا قارىيىپ كەتكەن ئوچاق بۇ يەرنىڭ ئۇياق - بۇياققا ماڭغان يولۇچىلارنىڭ بىر توختاپ ئۆتىدىغان مەنزىلى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى... يولۇچىلار ئۇلاغلارنىڭ تۆشباغلىرىنى بوشىتىپ، ئۈستىدىكى ئېغىرراق يۈكلەرنى چۈشۈرۈشتى. ئوت يېقىپ، قاپاقتىكى ئىسسىپ قالغان سۇلاردىن چۆگۈنگە تۆكۈپ ئوتقا قويۇشتى. بۇ يەردە ئۇلار تاماقلىنىپ، ئازراق ئارام ئېلىپ، سالقىن چۈشكەندە يولغا چىقماقچى بولۇشتى. ھۆسەن بايۋەچچە دەل مۇشۇ مەنزىلدە ئۇلارغا يېتىشىۋالدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تاغىلار! — دەپ قىچقىرىدىن

سەكرەپ چۈشۈپ ھەممىگە تەڭ سالام بەردى ھۈسەن بايۋەچچە،— يا ئاللا ماۋۇ ئىسسىقنىڭ بولۇۋاتقىنىنى... دادام «ئاشۇ ئوسمانئاخۇن ئاكاڭغا يېتىشىۋالمىساڭ بولمايدۇ» دەپ بەك جىكىپ كېتىۋىدى، ئەجەبمۇ ئىتتىك مېڭىپسىلەر، يېتىشەلمەيلا كەتتىم.. ھېلىمۇ تەلىيىم بار ئىكەن، يۇقىرىدا بىر ئاچا يول بار ئىكەن، تاغ تەرەپكە بۇرالغان يول بىلەن ماڭغان بولسام باشقىلا بىر يەرلەرگە كېتىپ قالاتتىمكەن...

— قېنى، بايۋەچچە، داستىخانغا چايغا كەلسىلە،— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،— ھە، ئاۋۋال قېچىرنى ئاۋۇ ياغاچقا ئاپىرىپ ئوبدان باغلىسىلا.

ھۈسەن بايۋەچچە قېچىرنى جايلاشتۇرۇپ، ئالدىغا ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ ئۇلاغلىرىنىڭ ئالدىدىن ئاشقان ئوت ـ چۆپلەردىن ئازراق تاشلاپ بېرىپ داستىخانىنىڭ بىر بۇرجىكىگە كېلىپ ئولتۇردى.

— يا ئاللا، ھەمراھ بولمىسا بۇ ئۇزۇن يولنى بېسىپ بولماق مۈشكۈل بىر گەپكەن،— دېدى ھۈسەن بايۋەچچە ئولتۇرغانلارغا تەكشى قاراپ،— ئىچىمنىڭ پۇشقىنىنى ئېيتايمۇ...

— ئۇكام، سەنمۇ ئىلىخوغا ماڭدىڭمۇ؟— دەپ سورىدى ئۆمەر مەدداھ ھۈسەنگە يەر تېگىدىن قاراپ.

— ئىلىخوغا، تاغا.

— ئوسمانئاخۇننىڭ سىېنى «بايۋەچچە» دەپ چاقىرغىنىغا قارىغاندا باينىڭ بالىسى ئوخشىمامسەن؟

— سىلى تونۇمدىلىكى،— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،— ھېلىقى قەشقەردىكى داڭلىق قاسساپ قادىر «بىلەي»نىڭ ئوغلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ھە، قادىر «بىلەي» دەپ ئاتىلىدىغان، — دېدى ئۆمەر مەدداھ.

— دادام ئۇنچىۋالا بايمۇ ئەمەس، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، — نېمىشقىكىن، خەقنىڭ ھەممىسى مېنى «بايۋەچچە» دەپ چاقىرىدىغۇتالڭ؟

سەمەتنىڭ ھۇسەنگە بىر قاراپلا خۇشى قالمىدى. نېمىشقا خۇشى قالمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇستىدىكى بايۋەچچە سۆپەت كۆرسىتىپ تۇرىدىغان كىيىملىرى، مىنىپ كەلگەن قېچىرىنىڭ جابدۇقلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىغانىدى. ھۇسەننىڭ قېچىرىنىڭ بويىنىدىن تارتىپ ساغرىسىغىچە ئۇششاق - چوڭ قوڭغۇراقلار ئېسىلغان بولۇپ، نوختا، چۇلۋۇر، تۆشباغلىرىغىچە ئالىيپشىل پۆپۈكلەر بىلەن بېزەلگەنىدى... ئەمما ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ كېلىپ قېتىلغىنىغا قۇۋان «ئەزمە» ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئىلگىرى بىر - بىرىنى تونۇسا كېرەك، كۆرۈشۈپلا جانلىنىپ كېتىشتى. قۇۋان «ئەزمە»:

— قېنى، بايۋەچچە، تارتىنماي ئالسىلا، — دەپ ھۇسەن بايۋەچچىگە چاي قۇيۇپ سۇنۇپ، نانلارنى ئالدىغا سۈرۈپ قويدى.

ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ يېتىشىپ كەلگىنىگە ئوسمان ئۇلاغچىمۇ ئانچە خۇشال بولۇپ كەتمىدى. قەشقەردە قادىر «بىلەي» بۇ بايۋەچچىسىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە: «ئوسمانئاخۇن، ماڭا قارىسىلا، ماۋۇ ھۇسەن دېگەن تەنتەكنى پالانچىنىڭ بالىسىتى، كۆڭلىگە كېلىپ قالارمۇ، دەپ ئاياپ ئولتۇرماي، ئۆزلىرىنىڭ بالىسىدەك قولىقىنى ئۇبدان تولغاپ، يانلىرىدىن نېرى قىلماي

كۆز ـ قۇلاق بولۇپ ئىلىخو دېگەن يۇرتقا بىر ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزۈپ ئاكىسىغا تاپشۇرۇپ بەرسىلە، كەلگەندە مەن سىلىنى يەنە ئايرىم رازى قىلىمەن» دەپ جېكىلىگەنىدى. بۇ بايۋەچچە ئۇنى يولغا چىقماي تۇرۇپلا ئىككى كۈن گالۋاڭ قىلدى. ئاچچىقىدا ئۇ قادىر «بىلەي»نىڭ بۇ بايۋەچچىسىگە قارىمايلا يولغا چىقىۋەرگەنىدى... قادىر «بىلەي» ئۇنداق دېگەن بىلەن، مۇنچە يوغان بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ قۇلىقىنى قانداقمۇ سوزغىلى بولسۇن، بۇ ئۇزۇن سەپەردە ئۇ ئۇلاغلىرىغا كۆز ـ قۇلاق بولامدۇ، قادىر «بىلەي»نىڭ ئوغلىغىمۇ...

تاماقتىن كېيىن يولۇچىلار يوغان قارىياغاچنىڭ سايىسىدا چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ھۇسەن بايۋەچچە كۆزىنى پارقىراتقىنىچە قارىياغاچ يوپۇرماقلىرىغا قاراپ يېتىپ خىيالغا كەتتى.

ھۇسەن بايۋەچچە بۇنىڭدىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئىلگىرى ئىلىخوغا بارىمەن، دەپ تۇنجى قېتىم يولغا چىقىپ، تېخى پەيزاۋاتقا قاراشلىق يۇرتلاردىن ئۆزاپ بولمايلا «تۆڭگان مازار»دا پېشكەللىككە ئۇچرىغانىدى. ئۇ ۋاقىتلىرىدا «تۆڭگان مازار» پەيزاۋاتتىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى. ھۇسەن بايۋەچچە بىللە ماڭغان كارۋان بۇ يەرگە قوناقا چۈشكەنىدى. ھۇسەن بايۋەچچە دەڭگە جايلىشىپ بولۇپ، بۇ يەرنىڭ بازىرىنى بىر ئايلىنىپ يۇرتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، بازاردا نېمە ئەرزان، نېمە قىممەتلىكىنى بىر بىلىپ باقماقچى بولۇپ دەڭدىن چىقتى. بۇگۈن بۇ يەردە بازار كۈنى ئىدى. بىر ئۆستەڭ سۇ يولىنىڭ چېتىدىن شارقىراپ ئېقىپ ئۆتەتتى. لايقىپ ئاققان سۇ كۆۋرۈكلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئاستىلىرىدىن پىرقىراپ قايناملارنى ھاسىل قىلىپ، قىسىلىپ ئۆتەتتى. ئۆستەڭ ياقىلاپ تىكىلگەن دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگىسىدە دېھقان ھارۋىلىرى يولنى توسۇپ تىقىلىشىپ تۇراتتى. ئالارمەن ـ ساتارمەنلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىشاتتى. دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەن قۇياش نۇرى كىشىلەرنىڭ يۈزلىرىدە جىمىرلايتتى. ھۆسەن بايۋەچچە قانداقتۇر ناۋايلار، قاسساپلار، ئات تاقىلاۋاتقان تاقچىلار قاتارىدىن ئۆتۈپ بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى. ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇپ قورساقنى توقلىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا «قېنى، قېنى يەنە بارمۇ؟... ئاتتىم ئەمىسە... ياپىرىم جەمشىت!» دېگەن ۋاڭ ـ چۇڭلار ئاڭلاندى. ئاشخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدە كىچىك بىر ئىشىك بولۇپ، بۇ ئىشىكتىن ئارقا تەرەپتىكى باغچىغا چىققىلى بولاتتى. بايىقى ئاۋازلار شۇ تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى.

ھۆسەن بايۋەچچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانا خوجايىنىغا تاماق پۇلىنى تۆلەپ تۇرۇپ:

ــ ئۇ تەرەپتە نېمە گەپ بولۇۋاتىدۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئاشخانىنىڭ ئارقىسىنى شەرەتلەپ.

ــ قىمار، ــ دېدى خوجايىن بىپەرۋالىق بىلەنلا، ــ ھەر بازار كۈنى ئۇ يەرگە بىر توپ بىكارچى يىغىلىدۇ، تاپقان پۇلىنى تاۋۇكاغا تۆكۈپ قاراڭغۇ چۈشكىچە دەتتىكام دېيىشىدۇ... يانچۇقلىرىدا ئوشۇق پۇل بولسا بىر كىرىپ تەلەي سىناپ باقاملا ـ يە؟!

ــ مەنغۇ قىمار ئويىنىمايمەن، ــ دېدى ھۆسەن بايۋەچچە.

— قىمار ئوينىمىسىلا كىرىپ قىزىقچىلىقنى كۆرۈپ باقسىلىمۇ بولىدۇ.

— شۇنداق قىلاي، قىزىقچىلىقنى كۆرۈپ باقاي.

ھۇسەن بايۋەچچە شۇنداق دېدى ــ دە، ئارقا ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئاشخانىنىڭ ئارقىسىدا چاقىقانغىنە باغچە بولۇپ، باغچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەتراپىغا ھەر خىل گۈللەر تېرىلغان بىر مەيدان تۇراتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەسكى پالاس تاشلانغان يەردە قىمار بولۇۋاتاتتى. ئۇ يەردە تۆت قىمارۋاز يەكتەز بولۇپ بىر ــ بىرىگە تىككىدە قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئەتراپىقا بىرمۇنچە ئادەم ئولاشقانىدى. ھۇسەن بايۋەچچە ئارقىغا كېلىپ، ئۆرە تۇرۇپ تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنىڭ مۈرىسى ئۈستىدىن سورۇنغا قارىدى. ئوتتۇرىدىكى تۆت قىمارۋازنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە پۇل دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. ھازىرچە تېخى بىرىسەن، بېرىمەن بولۇپ، كىمنىڭ ئۇتۇپ، كىمنىڭ ئۇتتۇرۇۋاتقانلىقى تازا بىلىنىپ كەتمىگەندەك قىلاتتى.

— قېنى ئاتە!

— ئەمىسە ئاتتىم!

«ياپىرىم!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، قاراپ تۇرغانلارنىڭ بېشىمۇ ئوتتۇرىغا ئېگىلدى. «ئۇتتى، ئۇتتى... ئىماق ئۇتتى!» دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى ئۇلار.

— خوش، يەنە بارمۇ؟

— ماۋۇ بىر مونەككە ئات! — دەپ بىر تۇتام پۇلنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى ياندىكى بىرەيلەن.

— ئاتتىم!

يەنە چۇقان كۆتۈرۈلدى. بۇ قېتىم ئىماق ئۇتتۇرغانىدى. شۇ تەرىقىدە يېرىم سائەتچە قىمار

بولغاندىن كېيىن ئوتتۇرىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى ئورۇق كەلگەن، ئىنچىكە بۇرۇت قويغان بىرەيلەننىڭ ئالدىغا سۇرۇلگىلى تۇردى. بۇ پۇللارنىڭ ئىچىگە شۇ زامانلاردا كىشىلەر يىپقا ئۆتكۈزۈۋېلىپ خەجلەيدىغان ئوتتۇرىسى تۆت چاسا تۆشۈك تۆمۈر يارماق، قىزىل مىستىن قۇيۇلغان تومپۇر، كۈمۈش تەڭگىلەر، يەنە قانداقتۇر ھەر خىل رەڭدىكى قەغەز پۇللار ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. سىيمىز بىر قىمارۋازنىڭ ئالدى قۇرۇقدىلىنىپ قالغىلى تۇرغانىدى. ئۇ ئېشىپ قالغان پۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوتتۇرىغا ئىتتىرىپ:

— قېنى، مۇشۇنىڭ ھەممىسىگە ئات، قولتۇقۇڭنى بىر ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ ئاته! — دېدى.

— ئاتتىم!... ياپىرىم! — دەپ مەيدىسىگە ئۇردى ئورۇق قىمارۋاز.

ئىككىنچى قېتىم ئېتىش نۆۋىتى سىيمىزگە كەلدى، ئۇ تۆت ئوشۇقنى ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا رەتلىك تىزدى. ئۇنىڭ قولى سەل تىترىگەندەك قىلاتتى.

— يا جەمشىت!...

قاراپ تۇرغانلار يەنە چۇرقىرىشىپ كەتتى. ئوشۇقنىڭ بىرى ئالچۇ، ئۈچى پوككا چۈشۈپ سىيمىز يەنە ئۇتتۇرغانىدى. ئوتتۇرىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى ئورۇق قىمارۋازنىڭ يان خالتىسىغا قاراپ ماڭدى. سىيمىز ئېغىر پۇشۇلداپ ئورنىدىن قىمىرلىدى. ئۇنىڭ پېشانىلىرىدىن ئۇششاق تەر چىقىپ كەتكەنىدى.

— بولدى، بولدى، قويسىلا، غوجام، بۈگۈن سىلىدىن ئامەت قاچقان كۆرۈنىدۇ، — دېدى ھېلىقى سىيمىزنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرغان بىرەيلەن.

سىمىزنىڭ تاۋكادىن زادىلا تۇرۇپ كەتكۇسى يوق ئىدى. ئۇ يانچۇقلىرىدا سۇنۇق يارماقنىڭمۇ قالمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ يەنە بىرەر يەردىن غايىب پۇل پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك ھەممە يېرىنى ئوشۇقتىن ــ ئوشۇق ئاختۇراتتى. يەنە بىر نۆۋەت تىككىدەك پۇل بولسىلا ئامەت قايتا ئۇنىڭ تەرەپكە يېتىپ، ئۇتتۇرغان ھەممە پۇلىنى قايتۇرۇپ ئالىدىغاندەكلا قىلىپ تۇراتتى. ئاخىرىدا ئۇ ھېلى ئۆزىنى مۇرىسىدىن تارتقان بۇرادىرى تەرەپكە ھارغىن كۆزلىرى بىلەن قارىدى.

ــ ماڭا ئازراق پۇل ئۆتنە قىلە...ــ دېدى ــ دە، شۇ ئارىدا كۆزى ئارقىدا ئۆرە تۇرغان ھۇسەن بايۋەچچىگە چۈشتى،ــ ۋاي، بۇ ھۇسەن بايۋەچچىغۇ، بۇ يەرگە قاچان كېلىپ قالدىلا؟

ھۇسەنمۇ بۇ سىمىزنى تونۇدى. ئۇلار قەشقەردە تونۇشقان، بىللە بولۇشقانىدى. ئۇ قەشقەردىكى ئىدرىس «چەكمەن» دەيدىغان ئۆمرى چەكمەن سودىسى قىلىپ ئۆتكەن بىر تىجارەتچىنىڭ ئەركە ئوغلى ئىدى.

ــ ئەجەب ۋاقىتتا ئۇچرىشىپ قالدۇق ــ ھە؟... يانچۇقلىرىدا ئازراق بىرنېمە بولسا ئۆتنە قىلسىلا، ئۇتتۇرغانلىرىمنى بىر قايتۇرۇۋالاي!

ھۇسەن بايۋەچچە ئاغىنىسىگە «پۇلۇم يوق» دېيىشتىن خىجىل بولدى ــ دە، ھەميىنىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى. چۈنكى، ئۇلار قەشقەردىكى چاغلىرىدىلا بىر ــ بىرى بىلەن پۇلنى ئايىماي خەجلەپ ئوغۇل باللىق قىلىشىپ ئادەتلەنگەنىدى... ھېلىقى سىمىز ھۇسەن سۇنغان پۇلنىڭ نەق يېرىمىنى تىكمۇۋىدى، راستىلا ئۇتتۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن قىمار سورۇنى يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



باشقىدىن قىزىپ كەتتى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە قاراڭغۇ چۇشكىچە ئويىنىدى. ئوتتۇرىغا دۆۋىلەنگەن پۇل سېھىرگەرنىڭ قالپىقىدەك بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. ئويۇنغا باشتا قاراپ تۇرغان ھۇسەن بايۋەچچىمۇ قوشۇلدى. خەق ئۇنىڭ پۇلىنى تىكىپ ئۇتۇۋاتسا ئۇ قاراپ تۇرسا بولمايدۇ ـ دە. ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ ھەمىيىنىدا قېپقالغان پۇللارمۇ ئوتتۇرىغا تۆكۈلدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلار بىر چوتارچىنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىپ چىراغ يورۇقىدا ئويناشتى. چوتارچى دېگىنى قىمارۋازلارغا قىمار سورۇنى ھازىرلاپ بېرىپ ئۇتقانلاردىن ھەق ئالىدىغان ئادەم ئىدى. تاڭ ئاتقاندا ھۇسەن بايۋەچچە بىلەن ھېلىقى ئاغىنىسى ھەممە نېمىسىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ سويغان پىيازدەكلا يالىڭاچ بولۇپ ھېلىقى چوتارچىنىڭ قىيسىيىپ كەتكەن ئۆيىدىن چىقىشتى. كارۋان بېشى ھۇسەن بايۋەچچىنى ئىزدەپ تاپقاندا ئۇ ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ بىر تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

ــ بايۋەچچە، كىچىككىچە قىمار ئويناپسىز نېمە؟ ــ دېدى كارۋان بېشى ھۇسەننى كۆرۈپلا ئەھۋالنى چۈشىنىپ، ــ ئەجەب دادىلىرى ماڭا مۇنداق خۇيلىرىڭلارنىڭ بارلىقىنى ئېيتماپتىكەنا؟... ئەمدى قانداق قىلىلا؟

ــ قەشقەرگە قايتىپ كېتەي...!

شۇ قېتىم ئۇ خىجالەتچىلىكتە دادىسىنىڭ ئالدىغا نېمە دەپ بېرىشىنى بىلمەي، مارالبېشى، پەيزاۋات، يېڭىشەھەرلەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭكىدە بىر مەزگىل لەلەڭلەپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۆيىگە قايتقانىدى.

ئىككىنچى قېتىم قادىر «بىلەي» ھۆسەننى نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىپ، ئۆزىنىڭ مىنىپ يۈرگەن ياخشى ئېتىنى مىندۈرۈپ، يېتەرلىك خىراجەت بىلەن يەنە يولغا سالدى. ئىلگىرى قاراپ يولغا چىققان يول بىلىدىغان ئادەملەرگە قوشۇپ قويدى. بۇ قېتىم ھۆسەن بايۋەچچىنى يولدىن قويغان قىمار ئەمەس، باشقا بىر ئىش بولدى.

ئىككىنچى قېتىم ھۆسەن بايۋەچچە بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ ماڭغانلار ئىچىدە ئىمىن ساتىراش دەپ بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ: «ئىلىخودا ساتىراشلىق ناھايىتى ئاقىدىكەن» دەپ ئاڭلاپ، شەھەر كۆرۈپ يۇرت ئارىلىغاچ ئىلىخونى بېرىپ كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ يولغا چىققانىدى. ئۇنىڭ ئېشىكىگە ئارتىۋالغان خۇرجۇنىنىڭ بىر كۆزىدە نان ـ توقاچ، يەنە بىر كۆزىدە ساتىراشلىق ئەسۋابلىرى بار ئىدى. ئۇ قەشقەر ئەتراپىدىكى بىر يېزىلاردىن بولۇپ، ئۇ يېزىلارنىڭ ئادەملىرى كۆپىنچە قىش كۈنلىرى ئاپتاپتا، ياز كۈنلىرى ئۆستەڭ بويىدىكى بىر توپ سۆگەتنىڭ سايىسىدا سايداپ ئولتۇرۇپ بىر ـ بىرىنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىپ قويۇشاتتى. ئۇلارغا ئالاھىدە ساتىراشمۇ كەتمەيتتى. ساتىراشخانا دېگەننىڭمۇ لازىمى يوق ئىدى. شۇڭا، ئىمىن خۇرجۇنغا ئۇستىرا، بىلەي، كاپلىغۇچلىرىنى سېلىپ، ھەر يىلى بىرنەچچە ئاي سىرتتا يۈرۈپ تىجارەت قىلىپ ئاز ـ تولا پۇل تېپىپ كېلەتتى. ئۇ ھۈنەرنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ خېلى ئەستايىدىل قىلاتتى. ئاۋۋال چاچ ئالدۇرماقچى بولغان ئادەمنىڭ چېچىنى بىرھازا قۇرۇق ئۇۋۇلايتتى، ئاندىن ھۆللەپ ئۇۋۇلايتتى. خېرىدارنى زېرىكىپ قالمىسۇن، دەپ يەنە كۆرگەن ـ بىلگەن قىزىق ئىشلارنى ھېكايە قىلىپ

www.uyghurkitap.com



بېرەتتى. چاچنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن باشنى سىلىق سىيپاپ، قۇلاق ـ بۇرۇنلارنىڭ ئىچىدىكى تۈكلىرىنى قايچىلاپ، چېكە ۋە قوشۇمىسىنى چىمداپ سەگىتىپ، تارغاق، دۈمبىلەرنى يېنىك مۇشتلاپ، بىلەك، ئۇششاق بارماقلارنى تارتىپ قاس چىقىرىپ ئاندىن ئەينەك تۇتاتتى.

ئۆز زامانىسىنىڭ ساتىراشلىرى چاچ ـ ساقال ئالغۇچىلارلا بولۇپ قالماستىن، كۆپىنچىسى يەنە خەلق ئىچىدىكى ئەلنەغمىچىلەردىن ئىدى. ئىمىن ساتىراشمۇ بالا ۋاقتىدىن تارتىپ ساز ئۆگەنگەن خېلى ئۇستا دۇتارچىلاردىن ئىدى. ئۇ يول بويى ھۇسەن بايۋەچچىگە ئاقسۇ ئاۋات تەۋەسىدىكى بىر نەغمىچى چوكان توغرىسىدا سۆزلەپ ماڭدى.

ــ مانا، ھۇسەن بايۋەچچە، مارالبېشىدىن ئۆتتۇق، ئەمدى بۇنىڭ بۇياقى ئاقسۇ ئاۋاتقا تەۋە،ــ دەپ چۈشەندۈرۈپ ماڭاتتى ئىمىن ساتىراش،ــ ئاۋاتنىڭ بازىرىغا كىرگەندە پاتەم نەغمىچىنىڭ بىر نەغمىسىنى ئاڭلىماساق ئارماندا كېتىپ قالىمىز، ئۇسسۇل ـ ناخشا دېگەننى مانا شۇ چوكانلاردىن سورىسىلا... بىزنىڭ قەشقەردىزە خوتۇن خەق دېگەن ئاشۇ پەركەنجىنىڭ ئىچىدىلا تۇنجۇقۇپ تۈگەيدۇ ـ دە! ئۆزلىرى كۆرگەنلا، بۇياقتىكى يۇرتلاردا خوتۇن خەق خېلى ئەركىن، ئاقسۇ تەۋەسىدىمۇ قالتىس سەتەڭلەر بار جۇمۇ، بارغاندا كۆرىلا...

ــ ئىمىناكا!ــ دەپ ھەيران بولدى ھۇسەن بايۋەچچە،ــ سىلى بۇ تەرەپلەرگە قايسى زاماندا ئۆتكەن، ئەجەب ئاقسۇنىڭ سەتەڭلىرىگىچە ئوبدان بىلىدىكەنلا؟

ــ ۋاي ئۇكام، مېنىڭ مۇشۇ ئۇستىرا، بىلەي،

كاپىلغۇچلىرىنى كۆتۈرۈپ بارمىغان يېرىم ئازمۇ دەيلا. ساتىراش دېگەننىڭ بۇ ئەسۋابلىرىنى سەل چاغلىمىسىلا جۇما. بۇ ھۈنەرگە قىلىدىغانلارنىڭ ئىچىدە يول بويى خەقنىڭ چاچ ـ ساقىلىنى ئېلىپ قويۇپ يۈرۈپ ھەرەمگە بېرىپ كەلگەنلەر بار. شۇ بىر ۋاقىت ـ سائىتى بولماي، تاغ ئارقىسىغا چىقىپ باقماپتىكەنمەن. بۇدا سىلى بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ ئىلىخو دېگەننىمۇ كۆرىدىغان بولدۇق...

ھازىر خىيال قىلسا ھۈسەن بايۋەچچە ئاقسۇ ئاۋاتقا باردىمۇ، باشقا يەرگىمۇ، تازا ئەسلىيەلمەيدۇ. ئېگىز پېشايۋانلىق ھويلا، پېشايۋانغا تولدۇرۇپ سېلىنغان گىلەملەر، تامغا تارتىلغان ماش رەڭ زەدىۋال، تام ياقىلىتىپ تاشلانغان يېكەندازلار ھۈسەننىڭ خىيالىدا ئېسىدە. تۆردە مېھمانلار بىلەن بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق خېنىملار ئارىلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. سازەندىلەرگە ئاياغ تەرەپتىن ئورۇن بېرىلگەنىدى. بىر ـ ئىككى چوكان گۈللۈك ئاپقۇرلارغا قۇيۇلغان مۇسەللەسلەرنى پەتنۇسقا قويۇپ كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى. مۇنداق چوڭ سورۇننى ھۈسەن بايۋەچچە ئۆمرىدە كۆرمىگەنىدى. ئۇ ئىمىن ساتىراش بىلەن بۇ سورۇنغا قەدەم باستى ـ يۇ، قايتىپ چىقالمىدى...

ئويۇننىڭ بېشى خېنىملارنىڭ يىگىتلەرگە چاي سۇنۇپ بېيىت ئېيتىشى بىلەن باشلاندى:

خوپ چىرايلىق تون كىيىپلا،
ياقىسى يوغان.
ئەجەب يامان يىگىتكەنلا
ۋەدىسى يالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆچ ئايدا كېلىمەن دەپ،
ئۆچ يىلغا قالغان.
بۇ يۈرەككە ئوت سېلىپ قويۇپ
جېنىمنى ئالغان.

بېيىت ئېيتقان خېنىمنىڭ يېشى چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇستىلىق بىلەن قىلغان پەرداز، نازۇك بەدەن، سۇزۇك چىرايى يەنە ئۇنى ياش كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىر يىگىت ئۇنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ بېيىت قايتۇردى:

باغقا چىقىپ نوتىلارنى
سەھەردە پۈتاي.
يار ئاغزىمغا سۇ تېمىتسا
ھەسەل دەپ يۇتاي.
بىر يۇتاي، ئىككى يۇتاي،
كۆڭلىنى ئۇتاي.
كىچىكلىكتە سۆيگەن يارنى
قانداق ئۇنتاي؟...

— يا ئاللا! — دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى بىرنەچچەيلەن، — ماۋۇ گەپلىنىڭ چىگىلىقىنى كۆرۈڭ...

پىيالە قارىغۇمچاق، مېھرى ئىسسىق كەلگەن بىر خېنىمنىڭ قولىغا ئۆتتى.

كىچىك ئىدى چوڭ بولۇپتۇ
باغدىكى تېرەك.

يار يىراقتا كەتكىنىدە
ئۆرتەلدى يۈرەك.
گېلەلەمدۇ، كېلەلمەمدۇ،
يوللىرى بۆلەك.
كەلمىسىمۇ، كېلەي دېگەن
ۋەدىسى كېرەك...

ھۆسەن بايۋەچچە پىيالە كۆتۈرگەن قارىقۇمچاق خېنىمنىڭ ئۆزىگىلا قاراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— بايۋەچچە، خېنىمنىڭ كۆزى سىلىگە چۈشتى،— دەپ ئۇنى نوقۇدى ھۆسەننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىمىن ساتىراش.

— قانداق قىلارمەن مەن بېيىت بىلمىسەم، ئۆزلىرى بىر نېمە دېسىلە.

— ئاۋۋال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ پىيالىنى قوللىرىغا ئالسىلا، بولمىسا سەت بولىدۇ. مەيلى، بېيىتنى مەن ئېيتاي.

ھۆسەن بايۋەچچە ئورنىدىن دەس تۇرۇپ خېنىمغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ پىيالىنى قولىغا ئالدى - دە، ئىمىن ساتىراشقا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— بىزنىڭ ماۋۇ ئىنىمىزنىڭ مۇنداق سورۇنلارغا تۇنجى داخىل بولۇشى، ئىنىمنىڭ ئورنىدا بېيىتنى مەن ئېيتىپ بېرەي.

— بولىدۇ، ھەشقاللا،— دەپ تەزىم قىلىپ، بېرىپ ئورنىدا ئولتۇردى قارىقۇمچاق خېنىم. ئىمىن ساتىراش بېيىتنى باشلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىزىل مارجان چىچىلىپ كەتتى،
تىرىشىپ بىرىلىڭ.
سۆيەي دېسەم بويۇم يەتمەس،
ئېڭىشىپ بىرىلىڭ.
قانداق كىشى كېتەر ئىكەن
يارىنى تاشلاپ؟
ماقۇل دېسىلە ئېلىپ كېتەي
ئىلىغا باشلاپ...

بىيىت ئېيتىش بىر يەرگە بېرىپ قالغاندىن كېيىن سازەندىلەر سازلىرىنى چېلىپ ئۇسسۇل باشلىنىپ كەتتى. مۇسەللەسنىڭ كەيپى چىرايلارغا چىقىپ، ھەممىنىڭ كەيپىياتى ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئىزمىلىق كەمزۇل، قىزىل ـ يېشىل گۈللۈك يىپەكلەردىن ئىچ كۆڭلەك، پۇچقىقىغا جىيەك تۇتۇلغان تامبال كىيىپ، بېشىغا مارجان دوپپىنى نوچىلىق بىلەن قوندۇرۇۋالغان ئىككى چوكان ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ ئوتتۇرىغا چۈشتى ـ دە، سەيلانە قەدەم بىلەن بەل تولغاپ مېڭىپ كېتىشتى. مۇسەللەستە كۆزلىرى خۇمارلاشقان چوكانلار قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ كىشىنى مەھلىيا قىلاتتى. خېنىملارنىڭ بېشىدىكى شايى رومالLار يېنىك يەلپۈنۈپ، ئالتۇن ئۈزۈك، قاشتېشى بىلەزۈكلەر، قولاقلاردا تەۋرىنىپ تۇرغان سىرغىلار يالت ـ يۇلت قىلىپ كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى، كىمدۇر بىرى ئۇسسۇلغا كەلتۈرۈپ ناخشىسىنىمۇ باشلىۋەتتى:

ئۆيدە قالغان تۇماقنى
ساندۇقلارغا سالغاندۇ؟
تۇماقنى كۆرۈپ ئانام
مېنى ئەسكە ئالغاندۇ...

ئىچىلگەن مۇسەللەس، چېلىنغان ساز، خېنىملارنىڭ ئوتلۇق قاراشلىرى، سازلارغا تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان شوخ ناخشىلار ھۇسەن بايۋەچچىنى پۈتۈنلەي مەست قىلدى. ھۇسەن بايۋەچچە بۇ يەردە ئۈچ كۈندىن كېيىن مەستلىكىدىن يېشىلدى. ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئات ـ ئۇلاغ، ھەممە بىساتىدىن ئايرىلىپ كوچىدىلا قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئونىنچى باب

## شەيتان

ئاقسۇغا يېقىنلاشقانسېرى يولدا ئادەملەر كۆپىيىپ، دەل ـ دەرەخلىك مەھەللىلەر، بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن ئېتىزلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھۆسەن بايۋەچچە ئوسمان ئۇلاغچىغا يېتىشىۋالغىنىغا خۇش ئىدى. ئۇنىڭ مىنىپ كەلگەن قېچىرى خېلى نوچى كۆرۈنەتتى. ئۆزىمۇ يول بويى قېچىرنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەي، قىزىل كۆندە تۈمشۇقىنى يۇقىرىغا قارىتىپ تىككەن ئۆتۈكىنى توپا قىلماي كېتىپ باراتتى. بەزىدە غىڭشىپ ناخشىمۇ توۋلاپ قوياتتى.

ئۆيىمىز شامالباغدا،
بارسىلا تاپالامىلا؟
تاپسىلا تاپالالا،
ئىشىكنى ئاچالامىلا؟...

ھەربىر مەھەللە، ئېتىزلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە بىرەر خوتۇن خەقنىڭ قارىسى كۆرۈنگۈدەك بولسا ھۆسەن بايۋەچچە قېچىرنىڭ ئۈستىدە قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە قاراپ كېتەتتى.

— پاھ ـ پاھ... ئىتتىزدا ئوت ئوتاۋاتقان ئاۋۇ چوكاننىڭ ساغرىسىنىڭ چىرايلىقلىقىنى قاراڭلار،— دەيتتى ئۇ بەزىدە. مۇنداق چاغلاردا ئوسمان ئۇلاغچى «ئەھە» دەپ يۆتىلىپ قوياتتى.

ھۇسەن بايۋەچچە بىر قېتىم يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر سەتەڭنى كۆرۈپ قېچىرنىڭ ئۈستىدىن ئۇچۇپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. چوكانمۇ ھۇسەننىڭ قاراپ كۆزى تېشىلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ مەيدىسىنى كېرىپ، ئەتەي نوچىلىق بىلەن كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى تېقىمىدىن ئېشىپ ئىككى تەرەپكە لەرزان تەۋرىنەتتى.

— يا ئاللا!— دېدى ھۇسەن بايۋەچچە،— سادىغىلىرى بولاي، مەۋزىگىمۇ بىر قايلاپ قويسىلا.

«ئەھە!» دەپ تېخىمۇ قاتتىق يۆتەلدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ئەمدى مانداق بىر قايلاپ قويغانغا نېمە بولىدۇ؟— دەپ تېرىكتى ھۇسەن بايۋەچچە.

— بايۋەچچە، ئۆزلىرىگە ئىگە بولۇپراق ماڭسىلا بولامىكىن،— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،— يەنە قەشقەرگە قايتىپ كېتىدىغان ئىش بولۇپ يۈرمىسۇن.

— قايتىپ كەتسەم قايتىپ كېتەرمەن، قايتمىغان قەشقەرمىدى...

— ماقۇل دېگىن، ئۇكام،— دېدى ئۆمەر مەدداھ گەپكە ئارىلىشىپ،— ھەممە ئىش ئاشۇ قارىغان بىلەن باشلىنىدۇ. ئۇلۇغلارنىڭ: «ئۆزۈڭنى تىزگىنلىمەك ئۈچۈن ئاۋۋال كۆزۈڭنى تىزگىنلە» دېگەن ھېكمەتلىك گەپلىرى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ئەمدى كۆز دېگەننى خۇدايىم بەندىسىگە ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا قارىسۇن، دەپ بەرگەن ـ دە!

— ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا قارىدىم دەپ ئامانەتكە خىيانەت قىلساڭ بولمايدۇ ـ دە!

— مەن نېمىگە خىيانەت قىپتىمەن؟ — دەپ ھەيران بولدى ھۇسەن.

— خۇدايىتائالا ھەربىر ئەزانى بەندىسىگە ئامانەتكە بەرگەن، مىسالى: قۇلاق — ھەقتائالانىڭ كەلىمىلىرىنى، پەيغەمبەر ھەدىسلىرى ۋە ياخشى نەسىھەتلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەت؛ قول — خەير ـ ساخاۋەت، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەت؛ كۆز — ئاللانىڭ بۇ دۇنيادىكى كارامەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەت. مۇبادا قۇلاق بىلەن ئەھمىيەتسىز سۆزلەرنى ئىشىتسەڭ، كۆز بىلەن نامەھرەملەرگە قاراپ يۈرسەڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان بولىسىز ـ دە!

— ھەببەللى، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، — ھېلى ئۆزلىرى «كۆز — ئاللانىڭ بۇ دۇنيادىكى كارامەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ئامانەت» دېدىلا، ئاياللارنىڭ شۇنچە گۈزەل يارىلىشىمۇ ئاللانىڭ كارامىتىدىندۇ؟ ئۇنىڭغا ئاللا بەرگەن كۆز بىلەن قارىساق نەرى يامان بولغۇدەك؟

ئۆمەر مەدداھ ھۇسەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھاي ـ ھاي، بولدى قىلسىلا، — دەپ سۆز قىستۇردى ئوسمان ئۇلاغچى، — خوتۇن خەق دېگەنگە ئىلىخوغا بارغاندا قانچە قارىسىلىمۇ ئۇلگۇرىلا، ئۆزلىرىدىن چوڭ

ئادەم نەسىھەت قىلغاندىكىن، «ماقۇل» دېسىلە.

بىرھازا ئۇنچىقماي ماڭغاندىن كېيىن ھۇسەن بايۋەچچە چاپىنىنىڭ بىر پېشىنى قىستۇرۇپ، خۇشياقماي مېڭىپ كېتىپ بارغان قۇۋان «ئەزمە»نى يېنىغا چاقىردى.

— يېقىنراق كېلە، قۇۋان، — دېدى ئۇ، — سەن ئىلىخوغا بارغانما؟

— مەن بارمىغان، ئۇستاز بارغانكەن.

— ئىلىخو دېگەندىمۇ خوتۇن خەق بارمىدۇ؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنلا، ئىلىخودا خوتۇن خەق بولمىسا ئىلىخونىڭ ئادەملىرى نەدىن پەيدا بولىدۇ؟ ئاسماندىن چۈشەمدا؟...

— ئەممازە قەشقەرنىڭ چوكانلىرىغا يەتمەيدۇ جۇما... يىپ بازىرىدا يولۇمغا قارايدىغان بىرەيلەن بولىدىغان، كېيىن ئېرى بىلەن كاناي سىقتىشىپ قىلىپ ئۆلۈم جېدىلى بولغىلى تاس - تاس قالدى. پاسكىنا باشتا ئېرىم بارمۇ دېمىگەن... ماۋۇ يۇرتنىڭ خوتۇن خەقلىرىنى كۆردۈڭما، ئەجەب كەڭ - كۇشادە يۇرۇشىدىكىنا؟ قارا، پۇركەنجىمۇ ئارتماي، يۈزىنىمۇ ياپماي يۇرۇشكىنىنى...

— بايۋەچچە، ئېتىمىزغا پۇركەنجە ئارتىپ چىققاننى سىلى نەدە كۆرگەن؟ ئەمما، بايقىسىلا جۇما، بۇ يەردىمۇ ناشايان ئىشلار پاش بولۇپ قالسا...

— ھە، نېمە بولغۇدەك؟

— شۇنداق رەسۋاچىلىق ئۇستىدە تۇتۇلۇپ قالغان ئەر - خوتۇننى يۈزىگە قازاننىڭ قاپقارا كۈيىسىنى سۈۋاپ، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ كوچىمۇ كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىپ، ئاندىن بازارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوتتۇرىسىغا ئاپىرىپ ئىشەكتىن چۈشۈرۈپ چالما ـ كېسەك قىلىپلا ئۆلتۈرۈۋەتكۈدەك.

ــ قەشقەردىمۇ بوش دەمسەن؟ ئۇنداق ئىشنىڭ ئۇستىدىن چۈشۈپ قالسا ئەر ـ خوتۇن ئىككىلىسىنىڭ قارنىنى پىچاق بىلەن يېرىپىلىۋېتىدۇ... ئەمما، ساڭا ئوخشاش ئەزمىلەر تۇتۇلۇپ قالمىسا، بۇنداق ئىشنى قىلغان ئادەممۇ ئالدى ـ كەينىنى بايقاپ بىر ئىش قىلىدۇ ـ دە!

ــ بايۋەچچە، شۇنىڭغا قارىغاندا قەشقەردە جىق ئويناپ كەتكەن ئوخشىماملا؟

ــ چاچ بازىرىدىكى بىر دەللە تونۇشتۇرغان بىر خېنىم بولىدىغان... پاھ ـ پاھ! ساڭا قانداق سۆرەتلەپ بەرسەم بولار... ئىشقىلىپ، جەننەتتىكى پەرى بولسىمۇ شۇنچىلىك بولار دەيمەن... مانا ئىلىخوغا بارىمەن دەپ شۇ خېنىمنى تاشلاپلا چىقتىم...ــ دېدى ھۆسەن بايۋەچچە.

ــ دوپپا بازىرىدا تېپىشقان مېنىڭمۇ بىرى بولىدىغان،ــ دەپ ھۆسەن بايۋەچچىگە قاراپ ھەجىيىپ سۆز قىستۇردى قۇۋان «ئەزمە»،ــ بادام قاپاق، مەڭزى چىنىدەك سۈزۈك...

ــ دوپپا بازىرى دېدىڭما؟ــ دەپ ئاغزىنى تامشىپ كەتتى ھۆسەن،ــ قالتىس بازار جۇما. قەشقەرنىڭ دوپپا بازىرىدەك بازار ئالەمدە يوقمىكىن دەيمەن. بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، گىلەم دوپپا، شاپاق دوپپا... يەنە ھېلىقى نېمىتى؟... ھە، قىز ـ چوكانلارنىڭ ھېلىقىدەك زەر باسقان دوپپىلىرى، ۋاي ـ ۋۇي! بۇ دوپپىلارنىڭ ئىسمىنىمۇ دەپ بولغىلى بولمايدۇ. دوپپا ئالمىساڭمۇ

دوپپىچى خوتۇنلارغا بىر سورۇنىپ بازار ئارىلاپ چىقىپ كەتسەڭمۇ خېلى كۆڭلۈڭ ئېچىلىپ قالىدۇ. دوپپىچى چوكانلارنىڭ سۆزمەنلىكىنى ئېيتايمۇ، «غوجام، باشلىرىدىكى ماۋۇ تازىنىڭ تۇمىقىدەك شور ئۆرلەپ كەتكەن بىرنېممىنى بىر تاشلىۋەتسىلە، سۆلەتلىرىگە پەقەتلا ياراشماپتۇ» دەپ دوپپا ئالمايدىغان ئادەمگىمۇ بىر دەمدە بىر ـ ئىككى دوپپىنى سېتىپ بولىدۇ... دوپپا بازىرىدا ئاشۇنداق گېپى تاتلىق خېنىمدىن بىرى بولىدىغان... سىېنىڭ دوپپا بازىرىدا تېپىشىپ قالغان چوكىنىڭنىڭ ناز ـ خۇلقى قايداغراقتى؟

ــ ئالامەت!... شۇغىنىسى پۇلنى كۆپ سورايدۇ.

ــ ئەمىسە ساڭا بىكارغىلا بېرىۋەتسە بولامتى؟

ــ ئۇنداق قىلىسىغۇ ئۇنىڭ ساۋابىغا ھېچنېمە يەتمەيتتى.

ــ ئۇنداق قىلىدىغان بولسا مېنى چىقىپ كەتكەن يوتقان ـ كۆرپەڭنى يۇدۇپ بېرىپ دوپپا بازىرىدىلا قونارىدىڭ؟!...

ھەر ئىككىلىسى قاقاھلىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

※ ※ ※

يولۇچىلار ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر دەڭگە چۈشتى. بۇ دەڭنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ سالغان ئەللىك ـ ئاتمىش ئېغىز ھۇجرىسى، دەڭ ئارقىسىدا نەچچە يۈز ئۇلاغ پاتقۇدەك مالخانىلىرى بار ئىدى. يولۇچىلار بۇ يەردە ئۇلاغلىرىنى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنى تولۇقلاپ مېڭىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



لازىم ئىدى. ئوسمان ئۇلاغچى ئاقسۇ بازىرىنى بىر كۆرۈپ، قەشقەردىن ئەكەلگەن چەكمەن، سەرگەز، شاتوۋا دېگەندەك بەزى ماللىرىنى پايدىسىغا كەلسە مۇشۇ يەردىلا سېتىپ، بۇ يەردىن كۆچا ئەلتىرىلىرى، ئاۋاتنىڭ ماتاسى، قۇرۇق مېۋە قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدىكى ماللارنى بىر ئالماشتۇرماقچى ئىدى. بۇ ئۇلاغچىلارنىڭ ئادىتى شۇنداق ئىدى. ئەگەر مال ئۆزىنىڭ بولسا يول بويى قەيەرلەردىندۇ بىرنەرسىلەرنى ئېلىپ ئۇلاغلىرىغا ئارتىپ يەنە ئۇنى قەيەرلەرگىدۇ يەتكۈزۈپ پايدىسىغا كەلسە سېتىپ يولىنى داۋام قىلىۋېرەتتى. بەزى ئۆتەڭلەردە چوڭ كارۋانچىلارنىڭ مەخسۇس قويغان ئادەملىرى، دائىملىق خېرىدارلىرىمۇ بولاتتى.

ئۆمەر مەدداھ قۇۋان «ئەزمە»نى ئەگەشتۈرۈپ ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ بازار ئىچىنى ئارىلاپ كەتتى. ئاقسۇ كونىشەھەر ناھايىتى قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى بولۇپ، شەھەرنىڭ يېنىدىكى يارلىقنىڭ ئۈستىدە غايەت چوڭ بىر قەدىمىي قەبرىستانلىق سوزۇلۇپ ياتاتتى. قەبرىستانلىقتىكى چوڭ ـ كىچىك قەبرىلەر، ئۆرۈلگەن، قىيسايغان ھەيۋەتلىك چوڭ گۈمبەزلەر بۇ يۇرتنىڭ ئۇزۇن تارىخىي ۋەقەلەرگە شاھىت بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. قەبرىستانلىقلار جايلاشقان يارنىڭ تۆۋەن تەرىپى بازار ئىدى. شۇڭا ئاقسۇ كونىشەھەر توغرىسىدا خەلق ئىچىدە:

كونىشەھەرنىڭ كوچىلىرى
رەستە ـ رەستە.

ئۆلۈكلىرى ئېگىزدە،
تىرىكى پەستە.

دەيدىغان قوشاقلار بار ئىدى. ئەتە بۇ يەردە بازار كۈنى ئىدى. ئۆمەر مەدداھ بىر – ئىككى يەردە مەدداھلىق سورۇنى تۈزۈپ ئازراق تاپاۋەت قىلمىسا بۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ كەتسە جامدىن باشقا يەردە سورۇن تۈزگىلى بولمايتتى... ئۆمەر مەدداھ بىلەن قوۋان «ئەزمە» بىر ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ توختىدى. دېھقانلار ئۆستەڭنىڭ ئاستىغا تىنىپ قالىدىغان قۇمساڭغۇ لاتقىنى ھەر يىلى چېپىپ چىقىرىپ تۆرغاچقا، ئۆستەڭ بويى يۇمشاق قۇم بولۇپ كەتكەنىدى. بازارغا كىرگەن دېھقانلار، ئالارمەن – ساتارمەنلەر ئىشلىرى پۈتكەندە بۇ يەرگە كېلىپ يانپاشلاپ يېتىپ ھاردۇقىنى چىقىرىشاتتى. ئۇلار مەدداھلىق سورۇنىغا ئەنە شۇ يەرنى كۆرۈپ قويۇپ كېتىشتى.

ئەتىسى ئۆمەر مەدداھ بىلەن قوۋان تازا بازار قىزىغاندا بۇ يەرگە كېلىپ ۋارقىراپ ئادەم يىغىشقا باشلىدى:

— ئېھ، خالايىق! ئاڭلىمىدىم دېمە، مېنىڭ سۆزلەيدىغانلىرىم يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھېكايىلىرى، دۇنيادا بۇنىڭدىن قىزىق قىسسە بولمايدۇ، — دەپ ۋارقىرايتتى ئۆمەر مەدداھ قولىدىكى تايىقىنى پۇلاڭلىتىپ ئالدى – كەينىگە مېڭىپ، — بۇ ئالالادىن نازىل بولغان پۈتۈن بىر سۈرىنىڭ بايانى ئاشىق – مەشۇقلارنىڭ داستانى، ئۇنىڭ بېشىمۇ، ئوتتۇرىمۇ، ئاخىرىمۇ ئاجايىپ سىرلىق بىر چۆشتۇر...

ئەتراپقا ئاستا – ئاستا ئۆتكەن – كەچكەنلەر

يىغلىغىپ، ئۆستەڭ بويىدىكى سېرىق سۆگەتنىڭ ئاستىغا ئادەم بىلەن تولدى. ئۆمەر مەدداھ ۋارقىراشلىرىنى داۋام قىلاتتى:

ــ يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام شۇنداق بىر چىرايلىق ئىنسان ئىدىكى، ئۇ كۇنگە قارىغۇدەك بولسا كۈن خىجالەت بولۇپ بۇلۇتلار ئارىسىغا كىرىپ كېتەتتى؛ ئايغا قارىسا ئاي يۇلتۇزلار ئارىسىغا مۆكۈنەتتى... ھەي خالايىق! ماۋۇ گەپلەرنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ قوي! ياراتقان ئىگەم بۇ دۇنيادىكى بەش نەرسىنى ئون ھەسسىدىن قىلىپ، توققۇز ھەسسىسىنى بىر ئادەمگە، يەنە بىر ھەسسىسىنى پۈتۈن ئالەمگە بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ نومۇس ــ ھايانىڭ توققۇز ھەسسىسىنى ھەزرىتى ئوسمانغا، بىر ھەسسىسىنى پۈتۈن ئالەمگە؛ خۇش ئاۋازنىڭ توققۇز ھەسسىسىنى ھەزرىتى داۋۇت ئەلەيھىسسالامغا، بىرىنى پۈتۈن ئالەمگە؛ سەۋرنىڭ توققۇز ھەسسىسىنى ئەييۇب ئەلەيھىسسالامغا، بىرىنى پۈتۈن ئالەمگە؛ خۇشخۇيلۇقنىڭ توققۇز ھەسسىسىنى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، بىرىنى پۈتۈن ئالەمگە؛ ھۆسن ــ جامالنىڭ توققۇزىنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا، بىرىنى پۈتۈن ئالەمگە بەرگەن...

ھۆسن ــ جامال توغرىسىدىكى گەپ ــ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە ھەر تەرەپتىن يۈزىنى ياغلىق بىلەن ئورىغان ۋە ئورىمىغانلار، چېچىنى ئۇششاق ئۆرۈۋالغان ياكى ئىككىلا ئۆرۈپ ئارقىسىغا تاشلىۋالغان قىز ــ چوكانلار كېلىپ يىغىلىشقا باشلىدى. ئۆمەر مەدداھ بارغانسېرى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قىزىشىپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ياراتقان ئىگەم شۇنداق ئۇلۇغكى، پۈتكۈل ئالەمدىكى بارلىق ھەمدۇسانا، ئىلتىپات ۋە پادىشاھلىق ئۇنىڭغىلا خاستۇر. بىر كىشىگە ئاجايىپ بىر خىسلەت ئاتا قىلىمەن دېسە پەقەت جانابى ئاللا ئاتا قىلالايدۇ. ياراتقان ئىگەم يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنى شۇنداق چىرايلىق قىلىپ ياراتقان ئىدىكى، رىۋايەت قىلىنىشىچە، ناھايىتى ئۇزاق زامانلارنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ۋە ئۇلارنىڭ بوۋا - مومىلىرى تېخى جاھانغا تۆرەلمىگەن چاغلاردا مىسىردا يەتتە يىل ئاجايىپ قاتتىق قەھەتچىلىك بولغانىكەن. قەھەتچىلىك باشلانماستا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ پۈتۈن خالايىقنى يىغدۇرۇپتۇ ۋە: «ئى خالايىق، ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئەمدى توقلۇق يىللىرى تامام بولدى. بۈگۈن كېچە ھەممىڭلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كېتىدۇ. بۇ قەھەتچىلىك ئاللانى تونۇمىغانلىقىڭلاردىن، يامان ئىشلاردىن ئۆزۈڭلارنى تارتمىغانلىقىڭلاردىن بولىدۇ» دەپتۇ. بۇ گەپكە پادىشاھ ئىشەنمەپتۇ. باشقىلارمۇ ئىشەنمەپتۇ، كەچ كىرىپ ھەممە ئۇخلاشقا يېتىپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا پادىشاھ: «ۋاي! قورسىقىم ئېچىپ كەتتى!» دەپ ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. خىزمەتكارلار شۇنچە كۆپ تائاملارنى ئەكەپتۇ، تويماپتۇ. پۈتۈن خەلق «نان - نان!» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. ھەرقانچە تائام يېسىمۇ قورساقلىرى تويماپتۇ. ھەممە ئادەم مال - مۈلۈك، قۇل - چۆرىلىرىنى يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامغا سېتىپ ئاشلىق ئېلىپ يېگەنىكەن. ئاخىرىدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامدىمۇ ئاشلىق قالمىغان چاغدا ئادەملەر: «ئاھ، نان! ۋاي، نان!» دەپ پەرياد ئۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جان بەرگىلى تۇرۇپتۇ. ئاتا بالىغا، بالا ئانىغا قارىماي ئۆزۈۈك ئىزدەپ ھەر تەرەپكە سەرسان بولۇپ چىقىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. مانا شۇ چاغدا يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ جامالىنى خەلققە بىر كۆرسەتكەنىكەن، خەلق يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىغا قاراپ بىھوش بولۇپ تۆت ئايغىچە تائام يېمىسىمۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى بىلمەشمەپتۇ. 5 ـ ئايغا بارغاندا زىرائەتلەر پىشىپ، خەلق يېڭى ئاشقا ئۇلىشىپتۇ...

ــ دوست، ئاللا! ــ دەپ دوست تارتتى قۇۋان «ئەزمە» ئەمدى ئېسىگە كېلىپ. باياتىن بېرى ئۇ ئەتراپقا ئولاشقان خوتۇنلارغا قاراپ خىيالغا كېتىپ دوست تارتىدىغان يەرلەردىن بىر ـ ئىككىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەچكە ئۆمەر مەدداھ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تايىقى بىلەن ئۇنى قاتتىق بىر تۈرتۈپ قويغانىدى...

بۇ سەپەردە سەمەت نوچى ئوسمان ئۇلاغچىغا ئوبدان ئەسقاتتى. ئۇنىڭ ئۇلاغلارغا مال ئارتىش، تېڭىش، ماللارنى چۈشۈرۈپ ئۇلاغلاردىن خەۋەر ئېلىشىغا خېلى ئېپى بار ئىدى.

ــ دېھقان بالىسىدەك كۆرۈنىدىلا، سەمەتئاخۇن، ــ دەيتتى ئوسمان ئۇلاغچى سەمەتنىڭ ئىشلىرىدىن رازى بولۇپ، ــ قوللىرى ھەممە ئىشقا ئەپلىشىپلا تۇرىدىكەن. ئۆيلەنگەنما؟

ــ تېخى ئۆيلەنگۈدەك بولمىدىم.

ــ سىلىنى كۆيۈ ئوغۇل قىلغان ھەرقانداق ئادەم زىيان تارتمىغۇدەك...

ئاقسۇدىمۇ سەمەت ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي ئۇنىڭ ماللىرىنى تېڭىقتىن يېشىپ

چۇشۇرۇشتى. ئوسمان ئۇلاغچى نەلەردىندۇر باشلاپ كەلگەن خېرىدارلارغا بەزى ماللارنى ئۆتكۈزۈپ سېتىشىپ بەردى. ھۇسەن بايۋەچچىمۇ بۇگۈن نېمىشقىدۇر بازارغىمۇ چىقماي دەڭدە ئوسمان ئۇلاغچى بىلەن سەمەتنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرەتتى.

— ھە، ھۇسەن بايۋەچچە، نېمە بولدىلا، بىزنىڭ يېنىمىزدىن نېرى كېتەلمەي قالدىلىغۇ؟ — دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى قولى سەل بوشىغاندا ھۇسەنگە قاراپ.

— ئىككىلىرىگە بىر گەپ بار ئىدى، دەيمۇ، دېمەيمۇ دەپ ئويلىنىپ قېلىۋاتىمەن.

— ھە، نېمە گەپتى، دېسىلە.

— ئاۋۇ ئاتنى، — دېدى ھۇسەن سەمەتنىڭ نېرىدا ئوقۇردا باغلاقلىق تۇرغان ئېتىنى شەرەتلەپ، — سەمەتئاخۇن بەرىبىر يولدا مىنمەيدىكەن، مېنىڭ قېچىرىمغا تېگىشسەك دېگەنىدىم.

سەمەت يول بويى بۇ ئاتنىڭ ئۈستىگە نان - توقاچ، چاپان - چارىلىرىنى ئارتىپ قويۇپ ئۆزى پىيادە كېلىۋاتقانىدى. ئوسمان ئۇلاغچى سەمەتنى «نېمە دەركىن» دەپ ئۇنىڭغا ئىتتىك قارىدى. سەمەت بۇ گەپنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋاتاتتى.

— بىراقزە، ھۇسەن بايۋەچچە، مەن دەپ قوياي، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — داۋانغا بارغاندا يەنە ئاتقا قارىغاندا قېچىر مەھكەمرەك جۇما، قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلسىلە.

— مەيلىتى...

— سەمەتئاخۇن، ماۋۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋاتامدىلا؟ ماۋۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بايۋەچچە ئۆزىنىڭ قىچىرىغا سىلىنىڭ ئاتنى تىگىشسەك دەيدۇ.

— ھۇسەنئاخۇن، — دېدى سەمەت بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئاتقا قىچىرنى تىگىشكەننى سىلى نەدە كۆرگەن؟ ئات دېگەن ئات، قىچىر دېگەن قىچىر. ئاشۇ قىچىر ئۆزلىرىگىمۇ تازا يارىشىپتۇ، شۇنى مىنىپ مېڭىۋەرسىلە.

— ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم، ئاتنى مىنىپ ماڭغان بولسىلا ھەرگىز تالاشمايتتىم. ئۈستىگە ئانچە - مۇنچە يۈكلا ئارتىپ قويىدىكەنلا...

— بوپتۇ، ئۈستىدىن قانچە ئۈستەك بېرىلا؟ — دېدى سەمەت ھۇسەننىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— قانچە دېسىلە شۇنچىنى بېرەي.

— تېگىشسەڭلار تېگىشىڭلار، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى ئارىغا كىرىپ، — ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تازا سۆلەت بىلەن بىر ماڭغۇسى بار ئوخشايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئىككىيلەن ئات بىلەن قىچىرنى تېگىشتى. ھۇسەن بايۋەچچە قىچىرنىڭ ئۈستىدىن يەنە پۇل قوشتى. ھۇسەن قىچىرنىڭ ئۈستىدىكى قوڭغۇراق، زىبۇ - زىننەت چۇچىلىرىنىمۇ ئاتنىڭ ئۈستىگە يۆتكىۋالدى، سەمەت ئۇنچىقماي قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ مۇنداق پەرداز بۇيۇملىرى بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ئەمما، ھۇسەن بايۋەچچە بۇ سودىدىن ناھايىتى رازى بولدى.

چۈشتىن كېيىن ھۇسەن بايۋەچچە دەڭدىكى ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولۇپ بازارغا چىقتى.

دورا ـ دەرمەك ساتىدىغان سەكسەنخالتىلارنىڭ قاتارىدىن ئۆتتى. قاتار كەتكەن دۇكانلارنىڭ پوكەيلىرىدىكى ھەر خىل دورىلار سېلىنغان خالتىلاردىن ئۇرۇلغان كۈچلۈك پۇراق دىماقنى ئېچىشتۇراتتى. ھۆسەن ئايلىنىپ تۇيۇقسىز ئۆمەر مەدداھ مەدداھلىق قىلىۋاتقان سورۇننىڭ يېنىدىن چىقىپ قالدى. ئەمدى مەدداھ ئۆستەڭ بويىدىن يۆتكىلىپ قانداقتۇر بىر گۈمبەزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كونا مەسچىت يېنىدىكى يوغان قارىياغاچ ئاستىغا سورۇن تۈزگەنىدى. قارىياغاچنىڭ ئۈستىدە يۇزلەپ قاغىلارنىڭ چاڭگىلىرى ئېسىلىپ تۇراتتى. قارىياغاچنىڭ ئۇششاق يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەن قۇياش نۇرى مەيداننى چۆرىدەپ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ يۇزلىرىدە جىمىرلايتتى. ئۆمەر مەدداھ ئوتتۇرىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ ئاللانىڭ ئادەمنى يارىتىش جەريانىنى ھېكايە قىلماقتا ئىدى. ھۆسەن سورۇننىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ قىسىلدى.

—... ئەي خالايىق، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، جىمى كارامەتنىڭ ئىگىسى، ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى جانابى ئاللا ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن تۇپراقتىن ياراتماقچى بولدى. تۇپراققا: «ئېھ، غەملىك تۇپراق! سېنىڭدىن بىر خەلق يارىتىمەن، ئۇ خەلقنىڭ بەزىسى ئىتائەتچان، پەرمەندار بولىدۇ؛ بەزىسى ئىسيان قىلىپ گۇناھقا پاتىدۇ. ئىتائەتچانلىرىنى بېھىشقا ئەۋەتىمەن. ئىتائەت قىلمىغانلىرىنى دوزاخقا تاشلايمەن» دېدى... مانا ئاراڭلاردا خۇدانى ھەر ۋاقىت ياد ئېتىپ تۇرىدىغان ئەھلى مۇسۇلمانلارمۇ، خۇدانى تونۇمايدىغان پاسىق بەندىلەرمۇ بار. قىيامەتتە ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



كىمنىڭ ئورنى ئۆزىنىڭ خۇي ـ پەيلىگە يارىشا بولىدۇ.
ھەي تازا!ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۆمەر مەدداھ بىر ـ بىرىگە يېپىشقان بەتلىرىنى شىلىپ، ــ پۇتۇڭنى تارت! ئاللانىڭ ئۇلۇغ نامى زىكىر قىلىنىۋاتقان يەردە قەددىڭنى رۇس تۇت!

شۇنىڭ بىلەن سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى تەۋرەپ ئۆزىنى تۈزەپ ئولتۇرۇشتى. مەدداھ ھېكايىسىنى داۋام قىلماقتا ئىدى:

ــ ئاللاتائالا تۇپراقنى ئېلىپ كېلىشكە ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتتى. تۇپراق ئەزرائىلغا: «مەندىن يارالغان نەرسە تەڭلا قىيامەتتە دوزاختا كۆيسە قانداق قىلارمەن؟» دەپ نالە قىلدى. ئەزرائىل تۇپراقنىڭ نالىسىغا قارىماي شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇب ھەر تەرەپتىن بىر چاڭگالدىن تۇپراق ئالدى... ئېھ، خالايىق! ئادەم بالىسىنىڭ رەڭگى ـ رۇخسارى، خۇي ـ پەيلىنىڭ ھەر خىل بولۇش سەۋەبى شۇنىڭدىندۇر!

ــ دوست!ــ دەپ ۋارقىرىدى قۇۋان «ئەزمە».

ــ يەنە شۇنىمۇ ئاڭلاپ قېلىڭلار، خالايىق، ياراتقان ئىگەم تۇپراقنى ئېلىپ كېلىپ، مەككە بىلەن تائىفنىڭ ئارىلىقىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىرىق يىل غەم يامغۇرى، يەنە بىر يىل خۇشاللىق يامغۇرى ياغدۇردى. شۇڭا ئادەم پەرزەنتىگە ئەزەلدىن شادلىقتىن كۆرە غەم ـ قايغۇ كۆپ ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئاراڭلاردا بار ـ يوقىنىڭ غېمىدە پۇچۇلمىغان، بالىچاقىنىڭ ئېغىر چىلىقىنى تارتمىغان، بۇ ۋاپاسىز جاھاننىڭ دەرد ـ ئەلىمىنى يۇتمىغان كىم بار؟...

ــ ھەق!ــ دەپ ۋارقىرىدى ئولتۇرغانلاردىن بىرسى.

ــ ياراتقان ئىگەم ھەممىنى يەنە ئۆزى تەڭشەپ

تۇرىدۇ. رىۋايەتلەردە شۇنداق دەپتۇلەركى، ھەر مۇشەققەتنىڭ ئاخىرى راھەت، ھەر راھەتنىڭ ئاخىرى مۇشەققەتتۇر؛ ئۇن كۈلكىنىڭ ئاخىرى بىر يىغا، ئون يىغىنىڭ ئاخىرى بىر كۈلكە بولىدۇ؛ ھەر غەمنىڭ ئاخىرى شادلىق، ھەر شادلىقنىڭ ئاخىرى غەمدۇر!... ئەزرائىل ئېلىپ كەلگەن تۇپراق قىرىق يىلدىن كېيىن لاي بولدى. ياراتقان ئىگەم ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەقىل، روھ، نەپس ۋە كۆڭۈلدىن ئىبارەت تۆت نەرسىدىن ياراتتى. كۆڭۈلنى سۇدىن، روھنى شامالدىن، ئەقىلنى تۇپراقتىن، نەپسنى شەيتانغا يېقىن بولغان ئوتتىن ئالدى. شۇڭا، بۇ ئالەمدىكى جىمى مېھنەت، مۇشەققەت نەپسىدىن كېلىدۇ؛ ئاخىرەتتىكى ھەممە ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ سەۋەبچىسىمۇ نەپسىدۇر!

— بەرھەق! — دەپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن دوست تارتتى قۇۋان «ئەزمە».

ھۇسەننىڭ كۆزى ئۇدۇل تەرىپىدىكى ئۆرە تۇرغانلار قاتارىدا تۇرغان بىر ئايالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ بېشىغا تاشلىۋالغان رومالىنىڭ بىر تەرىپىنى قايرىپ ھۇسەنگە قاراپ تۇرغاندەك قىلاتتى. دەل شۇ چاغدا ئۆمەر مەدداھ «خۇدايىتائالا نەپسىنى شەيتانغا يېقىن بولغان ئوتتىن ئالدى...» دېگەن گەپلەرنى قىلىۋاتاتتى. ھۇسەن چۆچۈپ كەتتى - دە، كۆزىنى ھېلىقى خوتۇندىن قاچۇردى. ئۆمەر مەدداھ ھېكايىسىنى داۋام قىلىۋاتاتتى:

— ئادەمنىڭ توپىدىن ياسالغان شەكلى يەنە قىرىق يىل تۇردى. ئاللا روھقا: «ئېھ، روھ! بۇ جەسەتكە كىرگىن!» دەپ خىتاب قىلدى. روھ تۇپراقتىن ياسالغان جەسەتكە قاراپ قورقۇپ كەتتى. «ئېھ، پەرۋەردىگار، بۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىچى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئوخشايدىكەن، قورقۇۋاتىمەن» دېدى. ئاللا ئۈچ قېتىم پەرمان قىلدى. «جەسەتكە كىرگىن، يەنە پات پۇرسەتتە سالامەت قايتىپ چىقىسەن» دەپ ۋەدە قىلدى.. ئېھ، خالايىق! بەندىلەر ئاللانىڭ ئامانىتىنى بەرگەندە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ جىسمىدىن روھى چىقىپ كېتىدىغىنىنى شۇنىڭدىن. ئەنە ئاۋۇ تامغا يۆلىنىپ خىيال بىلەن ئولتۇرغان غېرىب ـ بىچارە، ئاۋۇ سەللىسىنىڭ يوغانلىقىدىن بوينى قىيسىيىپ كەتكەن موللام، ئاۋۇ كۆرەڭلەپ بىز تەرەپكە قاراپمۇ قويماي گىدىيىپ كېتىۋاتقان ئاتلىق بايۋەچچە، ھەممىمىز بىر كۈنى ئاللانىڭ ئامانەتلىرىنى تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ھېساب بېرىشكە بارىمىز، بۇ ھەققە بويسۇنمايدىغان ھېچكىم يوق!

ـــ دوست!

ھۆسەننىڭ كۆزى قارىماي دېسىمۇ يەنە ھېلىقى خوتۇن تەرەپكە كېتىپ قالاتتى. چوكان رومىلىنى ئوبدانلا كۆتۈرۈپ ھۆسەنگە قاراپ كۈلۈمسىرىگەندەك قىلدى.

ـــ شۇنداق قىلىپ، ـــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى ئۆمەر مەدداھ، ـــ روھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچىگە كىردى. ئادەم تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، تۇرالمىدى. نەپسى تاماققا تەقەززا قىلدى. دەرھال بېھەشتتىن ئۈچ لوقما كەلتۈرۈلدى. ئۇنى يېگەندىن كېيىن جان پۈتۈن بەدەنگە تارقالدى. ئادەمدە 360 تومۇر، 444 پارچە ئۇستىخان، گۆش، پەي، تېرە، نېرۋىلار ھاسىل بولدى... ئېھ، جامائەت! ئۇقۇپ قېلىڭلار، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بەدىنىگە جان كىرگەن ۋاقىت جۈمە كۈنى، ناماز دىگەردىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى... ئاللانىڭ بۇيرۇقى بىلەن

پەرىشتىلەر ئادەمگە سەجدە قىلدى. شەيتان سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى. ئاللا: «ئىبھ، مەلئۇن! نېمىشقا ئادەمگە سەجدە قىلمىدىڭ؟» دەپ سورىدى. شەيتان: «ئىبار اخۇدايا، مەن ئادەمدىن ئۈستۈنمەن، مېنى ئۆزۈڭ ئوتتىن ياراتتىڭ، ئادەمنى لايدىن، ئوت دېگەن نۇر، تۇپراق دېگەن قاراڭغۇ زۇلمەت، نۇر قانداقمۇ قاراڭغۇ زۇلمەتكە سەجدە قىلسۇن!» دېدى. ئاللا: «ئىبھ، مەلئۇن! تۇپراق سەۋرلىك ۋە مۇلايىم، شۇڭا بېھىشلارنى تۇپراق بىلەن بىنا قىلغانمەن؛ دوزاخنى بولسا ئوتتىن ياراتتىم، بۇنى بىلمىدىڭمۇ؟» دېدى. شەيتاننى پەرىشتىلىك مەرتىۋىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ دىۋە سۈرىتىدە قىلدى، بېھىشتىن قوغلاپ زېمىنغا چۈشۈردى. شەيتان ئۆز ۋاقتىدا بېشىغا سەللە يۆگەپ بىر خىلۋەتتە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان تەقۋادار ئىدى. ھەممە پەرىشتە ئۇنى بىر زاھىت سۈپىتىدە كۆرەتتى، كېيىن پەرىشتىلەر ئۇنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقتى. شەيتان ھەربىر ئاسماندا مىڭ يىلدىن ئىبادەت قىلدى، ئاندىن بېھىشكە مۇئەككەل رىزۋاننىڭ تەلىپى بىلەن سەككىز بېھىشنىڭ ھەربىرىدە يەنە مىڭ يىلدىن ئىبادەت قىلدى؛ دوزاخقا مۇئەككەل مالىكنىڭ تەلىپى بىلەن يەتتە دوزاخنىڭ ھەربىرىدە يەنە مىڭ يىلدىن ئىبادەت قىلدى. ئۇنىڭغا ياقۇتتىن بىر مۇنبەر ياساپ بېرىلگەنىدى. ئۇ مۇنبەردە تۇرۇپ جىمى پەرىشتىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. ئۇ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ: «خۇدايىتائالا ئەگەر خۇدالىق ئىشىنى باشقا بىرسىگە ئۆتۈنۈپ بېرىدىغان بولسا ماڭا بېرەتتى» دەپ ئاللانىڭ لەنىتىگە ئۇچرىغان... ئىبھ، بۇرادەرلەر! ھەزرىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاپپاق خوجا زامانىدا مانا شۇنداق سەللىلىك شەيتانلار جاھاننى بىر ئالغانىدى. شۇڭا بىر شائىر:

كەچتىم مەن زامانىڭدىن،
ياخشىكىم، يامانىڭدىن.
ئاق سەللە، يېشىل سەللە،
بىزارمەن تاماڭدىن...

دەپ يازغان... خوش، باياشقى ھېكايىمىزگە كەلسەك، ياراتقان ئىگەم شەيتاننى پەرىشتىلىك مەرتىۋىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ بېھىشتىن قوغلاپ زېمىنغا چۈشۈردى. شەيتان: «ئېھ، خۇدا! ھېچبولمىغاندا مېنىڭ شۇنچە يىللار قىلغان ئىبادەتلىرىمنىڭ ئەجرىنى بەرگىن» دېدى. ئاللا: «سەۋر قىل، قىيامەت كۈنى بېرىمەن» دېدى. شەيتان: «قىيامەت كۈنى نېمە بولسام بولاي، ئەجرىمنى ھازىرلا بەرگىن» دېدى. ئاللا: «تەلەپىڭنى ئېيت!» دېدى. شەيتان: «ئىلاھا، ماڭا تاكى قىيامەت كۈنىگە يەتكۈدەك ئۆمۈر بەرگىن، ئادەمزاتنىڭ تېرىسى بىلەن گۆشىنىڭ ئارىسىدا يۈرۈشكە يول بەرگىن» دەپ تىلىدى. ئاللا: «تىلىگىنىڭنى بەردىم» دېدى. شەيتان: «ئۇھ، ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم، ئادەم بالىسىنى تاكى قىيامەتكىچە ئازدۇرۇپ ئۆزۈمگە ئوخشاش قىلىمەن» دېدى... ئېھ، خالايىق! بۇ رىۋايەتلەرنى ئاڭلاپ قوي، شەيتان ھەر سائەت، ھەر مىنۇت بىز بىلەن بىللە، ئۇ گۆشىمىز بىلەن تېرىمىز ئارىسىدا تېنىم تاپماي قۇتراپ يۈرىدۇ، ئالىمىمۇ، زالىمىمۇ، نادانىمۇ، ئاقىلىمۇ ھېچقايسىمىز شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن خالىي ئەمەس!

ــ ھەق دوست!ــ دېدى قوۋان «ئەزمە».

ھۆسەننىڭ كۆزىگە ھېلىقى رومالنى پات ـ پات قايرىپ ئۇنى شەرەتلەۋاتقان چوكان دەل ئايال قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ئۇنى ئازدۇرماقچى بولۇۋاتقان شەيتاننىڭ ئۆزى بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھۆسەن ھېلىقى ئايال تەرەپكە قارىدى ـ دە، يەنە ئىتتىك كۆزىنى قاچۇردى. ئۇ ھېچبىر شەيتانغا ئوخشىمايتتى. قۇلىقىدىكى ئېغىر زىرىلىرى، بوينىدىكى قاتارلىشىپ تۇرغان ناۋات رەڭ كەھرىۋا مارجان، رومالنى چىمدىپ تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكلەر ئۇنىڭ خېلىلا دۆلەتمەن خېنىملاردىن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇ ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن بىر تۇل بىچارىدۇر، شۇنچە دۇنياسى تۇرۇپ بەدىنىنى سېتىپ پۇل تېپىشقا موھتاجمۇ ئەمەستۇ؟ دۇنياسى بولغان بىلەن، ئېرى بولمىغاچقا ئۇزاق كېچىلەرنى يالغۇزلۇقتا تاڭغا ئۇلاشتۇرالماي ئىچى پۇشىدىغاندۇ، ياكى بولمىسا ھۆسەن ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ، خۇدايىتائالانىڭ ئۆزى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئىشق ئوتىنى تۇتاشتۇرۇپ ئۇنى ئارامىدا قويماي ۋاتىدىغاندۇ؟...

ھۆسەننىڭ قۇلىقىغا ئەمدى ئۆمەر مەدداھنىڭ بىرمۇ گېپى كىرمىدى. ئۇ ھاڭۋېقىپ خىيالغا چۆشۈپ كەتكەنىدى. بىر چاغدا مەدداھنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتقانلار يىغا ـ زار قىلىشقا باشلىدى. ھەممە دېگۈدەك يان خالتىلىرىنى ئاختۇرۇپ ئاتىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا ئاتماقتا ئىدى. قوۋان «ئەزمە» ئۆمىلەپ يۈرۈپ چېچىلغان پۇللارنى تېراتتى...

سورۇن تارقىدى، ھۆسەن سورۇندىن تارقىغانلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



بىللە مەقسەتسىزلا بازار ئىچىگە قاراپ ماڭدى. بايىقى چوكان تارقىلىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدا غايىب بولغانىدى. ھۆسەن بازار رەستىلىرىنى ئارىلاپ قانداقتۇر كۆڭۈلدىكى ـ تامبال، يىپ ـ يىڭنە، داس ـ چۆگۈنلەرنى ساتىدىغان يايمىچىلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. مەززىلىك پۇرىقى گۇپۇلدەپ دىماققا ئۇرۇپ تۇرغان ئىسسىق نانلارنى تەۋەككۈلىرىگە يېپىۋەتكەن ناۋايلار قاتارىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر ئايال ئۇنىڭغا يانداپ كېلىپ پىچىرلىدى:

ــ غوجام، مەدداھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ ھېرىپمۇ قالغانلا؟ ئۆيگە بېرىپ ئازراق ئاراملىرىنى ئېلىپ كەتسىلە.

ھۆسەن ئىتتىك قاراپ بېشىنى رومال بىلەن چۈمكىگەن بايىقى چوكاننى كۆردى.

ــ ئۆيلىرى نەدە؟

ــ ماڭا ئەگىشىپ ماڭسىلا.

چوكاننىڭ بەستى خېلىلا بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھۆسەننىڭ ئالدىدا قىسىپ دەسسەپ، نازاكەت بىلەن مىڭىپ كەتتى. ھۆسەن ئۇنى كۆزدىن يوقاتماي ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار ئادەملەرنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭى بىلەن قايناپ تۇرغان بازار مەيدانىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۇششاق باللار ئويناپ يۈرگەن قانداقتۇر بىر تار كوچىغا بۇرۇلدى، ئاندىن يەنە بىر چوڭ كوچىغا چىقتى. چوكان ھۆسەننى «كېلىۋاتامدۇ يوق؟» دەپ پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى. كوچا دوقمۇشىغا يەتكەندە مۇنارلىرى ئېگىز كۆتۈرۈلگەن ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت كۆرۈندى. مەسچىت ئالدىدا بىر پالچى ئالدىغا بىر پارچە پالاسنى يېيىپ

باداشقاننى قوروپ ئولتۇراتتى. ئورۇق، ۋىجىك كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ ئۇزۇن ساقاللىرى مەيدىسىدىن ئېشىپ تىزىغا يېتەي دەپ قالغانىدى. پالاستا رەڭلىك تاشلار چېچىلىپ ياتاتتى.

— غوجام، كەلسىلە، سىلىگە بىر پال ئېچىپ قوياي، — دېدى مۈگدەپ ئولتۇرغان ھېلىقى پالچى ھۇسەن ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا پاللىدە كۆزىنى ئېچىپ.

— رەھمەت، ئالدىرايتتىم.

— ئالدىراپ نەگە بارالا، ئۇكام، ھەرقانچە ئالدىرىغان بىلەن ھەممىمىزنىڭ ئاخىرىدا بارىدىغان يېرىمىز ھېلىقى ئىككى گەز لەھەت...

— ئالدىرايتتىم دەيمەن...

— توختىسىلا، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى پالچى، — مۇشۇ ئالدىراش باسقان قەدەملىرىدىن مەن سىلىگە كېلىۋاتقان بىر بالا - قازانى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن.

ھۇسەن ئىختىيارسىز توختاپ پالچى تەرەپكە قارىدى.

— «پالغا ئىشەنمە، پالسىز يۈرمە» دەپتىكەن، ناھايىتى بىر نانىنىڭ پۇلىنى بەرسىلە بولىدۇ.

ھۇسەن ئۇزاپ كەتكەن چوكان تەرەپكە قاراپ قويدى - دە، ئارقىغا يېنىپ پالچىنىڭ يېنىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى.

— قېنى دەپ باقسىلا، ماڭا كېلىۋاتقان نېمە بالا - قازاكەن ئۇ؟

— بىلگۈچى خۇدا، — دېدى پالچى، — بۇرۇنقى زامانلاردا جىن - شاياتۇنلار يەتتە قات ئاسمانغا چىقىپ، ھەر خىل ۋەقە، ھادىسىلەر ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پەرىشتىلەردىن ئاشلىۋېلىپ يەرگە چۈشۈپ مۆنەججىملەرگە ئېيتىپ بېرەتتىكەن.

— «مۆنەججىم» دېگەن قانداق نەرسە ئۇ؟ — دەپ سورىدى ھۆسەن بايۋەچچە.

— «مۆنەججىم» دېگەن ماشا ئوخشاش پالچى، — دەپ چۈشەندۈردى پالچى، — ئۇ زامانىنىڭ پالچىلىرى ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ جايلىشىشىغا قاراپ كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلار، ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ھۆكۈم قىلاتتىكەن. شۇڭا ئۇلارنى «مۆنەججىم» دەيتتىكەن. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ تۆتىنچى قەۋەت ئاسماندىن يۇقىرى چىقىشى مەنئى قىلىنىپتۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەندە ئۈچىنچى قەۋەت ئاسماندىن يۇقىرى ئۆتۈش چەكلىنىپتۇ. ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ بىرىنچى قەۋەت ئاسماندىن ئۆتۈشىگىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان. شۇڭا نەق گەپنى قىلماق تەس، ئۇكام، پال بىلەن ئازراق بېشارەتلا قىلالايمىز...

پالچى شۇنداق ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن ۋاتىلداپ كەتتى. ھېلىقى چوكان بولسا ئاللىبۇرۇن ئۇزاپ كۆزدىن يىتكەنىدى.

— ھوي ئاكاھوي، نېمانچە جىق گەپ بۇ؟ — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە چىداپ تۇرالماي.

— مانا ـ مانا... بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، ئاتلىرى نېمىتى؟

— ھۆسەن بايۋەچچە، ھۆسەن دېسىلىمۇ بولىدۇ.

— ئۇشبۇ پالنى ئىنس ـ جىن، دىۋە ـ پەرى، شامال ـ

بوران، جىمى ئۈچار قاناتلارنىڭ پادىشاھى، ئاللاتائالانىڭ كاتتا پەيغەمبىرى ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نامى بىلەن...ئاتلىرىنى نېمە دېدىلا؟ — دەپ يەنە ھۇسەنگە قارىدى پالچى.

— ھۇسەن.

— ھە، ھۇسەنئاخۇننىڭ بەخت - پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ئىشلارنى بىلمەك بولۇپ ئاچتىم...

پالچى يەنە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاپ پال تاشلىرىنى ئۈچكە بۆلدى. ھەربىر بۆلەكتىكى تاشلارنى يەنە تۆتتىن جۈپلەپ، كەسىر قالغان تاشلارنى پالاس ئالدىغا سۈردى. بۇ ھەرىكەتنى ئۇ ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ئالدىغا سۈرۈلگەن تاشلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ھۇسەنگە قاراپ:

— ئۇكام، سىلى ھازىر بىرسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتامدىلا قانداق؟ — دەپ سورىدى.

«ماۋۇ ساختىپەزنىڭ قۇۋلۇقىنى، — دەپ ئويلىدى ھۇسەن ئىچىدە، — مېنىڭ ھېلى ھېلىقى چوكاننىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتقىنىمنى يىراقتىنلا كۆرۈۋېلىپ، ئۆزىنى خۇددى غايىبتىن بىرنەرسىنى بىلىۋالغاندەك قىلىپ كۆرسىتىپ كەتكىنىنى...»

— ھە، مەن ئۆزۈمنىڭ خوتۇنۇمنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتاتتىم.

— ياق، ياق، ئۇكام، يالغان گەپ قىلمىسىلا، ماۋۇ پال توغرا بولماي قالىدۇ. قارىغاندا سىلى باشلىرىغا جىق دىشۋارچىلىق كەلگەن مۇساپىردەك قىلىدىلا. ماۋۇ تاشلارنىڭ باش تەرىپىنىڭ يېنىك چۈشكىنىگە قارىغاندا سىلى تېخى ئۆيلەنمەپتىكەنلا، خوتۇن خەق دېگەننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۆزى بىر يۇك... ئەگىشىپ كېتىپ بارغان ئادەملىرى تازا ئىشەنچلىك كۆرۈنمەيدۇ، ئەگەشكۈچى بولمىسىلا...

ھۆسەن ئىچىدە: «ئېھتىمال، ھېلىقى چوكان بۇ ئەتراپتا ھەممە ئادەم بىلىدىغان بىر بۇزۇق بولسا كېرەك، ماۋۇ پالچى شۇ چوكانغا ئەگىشىپ كېتىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ مېنى توسماقچى بوپتۇ ـ دە!» دەپ ئويلىدى.

ــ نېمىشقا، مەن ئۇ چوكانغا ئەگىشىپ ماڭسام نېمە بولغۇدەك؟ ــ دەپ سورىدى ھۆسەن.

ــ چوكانغا؟!... سىلى چوكانغا ئەگىشىپ كېتىۋاتامدىلا، بىر بالا ـ قازاغا... مانا ماۋۇ پالنىڭ سول تەرىپىدىكى ئىككى قاتار تاش... تاش... تا ... تا ... تاش،ــ دەپ دۇدۇقلاپ قالدى پالچى.

يىراقلاپ كەتكەن ھېلىقى چوكان قايتىپ كەلگەنىدى.

ــ ھەي ئادەم، ماڭمامدىلا! ــ دېدى ئۇ مەسچىتنىڭ نېرىسىدا توختاپ ھۆسەنگە قاراپ رومالىنى قايرىپ تۇرۇپ.

ــ سىلى مېڭىپ تۇرسىلا، مانا ئارقىلىرىدىن ھازىرلا يېتىمەن، ماۋۇ ئادەم بىلەن گېپىمىز تۈگىسۇن.

چوكان يەنە يوغان ساغرىسىنى ئىككى تەرەپكە چايقاپ مېڭىپ كەتتى.

ــ ئۇكام، سىلى ئاشۇ تۇراپىنىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتامدىلا؟ــ دېدى قورقۇنچ بىلەن ھۆسەنگە قاراپ پالچى.

ــ تۇراپ؟... تۇراپ دېگەن كىم ئۇ؟ مەن ئاۋۇ چوكاننىڭ...

ھۆسەننىڭ گېپى تۈگىمەيلا پالچى ئالمان ـ تالمان رەم تاشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، پالىسىنى قولتۇقىغا

قىسىپ مەسچىتنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ھۇسەن ئۇنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ توختاتتى.

ــ ئاكاھوي، گېپىڭنى ئاخىرلاشتۇرماي نەگە بارىسەن؟

ــ ناماز شامنىڭ ۋاقتى بولۇپ قالدى.

ــ كۆن ئولتۇرمايلا ئوقۇيدىغان قانداق ناماز شام ئىكەن ئۇ؟ ئۆزۈڭ كېتىپ بارغان ئادەمنى پال ئېچىپ قويايى، دەپ ۋارقىراپ توختىتىسەن. ھە دېسە، گەپنىڭ بېشىنى باشلاپ، ئاخىرىنى چۇشۇرمەيسەن...

ــ ئۇكام، سىلى يامان ئادەمنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ قاپلا. سىلى بۇ يەرگە ياقا يۇرتتىن كېلىپ قالغان مۇساپىردەك قىلىلا، نېمە ئىشلىقىنى سورىماي ئارقىلىرىغا قايتسىلا.

ــ مەن بېشىغا رومال تاشلىغان چوكاننىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتسام سەن ئۇنىڭ ئىسمىنى «تۇراپ» دېگەندەك قىلىپ قالدىڭا، سىلەرنىڭ بۇ شەھەردە خوتۇن كىشىگىمۇ «تۇراپ» دەپ ئىسىم قويامدۇ؟

ــ ئۇ ئەر دېسەڭ ئەر ئەمەس، خوتۇن دېسەڭ خوتۇن...

ــ ئەرمۇ ئەمەس، خوتۇنمۇ ئەمەس قانداق ئادەم ئۇ؟

ــ خۇمسى.

ــ خۇمسى دېگەن نېمە؟

ــ ئەجەب تولا گەپ سورىدىڭا، ئۇكام؟ مېنى تورىما، مېنى جان باققىلى قويامسەن يوق؟... ئاشۇنداق ئەر بىلەن خوتۇننىڭ ئارىلىقىدا قالغان ئادەمنى خۇمسى دەيدۇ.

شۇ ئارىدا ھېلىقى بېشىغا رومال تاشلىغان چوكان ئاسماندىن چۇشكەندەكلا يەنە پەيدا بولدى ـ دە، كەلگەنچە كېلىپ پالچىنىڭ كانىيىدىن سىقىپ تامغا نىقتىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋىجىك پالچىنىڭ پۈتى يەردىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندى.

— قانداق ئادەمنى خۇمسى دەيداۋاي، ھېچقىسى! ماڭا بىر دەپ بېرە!

— يوقسۇ، تۇرانخېنىم، مەن سىلىنى دېمىدىم.

— مەن باشلاپ كېتىۋاتقان خېرىدارنى تۇسۇۋېلىپ يامان گېپىمنى قىلىپ بېرىپ نېمە پايدا تاپماقچىدىلىڭ؟

— بۇ يېتىم سىلىنى قانداقراق چوكان، دەپ سورىۋىدى، مەن سىلىنىڭ ياخشى گەپلىرىنى قىلىپ: «بۇ مەھەللىدە مۇشۇ تۇرانخېنىمدەك كېلىشىملىك ئايال يوق، بەش ۋاق ناماز، ئەھلى مۇسۇلمان... قانداق قىلىپ سىلىگە كۆزى چۈشۈپ قالدىكى، بولمىسا شۇ كۈنگىچە مەڭزىگە ئەركەك چىۋىنىمۇ قوندۇرمىغان» دېدىم. شۇنداققۇ، ئۇكام؟ — دەپ ياندا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغان ھۆسەنگە يېلىنغاندەك قارىدى پالچى، — ئەنە ئۆزلىرى سوراپ باقسىلا.

ھۆسەن چوكاننىڭ قولىنى پالچىنىڭ گېلىدىن ئاجرىتىپ ئۇنىڭ بېشىدىكى رومالىنى بىر تارتىۋىدى، ئۇپا سۈركىگەن ئاپپاق چىراي، قاپقارا قاش، قوللىرىغا قوشلاپ ئۈزۈك سالغان، ئىككى قۇلىقىدا ئالتۇن سىرغا پۇلاڭشىپ تۇرغان، ئەردەك يوغان بەستى بار بىرنېمە ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— سەن زادى قانداق ئادەم؟ ئەرمۇ، ئايالمۇ؟

— ئەرنىڭ ئورنىدا ئىشلەتسىلە ئەرمەن، ئايال لازىم بولسا ئايال.

— يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى ھۆسەن.

— ۋاي ئۆتەپ بارە ياقىسى كىر قەلەندەر، مەنمۇ ساڭا ئاشىق ئەمەس!

تۇراپ چالۋاقىغىنىچە كېتىپ قالدى. پالچىمۇ ئاللىبۇرۇن قۇيرۇقىنى خادا قىلغانىدى. ھۇسەنگە بۇ ئىش ناھايىتى قىزىق تۇيۇلدى. ئۇ دۇنيادا مۇنداق ھەم ئەرگە، ھەم ئايالغا تەۋە ئادەملەرنىڭمۇ بولىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، لېكىن كۆرۈپ باقمىغانىدى... ئۇ ئەمدى قانداق ماڭسا ئۆزلىرى چۈشكەن دەڭگە بارىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالدى. تەۋەككۇل قىلىپ ئارقىغا يېنىپ بىر تار كوچىغا بۇرالدى، ئاندىن ئۇستى يېپىق بىر بازارغا چىقىپ قالدى. بۇ يەردە قاتار كەتكەن زەرگەرلەر دۇكىنى بار ئىدى. يۇمشاق كۆرپە سېلىنغان كاتلار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىۋاتقان سەرراپلار بىر ـ بىرىگە ئېگىشىپ پىچىرلىشىپ ئالتۇن ـ كۈمۈش سودىسى قىلاتتى. ھەر خىل ئالتۇن جابدۇقلار تىزىلغان پوكەيلەر ئالدىدىن ئاياللار ھەر تەرەپكە ئۆتۈشەتتى.. سەمەت زەرگەر بازىرىدىن چىقىپ دوپپىچىلار قاتارىغا، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ ئوتۇن بازىرىغا، ئۇ يەردىن تۇنىكىچىلەر، تۆمۈرچىلەر دۇكانلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بىلەن بولقىلارنىڭ تۆمۈرلەرگە سوقۇلۇپ چىققان جاڭ ـ جۇڭ ئاۋازى قوشۇلۇپ شۇنداق بىر كۈچلۈك سادا پەيدا قىلغانىدىكى، كىشىنىڭ قۇلاقلىرىنى زىڭىلدىتىۋېتەتتى.

— ھۇسەن بايۋەچچە، نەگە؟

بىرەيلەننىڭ ئۆزىنى چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ ھۇسەن چۆچۈپ كەتتى ـ دە، ئىتتىك يېنىغا قارىدى. نېرىدا قۇۋان «ئەزمە» ئۇنىڭغا قاراپ ھىجىيىپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ۋاي، سەن نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى ھۆسەن بايۋەچچە.

— ئۇستاز ئىككىمىز تاماقتىن چىقتۇق، دەڭگە كېتىۋاتىمىز، سىلى نەگە؟

— مەنمۇ شۇ دەڭگە، قانداق قايتىپ كېتىشىمنى بىلمەي تېنەپ قالدىم.

— بۇ تەرەپكە ماڭسىلا.

ھۆسەن ئالدىدا كېتىپ بارغان ئۆمەر مەدداھنى كۆردى، قوۋان «ئەزمە»نىڭ يېنىغا كېلىپ ئاستا ئۇنىڭ پېشىنى تارتىپ سورىدى:

— ماۋۇ يۇرتتا غەلىتە ئادەملەر باركەن، كۆردۈڭما؟

— قانداق ئادەملەركەن ئۇ؟

— ئايالچە ياسىنىۋالغان ئەرلەر... ئايال دېسە ئايال ئەمەس، ئەر دېسە ئەر ئەمەس بىرنېمىلەر...

— كۆرگەن.

— قەيەردە؟

— ۋاي سەمەتئاخۇن، ئۇنداق ئادەملەر ھەممە يۇرتتا بىر - ئىككىدىن ئۇچراپ قالىدۇ.

— قەشقەردىمۇ بارمۇ؟

— مىنى تولا گەپكە سالمىسىلا، ئەنە دەڭگىمۇ كېلىپ قالدۇق.

— يەنە بىر گەپ، — دېدى ھۆسەن، — ئاۋۇ قېچىرىمنى سەمەتئاخۇننىڭ ئېتىغا تېگىشىۋەتتىم، كىم ئۇتۇپتۇ؟

— سىلى ئۇتۇپتىلا.

# ئون بىرىنچى باب

## دەرەخ كەسمە

سەمەت كېچىدە چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۆگەي ئاتىسى پەيزۇللاخۇن ئاپپاق كېپەننى يېپىنچاقلىغىنىچە هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرگۈدەك. ئىلگىرىكى ئاياللىدىن بولغان چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كېلىپ هە دەپ قولىنى شىلتىپ:

— سەمەت قېنى؟ ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟ مەن ئۆزۈم ئۇنىڭ بىلەن چېلىشماقچى بولغان تۇرسام، ئۇنى نېمىشقا ئۇردۇڭلار؟ — دەپ ئۇلارنى سوراقا تارتىۋاتقۇدەك.

— دادا، سىلى نېمانداق تەتۇر گەپ قىلىدىلا، سەمەتنى بىز ئۇرمىدۇق، سەمەت دېگەننى بىز كۆرۈپمۇ باقمىدۇق، — دەپ چۈشەندۈرۈۋاتقۇدەك چوڭ ئوغۇللىرى ئۇنىڭغا، — ئۇرىمىز دەپ پوپوزا قىلىپ قويغان، قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ.

— نەگە قېچىپ كېتىپتۇ؟

— نەگە قېچىپ كەتكىنىنى بىز نەدىن بىلەيلى، ئاۋۇ يامان خوتۇندىن سوراپ باقسىلا.

سەمەتنىڭ ئانىسى بىر چەتتە كۆز يېشى قىلىپ تۇرغانىكەن. پەيزۇللاخۇن يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ۋارقىراپ كېتىپتۇدەك.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


— سەمەتنى سەن قاچۇرۇۋېتىپسەن، ئەمدى ئىتىمنىڭ ئىشلىرىنى كىم قىلىدۇ؟ مەن بىلەن كىم بەل تۇتۇشۇپ چېلىشىدۇ؟ مەن ئۇنىڭغا مۇشۇ مەھەللىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنى ئېلىپ بەرمەكچىدىم، ۋەدەمدە تۇرمىسام بولامدۇ؟... مېنىڭ ئىتىم قېنى؟ ئىتىمنى ئەكېلىڭلار... سەمەت، هاي سەمەت!

شۇنداق دەپ پەيزۇللاخۇن هويلىنىڭ بىر چېتىدە تاشلىنىپ تۇرغان ئەسكى زەمبىلگە ئولتۇرۇپ «لەپپىدە» قىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇدەك. ئۈستىدىكى ئاق كېپەن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغۇدەك. مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم كوچىغا چىقىپ ھەيران بولۇپ ئاسمانغا قارىشىۋاتقۇدەك. ئۇششاق باللار خۇشال بولۇپ ۋارقىرىشىپ كېتىپتۇدەك... سەمەت بىر ئەسكى تامنىڭ كەينىدە بولۇۋاتقان ھەممە ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇدەك. ئۇنىڭ قېشىدا مەھەللە مەسچىتىنىڭ مەزىنىمۇ تۇرغۇدەك، مەزىن سەمەتكە قاراپ:

— ئۇكام، سىلى بىكارلا قېچىپ كەتتىلا، ھېلى چامغۇر سالغان ئۇماچ پىشىدۇ. شۇنى بىر قاچىدىن ئىچىدىغان گەپتى. ماۋۇ پەيزۇللاخۇننىڭ مۇشۇنداق ئۇچىمەن دەپ ئۇچالماي يۈرگىنىگە ئۇزاق بولغانىدى، بۇ يېتىممۇ مۇرادىغا يەتتى... سىلىچە قانداق؟ — دەۋاتقۇدەك.

— نېمە قانداق؟ — دەپ سوراپتۇدەك سەمەت...

— ماۋۇ پەيزۇللاخۇن دېگەن دادىلىرى ئاسماندا ئۇچۇۋەرسۇنمۇ، يىقىلىۋالامدۇ؟

سەمەت مەزىن تەرەپكە قاراپ ئوبدان سەپسالسا مەزىننىڭ قولىدا بىر كاللەك يېپ تۇرغۇدەك. ئۆگەي

دادىسىنى ئۇ لەگلەك قىلىپ ئۇچۇرۇۋاتقۇدەك. پەيزۇللاخۇن ئاسماندا تۇرۇپ سەمەتنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— هاي سەمەتئاخۇن، ئاۋۇ يېنىڭدا تۇرغان مەزىننىڭ تازا قۇلاق تۇۋىگە كەلتۈرۈپ بىرنى سىلىپ قولىدىكى يىپىنى تارتىۋالە، مەن بىر خۇش بولاي!— دەپ ۋارقىراۋاتقۇدەك...

سەمەت چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. دەڭنىڭ هۇجرىسى قاپقاراڭغۇ ئىدى. ياندىكى قەغەز چاپلانغان پەنجىرىدىن كېچىنىڭ خىرە يورۇقى چۈشۈپ تۇراتتى. يىراق بىر يەردىن قايسىبىر كەچ قالغان يولۇچىنىڭ توۋلىغان ناخشىسى ئاڭلىناتتى:

ئاتا دېسەم قايار باشىم،
ئانا دېسەم ئاقار ياشىم.
بۇ يۇرتقا مۇساپىر مەن،
يوق تۇغقان، قېرىنداشىم.

قارلىغاچىم قارلىغاچ،
قارلىغاچنىڭ قارنى ئاچ.
مۇساپىرلىق يامانكەن،
چۆلدە قالدىم يالىڭاچ.

سەمەت ئۇيقۇسى قېچىپ خىيالغا پاتتى. كۆز ئالدىغا يىراقتا قالغان مەھەللىسى كەلدى. «ئۆگەي دادام هايات بولغان بولسا مېنى مەھەللىدىكى قايسى قىزغا ئۆيلەپ قوياتتىكىنا؟» دەپ ئويلاندى ئۇ. كۆز ئالدىغا بىر قىز كەلدى. بىر چاغلاردا ئۇ كىچىككىلا قىز ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شوخلۇقىدىن تىنىم تاپماي يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. بەزىدە سەمەت ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن ئىشىكى ئالدىدا بەشتاش① ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. قىزنىڭ ئىسمى «لەيلىگۈل» ئىدى. كېيىن ئۇ چوڭ بولۇپ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۆلگە سۇغا كەلگۈدەك بولدى. لەيلىگۈل بويىغا يەتكەندە شۇنچىلىك گۈزەللىشىپ كەتتىكى، مەھەللىدىكى ھەممە يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭدا ئىدى. قىز بېشىنى كۆتۈرمەي سۇيىنى ئالاتتى ـ دە، كېتىپ قالاتتى. سەمەتنىڭ لەيلىگۈلنى كۆرسىلا نېمىشقىدۇر يۈرىكىنىڭ ئۇرۇشى ئىتتىكلەپ كېتەتتى. بىراق، سەمەتنىڭ ئۆگەي دادىسى ئۇنى سىنىماقچى بولۇپ چېلىشىپ يۈرگەندىلا بۇ قىز ياتلىق بولۇپ كەتتى.

قىزغا يېشى چوڭ بىر دۆلەتمەن ئادەمنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالغانىدى. قىزنى مەھەللىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىپ ماڭغان ئاشۇ كۈن سەمەتنىڭ ئېسىدە. قاناتلىرى يوغان ئېچىۋېتىلگەن دەرۋازا ئالدىدا ساقاللىق بىر ئادەم ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ كېلىنچەكنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ يەرگە يەنە بىر ياسىداق ھارۋىمۇ توختىتىپ قويۇلغانىدى. باش ـ كۆزى پۈركەلگەن قىزنى ئېلىپ چىقىپ ھارۋىغا سېلىشتى. كىمدۇر بىرى ساقاللىق كۈيئوغۇلنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ئېتىغا مىندۈرۈپ قويدى. كۈيئوغۇلنىڭ يېشى قىزنىڭ دادىسىنىڭ يېشىدىنمۇ چوڭراق قىلاتتى.

ــ ھېلىقى بىزنىڭ «يار ـ يار» ناخشىلىرىمىزدىكىدەكلا

① بەشتاش ــ قىز بالىلارنىڭ ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى، «تاشتەرمەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئمش بوپتۇ ـ دە، ـــ دېدى ئەتراپقا ئولاشقان دېھقانلارنىڭ بىرى.

ـــ قايسى ناخشىنى دەيسەن؟ ـــ دەپ سورىدى بىرەيلەن.

ـــ ھېلىقى «يار ـ يار» ناخشىلىرىدىكىچۇ:

تەكچىدىكى قاچىنى چاڭ بېسىپتۇ يار ـ يار،
قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى غەم بېسىپتۇ يار ـ يار.
ھاي ـ ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ، بىر باغ پاخال، يار ـ يار،
يىگىتىگە قارىساڭ پاخمال ساقال، يار ـ يار.

دېگەن قوشاقلار...

دەرۋازا ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان قىزنىڭ ئانىسى كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. ھارۋا قوزغالغاندا قىزنىڭ ئانىسى ئۆي تەرەپتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ پەرياد چېكىپ يىغلىۋەتتى.

كىچىككىنە قارا كۆز، ۋاي بالام ـ ۋاي بالام،
تىلى تاتلىق شېرىن سۆز، ۋاي بالام ـ ۋاي بالام.
ئون تۆت ياشقا يەتمىگەن، ۋاي بالام ـ ۋاي بالام،
يېنىمدىن نېرى كەتمىگەن، ۋاي بالام ـ ۋاي بالام.
مەن بالامنى بەرمەيتتىم، ۋاي بالام ـ ۋاي بالام،
ئاقچىسىنى ئالمايتتىم، ۋاي بالام ـ ۋاي بالام...

بۇ نامرات ئائىلىنىڭ بايدىن قىزنىڭ بەدىلىگە زادى قانچە پۇل ئالغانلىقى نامەلۇم ئىدى. كىشىلەر ئارىسىدا «قىزنى تاغ ئارقىسىغا ئېلىپ كەتكۈدەك، ئۇ بومبا ساقالنىڭ دۇنياسى ساقىلىنىڭ تۈكىدىنمۇ جىقمىش»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



دېگەن گەپلەر تارقالغانىدى. ھارۋا قوزغىلىپ تاكى كۆزدىن يىتكىچە مەھەللىنىڭ بالىلىرى سۈيى يوق يوغان ئېرىقنىڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاتلىق كېتىۋاتقان ھېلىقى ساقالغا تاش ـ داشقال ئېتىشقانىدى. ئۇلار بۇ قېرى بۈركۈتنىڭ مەھەللىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىزنى قامالاپ ئېلىپ كېتىۋاتقىنىغا چىدىماي قالغانىدى.

سەمەت: «ھېلىقى ساقال لەيلىگۈلنى راست ئىلىخوغا ئاچىقىپ كەتكەنمىدۇ؟ لەيلىگۈل ئىلىخودا ئۇچراپ قالسا مېنى تونارمۇ؟... ھازىر ئۇ نەچچە بالىلىق بولۇپ چوڭلا چوكان بولۇپ كەتكەندۇ...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆزىنىڭ قاچان ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى بىلمەي قالدى.

※ ※ ※

يولۇچىلار ئاقسۇدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ جامغا قاراپ يولغا چىققاندا ئادەملەرنىڭ سىياقىدىن تارتىپ ئۇلاغلارغا ئارتىلغان ماللارغىچە خېلى ئۆزگىرىش بولغانىدى. ئۆمەر مەدداھنىڭ يوغان ـ يوغان قەدەم ئېلىپ مېڭىشلىرىدىن ئۇنىڭ روھىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. «ئاقسۇ بازىرىدىكى ئادەملەر كەمبەغەل بولسىمۇ، قولى ئوبدانلا ئوچۇق ئىكەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۆمەر مەدداھ ئاقسۇ بازىرىدا ئىككى يەردە مەدداھلىق سورۇنى تۈزۈپ يامان ئەمەس تاپاۋەت قىلغانىدى. قۇۋان «ئەزمە»گە نېپىز پاختا سېلىنغان چەكمەن چاپان، ئۆزگە يېڭى ئۆتۈك دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋالدى.

ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ تاپاۋىتىمۇ ئوبدان بولدى. ئۇ قەشقەردىن ئىلىخوغا ئاپىرىپ ساتىمەن، دەپ ئالغان بەزى ماللىرىنى ئاقسۇدىلا سېتىۋەتتى. ئۇنى يەنە بىرتالاي يوللارنى بېسىپ ئىلىغا ئاپارغان بىلەنمۇ ئوتتۇرىدىكى پايدا ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. سېتىلغان ماللارنىڭ ئورنىغا ئۇ ئاقسۇ بازىرىدىن رەڭلىك چەكمەن، سېپتا ماتا، پوستى نېپىز ياڭاق، كۇچا ئەلتېرىسى، قوقەند تەرەپتىن ئۇچتۇرپان ئارقىلىق كىرگەن ھەر خىل شايىلارنى ئالدى. ئۇ يەنە بىرنەچچە تاغار گۇرۇچمۇ ئالماقچى بولۇۋىدى، باشقىلارنىڭ ئىشىغا بەكمۇ ئارىلىشىۋېلىشنى ياقتۇرمايدىغان ئۆمەر مەدداھ سۆزلىمەي تۇرالمىدى.

— ئوسمانئاخۇن، — دېدى ئۇ، — ئىلىخو دېگەننىڭ بۇغداي، گۇرۇچلىرىمۇ ئۆزىگە يېتىپ - ئېشىپ تۇرىدۇ جۇما.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئەمما زە، ماۋۇ ئاقسۇنىڭ دانىسى يوغان، رەڭگى ئاپپاق، پىشقاندا بۇرۇنلىرىغا ئېپاردەك پۇرايدىغان بىر گۇرۇچى بار، ئۆز ۋاقتىدا بەگلەر بۇ گۇرۇچنى ئات - ئۇلاغ، تۆگىلەرگە ئارتىپ بېيجىڭغا ئاپىرىپ خاننىڭ ئۆزىگىلا تارتۇق قىلاتتىكەن. جامنىڭ يەنە بىر قىزىل گۇرۇچى بار، پولۇ شۇنچىلىك ئوخشايدۇكى، گەپ قىلمىسىلا، بۇ گۇرۇچنىڭ ئىلىخودىمۇ خېلى بازىرى بار. ئىلىخونىڭ بايلىرى ئىزدەپ - سوراپ ئېلىپ كېتىدۇ، ھېچبولمىسا شۇ قىزىل گۇرۇچتىن بولسىمۇ ئازراق ئېلىۋالاي دېدىم.

— ئىختىيارلىرى، — دېدى ئۆمەر مەدداھ.

ھەممىدىن خۇشال بولغىنى ھۇسەن بايۋەچچە ئىدى.

ئۇ سەمەتتىن تېگىشىۋالغان ئات ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ باشقىچە بىر سۆلەتتە كېتىپ باراتتى. ئۆمەر مەدداھ ھۈسەن بايۋەچچىنىڭ مىنىۋالغان ئېتىغا قاراپ ھەيران بولدى.

— ئۇكام، سېنىڭ مىنىپ كېلىۋاتقان قېچىرىڭ ئاتقا ئالمىشىپ قالدىمۇ، كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟ — دېدى ئۆمەر مەدداھ.

— تېگىشتىم، — دېدى ھۈسەن بايۋەچچە.

— نېمىنى تېگىشتىڭ؟

— ئاۋۇ سەمەتئاخۇن بىلەن قېچىرنى ئاتقا تېگىشتۇق.

ئۆمەر مەدداھ بۇرىلىپ ئۇلاغلار قاتارلىشىپ كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىدى. ھۈسەننىڭ قېچىرى ئۈستىگە سەمەت ئۆزىنىڭ ئازغىنە يۈكىنى ئارتىپ قويغانىدى. قېچىرنىڭ ئۈستىدىكى ئۇششاق قوڭغۇراق، ئالىيىشىل پۆپۈكلەر ئېلىۋېتىلگەچكە بۇ قېچىر كىشىنىڭ كۆزىگە ناھايىتىمۇ كۆرۈمسىز كۆرۈنەتتى.

— پاھ، پايدا سېنىڭلا بوپتۇ - دە! — دېدى ئۆمەر مەدداھ.

— پايدا مېنىڭ بوپتۇمۇ؟!... ئۆمرۈمدە بىر ئىشنى قىلىپ ئالغان پايدامۇ مۇشۇمىكىن... قارىسىلا، ماۋۇ ئاتنىڭ يورغىسىنىڭ سىلىقلىقىنى.

ھۈسەن بايۋەچچە شۇنداق دەپ ئاتقا قامچا ئۇرۇپ ئاتنى ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرتۈپ ئۇنىڭ يورغىسىنى كۆرسەتكەن بولدى.

— بولدى، بولدى، ھارغۇچە توپا تۇزۇتۇۋەتتىڭ، — دېدى ئۆمۈر مەدداھ، — بىراق، بايۋەچچە، مەن ساڭا بىر

گەپنى دەپ قويـاي، ئەزەلدىن ئـالتە شـەھـەر تەرەپتىن ئىلىخوغا ئات مىنىپ چىقىدىغان ئىش يوق. شۇنداققۇ دەيمەن، ئوسمانئاخۇن.

— شۇنداق،— دەپ تەستىقلىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ئىلىخو دېگەندە ئاتنىڭ باھاسى ئەرزان، ياخشى ئاتمۇ شۇ يەردە. شۇڭا، ئىلگىرىدىنلا يېتىمچىلەر ئىلىخوغا پىيادە چىقىپ، ئۇياقتىن ئالتە شەھەر تەرەپكە ئات ئېلىپ چۈشىدۇ.

— مەيلى ئەمەسما،— دېدى ھۇسەن بايۋەچچە،— سىلى بىلمەيدىلا، ئۆمەر تـاغا، مېنىڭ بىر قـورساقتىن بولغان ھەسەن دەپ بىر ئاكام بولىدىغان، خېلى يىللارنىڭ ئالدىدا ئىلىخوغا چۈشۈپ كەتكەن، شۇ ئاكامنى ئىزدەپ ئىلىخوغا چىقىپ كېتىۋاتىمەن. ئاڭلىسام، ئاشۇ مۇز داۋاندىن ئارتىلىپ چۈشسەكلا ئاكام بار يەرگە يېتىپ بارغۇدەكمىز، ئاكامنىڭ ئالدىغا بىر سۆلەتلىكرەك باراي.

— مەن بۇ قېتىم ھۇسەن بايۋەچچىدىن رازى بولۇپ قالدىم،— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— قانداق؟— دېدى ئۆمەر مەدداھ.

— بۇ بىرنەچچە كۈندە ھۇسەن بايۋەچچە بىزنىڭ يېنىمىزدىن نېرىغا بارمىدى، دەڭنىڭ ئەتراپىنىلا ئەگىپ يۈردى.

— شۇنداق، دەڭدىن نېرىگە بارمىدىم،— دېدى ھۇسەن بايۋەچچە،— دەڭچا قايىنىتىپ بەرگەن چاينى ئىچىپ بازارغىمۇ چىقمىدىم، دەرۋازىنىڭ يېنىدىكى سامىسخانىدىن سامسا ئەكىرىپ يەپ ئۇيقۇمنى ئۇخلىدىم.

— مەن تېخى ئۇ دەڭدە بىز بىلمەيدىغان بىر قىزىقچىلىقلار بولسا بايۋەچچىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نېرى كېتەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتىمەن، ــ دېدى بایاتىن بېرى ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ گەپلىرىنى تازا زەن سېلىپ ئاڭلاپ كېتىۋاتقان قۇۋان «ئەزمە».

ــ دەڭ دېگەندە، ئېشەك ھاڭرىغان، ھارۋىكەشلەر ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلغاندىن باشقا نېمە قىزىقچىلىق بولاتتاۋاي؟!

ــ ئەمدى دەيمىنا... مۇنداق دەتتىكام دەيدىغان ئىشلار چىقىپ قالغان بولسا... يا ئاۋۇ ئارقا كوچىلاردىكى بىرەر سەتەڭگە كۆزلىرى چۈشۈپ قالغان بولسا...

ــ قويەۋاي ئۇ گەپلىرىڭنى، ــ دەپ خاپا بولدى ھۇسەن، ــ ئالدىدا ئىككى قېتىمدا ئىلىخوغا قاراپ مېڭىپ، ئاقسۇغا يېتىپ كەلمەيلا پېشكەللىككە ئۇچراپ قايتىپ كەتكەنىدىم. دادىكامنىڭ قىلغان تاپا ـ تەنىسى ئاز ئەمەس... راست گەپنى ئېيتسام، ئاقسۇنىڭ ئادەملىرىنى بەك يامان دەپ ئاڭلاپ بازارغا چىقىشتىن قورقتۇم.

ــ مانا! ــ دەپ ھەيران بولدى ئۆمەر مەدداھ، ــ ھۇسەنئاخۇن، ساڭا كىم ئاقسۇنىڭ ئادەملىرىنى يامان دەيدۇ؟ ئاقسۇنىڭ ئادەملىرى قولى ئىشلىق، ئاق كۆڭۈل، داستىخىنى كەڭ خەق جۇما! قاراڭلار بۇ يۇرتنىڭ يەر ـ زېمىنى كەڭ، بەلەنلىكىنى. ئاۋۇ دەريالىرىدىكى سۇلىرىنىڭ موللۇقىنى قاراڭلار. ئاقسۇنىڭ سۇلىرىنىڭ ھەممىسى بىز بارىدىغان مۇز داۋان تەرەپتىن ئېقىپ كېلىدۇ... ياخشى ـ يامان ئادەم دېگەنغۇ ھەممە يەردە بار، سەنزە، بايۋەچچە، شۇ يامان ئادەملەر بار يەردە كۆپ يۈرىدىغان ئوخشايسەن.

ــ ئۇ... ئۇ... ئۇستاز، توغرا ئېيتتىڭلا، ــ دېدى قۇۋان

«ئەزمە» ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ بازاردا ھېلىقى غەلىتە مىجەزى بار ئادەمگە يولۇقۇپ قالغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، ــ بايۋەچچىنىڭ سەل قورقۇپ قالغان يېرى بار.

ھۆسەن بايۋەچچە قۇۋانغا قاراپ قاتتىق بىر ئالايدى.

ئاقسۇ بىلەن جام ئوتتۇرىسىدا ئۇياق ـ بۇياققا كېتىپ بارغان كارۋانلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەتىگەندىلا يول ئۈستىگە قويۇق چاڭ كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ يول ئارقىلىق كۆنچىقىشقا قاراپ ماڭغان ئادەم كۆچا، باي، بوۋگۇر، كورلىلاردىن ئۆتۈپ يىراقلارغىچە كېتەتتى؛ خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ تەۋەلىرىدىن ئىلىغا بارماق بولۇپ قوزغالغان ھەرقانداق كارۋانمۇ مۇشۇ جام يولىدىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەرقايسى يۇرت كارۋانلىرىنىڭ ئات ـ ئۇلاغ، تۆگىلىرىگە ئاسقان قوڭغۇراقلىرىمۇ خىلمۇخىل ئىدى. بوغۇق، ھەيۋەتلىك ئاۋازدا كولدۇرلايدىغان كولدۇرمىلار، ئات ـ قېچىرلارنىڭ بويىنىغا جۈپ ـ جۈپتىن قوشلاپ ئېسىلىدىغان چىنە قوڭغۇراقلار، ئۇلاغلارنىڭ بويۇن تاسمىلىرى ئەتراپىغا قاتار تىزىلىدىغان، ئاغزى يېرىق، ئوتتۇرىسىدا بەلدىمى بار سوقىچاق جۇلدۇرۇڭلار، ھارۋىلارنىڭ ئوقىغا ئېسىپ قويۇلىدىغان شەكلى چېلەككە ئوخشىشىپ كېتىدىغان يوغان گۇدۇڭلار... بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاۋازى بىر ـ بىرىگە قوشۇلسا سازەندىلەر توپى ئورۇنلىغان چوڭ بىر نەغمىنى ھاسىل قىلاتتى.

كارۋانلار ئۈچۈن قوڭغۇراقلارنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ ئىدى. تەجرىبىلىك ئۇلاغچىلار قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپلا «كىمنىڭ كارۋىنى، نەدىن ـ نەگە، قانچىلىك يىراقلىقتا كېتىپ بارىدۇ؟» دېگەنلەرگە جاۋاب

بېرەلەيتتى. كۆۋرۈكلەر، تاغدىكى تار يوللاردىن ئۆتۈشىدىغان چاغدىمۇ كارۋانلار قوڭغۇراق ئاۋازىدىن بىر - بىرىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىنى پەرەز قىلىشىپ بىر - بىرىگە يول بېرەتتى.

بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن ... ماڭمايلا يولدىكى چاڭنىڭ دەستىدىن ئاق، قارا، سۇر... ھەر خىل رەڭدىكى ئېشەكلەرنىڭ ھەممىسى ئاق ئېشەككە ئايلىنىپ كەتتى. ئۆمەر مەدداھ چاپىنىنى دولىسىغا سېلىپ، قولىدىكى تايىقىنى يەرگە سانجىپ چوڭ - چوڭ قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى. قۇۋان «ئەزمە» مەدداھقا ئاران - ئارانلا يېتىشىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۆمەر مەدداھ نېمىدۇر بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ قۇۋانغا قاراپ سورىدى:

— قۇۋان، سەن تۈنۈگۈن ھېلىقى ئاقسۇدىكى چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا توختاپ، مەسچىتنىڭ چوڭ گۈمبىزىگە قاراپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قولۇڭنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ كەتكەندەك قىلدىڭ، كىمنىڭ روھىغا دۇئا قىلدىڭ؟

قۇۋان ھىجىيىپ كۈلۈپ كەتتى:

— بىرسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلمىدىم، ياراتقان ئىگەمدىن بىرنىمە تىلىدىم، — دېدى ئۇ.

— نېمە تىلىدىڭ؟

— قارىسام، ئاقسۇنىڭ ئادەملىرىنىڭ نامراتلىرى نامرات، بايلىرى تازىمۇ باي ئىكەن، «خۇدا، ماڭىمۇ بېرەرسەن!» دەپ تىلىدىم.

— ھەي قۇۋان، ئاڭلاپ قوي! — دەپ خاپا بولۇپ كەتتى ئۆمەر مەدداھ، — ھەركىم ياراتقان ئىگەمدىن بىر تىلەك تىلىمەكچى بولسا، نېمە تىلىمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىمىقى كېرەك، زادى نېمە تىلىمەكچىدىڭ؟

— ماڭىمۇ شۇنداق بايلارغا بەرگەندەك جىق - جىق بېرەرسەن،— دەپ تىلىدىم.
— نېمىنى جىق - جىق بېرىدۇ، نېمىنى؟
— ھەرقاچان، خوتۇندىن جىق - جىق بېرەرسەن، دەپ تىلىگەندۇ،— دەپ گەپ قىستۇردى ھۇسەن بايۋەچچە.
— خوتۇن دېگەندىن بىرەرسى بولسىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ،— دېدى قۇۋان.
— ئەمىسە نېمىنى جىق - جىق بېرەرسەن، دەپ تىلىدىڭ؟
— نېمىنى بولاتتى، پۇل، مال - دۇنيا...
— ھە، كېكەچ بولمىغاندىن كېيىن مۇشۇنداق ئوچۇق ئېيتمامسەن؟! «بىر نېمە بېرەرسەن دەپ بىر نېمە تىلىدىم» دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟... مەن ساڭا بىر گەپ قىلىپ بېرەي...
سەمەت ئوسمان ئۇلاغچىغا ياردەملىشىپ ئۇلاغلارنى تاياق بىلەن ھەيدەپ، ئۆمەر مەدداھنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى.
— ھەي بالام، ئۇلاغلارنى ئوڭ تەرەپكە تارت!— دېدى ئۆمەر مەدداھ،— بىزنى توپىغا كۆمۈۋەتتىڭ... ھەي قۇۋان، قۇلىقىڭنى ماياقىقا تۇت. مەن ساڭا سۇلايمان ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرەي. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام كۆپ پەرزەنت كۆرەرمەن دەپ نۇرغۇن خوتۇن ئالغان. ئەمما، خوتۇنلىرىنىڭ بىرىمۇ تۇغمىغانىكەن. بىر كۈنى ئۇ ئاللادىن پەرزەنت تىلەپ: «ئىبارا خۇداۋەندە، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىن بىر نېمە بەرسەڭ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر خوتۇنى ھامىلدار بوپتۇ. يا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بېشى، يا قولى، يا پۇتى يوق، تولۇمغا ئوخشاش بىرنېمىنى تۇغۇپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھەيران بولۇپ: «ئىلاھا، بۇ پەرزەنتىمگە ئەزا ئاتا قىلغىن!» دەپ تىلەپتۇ. ياراتقان ئىگەمدىن شۇ زامان: «ئېھ، سۇلايمان! سەن ئۆزۈڭ ۋۇجۇدۇمدىن بىرنېمە بەرسەڭ، دەپ تىلىدىڭ، بىرنېمە دېگەن ئەنە شۇ. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى تەپرىقچىلىكتىن شۇنداق قىلدىم. خوتۇنۇڭ بىلقىس، ۋەزىرىڭ ئاسىف ئىبنى بەرخىيا ۋە ئۆزۈڭ بىر يەردە ئولتۇرۇپ ھېچكىمگە ئېيتمايدىغان سىرىڭلارنى ئېچىپ ئېيتىڭلار. شۇ چاغدا پەرزەنتىڭگە ئەزا پەيدا بولىدۇ» دېگەن نىدا كەپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام خوتۇنى بىلقىس، ۋەزىرى ئاسىف ئىبنى بەرخىيالار بىر يەرگە جەم بولۇپ سىرلىرىنى ئېيتىشىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: «ئىشىكتىن بىر ئادەم شۇنداقلا كىرسە شۇنچە كاتتا پادىشاھ بولساممۇ يەنە قولىغا قارايمەن، قولىدا ئالما چاغلىق بىرنەرسە بولسا كۆزۈمگە ئىللىق كۆرۈنىدۇ؛ قۇرۇق قول بولسا كۆزۈمگە سوغۇق كۆرۈنىدۇ، ئۇنىڭغا ئىلتىپات قىلغۇم كەلمەيدۇ» دەپتۇ. شۇ زامان بالىغا باش پەيدا بوپتۇ. بىلقىس: «مەن شۇنداق ئۇلۇغ، كاتتا سۇلتاننىڭ خوتۇنى تۇرۇپ يەنە: ‹ئېرىم ئۆلسە بىر ئوتتۇنچىغا تەگسەم، ئۇ ئېرىم دائىم يېنىمدا بولسا› دەپ ئويلايتتىم» دەپتۇ. بالىغا ئېغىز، كۆز، قۇلاق پەيدا بوپتۇ. ۋەزىر: «مەن شۇنچە كاتتا پادىشاھلىقنىڭ ۋەزىرى تۇرۇپ يەنە: ‹پادىشاھ ئۆلسە تەختى بىلەن خوتۇنلىرى ماڭا قالسا› دەپ ئويلايتتىم» دەپتۇ. بالىنىڭ ئەزالىرى تولۇق پۈتۈپ قىزلىقى مەلۇم بوپتۇ.

— ھەق دوست! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى قوۋان «ئەزمە». ئۇنىڭ يىنىدا كېتىپ بارغان سۇر ئىشەك ئۇركۇپ پۇشقۇرۇۋەتتى. ئۆمەر مەدداھ گىپىنىڭ ئاخىرىنى يىتتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئاچچىق بىلەن قوۋانغا قاراپ:

— قوۋانئاخۇن، سىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭ نىمە ئىش قىلىدىغان ئادەملەر ئىدى؟ — دەپ سورىدى.

— قانداق دەيلا؟ — دىدى قوۋان.

— ئاتا - بوۋىلىرىڭنىمۇ مۇشۇنداق كۆۋرۈك ئاستىغا كىرىۋېلىپ ئۆلاغ ئۇركۇتىدىغان ئادەملەرمىكىن دەيمىنا.

— مىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم تىرەك ئۆرۈپ كۈننى ئالاتتىكەن.

— نىمە دىدىڭ؟ — دەپ ھەيران بولدى ئۆمەر مەدداھ، — سىنىڭ داداڭ، بوۋاڭ، بوۋاڭنىڭ بوۋىسى، ھەممىسى شۇنداق تىرەك ئۆرۈپ كۈننى ئالامتىكەن؟

— شۇنداق، مانا مەن سىلىگە دىسەم ئىشەنمەيلا، قەشقەردىكى ھىيتگاھتىن تارتىپ تاكى ھەزرەت مازارلىرىغىچە بولغان كاتتا ئىمارەتلەر، بايلارنىڭ ھەشەمەتلىك سارايلىرى، باغچە، شىپاڭلىرىغىچە كەتكەن ياغاچلارنىڭ ھەممىسىنى بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆرۈگەن.

— مانا قىزىق، شۇنچىۋالا كۆپ ياغاچنى نەدىن ئۆرۈپتىكەن؟

— بوۋامنىڭ كىچىك چاغلىرىمىزدا بىزگە ئىيتىپ بىرىشىچە، ئىلگىرى قەشقەر ئەتراپىدىكى باغلاردا، يىزا يوللىرىدا، جاڭگاللاردا قوچاق يەتمەيدىغان تىرەكلەر ئۆسەتتىكەن.

— ئەجەب ئۇنداق يوغان تىرەكلەر ھازىر يوق - ھە؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ئۇستاز، قەشقەرنىڭ ئەتراپىدىكى نەزەرباغ، شامالباغ، دۆلەتباغ، چارباغ، كېرەمباغ دەيدىغان جايلارنى ئوبدان بىلىلا. ئۇ يەرلەر بىكار باغ ئاتىلىپ قالمىغان - دە! ئۆز ۋاقتىدا شۇ باغلارنىڭ ئەتراپىدا قۇچاق يەتمەيدىغان تېرەكلەر ئۆسەتتىكەن. ئۇنى ھېچكىممۇ تىكمىگەن، سۇغىرىپ پەرۋىش قىلمىغان دىسىلە. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ تېرەكلەر ئۆزى ئۈنۈپ، ئۆزى يىلتىز تارتىپ، جاڭگالدىكىلىرى چۆلنىڭ ھەر پەسلىدە كېلىدىغان كەلكۈن سۈيىنى قانغۇچە ئىچىپ، ئاسمانغا قاراپ بوي، يەرگە قاراپ يىلتىز تارتىپ يوغىناۋەرگەنىكەن. جاڭگاللاردىكى ئۇ ياغاچلارنىڭ ئىگىسىمۇ بولمايدىكەنمىش. ياغاچ لازىم بولغان ئادەم يارىغانلىرىنىڭ قوۋزىقىغا پالتا بىلەن بەلگە سىلىپ قويۇپ ياغاچ ئۆرۈيدىغانلارنى باشلاپ چىقىدىكەن، ئاندىن بىر باشتىن ئۆرۈيدىكەن، يىقىلغان ياغاچلارنى ئۇلاغقا سۆرىتىپ ئاپىرىپ ئىشلىتىۋېرىدىكەن.

— دېگىنىڭلىمۇ توغرىدۇ، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى مۇشۇ قەشقەر ئەتراپىدا كاتتا بىر زېمىندار ئۆتكەنمىش. يەر - زېمىنىنىڭ ئەتراپىدىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ سانىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن. بىر كۈنى ئۇ بازارغا كىرىپ سەرراپلىق قىلىدىغان بىر باي بىلەن «سەندىن مەن باي، مەن سەندىن باي» دېيىشىپ گەپ تالىشىپ قاپتۇ. سەرراپ: «ھەي، سېنىڭ يانچۇقۇڭنى ئۆرۈسە نەق بەش تەڭگە چىقمايدۇ. سەن قانداق باي؟» دەپتۇ. ھېلىقى زېمىندار: «يانچۇقۇمدا نەق پۇل بولمىغان بىلەن، يەر - زېمىنىمنىڭ ئەتراپىدىكى پۈتۈن دەل - دەرەخ تۈگىمەس

بايلىقىم، بولمىسا ئىككىمىز بەسلەشمەيلىما» دەپتۇ. سەرراپ: «قېنى ئېيتە، قانداق بەسلىشىمىز؟» دەپتۇ. ئەتراپقا ئولاشقان باشقا تىجارەتچىلەرمۇ قىزىقچىلىق كۆرمەكچى بولۇپ: «قېنى بەسلىشىڭلار، ئۈستىدە بىز گۇۋاھچى» دەپتۇ. زېمىندار: «ئۇنداق بولسا، مېنىڭ ھەر بىر توپ دەرىخىمنىڭ تۆۋىگە بىر تەڭگىدىن تاشلاپ ماڭسەن، دەرەخ تۆگەپ پۇلۇڭ ئېشىپ قالسا ھەممە دەل ـ دەرەخلىرىم سېنىڭ بولسۇن، پۇلۇڭ تۈگەپ دەل ـ دەرەخلىرىم ئېشىپ قالسا تاشلىغان پۇلۇڭنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بولسۇنمۇ؟» دەپتۇ. «بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن!» دەپ سەرراپ ساندۇقلىرىدىكى ھەممە پۇل ـ پۇچەكلىرىنى خالتىغا سېلىپ، گۇۋاھچىلارنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ ھېلىقى زېمىندارنىڭ يەرلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇچاق يەتمەيدىغان تېرەكلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ تۆۋىگە بىر تەڭگىدىن تاشلاپ ماڭغانىكەن، ئاخىرىدا سەرراپنىڭ پۇلى تۈگەپ، يەنە زېمىندارنىڭ دەل ـ دەرەخلىرى ئېشىپ قاپتىكەنمىش...

ــ ئاھھاي!ــ دېدى ئۆمەر مەدداھ،ــ قەشقەردىكى شۇنچىۋالا باغۇبوستانلىقنى خەق ئۆزۈپ، كېسىپلا تۈگىتىپتىكەن ـ دە!

ــ ھە، شۇنداق كېسىۋەرگەچكە جاڭگالدىكى قۇچاق يەتمەيدىغان تېرەكلەرنىڭ ئۆزى تۈگەپ، ئوتتۇن قىلىدىغانغا يىلتىزلىرىلا قالغان ـ دە!

ــ قېنى شۇ يىلتىزلار؟ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،ــ بىر زامانلاردا ئىشىكتىن چىقىپ ئازراقلا ماڭساقلا جاڭگال، ئوۋ قىلىدىغانلار قىرغاۋۇل، كەكلىك، بۇغا ـ مارال

www.uyghurkitap.com



دېگەنلەرنى ئوۋلاپ جېنىنى جان ئېتەتتى. هازىر بىر ئىشەك ئوتۇن ئالمىدىغانغىمۇ بىر كۈن ماڭىمىز...

— شۇنداق.

— قۇۋان، سىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ياغاچ ئۆرۈيدىغان ئادەملەرمىكەن، خەق ئۆرۈگەن ياغاچنى توشۇيدىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۆمەر مەدداھ.

— ئۇستاز، مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم ياغاچ يىقىتىپ داڭ چىقارغان ئادەملەر جۇما! — دېدى قۇۋان، — بۇ «ئەزمە» دېگەن لەقەم ماڭا قانداق چاپلىشىپ قالدى، بىلمەيمەن. ئەمما دادام ئالامەت چاقىقان ئادەم ئىدى. ھەرقانداق دەرەخكە مايمۇندەك يامىشىپ چىقىپ كېتەتتى... ئاتا ـ بوۋام ئۆرۈگەن ياغاچلارنى باشقىلار ئۇلاغلىرىغا سۆرىتىپ ئەكىلىپ ئىمارەت سېلىنىۋاتقان يەرلەرگە تاشلايدىكەن، ئاندىن ياغاچچى ئۇستاملار كەكە، پالتا، ھەرىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىپ ھېلىقى ياغاچلارنى چېپىپ، تۈزلەپ، ھەرىلەپ، ئۇستىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ نەچچە كۈن، نەچچە ئاي ئىسكىنە، پىچاقلار بىلەن ھەر خىل گۈللەرنى ئويىتتىكەن.

— ئەجەب شۇنداق ئىگىسى يوق ياغاچلارنى ئۆرۈپ سېتىپ خەجلەپمۇ ئاتا ـ بوۋاڭ بىر باي ئۆتمەپتىكىنا؟

— ئۇستاز، ئۆزلىرى ئېيىتقاندەك تەقدىر ـ پېشانىمىز شۇنداق بولسا كېرەك... يەنە بىر گەپنى سىلى ئاڭلىغانلىمىكىن، ياغاچ ئۆرۈگەن ئادەم زادى ئىلگىرى باسماسىمىش.

— نېمىشقا؟

— ئاڭلىسام، ھەربىر تۈپ ياغاچتا يۈزلەپ قۇش، قۇرت ـ قوڭغۇزنىڭ ماكانى بولارمىش. بىر تۈپ ياغاچ

كىسىلسە مىڭلاپ جان ماكانسىز قىلىپ، شۇ ياغاچنى كەسكەن ئادەمگە لەنەتلەر ئوقۇلارمىش.

— شۇنداق، بۇ گەپنى توغرا ئېيتتىڭ! — دەپ قۇۋان «ئەزمە»نىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ئۆمەر مەدداھ، — ھەممە نېمە شۇنداق ياراتقان ئىگەمگە ئۆز ئىبادىتىنى قىلغان ھالدا سۈكۈتتە تۇرىدۇ. بىر تال تاشنى بىھۇدە يۆتكىدىڭمۇ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى مىڭلاپ جاننىڭ تىنچلىقى بۇزۇلىدۇ... ھەممىنى ياراتقۇچى، بارلىق سىرلارنى بىلگۈچى ئاللا!

— ھاي - ھاي، قاراڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان ئۆلاغچى، — ئالدىمىزدا جامنىڭ دەل - دەرەخلىرى كۆرۈنگىلى تۇردى.

جامنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەن ئۆلاغلارنىڭمۇ ئايىغى ئىتتىكلىشىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئون ئىككىنچى باب

# جامدا

جام — ناھايىتىمۇ كونا يۇرتلارنىڭ بىرى. بىزنىڭ قەدىمىي تىلىمىزدا جام «قاچا، يول» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. جام تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆنچىقىشتىن كۆنپېتىشقا، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلاردىن تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى يۇرتلارغا ماڭغان كارۋانلار بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى. جامنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ھەيۋەتلىك تەڭرىتېغى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى؛ جەنۇب تەرىپىدىكى يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ ئېتىز - ئېرىقلىرى بولسا تاكى تەكلىماكان قۇملۇقلىرىغىچە يېيىلىپ ياتاتتى. مۇز داۋانغا كېتىدىغان يولمۇ دەل مۇشۇ جامدا ئايرىلاتتى.

يولۇچىلىرىمىز جامغا يېتىپ كېلىپ ھەركىم ئۆزىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. چۈنكى، تەڭرىتېغىنىڭ مۇزلۇق چوققىلىرى كۆزگە كۆرۈنۈپلا قالغان بولۇپ، جامدىن ئۆتۈپ كەتسە مۇز داۋانغا بارغۇچە ئەمدى ئاۋاتراق يۇرت، مۇنداق چوڭ بازارمۇ ئۇچرىمايتتى. جامدا نۇرغۇن دەڭلەر، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ۋە پۇللۇق غوجاملارنىڭ چۇشۇشى ئۈچۈن

ھازىرلانغان ياسىداق سارايىلار بار ئىدى. سەمەت بىلەن ئوسمان ئۇلاغچى نان ـ توقاچ ۋە يولغا كېرەكلىك باشقا نەرسىلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن بازارغا ماڭدى. ئۇلار دەڭ ـ سارايىلارغا يولۇقۇپ، ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ ئاقسۇدىن چىققاندىن بېرى بوش كېلىۋاتقان ئىككى ئېشىكىگە يەنە مال ئېلىشى كېرەك ئىدى. ئۆمەر مەدداھ بىلەن قۇۋان «ئەزمە» جامىنىڭ بازىرىدا يەنە بىرەر مەيدان مەدداھلىق سورۇنى تۈزگىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ بېقىش ئۈچۈن بازار ئارىلاپ كەتتى. دەڭنىڭ ھۇجرىسىدا ھۇسەن بايۋەچچە يالغۇز قالدى.

«خۇداغا شۈكۈر، مانا جامغىمۇ ئامان ـ ئېسەن كېلىۋالدۇق،ـــ دەيتتى ھۇسەن بايۋەچچە دەڭنىڭ ھۇجرىسىدا ئىككى ئالىقىنىنى بېشىنىڭ ئاستىغا قويغىنىچە تورۇسقا قاراپ يېتىپ خىيال سۈرۈپ،ـــ شىتاچى، ئىتيولى، ئۆردەكلىك، تۇڭگانمازار، ئانار كۆل، پىچاقسۇندى، ئىگەچى... ۋاي ـ ۋۇي! بۇ بېكەتلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولسۇنمۇ؟ ھەربىر ئۆتەڭدە خىلمۇخىل دەڭلەر، ھەرخىل مىجەز، ھەر خىل سىياقتىكى ئادەملەر... ھەربىر يۇرتنىڭ سەتەڭلىرى، قىمارۋاز، ئوغرى، بايۋەچچە، نوچىلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىكەن. يەنە ھېچ يەر قەشقەرگە يەتمەيدۇ جۇما... پاھ، بۇ جامغا ئۇلاشماق ئەجەب تەسكە چۈشتا؟ كونىلارنىڭ:

مىڭ جاپادا كەلدىم جامغا،
يول ئازابى پاتتى جانغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېگىنى بىكار ئەمەسكەن ــ دە... نېمىلا بولمىسۇن، بۇ نۆۋەت ئاقسۇدىن سالامەت ئۆتۈپ كەتتىم. ئۆتكەن ئىككى قېتىم ئاقسۇ تەۋەسىگە ئۇلىشا ــ ئۇلاشماستىنلا گاڭشا ــ جىسا بولۇپ ئارقامغا يېنىپ كەتكەنىدىم... بۇ نۆۋەتمۇ ئاقسۇ بازىرىغا چىقمىسىلا ھېلىقى ئەركەكزەدەك بىرنېمىگە ئۇچراپ قالغىنىمچۇ؟ خۇدا بىر ساقلىدى. خۇمسى مېنى ئۆيىگە ئاپىرىۋالغان بولسا نېمە ھۇنەرلەرنى كۆرسىتەتتىكىنا؟... زادى مۇشۇ بازار دېگەنگە ئالدىراپ ــ سالدىراپ چىقمايدىغان گەپكەن جۇما... مۇشۇ قىمار دېگەنمۇ ناھايىتى ئادەم ئېزىقتۇرىدىغان نېمە، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ئىلىخو تەرەپكە چىقىپ كەتكەن ئاكام ھەسەنمۇ: «قەشقەرگە چۈشۈپ دادام بىلەن ئىنىمنى كۆرۈپ كېلىمەن» دەپ قانچە قېتىم پۇل جۆندەپ يولغا چىقىپ مۇز داۋانغا يەتمەيلا پۇللىرىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، نەچچە رەت ئارقىسىغا قايتىپ كەتكەنمىش...»

ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ قۇلىقى خېنىملارنىڭ كۇسۇرلاشلىرى بىلەن قىمارۋازلارنىڭ مەيدىسىگە «گۇپ» قىلىپ ئۇرۇپ توۋ ئۇشۇقىنى ئاتقان ئاۋازىغا ناھايىتى سەزگۈر ئىدى. ئۇ شۇنداق بىرنەرسىنى سەزگەندەك بولدى، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستا ھويلىغا چىقتى. دەڭگە چۈشكەن سودىگەرلەرنىڭ ماللىرى دۆۋىلەپ قويۇلغان چوڭ لاپاسنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى بىر ئۆيدە قىمار قىزىپ كەتكەنىدى. ھۇسەن بايۋەچچە: «ئاقسۇنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى قىمارۋازلارنىڭ قانداق ئوينايدىغىنىنى مەن كۆرگەن، ئاقسۇنىڭ بۇيېقىدىكى قىمارۋازلار قانداق ئوينايدىكىن؟...» دەپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى. كۆرۈپ باققاننىڭ نېمە يامىنى؟... بۇگۈن بۇ بىر كۈننى شۇنداق

ئۇنى ـ بۇنى كۆرۈپ ئۆتكۈزمىسە كۆڭلى كەچ قىلماق ئۇنىمايمۇ...

ھۆسەن بايۋەچچە قىمار بولۇۋاتقان ئۆي تەرەپكە باردى. ئۇ يەردە ئۈچ ـ تۆت قىمارۋاز ئالدىغا ئېڭىشىپ قىمارغا كىرىشىپ كېتىشكەنىدى. ئاجايىپ چىرايلىق بىر چوكان ھېلىدىن ـ ھېلىغا قىمارۋازلارغا چاي قۇيۇپ ئوتتۇرىدا ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرەتتى. ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولغان مېھماننى بىرىنچى بولۇپ شۇ خېنىم كۆردى.

ــ قەدەملىرىگە مۇبارەك، ئۆيگە كىرسىلە، ــ دېدى چوكان نازۇك بىر تەبەسسۇم بىلەن ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ.

ھۆسەن بايۋەچچە خېنىمنىڭ سۆزىنى يىرالماي بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيگە كىردى. قىمارۋازلار تەڭلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشتى. بىر قاراشتىنلا قىمارۋازلار مېھماننىڭ جامغا سىرتتىن كەلگەن ئادەملىكىنى، سۆلىتىگە قارىغاندا يانچۇقىدا خېلى پۇلى بارلىقىنى پەملەپ بولدى.

ــ قېنى، مېھماننى يۇقىرىغا باشلاڭلار! ــ دېدى سورۇندىكى يېشى چوڭراق بىرەيلەن.

ئۇ مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى، ئوتتۇرىدا چاي قۇيۇپ يۈرگەن خېنىم ئۇنىڭ ئايالى بولۇپ، قىمارۋازلارغا سورۇن ھازىرلاپ بېرىپ قىماردىن چوتار ئالىدىغانلاردىن ئىدى. ئوتتۇرىدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن خېنىمنىڭ چېچى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ھەربىر قەدەم ئالغاندا ساغرىسى ئۈستىدە يىلاندەك تولغىشاتتى. ئۇ سۈرمە سۈرگەن قاش ـ كۆزلىرىنى سۈزۈپ، مەنىلىك قاراشلىرى بىلەن كىشىگە نېمىدۇر بىرنېمە دېمەكچى

بولغاندەك قىلاتتى. «پاھ! بۇ يەردە لەۋەن چوكان ھېلىسى بولۇۋېتىپتۇ – دە!» دەپ ئويلىدى ھۇسەن. بىر ئۆيگە سەتەڭ چوكان بىلەن تۆت ئوشۇقنى تاشلاپ قويۇپ كىرگەن ئادەمنى ئاخىرىدا قىپيالىڭاچلا قىلىپ چىقىرىۋېتىدىغان گەپ. ھۇسەن بايۋەچچە مۇنداق قاپقانغا ئىلگىرى خېلى دەسسەپ باققان.

ئۆيگە كىرىپ بولغان بايۋەچچە ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كەتتى. دەڭنىڭ ئارقىسى كەتكەن شۇۋاقلىق بوز ئىدى. دەڭنىڭ پاكار تاملىرىنىڭ ئارقىسىدا يىراقلاردىكى دەرەخلىك يېزىلار، قانداقتۇر بىر تاشلىق دۆڭلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يېقىن ئەتراپتىكى تامنىڭ ئارقىسىدىن يەنە گۇدۇڭلاشلار ئاڭلىنىپ قالدى. «ھەرقاچان ئۇ يەردىمۇ قىمار» دەپ ئويلىدى ھۇسەن بايۋەچچە. ئۇنىڭ ئالىقانلىرى قىچىشىپ، يانچۇقىدىكى پۇللارغا جان كىرىپ قىمىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ ئۆزىنىڭ تامنىڭ شورىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئارقا تەرەپكە قانداق چىقىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ئۇ يەردە بىرنەچچە قىمارۋاز توپلىق يەردىلا «دەتتىكام!» دېيىشمەكتە ئىدى. ئۇلار جامدىكى داڭلىق ئوغرىلاردىن ئىدى. ئوغرىلاپ كەلگەن قوۋۇرغىسى يوق پۇللارنى مۇشۇنداق ئەسكى تامنىڭ ئارقىسىدىكى تاۋكالاردا قىمارغا سېلىپ بىرىۋېتىپلا ھېچنېمە كۆرمىدىم، دەپ قويۇپ كېتىشىۋېرەتتى. ئۇلارغا مال – دۇنيا دېگەن كېرەك بولسا جامدىكى چوڭ – كىچىك دەڭ – ساراي، جامدىن ھەر تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن يوللاردا ئۇچراپ تۇراتتى.

قىمارغا كىرىشىپ كەتكەنلەر ھۇسەن بايۋەچچىگە باش

كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويۇشمىدى. ھۆسەن ئۆلارنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرۇپ قىزىقچىلىق كۆردى. ئوشۇقنى قونچىسى ئۇزۇن ئۆتۈك كىيگەن ئىككىز بىرەيلەن تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئوشۇقنى «دەتتىكام» دەپ ئاتقاندا ئوشۇق ئاتقان قولىنى قونچىسىغا «پاق» قىلىپ ئۇرۇپ قوياتتى. ئوتتۇرىدىكى بىر دۆۋە پۇل بىردە ئاق تۇماق كىيگەن پاكار قىمارۋازنىڭ، بىردە پالكۆز، بومبا ساقال بىرەيلەننىڭ، يەنە بىردەمدە قېرىپ دوكلىشىپ كەتكەن، توختىماي يۆتىلىپ تۇرىدىغان يەنە بىر قىمارۋازنىڭ ئالدىغا دۆۋىلىنىپ قالاتتى.

«ئەگەر ئوتتۇرىدا دۆۋىلىنىپ تۇرغان ئاشۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇتۇۋالغىلى بولسا، — دەپ ئويلايتتى ھۆسەن بايۋەچچە ئىچىدە، — ئۇ چاغدا... ئۇ چاغدا مەن نىمە قىلاتتىم؟... ‹نىمە قىلاتتىم› دىگەن نىمە گەپ؟ ياخشى ئاتتىن يەنە بىرنى سېتىۋالاتتىم. جامنىڭ بازىرىدىن سوۋغا - سالام دىگەننى يەتكىچە ئېلىپ ئىلىخو دىگەن يۇرتقا بىر ئاتنى مىنىپ سوۋغا - سالام، يۈك - تاقلار ئارتىلغان يەنە بىر ئاتنى يېتىلەپ گىدىيىپ باراتتىم. بولمىسا، قادىر ‹بىلەي› دىگەن بىر داڭلىق قاسساپنىڭ بايۋەچچىسى بولغىنىم نەدە قالدۇ؟... ئەگەر ئۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىلا مىنىڭ بولىدىغان بولسا... ھەممىسىلا مىنىڭ بولىدىغان بولسا ئاتتىن بىرنى ئەمەس، بەش - ئالتىنىلا ئالاتتىم، جىمى ئاتنىڭ بويۇنلىرىغا چىرايلىق قوڭغۇراقلارنى ئېسىپ، ئۇلاغ ھەيدەيدىغانغا بىر - ئىككى ئادەمنى يالىلاپ، جامنىڭ بازىرىدىن قەشقەردە يوق ماللارنى تاللاپ ئېلىپ ئاتلارغا ئارتىپ ئىلىخوغا ئەمەس، قەشقەرگىلا قاراپ ماڭاتتىم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئىلىخو دېگەن باغۇ ـ بوستانلىق، ئالەمەت چىرايلىق يۇرتمىش، ئۇنى تۆت تەرىپىدىكى تۆت مازىرى يۆلەپ تۇرارمىش، بۇلبۇل دەپ بىر قۇش بارمىش، سايرىسا ھەرقانداق ئادەم ئاغزىنى ئېچىپلا قالارمىش... ۋاي خۇدايىمەي، شۇنچىۋالا يول ئازابىنى تارتىپ بېرىپ ئاشۇ مۇشتۇمدەك بىر قۇشنى كۆرىدىغان گەپما؟... ئىلىخودا تۆت مازار بولسا بىز تەرەپتە مازاردىن تولا نېمە يوققۇ؟... شۇ ئاكامنى كۆرۈپ كېلەي دېمىگەن بولسام بۇ تەرەپلەرگە ھەرگىز قەدەم باسمايتتىم... شۇنداق قىلىپ بەش ـ ئالتە ئاتقا مال ئارتىپ قەشقەرگە بارسام، سوۋغا ـ سالام بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان، يار ـ بۇرادەرلەرنى خۇش قىلىپ، ئېلىپ بارغان ماللارنى قەشقەردە پۇل قىلىپ ئورنىغا يەنە قەشقەردىن مال ئېلىپ، بىر ئاتقا چاچ بازىرىدىكى ھېلىقى ساھىبجامالنى مىندۈرۈپ ئىلىخوغا قاراپ ماڭسام... ۋاھ، چاچ بازىرىدىكى ساھىبجامالنىڭلا گېپىنى قىلىپ، دوپپا بازىرىدىكى ھېلىقى سەتەڭنى ئۇنتۇپ قاپتىمەنا؟!... يا ئاللا، دوپپا بازىرى دېگەنمۇ ئالەمەت ئاۋات يەر جۇما. لېكىنزە ھېلىقى قىرى دەللىمۇ يامان دەللە، مەن باردى ـ كەلدى قىلىپ يۈرگەن خېنىملارنى ئۇ دەللە يەنە كىملەرگە تونۇشتۇرۇپ تاپان ھەققى ئېلىپ خەجلەپ يۈرىدىكەن؟ شۇ تاپتا ئۇ سەتەڭلەر يەنە كىملەرنىڭ قوينىدا ياتىدىكەن؟ قەشقەرگە بىر تۇيۇقسىزلا بارسام، شۇنداق باشقىچىرەك ئىشلار بولۇۋاتقان بولسا ئۇستىدىنلا چۇشسەم...»

بىر سائەتكە قالماي تاۋكادىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى ئېگىز قىمارۋازنىڭ ئالدىغا سۈرۈلدى. ئۇ

بەستىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي كالپۇكىنىڭ ئۈستىگە ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. شۇڭا، بۇرادەرلىرى ئۇنى «چاشقان بۇرۇت» دەپ قويۇشاتتى.

— بۇگۈنزە ئامەت ساڭا ياتقان كۈنكەندە، چاشقان بۇرۇت،— دېدى ئاق تۇماق كىيگەن پاكار قىمارۋاز. ئۇ تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ تۇماقنىڭ ئەستىرىگە تىقىپ قويغان ئەڭ ئاخىرقى پۇللىرىنى چىقىرىۋاتاتتى. ئۇ كەيمە تاز ئىدى. تۇماقنىڭ ئىچىدىن تاراۋاتقان ئاچچىق تەر پۇرىقىغا چىداپ بولمايتتى.

— بولدى كىيەۋاي، تاز، تۇمىقىڭنى،— دېدى چاشقان بۇرۇت،— قېنى قانچە تىكىسەن، چاپسەن تىكە!

— سانىمىدىم، مۇشۇنىڭ بەرىگە ئات.

ئاق تۇماق بىر ئوچۇم پۇلنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. چاشقان بۇرۇت «يا مەدەت!» دەپ قولىدىكى تۆت ئوشۇقنى ئىرغىتىپ تاشلاپ قولىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىسىغا ئۇردى. ئۈچ ئوشۇق تەڭلا ئۆرە دەسسىدى. ئاق تۇماق بېشى پىرقىرىغاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆتتۈرىغانىدى.

— قېنى يەنە بارما؟— دەپ ئەتراپقا قارىدى چاشقان بۇرۇت. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزى ئۆرە تۇرغان ھۇسەن بايۋەچچىگە چۈشتى.

— بايۋەچچە، كەلمەمدىلا، تۇرقىلىرىدىن قارىغاندا يانلىرى خېلى چىڭدەك قىلىدۇ،— دېدى چاشقان بۇرۇت،— كەلسىلە، بىر - ئىككى قەپەس ئېتىشايلى، راستىمنى ئېيتسام، ماۋۇ ئالدىمغا دۆۋىلىنىپ تۇرغان پۇللارنى زادى ئېلىپ كەتكۈم يوق، ماڭا قىماردىن تاپقان ھارام دۇنيا ياراشمايدۇ. بازاردا بىر ئوبدان تىجارىتىم بار.

www.uyghurkitap.com



بۈگۈن قىمارنىڭ بىر تەڭگىسى دۇكاننىڭ پۇلىغا ئارىلىشىپ قالدىما، بولدى، ئەتىلا ماڭا مىڭ تەڭگىلىك زىيان... كەلسىلە، بىرلا ئېتىپ ئالچۇ قوياپ مۇشۇ پۇللارنىڭ ھەممىسىنى بىر يىغىشتۇرۇۋېلىپ كەتسىلە.

— قىمار دېگەننىمۇ مۇنداق ئەسكىلىكتە توپىغا مىلەپ ئوينامدۇ؟ — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە. ئولتۇرغانلار بىر - بىرگە قارىشىپ قويدى.

— ئۇنداق بولسا، سىلىچە نەدە ئوينىساق بولا؟

— بىرەرسىنىڭ ئۆيىگە باشلاڭلار، قىزىق چاينى دەملىتىپ قويۇپ پاكىز ئوينايلى، ناھايىتى چوتارىنى ئالىدىغۇ!...

— بولمىسا مانا بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، — دېدى ھېلىقى بومبا ساقال.

— بۇ ئىنىم ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغاندەك قىلىدۇ جۇما، — دېدى توختىماي يۆتىلىپ تۇرىدىغان قېرى قىمارۋاز، — راست دېگەندەك بۇ ئاقلىقتا بىزگە نېمە بار؟

ھېلىقى بومبا ساقالنىڭ ئۆيىنىڭ تالا بىلەن ئانچە پەرقى يوق ئىدى. ئۇلار دەرۋازىسىمۇ يوق، ئەتراپىدىكى تاملىرى شۇرقىراپ توپىسى چۇشۇپ پاكارلاپ كەتكەن بىر ھويلىغا كىرىشتى. بومبا ساقال شاپاشلاپ بېرىپ كوكات بېسىپ كەتكەن قورۇنىڭ بىر چېتىدىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى سۇپىدا سۇپۇرگە تەگمەي رەڭگىمۇ يەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتكەن بىر پارچە كىگىز تۇراتتى. ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى تور بېسىپ كەتكەن، ئۇيۇقلاردىكى چىنە - قاچىلارغا بىرلىك توپا قونغانىدى.

— بۇنى قانداق ئۆي دېگىلى بولىدۇ، ھەي ئاغىنىلەر؟

تالا بىلەن ئوخشاشلىقمۇ؟!ــ دەپ ئەتراپىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى ھۇسەن بايۋەچچە.

ــ ھوي ئاداشىۇي،ــ دەپ سەنلەپلا چۈشتى بومبا ساقال،ــ قىمار دېگەنگە مۇشۇنداق دالىدا بولغۇدەك يەرلا بولسا بولىدۇ، سەن ئايۋان ـ سارايدا ئوينامتىڭ ـ يە؟!

ــ قارىغاندا بۇ ئىنىم كىگىزدە كەلتۈرىدىغانلاردىن ئوخشىمامدا،ــ دېدى قېرى قىمارۋاز يۆتىلىپ تۇرۇپ،ــ بايا داق يەرنى كۆرۈپ ئۆيدە ئوينايلى دېگىنى شۇ ـ دە. مانا مۇشۇ رىماق ساقالنىڭ ئۆيى ھەرقانداق قىمارغا تازا باب. ماۋۇ سۇپىدىكى بىرنېمىسى ئەيتاۋۇر مۇشۇ سۇپىغا چىققىنىغا 20 يىل بولغان بىرنېمىمىكىن، رىماقنىڭ رەھمەتلىك خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى سۇپۇرگىمۇ كۆرۈپ باقماي، رەڭگى يەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتكەن. بۇ يەردە ئوشۇق ئوينىسا ھەم يەردە ئوينىغانغا، ھەم كىگىزدە ئوينىغانغا باراۋەر... قېنى، يۇقىرى چىقسىلا ئىنىم، چاپانلىرى توپا بولۇپ كەتكۈدەك بولسا قايتقاندا بىز قېقىپ باشقىدىن كىيدۈرۈپ قويىمىز.

شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ھەم كىگىزگە، ھەم يەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان تاۋكانىڭ ئۈستىدە قىمار باشلىنىپ كەتتى. ھېلىقى دۆۋىلەنگەن پۇللار ھېلى ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا، بىردەمدىلا يەنە باشقىلارنىڭ ئالدىغا سۇرۇلۇپ قالاتتى. ھەر قېتىم ھۇسەننىڭ ئالدىدا پۇللار كۆپەيگىلى تۇرسا ئۇنىڭ كۆزىگە قەشقەر ھېيتگاھنىڭ مۇنارلىرى كۆرۈنۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ تاي ـ تاي ماللار ئارتىلغان ئاتلىرى قەشقەرنىڭ كوچىلىرىدا قاتارلىشىپ كېتىپ بارغاندەك، قەشقەرنىڭ چوكانلىرى «ۋاي، ھۇسەن بايۋەچچە كېلىۋاتقۇدەك» دەپ

ئاغلاپ، ئۆگزە ـ ئۆگزىلەرگە چىقىپ پايپېتەك بولۇشۇپ ئۇنىڭ يولىغا قاراۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئاخىرىغا كەلگەندە ھۈسەن بايۋەچچە ئارقا ـ ئارقىدىن شۇنداق بىر ئۇتتۇرۇۋەتكىلى تۇردىكى، ئۆزىمۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەي قالدى. خۇددى بىرەيلەن بۇ قىمارۋازلارنىڭ قوللىرىدا يۈرۈپ سىلىقلىشىپ كەتكەن تۆت ئۇشۇقنى سېھىرلەپ قويغاندەك، ھۈسەن قاندىقىغا ئاتسا چۇ چۇشەتتى. ئىككى سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ھۈسەن بايۋەچچە قاق سەنەم بولۇپ بولدى. ئۇنىڭ جىمى يانچۇقلىرى قۇرۇقدىلىپ، ھېلىقى ئۈستىگە تاي ـ تاي ماللار ئارتىلغان بەش ـ ئالتە ئات، چاچ بازىرى، دوپپا بازىرى دېگەن يەرلەردىكى ساھىبجامالللارنىڭ ھەممىسى تۇمانغا ئايلىنىپ غايىب بولدى...

ئەمدى ھۈسەن بايۋەچچە بۇ قىماردىن يانالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە بىر قېتىم رەسۋا بولۇپ، قەشقەرگە بىچارىلەرچە قىياپەتتە قايتىپ كېتىش تەقدىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئەگەر بۇ قېتىم يەنە ئارقىغا قايتماق توغرا كەلسە ئۇ ھەرگىز قەشقەرگە بارمايدۇ. ئۇ يا مۇشۇ ئەتراپتىكى يۇرتلاردا خەققە يالىنىپ ئىشلەپ بىر مەدىكارنىڭ كۈنىنى كۆرىدۇ ياكى مۇشۇ ئالدىدا ئولتۇرغان قىمارۋازلارغا قېتىلىپ ئوغرىلا بولۇپ كېتىدۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا! — دەيتتى ھېلىقى چاشقان بۇرۇت مەسخىرىلىك كۈلۈپ ئەتراپىغا قاراپ، — ماۋۇ ئىنىمگە بۇ ھارام پۇللارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۆتكۈزۈپ بېرىپ يېپىيېڭىلا بولۇپ قويۇپ كېتەي، شۇ قىمار دېگەن تەرەپكە ئىككىنچى قارىغۇچى بولماي دېۋىدىم، ماۋۇ

پۇللارنىڭ پېشانەمدىن نېرى بولماي يەنە غوللىغىلى تۇرغىنىنى كۆردۇڭلىما... ئۇكاموي، يەنە تىكىدىغان باشقا نېمەڭ يوقما؟ — دېدى ئۇ ھۇسەننى سەنلەپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەمدى ھۇسەننىڭ ھېچقانچە ئېتىبارىمۇ قالمىغانىدى، — ئۇستۇڭدىكى چاپانغا بىر ئاتايما؟ ئۇمۇ قەشقەردە تىكىلگەن ئوبدان چەكمەندەك قىلىدۇ.

— ئېتىمغا ئات، قەشقەردىن مىنىپ كەلگەن بىر ئوبدان ئېتىم بار، شۇنىڭغا ئات!

— قېنى ئۇ ئات؟

— دەڭدە.

— ماۋۇ يېتىمنىڭ ئېتىنى تېپىپ كېلىڭلار، ئاۋۋال بىر كۆرۈپ پۇلغا سۇندۇرايلى.

ئاردىن بىرەيلەن ھۇسەننىڭ ئېتىنى ئەكەلمەك بولۇپ دەڭگە يۈگۈرۈدى. ئارقىدىن باشقىلار ۋارقىراپ قالدى:

— ۋاي ھېلىقى كىمنىڭ... قاسىم شاڭيو، ياق، روزى ھاجىمنىڭ دېڭىدە ئىكەن ـ ھە!

— ھېلىقى بىز دائىم قىمار ئوينايدىغان ئەسكى تامنىڭ يېنىدىكى چوڭ دەڭ.

— دەرۋازىدىن كىرگەندىكىلا يەرگە، ئوقۇرغا باغلاقلىق، ئۇستىدە قىزىلدىن زىغ ـ زىغى بار ياپقۇچى بار تورۇق ئات، — دېدى ھۇسەن.

كەتكەن ئادەم ئاتنى ئېلىپ كەلگۈچە ھۇسەن بايۋەچچە ئۇستىدىكى چاپىنىنىمۇ ئۇتتۇرۇپ بولدى.

※ ※ ※

كەچتە سەمەت جامنىڭ بازارلىرىنى ئايلىنىپ قايتىپ كېلىپ ئۇلار چۈشكەن ھوجرىنىڭ ئالدىدا ئوسمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇلاغچىنىڭ ھوسەن بايۋەچچىگە نىمىلەرنىدۇر دەپ ۋارقىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھوسەن بايۋەچچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈنچىقماي ئولتۇراتتى.

— نىمە بولدى، ئوسمىنىكا؟ بۇ بايۋەچچىگە ئەجەب كايىپ كېتىپلىغۇ؟ — دەپ سورىدى سەمەت ھەيران بولۇپ.

— قارىمامدىلا بۇ بىرنىمىنىڭ قىلغان ئىشىنى، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — قىمار ئويناپ يانچۇقىدىكى ھەممە پۇللىرى بىلەن ئاستىدىكى ھېلىقى سىلىقى تېگىشىپ بەرگەن ئاتنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىپتۇ. قادىر «بىلەي» بۇ ئوغلىنى ماڭا قوشۇپ قويماقچى بولغاندىلا تازا كۆڭلۈم تارتماي مىڭغۇەرگەنىدىم... كۆردىلىمۇ، بىز بازارغا چىقىپ ئازراق سودا ـ سېتىق قىلىپ كىرگەنلىك ئارىلىقىدا بۇ بايۋەچچە شۇ يوقنى يەپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ بايۋەچچىنىڭ مۇشۇنىڭ بىلەن ئۈچىنچى قېتىم مۇشۇنداق قىلىشى!

— ھوسەن بايۋەچچە، — دېدى سەمەت، — بۇ نىمە گەپ؟ ئەمدى يولنىڭ ئۇيىقىغا يۈك ـ تاقاڭنى دۈمبەڭلىگە ئارتىپ ماڭامسىلەر؟

ھوسەن ئۈنچىقمىدى. ئۇنىڭ ئۇستىدە چاپانمۇ يوق، يالاڭ كۆڭلەك بىلەن ئولتۇراتتى. ئاقسۇدىن چىققاندىن بۇيانقى ئات ئۇستىدە كىيدىيىپ ئولتۇرۇپ كەلگەن سالاپىتى پۈتۈنلەي سۇغا چىلىشىپ مۇشۈكتەك شۈمشىيىپلا قالغانىدى.

— سەمەتئاخۇن، ئەمدى مەن ھەرقايسىڭلارغا ئېيتىپ قوياي، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئەمدى مەن بۇ بايۋەچچىنى ئېلىپ ماڭالمايمەن. بىللە ماڭساق ئۇنىڭ

يۈك ـ تاقلىرىنى ئۇلاغلىرىمغا ئارتسام بولىدۇ. تېخى يول ئۇزۇن، جامىنىڭ بۇيېقى مۇزاتقا قاراپ يەر ئۆرىسىگە ماڭىدىغان گەپ، مېنىڭ ئۇلاغلىرىمنىڭ باشقىلارنىڭ يۈكىنى كۆتەرگۇدەك هالى يوق.

سەمەت كۆزىنى مىت ـ مىت چىمچىقلىتىپ هۇجرىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغان هۇسەننى گەجگىسىدىن تارتىپ دەس تۇرغۇزدى ـ دە:

ــ ۋوي، بېشىڭنى بىر كۆتۈرە!ــ دېدى. هۇسەن بېشىنى كۆتۈرۈپ سەمەتكە قارىدى،ــ يۈرە، ئاشۇ قىمار بولغان سورۇنغا مېنى بىر باشلاپ بارە.

ــ نېمە قىلىلا؟ــ دېدى هۇسەن هەيران بولۇپ.

ــ سەندىن ئاتنى ئۇتۇۋالغان قىمارۋازنى ماڭا بىر كۆرسىتىپ قوي.

ــ نېمە قىلماقچى؟

ــ نېمە قىلماقچىدىم، ئاتنى ئېلىپ بېرىمەن.

ــ مەن ئۇ ئاتنى ئۆزۈم ئۇتتۇرۇۋەتكەن تۇرسام، يەنە ئېتىمنى بەر دەپ سىلىنى باشلاپ بارسام قانداق بولىدۇ؟

ــ ئات سېنىڭمىدى؟ــ دەپ سورىدى سەمەت.

ــ با... با... باشتا،ــ دەپ دۇدۇقلاپ قالدى هۇسەن بايۋەچچە،ــ باشتا سىلىنىڭكىتى، كېيىن مېنىڭ بولغان.

ــ قانداق قىلىپ سېنىڭ بولۇپ كېتىدۇ، مەن ئۇ ئاتنى ساڭا قىمار ئويناپ ئۇتتۇرۇۋەت دەپ بەرگەنمۇ؟ تولا تىلىڭنى چاينىماي، مېنى ئاتنى ئۇتتۇرۇۋەتكەن يېرىڭگە چاپسانراق بىر باشلاپ بارە.

ــ سەت بولامىكىن...

ــ سەت ـ پېتىڭنى قويۇپ ماڭە!ــ دەپ سىلكىشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى هۇسەن بايۋەچچىنى سەمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىمار سورۇنىدىن قىمارۋازلار ئاللىبۇرۇن تارقىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئات هويلىسىنىڭ بىر چېتىدىكى قۇرۇپ قالغان قارىياغاچ شېخىغا باغلاقلىق تۇراتتى. ئۇ ئىگىسىنىڭ هىدىنى ئېلىپ پۇشقۇرۇپ، تۇيىقى بىلەن يەرنى تېپىپ - تېپىپ قويۇۋىدى، هۆسەن بايۋەچچىنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكىلى تاس قالدى. سەمەت هۆسەن بايۋەچچىگە «سەن كۆزدىن نېرىراق تۇر!» دەپ شەرەتلەپ قويدى - دە، ئۇدۇل بېرىپ ئاتنى يېشىپ ئېلىپ يېتىلەپ ماڭدى. قىرىشقاندەك ئۇنىڭ بويۇنلىرىغا ئاسقان قوڭغۇراقلار جىرىڭلاپ كەتتى.

— هاي - هاي! — دەپ ۋارقىرىدى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىققان بومبا ساقال، — ئاتنى نەگە ئېلىپ ماڭدۇق؟

— ئاكا، ئات مېنىڭ، دەڭدىن بىرى ئوقۇردىن يېشىپلا چىقىپ كېتىپتىكەن، ئاران تېپىۋالدىم.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ؟!

— سىلى ئوغرىلىغانمۇ - يە؟

— ئۇكاموي، گەپنى ئاز قىلىپ ئاتنى جايىغا باغلاپ قويە!

بومبا ساقال يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلغانىدى، سەمەت تۆمۈردەك مەزمۇت قوللىرى بىلەن ئۇنى مۈرىسىدىن بىر ئىتتىرىپ زوڭ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— ئات مېنىڭ تۇرسا سېنىڭ هويلاڭغا نېمە دەپ باغلاپ قويغۇدەكمەن؟

— ئۇكام، بۇ يەردە بىر ئۇقۇشماسلىق بولۇۋاتامدۇ قانداق؟ — دېدى بومبا ساقال سەل بوشاپ، — راست گەپنى قىلسام، بۇ ئاتنى بايىلا بىر بايۋەچچە پۇلغا

ھېسابلاپ سېتىپ، پۇلنى بىزدىن ئېلىپ قىمارغا سېلىپ بېرىپ كېتىپ قالغان. سىلىنىڭ بولسا ئەمىسە پۇلنى تۆلىۋېتىپ ئېلىۋېلىپ كەتسىلە.

— بۇ گەپچە، مەن ئۆزۈمنىڭ ئېتىنى ئۆزۈم سېتىۋالىمەنكەندە؟ يۇرە، ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىرنېمە دېيىشەيلى. يا بۇ ئاتنى سەن ئوغرىلىغان بولۇپ چىقىسەن، يا ئوغرىلاپ كەلگەن مالنى سىڭدۈرۈپ بەرگەن بولىسەن.

«ئاپلا! نېمىشقىمۇ بۇ ئاتنى ۋاقتىدا بىر يەرگە جىمىقتۇرمىغان بولغىيتتۇق،— دەپ ئويلاپ قالدى بومبا ساقال،— ھېلىقى قىمارۋازلارنىڭمۇ ھەممىسىنىڭ كېتىپ قالغىنىنى دېمەمدىغان...» قىمارۋازلارنىڭ ئوغرىلاپ كەلگەن ماللارنى قىمارغا تىكىدىغىنىنى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلاردىن ئىدى، شۇڭا بومبا ساقال سەمەتنىڭ گېپىگە قىلچە گۇمانلانمىدى. بۇ يەردىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئادەملىرى جامدىكى ئوغرى ـ قىمارۋازنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى. ياقا سىقىشىپ سوراقچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قالسا گېپى ئۆتمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ بومبا ساقال تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى. سەمەت ئاتنى ئېلىپ چىقىۋىدى، نېرىدا بىر دالدىدا تۇرغان ھۇسەن بايۋەچچە يۈگۈرۈپ ئالدىغا كەلدى.

— مە، ئېتىڭغا ئەمدى ئوبدان ئىگە بول ـ ھە!

— رەھمەت سىلىگە!

ئۇلار دەڭگە يېتىپ كەلگەندە ئوسمان ئۇلاغچى ئاتنى يېتىلەپ كىرىۋاتقان ھۇسەن بايۋەچچىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. بولغان ۋەقەنى ئاڭلاپ:

— بايۋەچچە، ھېلىقى قىمارۋازلارنى ھېلىلا

www.uyghurkitap.com


دەڭمۇدەك، سارايمۇساراي ئىزدەپ كېلىپ چاتاق سالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، بولسا هازىرلا يولغا چىقىپ بۇ يەردىن كېچىلەپ يىراقلاپ كەتسىلە، مەن كېچىلەپ ماڭىدىغان بىرەر كارۋانغا قوشۇپ قويااي.

ــ شۇنداق قىل، ــ دېدى سەمەت.

ــ بىزنى قوغاندا كۆتۈپ تۇرسىلا بولىدۇ، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# مانا بۇ قوغان

يولۇچىلار جامدىن چىقىپ يەنە بىرئاز كۈنچىقىشقا قاراپ ماڭغاندىن كېيىن شىمالغا ـــ مۇز داۋان تەرەپكە قاراپ بۇرۇلدى. كارۋانلار ئۇلاغلىرىنىڭ تۇيىقى ئاستىدا ئەسىرلەردىن بېرى چىڭدىلىپ كېلىۋاتقان بۇ تاشلىق يول قانداقتۇر ئېگىز ـ پەس تۆپىلىكلەرگە بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ، پاكار ـ پاكار تىكەنلىك ئوتلار قاپلىغان ئېدىرلارنى بېسىپ ئۆتەتتى. يول ئۈستىدە بارغانسېرى ئادەملەر شالاڭلاپ باراتتى. بەزىدە قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئۇلاغچىلار ئۇچراپ قالاتتى. يولۇچىلار بىر ـ بىرىگە سالام بېرىشىپ بولغاندىن كېيىن مۇز داۋان تەرەپكە قاراپ ماڭغانلار ھەر دائىم داۋان تەرەپتىن كېلىۋاتقانلاردىن:

ـــ يول قانداق؟ ـــ دەپ سورىشاتتى.

ـــ خۇدا ئۆزى ئوڭۇشلۇق بەرسۇن! ـــ دېيىتتى كېلىۋاتقانلار.

ھېچكىم مۇز داۋاننىڭ بۇ خەتەرلىك يوللىرىغا ئالدىنئالا يا «ياخشى»، يا «يامان» دەپ ھۆكۈم قىلالمايتتى. ھېلىلا بىر ئوبدان تۇرغان يول ھاۋا بۇزۇلۇپ قار ـ شىۋىرغان كۆتۈرۈلسە بىردەمدىلا ئۆتكىلى

بولمايدىغان توسۇقتا ئايلىناتتى. تاغ ئىچىدە يامغۇر يېغىپ سۇ ئۆلغىيىپ كەتسە جىلغىلاردىكى كىچىككىنە ئېقىنلارمۇ ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ يولىنى توسۇپ قوياتتى.

بۈگۈن ئۆمەر مەدداھ نېمىشقىدۇر كەم سۆز بولۇپ قالغانىدى. جامدىمۇ ئۇ مەدداھلىق قىلىش ئۈچۈن سورۇن تۈزمىدى. ئۇ قۇۋاننى ئەگەشتۈرۈپ جامنىڭ بازىرىغا چىقىپلا ئەتراپىغا ئادەم يىغىپ سۆزمەنلىك قىلىشتىن يالتىيىپ قالدى. بۇ يەردە يولنىڭ چېكىنى تۈزۈتۈپ دەڭ ـ دەڭلەرگە قاراپ كېتىۋاتقان كارۋانلار، يەنە شۇ دەڭلەردىن ئالدىراش كىرىپ ـ چىقىۋاتقان ئادەملەر كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇلارنىڭ سەپەر خىيالىدىن باشقا نېمە كۆڭلىگە كىرىپ چىقمايدىغاندەك قىلاتتى.

— قوي، قۇۋان، بۇ يەردە بىز سورۇن تۈزۈپ ۋاتىلداپ ئۆزىمىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئاۋارە قىلمايلى، يولدا تاپقانلىرىمىزغا ئاقسۇدا تاپقانلىرىمىزنى قوشساق، تېجەپ خىراجەت قىلساق ئىلىخوغا بارغۇچە يېتىپ قالار... شۇنى بىلگىنكى، ئەقىدىلىك مەدداھنىڭ تۇتقان يولى مال ـ دۇنيا تېپىش ئەمەس...— دېدى ئۆمەر مەدداھ.

قارلىق چوققىلار كۆرۈنگەنسېرى ھاۋامۇ سالقىن تارتىپ قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۆمەر مەدداھ يىراقلارغا سوزۇلغان ئېدىرلار، ئېدىرلارنىڭمۇ نېرىسىدا تۇرغان تۇمانلىق تاغلار، سۈزۈك ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىدە پاختىدەك ئاپپاق يېيىلىپ تۇرغان بۇلۇتلارغا قاراپ ھۇزۇرلىنىپ خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتى.

بۈگۈن ھۆسەن بايۋەچچە يوق بولغاچقا قۇۋان «ئەزمە»نىڭ سەل ئىچى پۇشۇپ قالدى. ئۇ ئۇلاغلارنىڭ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

يېنىدا ئۈنچىقماي كېتىپ بارغان سەمەتنىڭ يېنىغا يانداپ كېلىپ:

— سەمەت نوگچى، — دېدى.

سەمەت چۆچۈپ كەتتى. قەشقەردىن چىققاندىن بېرى بۇ سەپەرداشلارنىڭ ئىچىدە ھېچكىم ئۇنى «نوچى» دەپ چاقىرىپ باقمىغانىدى.

— خوش؟! — دېدى ئۇ قۇۋانغا قاراپ.

— ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ ئېيتىنى ھېلىقى قىمارۋازلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ قالتىس ئىش قىلدىلا جۇما.

— ئەمىسە، قاراپ تۇرۇپ بىر ئاتنى ئۇلارغا بېرىۋەتسەك بولاتتىما؟... سەن ئەجەب مېنى «نوچى» دەپ چاقىرىپ قاپسىنا؟

— نوچىلىقلىرىنى ئاڭلىدىم.

— كىمدىن؟

— ھۇسەن بايۋەچچە دېدى، ھېلىقى قىمارۋازلارنىڭ بىرىنى بىر قويۇپلا ئارقىسىغا ئۆچۈرۈپ توت پۇتىنى ئاسمانغا قارىتىپ قويۇپىلا، شۇنىڭ بىلەن قالغان قىمارۋازلار ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىرىغا تۇتقۇزۇپ، سىلىنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپتۇدەك.

سەمەت كۈلۈپ كەتتى.

— ھە، مۇنداق ئانچە - مۇنچە كۈلۈپ ماڭسىلا، گەپ قىلماي قاپاقلىرىنى تۈرۈپلا ماڭسىلا ئادەمنىڭ بەك ئىچى سىقىلىپ كېتىدىكەن.

— ھە، ھۇسەن بايۋەچچە يەنە نېمە دېدى؟

— ھۇسەن بايۋەچچە باشقا گەپ قىلمىدى. ئوسمان ئۇلاغچى: «سەمەتنى بوش چاغلىماڭلار، بۇ يېتىم ئەسلى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



قاغىلىق تەرەپتىن، ئۇ تەرەپلەردە سەمەتنى «سەمەت نوچى، دېسە تونۇمايدىغىنى يوقكەن» دېدى.
سەمەت ئۇنچىقمىدى. يەنە ئازراق مېڭىپ قۇۋان سۆزىنى داۋام قىلدى:
— بىراق، مەن دەيمەن، سەمەت نوچى...
— ۋەي، سەمەت نوچى، سەمەت نوچى دەۋەرمىگىنە!
— ھە، سەمەتئاخۇن. مەن دەيمەن، ئاخشام ئاشۇ ھۆسەن بايۋەچچىنى ئالدىمىزدا ماڭدۇرۇۋەتكىنىمىز تازا جايىدا ئىش بولمىدىغۇ دەيمەن.
— قانداق دەيسەن؟
— ئەمدى دەيمىنا...
سەمەت قۇۋان «ئەزمە»گە بۇرىلىپ قاراپ: «بۇ ئەزمىنىڭمۇ خېلى گېپى باركىنا» دەپ ئويلاپ قالدى.
— ئەمىسە ھېلىقى قىمارۋازلار ئىزدەپ كېلىپ ھۆسەننىڭ گېلىنى بوغۇپ «يا ئاتنى، يە پۇلنى چىقار!» دېسە، سەن ئارا تۇرالايتىڭما؟ — دەپ سورىدى سەمەت.
— مېنى دەملا؟... خۇدايا توۋا دېسىلە، شۇ يېشىمغا كېلىپ مەن بىرسى بىلەن بىرنېمە دېيىشىپ باققان ئادەم ئەمەس... ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم، ھۆسەن بايۋەچچە ئالدىمىزدا مېڭىپ هاي دەيدىغان ئادەم يوق، ئاتنى يەنە بىر يەردە دوغا تىكىۋېتەمدىكىن دەيمىنا؟
— ئەسكى خۇيىنى تاشلىماي يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولسا ئۆزىنىڭ شورى. چىرايىغىمۇ قارىماي، يولىمىزغا كېتىۋېرىمىز... ۋەي قۇۋان، مەن سەندىن بىر گەپنى سوراي، سەن ئۇنچىۋالا ئىزىلەڭگۇ ئادەممۇ ئەمەسكەنسەن، نېمىشقا خەق سېنى «قۇۋان ئەزمە» دەيدۇ.
— ئەمدى بۇ «ئەزمە» دېگەن گەپ بىزگە ئاتا ـ بوۋىمىزدىن قالغان لەقەم ئىكەن قايىلىسىلا...

— ئاتا ـ بوۋاڭغا بۇ لەقەم نەدىن يۇقۇپتىكەن؟

— رەھمەتلىك دادامنىڭ دەپ بېرىشىچە، بوۋام رەھمىتىي بەش ۋاق نامازنى قازا قىلمايدىغان تەقۋادار، ياۋاش ئادەمتىكەن، «مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم دەرەخ ئۆرۈپ كۆنىنى ئالاتتىكەن» دېگەنلىرىمنى ئاڭلىغان بولغىيتتىلا؟ ھە، شۇنداق دەرەخ ئۆرۈيدىكەن، ئەممازە دەرەخ ئۆرۈشكە كەلگەندە ئالامەت چەبدەس ئادەمتىكەن. ھەرقانچە يوغىناپ، ھەر تەرەپكە شاخلاپ كەتكەن نېمە بولسىمۇ بىر قاراپلا ئۇنىڭ قايسى شېخىنى قاياققا، ئۆزىنى قاياققا يىقىتسا بولىدىغىنىغا ھۆكۈم قىلىپ بولالايتتىكەن. ھەرقانچە تار ـ قىستاڭچىلىقتا ئۆسكەن دەرەخ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەربىر شېخىنى ئەتراپىدىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەرگە دەخلى يەتكۈزمەي ساق چۈشۈرەتتىكەن، دەرەخ ئۆرۈيدىغان ئىش ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ بوۋام مەھەللە مەسچىتىدىكى ئەتىگەنلىك بامدات نامىزى بىلەن خۇپتەندىن قالمايدىكەندۇق. نامازنىڭ ئاخىرىدا ئىمام ئازراق تەپسىر ئېيتاتتىكەن. بوۋام بەك ھېرىپ كەتكەچكە نامازنى ساق ئۆتۈپ تەپسىرگە كەلگەندە ئېزىلىپ، خورەك تارتىپ ئۇخلاپ قالاتتىكەن. مانا شۇنىڭ بىلەن بوۋامغا بۇ «ئەزمە» دېگەن لەقەم سىڭىپ قاپتىكەن. بوۋامدىن بىزگە ھېچبىر مال ـ دۇنيا مىراس قالماي، مۇشۇ «ئەزمە» دېگەن لەقەم قالغان... سىلىگىچۇ، سەمەتئاخۇن، ئۇ «نوچى» دېگەن لەقەم كىمدىن مىراس قاپتىكەن؟

— مېنىڭ «نوچى» دېگەن لەقىمىممۇ يوق، مېنى ھېچكىممۇ «نوچى» دېمەيدۇ. بۇ گەپنى ھەرقايسىڭلار يانپېشىڭلارغا ئۇرۇپلا تاپقاندەك تۇرىسىلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مەيلى ئەمەسما، مېنىڭ لەقىمىمگە قارىغاندا بولىدىغان لەقەمكەن، «سەمەت نوچى» دەپ چاقىرسا «ھە» دەۋەرسىلە.

— مەن «نوچى» بولمىسام نېمە دەپ «ھە» دەيدىكەنمەن؟...

يولۇچىلار تۇزئاۋات، تىكەنقورۇق دېگەن يۇرتلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، لەڭگەر[1]دە بىر قونۇپ، قوغانغا توغرا ئايرىلىدىغان يولغا چۈشتى. لەڭگەر ئەتراپىدىكى ئېدىرلاردا ئۆيدەك يوغان تاشلار تاشلىنىپ ياتاتتى. بۇ ھەيۋەتلىك تاشلار بۇ ئېدىردا قانداق پەيدا بولۇپ قالدى؟ قايسى زامانلاردا، قانداق ئېقىنلار بۇ تاشلارنى بۇ يەرلەرگىچە دومىلىتىپ كەلدى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسىرلەردىن بېرى بۇ يەردىن ئۆتۈۋاتقان يولۇچىلارغا سىر ئىدى. بەزى تاشلارنىڭ ئېگىزلىكى، تۇرغان تۇرقى، شاماللار يالاپ، يامغۇرلار يۇيۇپ، قۇياش نۇرى كۆيدۈرۈپ ھەر خىل شەكىللەرگە كەلتۈرۈپ قويغان ھالىتى كىشىنىڭ ئەقلىنى خىرەلەشتۈرەتتى...

— قاراڭلار، — دېدى ئۆمەر مەدداھ قولىدىكى تايىقى بىلەن ئالدىدىكى ھېلىقى ھەيۋەتلىك تاشلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ كارامەتلەرنى! ئاللا ھەممە كارامەت، ھەممە سىرلارنىڭ قۇلۇپىنى يەشكۈچى، شۇ تاپتا ئەتراپتىكى شۇ تاغلار، بۇ ھەيۋەتلىك تاشلار، چەكسىز دالىلار — ھەممە نەرسە ياراتقان ئىگەمگە ئۆز ئىبادىتىنى قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاللا ھېچكىمنىڭ دۇئاسى، ئىبادىتىگە موھتاج ئەمەس، ئۇ پەقەت سىنايدۇ...

---

[1] لەڭگەر — مۇز داۋان يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى. ھازىرقى نامى «قىزىل بۇلاق».

بۇ تاشلىقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن يولۇچىلار مۇزات دەرياسىنى بويلاپ كەتكەن يولغا چۈشتى. ئۇلار دەريانىڭ سول تەرەپ قىرغىقىدا كېتىپ باراتتى. دەريا سۈيى ھەيۋەت بىلەن شارقىراپ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ تۆۋەنگە قاراپ كېتەتتى. يول بۇ دەريا بىلەن سول تەرەپتىكى ئېگىز تۆپىلىك ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى بويلاپ مۇز داۋانغا قاراپ سوزۇلغانىدى. ئۇلاغلار بىر-بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى قاتارلىشىپ كېتىپ باراتتى.

دۇنيادىكى ئەڭ دەسلەپكى يوللارنى ئىنسانلار ئاچقان دەپ كىم ئېيتىدۇ؟ دۇنيادىكى ھەممە ئىپتىدائىي يوللارنىڭ دەسلەپكى ئاچقۇچىسى دەريا ئېقىنلىرىدۇر. قارلىق چوققىلاردىكى مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان ئېقىنلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ غايەت زور تاشقىنلارنى پەيدا قىلىپ تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ، تاغ جىلغىلىرىدىكى توسالغۇلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، تۈزلەڭلىكلەرگە چىقىدىغان دەسلەپكى يوللارنى ئاچقان. ئىنسانلار ئېقىنلارنى ياقىلاپ ماڭسا داۋانلاردىن ئۆتۈپ، دەريالارغا ئۇلىشىپ، تۈزلەڭلەرگە ئوڭۇشلۇق چىقالايدىغانلىقىنى كېيىن چۈشەنگەن. خەتەرلىك چوققىلاردىن ئۆتىدىغان ئەڭ دەسلەپكى سەپەر خەرىتىسىنى سىزغۇچى، يوللارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجادچىسى تەبىئەتنىڭ ئۆزى.

دەريا بىلەن تاغ ئارىلىقىدىكى كەڭلىك بارغانسېرى تارىيىپ، يىراقتىن بىر مەھەللىنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

ــ قوغان، قوغانغا يېتىپ كەلدۇق!ــ دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان ئۇلاغچى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



※ ※ ※

«قوغان» ــ ئەسلىي «قورغان» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ يەر تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇز داۋان يولىدىكى مۇھىم ئۆتكەل، تەبىئىي شەكىللەنگەن بىر توسۇق ئىدى. مۇز داۋانغا قاراپ ماڭغاندا ئوڭ تەرەپتە مۇزات دەرياسى گۈركىرەپ ئاقاتتى. دەريانىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى پىچاقتا كەسكەندەك تىك، ئېگىز تۇرغان تاغنى يەرلىك خەلق «ئېگەرسۇندى» دەپ ئاتايتتى. سول تەرەپتە يەنە بىر ئېگىز تاغ بولۇپ «قۇرۇق دەريا تېغى» دەپ ئاتىلاتتى. ئىلىغا ماڭغان ئۆتكۈنچىلەر ياكى ئىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا بارماقچى بولغان يولۇچىلار ئىككى تاغ ئارىسىدىكى مۇشۇ تار يولدىن ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىلگىرىكى ھۆكۈمەتلەر بۇ يەرگە قەلئە سېلىپ، قەلئە سېپىلىنىڭ بىر تەرىپىنى دەرياغا، يەنە بىر تەرىپىنى تاغ چوققىسىغىچە سوزۇپ، جەنۇب ـ شىمال تەرەپلەرگە كىرىش ـ چىقىش ئېغىزلىرىنى بېكىتكەنىدى. بۇ يەردە دائىمى قاراۋۇللار تۇراتتى. ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتكەن يولۇچىلارنىڭ يول خەتلىرىنى تەكشۈرۈپ، تامغا ئۇرۇپ تىزىمغا ئالاتتى. ئەينى يىللاردا مۇز داۋان جەنۇب بىلەن شىمالنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ يېقىن يول ئىدى. تارىختىن بېرى بۇ قورغان قاپقىسى يول ئوچۇق بولغان چاغلاردا ئەتراپىغا دەڭلەر، قونالغۇ ـ چۆشكۈنخانىلار، ئاشپۇزۇللار قۇرۇلۇپ ناھايىتىمۇ ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى؛ يول ئېتىلىپ قالغاندا چۆللىشىپ

قاپقىغا قارايدىغان جىسەكچىلەردىن باشقا ھېچكىم قالمايتتى.

17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ خانى ئىسمايىلخان قارا تاغلىقلار گۇرۇھى بىلەن ئاق تاغلىقلار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى جېدەل ـ ماجىرادىن جاق تويۇپ، ئاپپاق خوجىنى قەشقەردىن ھەيدەپ چىقاردى. ئۆمرىدە ھەج سەپىرى قىلىپ باقمىغان بۇ «ئۇلۇغ» زات دەھبىت، كاسان، بەدەخشان، كەشمىر، تىبەت، چىڭخەي قاتارلىق جايلاردا ئون ئىككى يىل قاتراپ يۈرۈپ ئاخىرىدا ئۆزىنى دالاي بەشىنچىنىڭ ياردەمچىسى ساڭجياجاسۇنىڭ قوينىغا ئاتتى. ساڭجياجاسۇ ئاپپاق خوجا ئارقىلىق جۇڭغارلارنىڭ ئىلىدىكى ئاتامانى غالدانغا خەت ئەۋەتىپ، ئاپپاق خوجىنى قەشقەر بىلەن يەكەننىڭ ھۆكۈمرانى قىلىپ تىكلەشنى تاپىلىدى. غالدان شۇ چاغدا 12 مىڭ لەشكەر تەييارلاپ، ئاپپاق خوجىغا يول باشلىتىپ، مۇز داۋاندىن ھالقىپ مۇشۇ قورغان قاپقىسىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە بېسىپ كىرگەنىدى. ئاپپاق خوجا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قورچاق خانى بولغاندىن كېيىن ھەر يىلى جۇڭغارلارغا 100 مىڭ سەر كۈمۈش، 100 مىڭ ئات ـ ئۇلاغ، ماتا ـ چەكمەنلەرنى تاپشۇرۇپ تۇرغان، ئەينى يىللاردا سودا ـ سېتىق ۋە ئالۋان ـ سېلىق ئىشلىرىدا پۇل ئورنىدا بوز ـ خام ئىشلىتىلەتتىكەن. ئاپپاق خوجا زامانىدىن راشىدىن خان زامانىغىچە بولغان 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا يۇرت ھاكىملىرى بۆز ـ خامنى ئىلىغا چىقىرىپ تۇرغان. ئەمەلدارلار جەنۇبنىڭ جۇڭغارلارغا تۆلەيدىغان مال ـ دۇنياسىنى دەل مۇشۇ قورغاندا ئۆتكۈزۈۋالاتتىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغارلارنى تىنچىتىپ، ئەگرىتىپغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىلىدا پۈتۈن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئورگان — ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى تەسىس قىلدى. ئىلىدىن جەنۇبقا ماڭغان لەشكەرلەر، جەنۇبتىن ئىلىغا بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن ماڭغان دېھقانلارنىڭمۇ ھەممىسى مانا شۇ قورغان دەرۋازىسىدىن ئۆتكەندى...

ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ: «قوغان دەرۋازىسىدىن توختىماي ئۆتۈپ كەتسەك بولاتتى» دەپ ئالدىراشلىرى بىكار بولدى. تېخى كۈن ئەتىگەن بولسىمۇ قوغان دەرۋازىسى ئىچىدىن زەنجىرلىنىپ، چوڭ قۇلۇپلار بىلەن مەھكەم تاقالغانىدى. ئەسلىدە قوغاننىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان ۋە يول خىپتى تەكشۈرىدىغان چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىنىڭ يەنە شۇ ئەتراپتا ئېچىپ قويغان دەڭ ۋە قىمارخانىلىرى بولۇپ، ئۇلاردىن كىرىدىغان كىرىمنى كۆزلەپ ئەمەلدارلار دەرۋازىنى دائىم مۇشۇنداق يورۇقلا تاقاپ، يولۇچىلارنى شۇ ئەتراپتا قونۇشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن، باشقا دەڭ - ساراي، قىمارخانىلارنىڭ خوجايىنلىرىمۇ ئەمەلدارلارنىڭ يانچۇقىغا ۋاقتى - ۋاقتىدا پۇل شۇڭغۇتۇپ تۇراتتى. شۇڭا، دەرۋازىۋەنلەر ھەر كۈنى دەرۋازىنى بىرنەچچە سائەتكىلا ئېچىپ بولدى قىلاتتى. چۈشتىن كېيىنگە قالغان يولۇچىلار بېشىنى تاشقا ئۇرسىمۇ ئۆتەلمەيتتى. ئەسلىدە بۇ يەر مۇھاپىزەتچىلەر بىلەن بىرقانچە ئەمەلدارلارلا تۇرىدىغان بىر قەلئە بولسىمۇ، بارا - بارا بۇ يەردە ھەر خىل ئىشلارنى قىلىپ جان باقىدىغانلار

كۆپىيىپ، قەلئەنىڭ ئەتراپىدا مەھەللە شەكىللەنگەنىدى.
قوغان دەرۋازىسىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دەڭ ـ ساراي، ئاشخانىلار، ھاراق ـ شاراب ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك چەرچىنماللارنى ساتىدىغان دۇكانلار بار ئىدى. قەلئەدىن سەل نېرىراق يەردە قاتار كەتكەن قىمارخانىلارمۇ تىجارەت قىلاتتى. بۇ يەردە قىمار شۇنچىلىك ئەۋج ئالغان ئىدىكى، قوغان دەرۋازىسىغا قارايدىغان جىيسەكچى، سىپىل ئۈستىدە تۇرىدىغان قاراۋۇللاردىن تارتىپ يول خېتى تەكشۈرگۈچى ئەمەلدارلارغىچە ھەممىسىلا ۋەزىپىسىنى ئاندا ـ مۇندا ئادا قىلىپ قويۇپلا قىمار سورۇنىغا ئالدىرىشاتتى. قىمار ئوينىمىغان تەقدىردىمۇ ئۇ يەردە بولىدىغان قىزىقچىلىقلارنى كۆرۈپ، ئامىتى كېلىۋاتقان قىمارۋازلاردىن ئازدۇر ـ كۆپتۇر چوتار ئېلىپ يانچۇقىنى پومپايتىشاتتى. ئەگەر ئىككى تەرىپى ئېگىز تاغ، ئالدى ـ كەينى ئېگىز سىپىل بىلەن قورشالغان بۇ زېرىكەرلىك جايدا كۈننى شۇنداق ئۆتكۈزمىسە زېرىكىپ ئىت بولۇپ كېتەتتى.
ئوسمان ئۇلاغچى بىلەن كېتىۋاتقان يولۇچىلار بىر دەڭگە چۈشۈپ ماللىرىنى يېشىپ چۈشۈرۈپ، ئۇلاغلىرىنى ئوتقا قويدى. قونالغۇغا كىرىپ ئورۇنلىشىپ ئانچە ـ مۇنچە تاماقلىنىۋالغاندىن كېيىن ھۇسەن بايۋەچچىنى ئىزدەشتى. ساراي، دەڭ، بەزى قىمارخانىلارغىچە كىرىپ ئاريلىدى. ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى.
ــ بايۋەچچە بىزگە قارىماي كېتىۋەردىمۇ قانداق؟
ــ بىز ئۇنىڭغا قوغاندا ساقلاپ تۇر دېمىگەنىمىدۇق...
ــ بىرەر سەتەڭنى كۆرگەن بولسا بىزنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىپ قالسا قېلىۋېرىدۇ جۇما،ــ دېدى قۇۋان «ئەزمە».

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئۆمەر مەدداھ قۇۋان «ئەزمە»گە قاراپ قويدى ـ دە:
ــ ئىككىڭنىڭ يولدا كەلگۈچە كۈتۈك ـ كۈتۈك گېپىڭ تۈگىمىگەن، بىر ـ بىرىڭنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىشىسەن ـ ھە؟! ــ دېدى.
ــ ئاۋۇ ھۆسەن بايۋەچچىگە ئەجەب ئوخشايدىكىنا، شۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە، ــ دېدى قۇۋان «ئەزمە» بوينىنى سوزۇپ ئالدىغا قاراپ، ــ ئەنە، دېمىدىمىمۇ شۇ بايۋەچچىكەن! ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ.
ھۆسەن بايۋەچچە مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى دەريا تەرەپتە ــ سېپىلنىڭ ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرغان تىمىغا يۆلىنىپ بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بۇرادەرلىرىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپمۇ قويمىدى.
ــ يەنە نېمە بولدى؟ ــ دەپ سورىدى سەمەت.
ــ مەن ئىلىغا بارمايدىغان بولۇپ قالدىم، ــ دېدى ھۆسەن.
ــ نېمىشقا؟
ــ ھېچ كۆڭلۈم تارتمايدۇ.
ــ كۆڭلۈڭلار يەنە چاچ بازىرىغا كېتىپ بارامدۇ؟ يا مۇشۇ قوغاندىمۇ ئىگىسى يوق چوكاندىن بىرسى چىقىپ قالدىمۇ؟
قۇۋان «ئەزمە» بىر تەرەپتە تۇرۇپ ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچىدە پىخىلداپ كۈلۈۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئوسمان ئۇلاغچى يېتىپ كېلىپ ئالدىراپ سورىدى:
ــ ئات قېنى؟
ــ ئا... ئا... ئاتنى...
ــ ئەستاغپۇرۇللا، يەنە نېمە دەپ تىلىنى چاينايدىغاندۇ ماۋۇ ئاداش، ــ دېدى سەمەت، ــ ۋەي، مەن ساڭا ئۈنى جامدا قىمارۋازلارنىڭ قولىدىن ئاران

ئاجرىتىپ ئېلىپ بەرمىگەننىدىم. يەنە نېمە گەپ بۇ؟

— سەمەت نوچى، خاپا بولمىسىلا، ئۇ ئاتلىرى بەربىر مۇز داۋاندىن ئۆتەلمەي ئۆلەتتىكەن.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— مانا مۇشۇ مەھەللىدە داڭلىق بىر رەممال بار ئىكەن، مۇز داۋاندىن ئۆتىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ رەم ئاچقۇزىدىكەن. مەنمۇ كېلىپلا ئۇ ئادەمنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ ئىزدەپ تېپىپ رەم ئاچقۇزغانىدىم، چاچ ـ ساقىلى ئاپپاق ئاقارغان ھۆرمەتلىك بىر مويسىپىت ئىكەن...

— ھەي لامزەللە!— دېدى سەمەت تەخىر قىلالماي، — گەپنى ئۇزارتماي نەق بولغان ئىشنىلا دېگىنە.

— دېسەم ئىشەنمەيلا... توختاپ تۇرماملا، مەن بىر گېپىمنى قىلىۋالاي... مويسىپىتنىڭ ئالدىغا كىرىپ، «ھۆرمەتلىك ئاتا، ماڭا بىر رەم ئېچىپ قويسىلا» دېدىم. ئۇ ماڭا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويماي: «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم» دەپ رەم ئاچتى، ئاندىن «مىنىپ كەلگەن ئېتىڭ قېنى؟» دەپ سورىدى. مەن ھەيران بولۇپ: «ئات دەڭدە قالدى» دېدىم. ئۇ: «خۇدا خالىسا ئۆزۈڭ داۋاندىن ساق ـ سالامەت ئۆتۈپ كېتىسەن، ئاتنىڭ ئەجىلى دەل شۇ داۋاننىڭ ئۇستىدە توشىدىغاندەك قىلىدۇ» دېدى. «يا ئاللا!» دەپ ياقامنى تۇتتۇم. رەممالنىڭ ھەققىنى تۆلەپ ئورنۇمدىن تۇرۇۋىدىم، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ: «بالام، داۋاندىن ئۆتەر چاغدا ھەرگىز ھېلىقى ئاتقا مىنىپ سالما، بولمىسا ئۆزۈڭمۇ تەڭ ھاڭغا غۇلايسەن!» دېدى. شۇنداق بالا ـ قازا ئېلىپ كېلىدىغان ئاتنى ئەمىسە مىنىپ ماڭسام بولامتى؟!

ــ ئەمىسە ئاتنى نېمە قىلدىڭ؟

ــ بىر كەمبەغەلگە سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتتىم.

ــ ئۇتتۇرۇۋەتتىم دېگىنە!

هۇسەن بايۋەچچە ئۇنچىقماي بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ــ ئەمدى يۇك ـ تاقاڭنى ئۆشنەڭگە ئارتىپ ماڭامسەن؟

ــ خاپا بولمىسىلا، سەمەتئاخۇن، شۇ ئىلىخو دېگەن يەرگە چىققىممۇ يوقتى. دادام: «ئاكاڭنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنىڭ بىر خەۋىرىنى ئېلىپ كەل» دېگەچكە شۇ ئۇزۇن يوللاردا جاپا چېكىپ كېتىپ باراتتىم دېسىلە. ئاڭلىسام، ئاكاممۇ «دادام بىلەن ئىنىمنى بىر كۆرسەم بولاتتى» دەپ نىيەت قىلىپ ئۈچ قېتىم سەپەرگە چىقىپ، ئۈچىلا قېتىمدا پۇللىرىنى يولدىلا قىمارغا سېلىپ بېرىپ ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپتۇدەك. مەنمۇ ئىككى قېتىم تەرەددۇت قىلىپ يولغا چىقىپ قىمارغا ھەممىنى سېلىپ بېرىپ ئارقامغا يېنىپ كەتكەن. شۇنداق بىر ئېرىقىدا سۇت، بىر ئېرىقىدا ھەسەل ئاقىدىغان ئىلىخو قۇرۇپ كەتسۇن. قارىغاندا، خۇدايىم بىز ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلمىغان ئوخشايدۇ، ئۈچىنچى قېتىم ئارقامغا يېنىپ قەشقەرگە كەتسەم نېمە بوپتىكەن؟!...

هۇسەن شۇنداق دېدى ـ دە، يىغلىۋەتتى.

ــ ئورنۇڭدىن تۇرەۋاي لاتا!ــ دەپ ۋارقىرىدى سەمەت،ــ ئاتنى قايسى سورۇندا، كىمگە ئۇتتۇرۇۋەتتىڭ، ماڭا كۆرسىتىپ قوي. ئۇنىڭغا سەن مىنىپ ماڭمىساڭ مانا مەن ئۆزۈم مىنىپ ماڭىمەن.

هۇسەن بايۋەچچە سەمەتنى بىرقانچە قىمار

سورۇنلىرىغا باشلاپ باردى. ھەممە دەڭلەرگە ئادەم چۇشۇپ، قىمار سورۇنلىرىمۇ تازا قىزىپ كەتكەندى. ئات ھېچبىر يەردە كۆرۈنمەيتتى. ھۇسەن بايۋەچچىدىن كېچە ئاتنى ئوتتۇۋالغان قىمارۋازلار ئەتىگەندە قوغاننىڭ دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ كېتىپ قالدىمۇ ياكى ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ زادى ئاتنى قەيەردە، كىمگە ئۇتتۇرۇۋەتكىنىنى ئېنىقراق دەپ بەرگۈسى كەلمىدىمۇ، ئىشقىلىپ ئات تېپىلمىدى.

— ماڭا قارا، ھۇسەن، — دەيتتى سەمەت تېرىكىپ، — ئاتنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان ئادەم نېمە قىلاتتىڭ ئۇنى مەندىن تالىشىپ؟ ماڭمۇچۇ ئۇنى ئاتا يوللۇق بىر ئادەم مىندۇرۇپ قويغان. ماڭا ئېيتمىنى تېپىپ بېرىپ قېچىرىڭنى ئۆزۈڭ مىنىپ ماڭ، ساڭا بولسا ئاشۇ قوتۇر ئېشەكتىنلا بىرنى مىندۇرۇپ قويىدىغان گەپكەن، ھەرقانچە بولسىمۇ بىر ئاتنى ئىككى قېتىم ئۇتتۇرۇۋەتكەنمۇ بارمۇ؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



# ئون تۆتىنچى باب

## قىمار

قوغان مەھەللىسى قورغان سېپىلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە ئاشۇ ئېگىز سېپىل ۋە ئەسكەرلەر تۇرىدىغان گازارمىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىرەر پۇلدار ئادەمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ سالدۇرغان بىرەر ئىمارىتىنىڭمۇ تايىنى يوق ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تىنچ بولماي كەلگەن بۇ يەرگە ئادەملەر ھېلىلا كۆچۈپ كېتىدىغاندەك ئاددىي، پاكار ـ پاكار ئۆيلەرنىلا سېلىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ھەممىسىلا يورۇق چۈشىدىغان تۈزۈك دېرىزىلىرىنىڭمۇ تايىنى يوق، بىر ـ بىرىگە يانداشتۇرۇپ، بىر ـ بىرىگە مىنگەشتۈرۈپ سېلىنغان ئۆيلەر ئىدى. ئۆي ئىگىلىرى ئۆينىڭ كۆركەم بولۇشىنى ئەمەس، پۇختا، ئىسسىق بولۇشىنىلا كۆزدە تۇتقاندەك قىلاتتى. ھەربىر ئۆينىڭ يېنىدا مال قورۇسى، ئېغىللىرى بار ئىدى. قوغاننىڭ كوچىلىرىدا بىرەر ئايال كىشىمۇ كۆزگە چېلىقمايتتى.

سەمەت ھۆسەن بايۋەچچىنى ئارقىسىغا سېلىپ، ئېتىنى ئىزدەپ پۈتۈن مەھەللىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئالدى ـ كەينى، مال ئېغىللىرىغىچە كىرىپ قاراشتۇردى، ئات كۆرۈنمەيتتى.

— ۋاي، نېمانداق زوۋانىڭنى ئاچمايسەن؟ — دەپ ھوسەنگە قايناپ كېتىۋاتاتتى سەمەت، — ئاتنى ساتتىڭمۇ، زادى نېمە قىلدىڭ؟

— ...

— قىمارغا تىككەن بولساڭمۇ، پۇتۇن - سورۇك بىر ئاتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ دوغا بىراقلا تىكىپ ئوتتۇرۇۋەتمىگەنسەن؟ ئاۋۋال ساتتىڭ، ئاندىن پۇلنى پارچىلاپ قىمارغا سېلىپ بېرىپ بولدۇڭ، شۇنداقما؟

— شۇنداق.

— كىمگە ساتتىڭ؟

— تونۇمايمەن.

— قىمارۋازغا ساتتىڭمۇ، يا مۇنداق بىر يولۇچىغا، يا مۇشۇ قورغانلىق ئادەملەرگىمۇ؟

— بىلمەيمەن.

— سۆلەتىڭگە لەنەت! قايسىبىر مېنىپ كېتىدىغانلىرىڭغا ئاتنى مېنىڭدىن تالاشقانتىڭ؟ مەن سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلمىغان بولسام يوغانلا بىر ئاتنى ئاشۇ چىچقاق قېچىرىڭغا تېگىشەمتىم... خەپ، ئەجەب بىر سىلىق يورغىسى بار ئات - دە! راستىمنى ئېيتسام، ئۇ ئاتنى تېخى ئۆزۈممۇ تۈزۈك مىنىپ باقمىغان...

سەمەت شۇ گەپلەرنى قىلىپ كېلىۋېتىپ ئارقىسىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ھېلىلا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان بايۋەچچە نەگىدۇر غايىب بولغانىدى. سەمەت ھەيران بولۇپ ۋارقىرىدى:

— ھوسەن، ھاي ھوسەن بايۋەچچە!

ھېچ يەردىن سادا يوق ئىدى. نېرىدىكى بىر ئۆيدىن كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلىناتتى. ئۇ يەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى

قىمار بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. سەمەت بىر بىسىپ، ئىككى بىسىپ ھېلىقى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇ يەردە قىمار شۇنچىلىك قىزىپ كەتكەنىدىكى، ئوتتۇرىدا ئوششۇق ئېتىۋاتقانلارنىڭمۇ، ئەتراپتا تاماشا كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭمۇ ھېچقايسىسىنىڭ تالادىن كىرگەن ئادەمگە قارىغۇچىلىكى يوق ئىدى. سەمەت كىرىپ ھەممىگە تەڭ كۆز يۈگۈرتۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى. ھۆسەن قىمار ئويناۋاتقانلارنىڭ ئارىسىغا قىسىلىپ كىرىپ بىر ئوبدان جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى. تېخى بىر قولىدا ئازراق پۇلنىمۇ سىقىملاپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

— بايۋەچچە، نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ ئارقىدىن نوقۇدى ئۇنى سەمەت.

— ھېچ... — دېدى ھۆسەن خالار - خالىماستىن ئارقىغا قاراپ، — مەن بەربىر ئىلىخو تەرەپكە ئۆتەلمىگۈدەكمەن. قايلىسام، ئىشتاننىڭ لىپىزىگە تىقىپ قويغان ئازراق پۇل قولۇمغا چىقىپ قالدى. «تاز بولساڭ گەدەنگىچە بول» دەپتىكەن، شۇنىمۇ تەۋەككۇل قىلىپ بىر تىكىپ باقاي دېدىم. سىلى خاپا بولماي جىندەك ساقلاپ تۇرسىلا...

شۇ ئارىدا قىمارۋازلار ئارىسىدا يەنە چۇقان چىقىپ كەتتى. قىمار ئويناۋاتقانلارغا قارىغاندا ئەتراپقا ئولىشىۋالغانلىرى بەكرەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئوششۇقنى قولىغا ئالغان قىمارۋاز بېشىنى سەل ئارقىغا قىلىپ مەيدىسىنى چىقىرىپ، «يا جەمشىت» دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ ئوششۇقنى يەرگە ئاتقاندا، ئەتراپتا قاراپ تۇرغان بىكارچىلار ئوششۇق چۈشكەن مەيدانغا بېشىنى تەڭلا ئېگىشتۇرەتتى. «ئۆتتى» ياكى «ئۆتتۇردى» دېگەن ئاۋاز

ھەممىنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقىپ ئومۇمىي گۇرۇلدەشكە ئايلىناتتى. سەمەتنىڭ قېنى قىزىپ قالدى. ئۇ ھوسەن بايۋەچچىنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان پۇلىنى شارتتىدە تارتىۋالدى ــ دە:

ــ قوپە! بۇ قىمارنى سەن قەشقەردىن چىقىپ مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە ئويناپ، بولغان بولۇشۇڭ مۇشۇ بولدى. كەلمىگەن ئامەتنى نېمانچە قوغلىشىسەن؟... بۇ پۇلنى سەن ئۈچۈن مەن بىر تىكىپ باقاي!ــ دېدى.

سەمەت ھوسەن بايۋەچچىنى گەجگىسىدىن تۇتۇپ تارتىپ قوپۇرۇۋېتىپ ئورنىغا كېلىپ ئۆزى ئولتۇردى.

ــ قېنى، ماڭا بىر ئاتامسىلەر!

نۆۋەتتىكى ئوشۇق تۇتۇپ تۇرغان قىمارۋازنىڭ يۈزى چېچەك ئىزىدا چەككۈچ سالغان پېتىر ناندەك بولۇپ كەتكەن بېشى تاز، كۆرۈمسىز ئادەم ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ تۆت ئوشۇقنى تۇتۇپ تۇرۇشىدىن، ئەپچىل يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشلىرىغىچە ناھايىتى پىشقان قىمارۋازدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى تۈنۈگۈن كەچتىن بېرى بۇ يەردە قىمار ئويناپ، ھەممە نېمىسىنى ئۇتتۇرۇپ ياغاچتەك قېتىپلا قېلىشقانىدى. بەزىلىرى شۇ قىمارنىڭ قىزىقچىلىقىدا ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا بىر نېمە سېلىشمىغانىدى. يەنە بەزىلىرى بولسا ئۇتۇپ، ئۇتتۇرۇپ، ئاخىرىغا كەلگەندە ئىشتانلىرىنىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرىگە قولىنى تىقىپ ھەر ئېھتىمال ئۈچۈن ئايرىپ قويغان ئاخىرقى پۇللىرىنى چىقىرىشاتتى. چوقۇر قىمارۋاز يېڭىدىن پەيدا بولۇپ قالغان سەمەتكە سىڭاركۆزى بىلەن قاراپ قويدى.

«شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن ھەرقانداق ئادەم بۇ يەرگە بىر كىردىمۇ، ئەمدى چىقىپ كەتمىكى بىر گەپ، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، ـــ قارىغاندا ماۋۇ يېتىم تېخى قىمار سورۇنىغا يېڭىياچىدەك قىلىدۇ...»

ـــ ھە، ئاشۇ يېڭى كەلداخۇنغا ئاتتىم، پۇلۇڭ قانچە؟

ـــ ئازغىنە بىرنېمە، ساناپ ئولتۇراتتىممۇ؟

ـــ بوپتۇ، بارىغا دەتتىكام.

ئوشۇق يەرگە چۈشۈپ چىچىلىپ بىرى تاككا، ئۈچى پوككا چۈشتى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئاغزىدىن يەنە ئومۇمىي گۈرۈلدەش كۆتۈرۈلدى. «ئۇتتۇردى!» سەمەت قىماردا قانداق بولسا ئۇتىدىغان، قانداق بولسا ئۇتتۇرىدىغىنىنى تازا بىلىپ كەتمەيتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھۇسەنگە قارىدى.

ـــ كىم ئۇتتۇردى؟

ـــ سەمەتئاخۇن، سىلى ئۇتتىلا! ـــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى بىر ياندا بويۇنداپ تۇرغان ھۇسەن ھاياجاندا.

ـــ نېمە قاراپ تۇرىسەن، پۇلنى يىغمامسەن!

ـــ ئەمدى ئوشۇقنى سىلى ئاتىلا، ـــ دېدى ھۇسەن پۇللارنى يىغىپ تۇرۇپ، ـــ بولمىسا، سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا مەن ئاتاي.

ـــ سەن تەگمە! ـــ دەپ ۋارقىرىدى سەمەت ئوشۇقلارنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ، ـــ قېنى كىمگە ئاتىمەن؟

چوقۇر قىمارۋاز پۇكلەپ مىجىقىنى چىقىرىۋەتكەن بىر تۇتام پۇلنى ئوتتۇرىغا تاشلىدى. بۇ قىمارۋازلارنىڭ بىر ھىيلىسى ئىدى. قارىساڭ ئازغىنە پۇلدەكلا قىلىدۇ، مۇبادا ئۇتتۇرۇۋېتىپ ئۇنىڭغا تەڭ پۇل تۆلەش توغرا

كەلسە، ھېلىقى پۇلنى چۇۋۇپ سانايدىغان بولسا كۆزلىرىڭ چەكچىيىپ كېتىدۇ. چوقۇر قىمارۋاز سەمەتنىڭ ئوشۇقنى تۇتۇشىغا قاراپلا گىرى بىرنېمە ئىكەنلىكىنى پەملەپ بولغانىدى.

لېكىن، ئامەت كەلگۇسى كەلسە ئۇ ئادەمنىڭ قانداقلىقىغا، بوي ـ تۇرقى، چىراي ـ شەكلى، شۇ ھۇنەرگە پىششىق ياكى گىرىلىكىگە قاراپ كەتمەيدۇ. بۇ دۇنيانىڭ قىزىقى شۇ يەردىكى، بەزىدە پەلەكنىڭ چاقى شۇنداق كىشىنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بىر تەرەپلەرگىمۇ چۆرگۈلەپ قالىدۇ... سەمەت قولىدىكى ئوشۇقلارنى قىمارۋازلارغا ئوخشاش تىزىپ ئولتۇرمايلا «ياپىرىم!» دەپ ئوتتۇرىغا بىر ئېتىۋىدى، تۆت ئوشۇقنىڭ ھەممىسىلا ئالچۇ چۈشتى. ئەتراپتىن چۇقان كۆتۈرۈلدى. ھۇسەن بايۋەچچە «ئۇتتۇق!» دەپ سەكرەپ كەتتى.

— ئۇتقان بولساق پۇلنى يىغ!

ھۇسەن توپىلىق يەردىكى جىمى پۇلنى يىغىپ ئالدىغا تارتتى.

— ئەمدى ماۋۇنىڭغا ئات!

چوقۇر ئوتتۇرىغا يەنە بىرمۇنچە پۇلنى تاشلىدى.

— ئاتتىم!

ئوشۇقنىڭ ئۈچى ئالچۇ چۈشتى. يەنە چۇقان كۆتۈرۈلدى.

— ئۇتتۇقمۇ؟

— ئۇتتۇق.

— ئەمسە پۇلنى يىغمامسەن، نېمە ماڭا چەكچىيىپ قاراپلا تۇرىسەن؟... ئۇتۇپ بەرگەن پۇلنى يىغالمايسەن، نەچچە ۋاقىتتىن قايسى ھالىڭغا قىمار ئوينىغانسەن؟

— هوي بۇرادەر! — دەپ ۋارقىرىدى چوقۇر قىمارۋاز، — ئوشۇقنى شۇنداق ئاتسالڭ بولامدا؟

— ئەمىسە قانداق ئاتسام بولاتتى؟

— ئوشۇق دېگەننى ئوتتۇرا بارمىقىڭنىڭ ئۇستىگە راۋرۇس قاتار تىزىپ، قولتۇقۇڭنى كۆتۈرۈپ ئاتماسەن!

— ئاكا، راستىنى ئېيتسام، بۇ قىمار دېگەندىن تازا خەۋىرىم يوق، خاپا بولما. قېنى بۇدا قانچە تىكىسەن دېگىنە، سەن دېگەندەك ئوشۇقنى چىرايلىق تىزىپ بىر ئېتىپ بېرەي !

چوقۇر قىمارۋاز باياتىن بېرى كۆزى ئوشۇقتا بولغاچقا سەمەتنىڭ چىرايىغىمۇ تۈزۈك قاراپ باقمىغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سەمەتكە زەن سېلىپ كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان، قاۋۇل بىر يىگىتنى كۆردى ـ دە، ئۇنچىقماي قويىنىغا قولىنى سېلىپ يەنە بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ ئوتتۇرىغا تاشلىدى.

— ئاتە!

— ئاتتىم ئەمىسە.

سەمەت ئوشۇقلارنى چوقۇر ئېيتقاندەك تىزىپ ئېتىۋىدى، ھەممىسى پوككا چۈشتى. ئېتىش نۆۋىتى چوقۇرغا كەلگەنىدى، ئۇ ئوشۇقلارنى قولىغا ئېلىپ كۆزىنى سەل يۇمۇپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى ـ دە، ئاتتى. ئۈچ ئوشۇق ئالچۇ چۈشتى. چوقۇرنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرۈپ قولىنى پۇلغا سۇنۇشقا تەمشىلىۋىدى، شۇ بىر سېكۇنت ئىچىدە راۋرۇس ئۆرە بولمىغان بىر ئوشۇق ئۆرۈلۈپ پوككا بولۇپ قالدى، ھەممە «ئوھوي!» دېيىشىپ كەتتى. چوقۇرمۇ «ئاپلا!» دەپ ئېڭىكىنى سىلاپ

قالدى. ئەمدى نۆۋەت سەمەتكە كەلدى. سەمەت بىر ئېتىۋىدى، ئوشۇقلار گىرە چۈشتى. يەنە چۈقان كۆتۈرۈلدى.

— قانداق بولدى؟

— ئۇتتۇق! — دېدى ھۇسەن ئوتتۇرىدىكى پۇللارنى ئالدىغا يىغىپ تۇرۇپ.

— بولدى، ئەمدى ئوينىمايمىز، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى سەمەت.

— غوجام، ئۇتۇپ، ئۇتۇپ، نەگە قاچماقچىتىلا؟!

— ئىشىمىز ئالدىراش.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ؟... غازى، قېنى سەن؟ ماۋۇ قائىدە ئۇقمايدىغان گىرىنى بىر ئەدەپلەپ قويە!

باياتىن بېرى ماۋۇ چوقۇر قىمارۋازنىڭ ئارقىسىدا زوۋۋانىمۇ سۈرمەي ھەممىگە تەڭ مولۇندەك قاراپ ئولتۇرغان بەستلىك بىرەيلەن ئورنىدىن قوپماقچى تەمشەلدى. لېكىن، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە سەمەت ئۇنىڭ ئېڭىكىگە بىرنى تېپىپ ئارقىسىغا ئۇچۇرۇۋەتتى.

— قاچ!— دەپ نوقۇدى سەمەت نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغان ھۇسەننى.

ئىككىيلەن تالاغا ئۆزىنى ئېتىشتى. كىمدۇر بىرى ھۇسەننىڭ قولىغا ئۇرۇۋىدى، ئۇنىڭ قولىدىكى پۇللار ئۆينىڭ ئىچىگە ئۇچۇپ چۈشتى. ئۆينىڭ ئىچىدە پاتىپاراقچىلىق باشلىنىپ، سەمەت بىلەن ھۇسەننى قوغلىماقچى بولۇپ تۇرغان قىمارۋازلاردىن تارتىپ ئەتراپتا قىزىقچىلىق كۆرۈپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى چېچىلغان پۇللارغا ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



※ ※ ※

سەمەت بىلەن ھۆسەن قىمار سورۇنىدىن قېچىپ چىقىپ قاندادقتۇر بىر تار كوچىلار، كىملەرنىڭدۇ ئېغىللىرىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ بىر ئوچۇقچىلىقتا چىقىپ قالدى. بۇ قوغاننىڭ مال بازىرى ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە ئولىشىپ مال سودىسى قىلىۋاتقانلار كۆرۈنەتتى.

ــ پۇل قېنى؟ ــ دېدى سەمەت ھۆسەنگە قاراپ.

ــ كۆرمىدىلىمىا؟ ــ دېدى ھۆسەن ھاسىراپ تۇرۇپ، ــ بىر قىمارۋاز قولۇمغا بىر قويۇپ ھەممە پۇلنى چېچىۋەتتى. شۇ پۇللارنىڭ چېچىلىپ كەتكىنىمۇ ياخشى بولدى جۇما، بولمىسا ھېلىقى قىمارۋازلار بىزنى قوغلاپ چىقىپ بوش قويمايتتى.

ــ ئازراقمۇ قالمىدىما؟

ــ يان خالتامدا بىرەر ئۇلاغ سېتىۋالغۇدەك پۇل بار.

قوغاننىڭ ئۇلاغ بازىرى دەريا تەرەپتىكى ئوچۇقچىلىقتا ئىدى. قۇلاققا مۇزات دەرياسىنىڭ شارقىراپ ئاققان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بازارنىڭ ئەتراپىدا ئۇلاغ ساتىدىغانلارنىڭ ئۇلاغلىرىنى باغلاپ قويۇش ئۈچۈن ئورنىتىلغان ئۇزۇن ياغاچلار، ئۇنىڭ ئەتراپىدا مال غاجىلاۋېرىپ سوييىقىنى ئاقلاپ بولغان بىرقانچە توپ تېرەك تۇراتتى. كۈن ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقاچقا بازاردىمۇ ئادەم شالاڭلاپ قالغانىدى. بۇ ئۇلاغ بازىرىدىكى ساتارمەنلەر ئۇلاغلىرىنى ئانچە ماختاپمۇ كەتمەيتتى؛ «ساتىمىز» دەپ بەك كۈچەپ ئۆزىنى

ئاۋارىمۇ قىلمايتتى، «مانا ئۇلاغ، لازىم بولسا كۆرۈپ بېقىشالا» دەپ خېرىدارنى ئۇلاغلىرى باغلاقلىق تۇرغان يەرگە باشلاپ باراتتى. سىز ئۇلاغلاردىن بىرەرىنى ئالماقچى بولۇپ تۇتۇپ مىنىپ: «پالانى يېرى ئۇنداقكەن، مۇنداقكەن» دەپ ئەيىب تاپسىڭىز، «بارى شۇ» دەپلا قاراپ تۇراتتى. مۇز داۋان يېقىنلاپ قالغاچقا، ئۇلاغ لازىم بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ ئۇلاغ ئالماي قالمايدىغانلىقىنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى.

بۇ يەردىكى ئۇلاغ بېدىكلىرى ئەسلىدە مۇز داۋان تەرەپتىن داۋان ئېشىپ چۈشكەن ئۇلاغلارنى ئەرزان باهادا سېتىۋالاتتى. هارغان، يارىلانغان، مېڭىشتىن قالغان ئۇلاغلىرىنى يولۇچىلار بۇ يەردە ئېلىشىشقىلا سېتىۋېتىپ، ئورنىغا باشقا ئۇلاغ سېتىۋېلىپ مىنىپ كېتەتتى. بېدىكلەر سېتىۋالغان هېلىقى ئۇلاغلىرىنى بۇ يەردە بىر مەزگىل بېقىپ، دەم ئالدۇرۇپ، يەنە يولۇچىلارغا سېتىپ بېرەتتى.

بۇگۇنكى بۇ ئاياغلىشىپ قالغان بازاردا بىرەر ئات، هېچبولمىغاندا بىرەر قېچىرمۇ كۆرۈنمەيتتى. سەمەت بىلەن هۇسەن بۇ يەردىن ئىلاجسىز بىر ئېشەك سېتىۋالدى.

— ئېشەك بولسىمۇ ئالايلى،— دېدى سەمەت هۇسەنگە قاراپ،— هېچبولمىغاندا يۈك - تاقلىرىڭنى ئارتىۋالارسەن.

— شۇنداق، يۈك - تاقنى ئارتاي، ئۆزۈم هەرگىز مىنمەيمەن.

— سۆلتىڭگە دەخلىسى بولارما؟

— هەرقايسىڭلىمۇ پىيادە كېتىپ بارىسىلەنغۇ؟...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلار يەنە ئاشقان پۇلغا يولغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئېشەككە ئارتىپ دەڭگە قايتتى. قوغان ئىككى تاغنىڭ ئارىسى بولغاچقا، ناھايىتى چاپسان قاراڭغۇ چۈشەتتى.

دەڭدە ئۆمەر مەدداھ ئۆز - ئۆزىگە قايناپ ئولتۇراتتى. چۈنكى، بۈگۈن قوۋان «ئەزمە»نى باشلاپ، ئازراق بولسىمۇ تاپاۋەت قىلماقچى بولۇپ ئىككى يەردە سورۇن تۈزۈپ باققان بولسىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ھېچكىم يىغىلمىغانىدى. ئۆمەر مەدداھ بۇ يەردە كۈننىڭ بىكار ئۆتۈپ كەتكىنىگە ناھايىتى خاپا بولدى.

— بىلەمسىلەر! — دەيتتى ئۇ قايناپ، — بۇ قوغان دېگەن ئاجايىپ ئىشلار ئۆتكەن، كاتتا زاتلارنىڭ ئايىغى تەگكەن ئورۇن. لېكىننزە، بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ يەرگە قانداق ئادەملەرنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقىنى زادى بىلەلمىدىم. ئەمرىمەرۇپ، زىكىر - سۆھبەت دېگەنلەر بىلەن پەقەتلا خۇشى يوق خەقلەر ئىكەن. قىمار دېسە ھەممىسى ئۆلۈپ بېرىدىكەن. يا مەسچىتى، يا تۈزۈك بىر جامائىتى يوق قانداق يۇرت بولدى بۇ - ھە؟... — ئۆمەر مەدداھ سەل سىڭار يان بولۇپ ھۈسەن بايۋەچچىگە قارىدى، — ھەرقاچان سەن بۇ يەردە يەنە بىر - ئىككى قەپەس ئېتىشتىڭغۇ دەيمەن؟

— ئاتتىم! — دېدى ھۈسەن بايۋەچچە، — ھەممە ئادەم قىمار ئوينىسا قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭمۇ ئالىقىنى قىچىشىپ بولالماي قالىدىكەن.

— شۇنداق، ئۇتقاننىڭمۇ كۆزى تويمايدۇ، ئۇتتۇرغانمۇ بولدى قىلمايدۇ... ھەرقاچان ئاستىڭدىكى ئاتنى يەنە قىمارغا سېلىپ بەرگەنسەن؟

ــ سىلى قانداق بىلدىلا؟
ــ دەڭگە قوتۇر ئېشەكتىن بىرنى يېتىلەپ كىرگىنىڭدىنلا بىلدىم.
ــ ئەۋلىيادەك گەپ قىلدىلا، بۇ قىمار دېگەندە مېنىڭ زادىلا تەلىيىم يوق ئىكەن. ماۋۇ سەمەتئاخۇن بولمىغان بولسا يەنە ئارقامغا يېنىپ قەشقەرگە ماڭماق بولغان... يا ئاللا سەمەتئاخۇن، ــ دەپ سەمەتكە قارىدى ھۇسەن بايۋەچچە، ــ مەن سىلىگە قول قويدۇم جۇما.
ــ نېمىگە قول قويدۇڭلار؟
ــ باشقىلارنىڭ سىلىنى «سەمەت نوچى» دېگىنىنى چالا ـ پۇچۇق ئاڭلاپ قالغان، شۇنچىۋالا قىمارۋازنىڭ ئىچىدىن ھېيىقماي ساق چىقىپ كەتتىڭلىكى، راست نوچىكەنسىلەر.
ــ قىمارۋاز دېگەن ئادەم يەمتى؟
ــ ھەممىسىنىڭلا يېنىدا پىچىقى بار دەيمەن!
ــ سېنىڭ دادالڭ قاسساپ بولغان بىلەن، ئەجەب ماۋۇنى ئاس، دەپ بىرەر پىچاقنىمۇ يېنىڭغا ئېسىپ قويماپتىكەن ـ ھە؟
ــ ئېسىپ قويغان، ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە پىچاقنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتكەن، ئالماستەك كېسىدىغان پىچاقتى ـ دە، قوناق بازىرىدىكى ئەمەتئاخۇن ئۇستام سوققان...
ــ ھۇسەن بايۋەچچە، ــ دېدى قۇۋان «ئەزمە»، ــ زادى سىلىنىڭ بۇ قىمار دېگەندە ئۇتىدىغان چاغلىرىمۇ بولغانمۇ؟
ــ بولغان، مەن باشتا ئازراق ئۇتۇپ، ئاخىرىدا ئۇتقانغا ئۆزۈمنىڭكىنىمۇ قېتىپ بىراقلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇتتۇرىدىكەنمەن... سىلەر كۆرمىدىڭلار، ماۋۇ سەمەت نوچىنىڭ قىماردا ئەجەب تەلىيى باركەن جۇما...
— ھەي سەمەتئاخۇن، سىلىمۇ قىمار ئوينىدىڭلىما؟ — دېدى ئۆمەر مەدداھ ھەيران بولۇپ.
— قارىسام قوغاننىڭ قىمارۋازلىرى ماۋۇ بايۇەچچىنى بەك بوزەك قىلىپ كېتىپتۇ، ئەنتىنى ئېلىپ بېرەي، دەپ بىر تۇتۇشۇپ باققان...
— سەمەتئاخۇن زادى ئۇشۇقنى قولىغا ئالدىمۇ ئۇتىدىكەن، — دېدى ھۇسەن بايۇەچچە ھەۋەسلىنىپ، — ئۇنداق تەلەي مەندە بولىدىغان بولسا...
— ھە، قانداق قىلاتتىڭ؟
— ئۇنداق ئۇشۇقنى ئاتسىلا ئالچۇ چۈشىدىغان تەلەي مەندە بولىدىغان بولسا جاپا تارتىپ، داۋان ئاتلاپ ئىلىخوغا چىقىپ نېمە كەپتۇ؟... كېچىسى قىماردا ئۇتقاننى كۈندۈزى شاراقشىتىپ خەجلەپ، ماۋۇ قوغان دېگەن ۋاي دېگۈدەك بىر ئۆي — ئىمارىتىمۇ يوق يەردە تازا بالىخانىلىق ئىمارەتتىن بىرنى قاملاشتۇرۇپ سالدۇرۇپ، خوتۇندىن ئىككى — ئۈچنى ئېلىپ بىرىنى ئاش — تاماق ئېتىدىغانغا، بىرىنى بەل — پۇتنى تۇتىدىغانغا، يەنە بىرىنى كېچىدە يەنە باشقا ئىشلارنى قىلىدىغانغا سېلىپ قويۇپ دوست — دۈشمەننىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتىم.
— بايۇەچچە، ئىلىخوغىمۇ چىقمايدىكەنسىلەر، قەشقەرگىمۇ بارمايتتىڭلىما؟ — دەپ سورىدى قوۋان «ئەزمە» ھۇسەننىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ.
— قەشقەرگىمۇ بارمايتتىم...
— ئۇنداق بولىدىغان بولسا، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى

ئۆمەر مەدداھ، — ئاز كۈن ئۆتمەيلا ماۋۇ قوغاننىڭ قىمارۋازلىرى سىپىنىڭ تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ، سىپىلنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويغان بولاتتى.

— نېمىشقا؟ — دەپ ھەيران بولدى ھۈسەن.

— سەن بىلمەيدىغان ئوخشايسەن، مۇنداق ئىشلار ئىلگىرىمۇ كۆپ بولغان. ئاڭلىشىمچە، قايسىبىر يۇرتنىڭ لەڭگەر دېگەن يېرىدە بۇرۇن بىر تاز ئۆتۈپتىكەن، قىماردا سەن دېگەندەك ئالامەت ئامەتلىككەن، ئۆمرىدە ئۇتتۇرۇپ باقمىغانىكەن، ئۇنىڭ بىر سېھىرگەرلىكى بارمىش، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ سۆپكۆچلىسە يىقىلىپ كېتىۋاتقان ئوشۇقلار ئۆرە بولۇپ قېلىپ، ئۆرە ئوشۇقلار يىقىلىپ قالارمىش. ھېلىقى تاز ئۇتقان پۇللىرىنى بولۇشىغا خەجلەپ ھەممە ئەسكىلىكلەرنى قىلىپ خەقنىمۇ بىزار قىلىۋېتىپتۇ. «يا ئاللا! بۇ تازدىن قانداق قۇتۇلارمىز» دەپ قىمارۋازلارمۇ جاق تويۇپتۇ. بىر كۈنى كېچىسى ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرقانچەيلەن باستۇرۇپ كىرىپ تازنى ئۆلتۈرۈپ، پارچىلاپ، بېشىنى دەرۋازىغا ئېسىپ قويۇپ كەتكەنىكەن.

— يا ئاللا! — دەپ ياقىسىنى تۇتتى ئوسمان ئۆلاغچى.

— مەن دېمىدىمما، — دېدى قۇۋان «ئەزمە»، — قوغاندا ئۇتقان پۇلنى قەشقەرگە ئاپىرىپ خەجلىگۈلۈك. سىلى تېخى قەشقەرگە بارمايتتىم، دەيسىلەر، بايۋەچچە، قەشقەردە قىمار يوقمىكەن؟

— ھەي قۇۋان، — دېدى ھۈسەن بايۋەچچە، — ماۋۇ قىمار دېگەننى سەن تازا بىلىپ كەتمەيسەن. قىمار دېگەنمۇ يەر تاللايدۇ جۇما، قوغاندا كەلگەن ئوشۇق قەشقەردە زادى كەلمەيدۇ. بىر يەردە كەلگەن ئامەت

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



شۇنداق يەر يۆتكەلدىكىما، يەنە بىر يەردە قاچىدۇ... قەشقەردىمۇ قىمار ئالامەت قىزىيدۇ، ئەممازە، كاززاپ تولا. ئوشۇق شۇنداق قولىغا چىقتىما، قولتۇقىنى كۆتۈرۈپ ئاتماي يەرگە يەملەپ قويىدۇ، چىقراق ئۇتۇپ كەتكەننى كۆرسە كۆزى قىزىرىپ پىچاق كۆتۈرۈپ ھېلىلا ئۆلۈم جېدىلى چىقىرىدۇ... توۋا دەيمەن، سىلەر كۆرمىدىڭلار، ماۋۇ سەمەتئاخۇن ئوشۇقنى قاندىقىغا ئاتسا كېلىۋېرىدىكەن دەيمەن. قولىغا ئېلىپ شاراقشىتىپ چېچىۋەتسىمۇ ئالچۇ چۈشۈۋاتامدۇ؟ بىراقزە، ئوشۇق تازا كەلگىلى تۇرغاندا بولدى قىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. كېچىچە ئوينىغان بولساق قوغاندىكى ھەننىۋا قىمارۋازنى يالىڭاچلاپلا قوياتتۇقكەن، مەيلى ئەمەسمۇ شۇنداق بىر ئامەتنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرۈۋېلىپ پىچاق يەپ كەتىسىمۇ...

— بولدى قىلىڭلار، بايۋەچچى، بولدى، — دېدى قىمارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېرىپ ئىچى پۇشقان ئوسمان ئۇلاغچى، — قىمارنىڭ ئۆزىنى كۆرمەي گېپىنى قىلساڭلىمۇ شۇنچە قىزىپ كېتىدىكەنسىلەر. ئۇتتۇق دەيسىلەر، بىر ئوبدان ئاتنى يوق قىلىپ ئېشەككە تېگىشىپ كەپسىلەر...

— ئۇتقان پۇللار چېچىلىپ كەتتى ئەمەسما، بولمىسا ئۇنداق ئاتتىن ئونى كېلەتتى.

— بولدى قىلىڭلار، ئۇخلايلى، ئەتە قوغاننىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن ئەتىگەندىلا يولغا چىقىمىز.

ھەممەيلەن يېتىشقا تەرەددۇت قىلدى. ئوسمان ئۇلاغچى يەنە ئۆمەر مەدداھنىڭ ئاغزىنى تاتلاپ سورىدى.

— تەقسىر، سىلى بۈگۈن قوغاننىڭ ئادەملىرىنى

يىغالىغان بولسىلا ئۇلارغا قايسى رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ بېرەي دېگەن؟

— مەن بۇ يەردىكى ھارامزادىلەرگە ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام توغرىسىدىكى ئاجايىپ قىسسىلەرنى ئېيتىپ بەرمەكچىدىم.

— ئازراق سۆزلەپ بەرسىلە، بىزمۇ ئاڭلاپ قالايلى.

ئۆمەر مەدداھ ئۆزىمۇ سۆزلەپ تۇرمىسا ئىچى پۇشۇپ قالىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. تامىنىڭ بۇلۇڭىغا تىكلەپ قويغان ياغىچىنى قولىغا ئالدى. ھۇجرىنىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ، قولىدىكى تايىقىنى سىلكىپ تۇرۇپ ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ھەي خالايىق، ئوچۇق زېھنىڭلارغا يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاجايىپ خىسلەتلەرگە ئىگە بىر ئىنسان ئىدى. ئۇ سەپەر قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. چۆللەردە ئاچ قالغۇدەك بولسا قولىدىكى ھاسىسىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ خۇداغا ئىلتىجا قىلسىلا ھاسا بىردەمدىلا شاخلاپ، چېچەكلەر ئېچىپ مېۋە بېرەتتى. مۇسا ئەلەيھىسسالام مېۋىسىنى يەيتتى، باشقىلارغىمۇ بېرەتتى. ئۇ يەنە سەپىرىنى داۋام قىلماق بولۇپ قولىنى سۇنسىلا ھاسا ئۆز ھالىتىگە كېلىپ قالاتتى. تولىمۇ ئۇزۇن سەپەرلەردە ئۇ ھاسىسىنى مىنىپ ماڭاتتى. ھاسىغا مىنىپ كۆڭلى تارتقان ئەللەرنى ئارىلايتتى. ئۇنىڭ ھاسىسىنىڭ سۇرئىتى ياخشى ئاتتىن كەم ئەمەس ئىدى. مۇبادا ئۇ دۇشمەنلەرگە ئۇچراپ قالسا ھاسىسىنى ئىككىلەنمەستىن دۇشمەن ئالدىغا تاشلايتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ھاسا شۇ زامان سۇرلۇك يىلانغا ئايلىنىپ، ئاغزىدىن ئوت پۈركۈپ دۈشمەنلەرنىڭ جېنىنى ئالاتتى...

«دوست!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى قۇۋان «ئەزمە»، ئۆمەر مەدداھ چۆچۈپ گېپىدىن توختاپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ئۇ قۇۋانغا قاراپ، — خىيالىڭ نەدە؟ بۇ يەرنى قوغاننىڭ بازىرى دەپ قالدىڭمۇ قانداق؟

— «مۇشۇ ئۆمەر ئۇستازنىڭ قولىدىكى ياغاچمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاسىسىدەك خاسىيەتلىك بىرنەرسە بولۇپ قالغان بولسا...» دەپ خىيالغا كېتىپ قاپتىمەن، — دەپ ھىجىيىپ قويدى قۇۋان.

— ھە، شۇنداق بولغان بولسا قانداق قىلماقچىدىڭ؟

— شۇنداق بولىدىغان بولسا... بولىدىغان بولسا، ھەممىمىز ھاسىلىرىغا تەڭ مىنىپ ئالدىمىزدىكى ئاۋۇ مۇز داۋان دېگەن يەرلەردىن ئۇچۇپلا ئۆتۈپ كېتەتتۇق. ۋاھ! جاپا — مۇشەققەت تارتىدىغان ئىشىمۇ يوق، خۇدانىڭ يەتكۈزگەن ھۇزۇرى شۇ دېسىلە.

— قۇۋان، ماۋۇ گېپىڭ بەلەن بولدى، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، — ئۇ چاغدا مەنمۇ ئاكامنىڭ يېنىغا بىر دەمدىلا بېرىپ قالاتتىم، ھاسىسىدىن چۈشۈپلا «ئاكا!» دەپ ۋارقىرىسام ئاكاممۇ چۆچۈپ كېتەتتىغۇ دەيمەن؟!...

سەمەت ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇخلاپ قالدى.

## 2 ـ قىسىم

# مۇز داۋان

جامدىن ئۆتسەڭ مۇزارت داۋان ،
بايقىمىساڭ يول بەك يامان .
يايلىقىدا بوره ، قاۋان ،
تىرىك ئۆتمەك بولدى گۇمان .

ــ خەلق قوشاقلىرىدىن



# ئون بەشىنچى باب

## خاتىرىلەر

مۇز داۋان «مۇزات يولى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ تاكى بۈگۈنگىچە چاقلىق قاتناش قوراللىرى ئىز باسالمىغان، ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتىدە تۇرغان قەدىمىي يولدۇر. مۇز داۋان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى، يەنى ئاقسۇ بوستانلىقى بىلەن ئىلى ۋادىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەڭ يېقىن بەلباغ. تەڭرىتېغىنىڭ بۈيۈك چوققىلىرىدىن بولغان دېڭىز يۈزىدىن 6995 مېتىر ئېگىزلىكتىكى خانتەڭرى چوققىسى، 7445 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۆمۈر چوققىسى، 6227 مېتىر ئېگىزلىكتىكى قار لەيلىسى چوققىسى، 6588 مېتىر ئېگىزلىكتىكى چوڭ قوزىباي چوققىسى ۋە دېڭىز يۈزىدىن 6934 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تېرەك چوققىلىرى ئەنە شۇ مۇز داۋان ئەتراپىدا كۆككە بوي تارتىپ تۇرىدۇ. بۇ ئاقباش چوققىلار ۋە چوققىلار ئارىسىدىكى چوڭقۇر جىلغىلارغا تىنىپ كەتكەن قېلىن قار ـ مۇزلار تەڭرىتېغى ئېتىكىدىكى بارلىق دەريالارنىڭ پۈتمەس سۇ مەنبەسى.

مۇزات يولى ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ خەتەرلىكلىكى بىلەن مەشھۇر. «مۇز داۋاندىن ئۆتكەن» دېگەن سۆز زامان ـ زامانلاردىن بېرى بىر ئادەمنىڭ باتۇرلۇقى، قورقۇمسىزلىقىنى كۆرسىتىدىغان، شۇ كىشى ئۆزى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



پەخىرلىنىپ سۆزلەيدىغان ھايات سەرگۈزەشتىسى بولۇپ كەلگەن. نۇرغۇن ئالىم، سەيياھلار بۇ يول توغرىسىدا خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئوغۇز سودىگەرلىرى بىلەن بۇ يولدىن ئۆتۈپ، بېشىدىن كەچۈرگەن خەتەرلەردىن مۇنداق شېئىرىي مىسرالارنى تىزغانىكەن:

جىلغىدا جۇغلانما قار، ئېرىمەس كەلسە باھار،
ئېرىسە ئازراق ئەگەر، شۇئان يەنە مۇز بوپ قاتار.
يول خەتەر، توسالغۇ كۆپ، سوغ شامال جاندىن ئۆتەر،
خەۋپ ـ خەتەر، ئاپەت، ئەجەل كارۋانغا كۆپ دەھشەت سالار.
يول ئۈستىدە يولۇچىلار ھەرگىزمۇ ۋاڭ ـ چۇڭ قىلمىغاي،
كىمكى گەر قىلسا خىلاپلىق، يولنى ئاپەت قاپلىغاي.
جۇت، شىۋىرغان قۇترىشىپ، قۇم ۋە تاشلار سايرىغاي،
بۇ جۇدۇنغا ئۇچرىغانلار نىچۇك جېنىنى ساقلىغاي...

تەبىئەت ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ مۇھىم مەنبەسى. قەدىم زامانلاردا كىشىلەر بوران ـ چاپقۇن، دەھشەتلىك جۇدۇنلارنى ئاللانىڭ غەزىپى ياكى جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ قۇترىشىدىن بولغان، دەپ قارايتتى. ئەپسۇن ئوقۇپ، نەزىر ـ چىراغلارنى قىلىپ ئاللادىن بۇ ئاپەتنى باشلىرىدىن كۆتۈرۈۋېتىشنى تىلەيتتى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇرۇنقى زامانلاردا ئېتىقاد قىلغان شامان دىنى ئەتراپىمىزدىكى ئاسمان ـ زېمىن، بۈيۈك تاغلار، شامال، بوران، جۇت ـ شىۋىرغان، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ھەممىسىنى روھقا ئىگە جانلىق نەرسە دەپ قارايتتى. بۈيۈك چوققىلارمۇ ئۇن ـ تىنسىز سۈكۈتتە تۇرۇپ

ياراتقان ئىگىسىنى ياد ئېتىدۇ، دەپ قاراپ، بۈيۈك چوققا، ئۇلۇغ ئېقىن، دەريالارغا سەجدە قىلاتتى. بۇ ئادەت شامان دىنى ئەقىدىسىدىكى بەزى مىللەتلەردە كېيىنكى چاغلارغىچە ساقلىنىپ كەلگەن.

1760 ـ يىلى خاقانى چىننىڭ مۇز داۋاندىن ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى ئۆتكەن لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى قار ـ شىۋىرغاندا قېلىپ توڭلاپ ئۆلگەن، بۇ ھەقتە ئەينى ۋاقىتتىكى مەسلىھەتچى ئامبال شۇ خېدى ئوردىغا: «مۇز داۋان يولىنىڭ قىرىق چاقىرىمدىن ئوشۇق يېرى خەتەرلىك تاغ جىلغىلىرى بىلەن قاپلانغانىكەن. يولى خەتەرلىك، قار ـ شىۋىرغان دەستىدىن ئاياغ ئېلىپ ماڭماق مۈشكۈل، ئىلگىرى جۇڭغارلار بۇ يەردە تۇغ قاداپ، نوم ئوقۇپ، نەزىر ـ چىراغ قىلىپ تۇراتتىكەن. بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئۇ يەردىن ۋەزىپە ئىجرا قىلغىلى ئۆتكەن لەشكەرلەرنىڭ بەزىلىرى توڭلاپ ئۆلۈپ قالدى. شۇ ئەتراپقا پاناھلىنىدىغان ئۆيلەرنى سېلىشنى ئويلاشساق... ئىلگىرى موڭغۇللارمۇ ئۆز ئادىتى بويىچە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈپ تۇراتتىكەن...»① دېگەنلەرنى مەلۇم قىلغان. چيەنلۇڭ خان ئۆز قولى بىلەن مەرسىيە يېزىپ، مەسلىھەتچى ئامبال شۇ خېدىغا ئەۋەتىپ: «ئەگەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئەپسۇن ئوقۇپ بالا ـ قازانى قاچۇرالايدىغانلار بولسا ئىخلاس بىلەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلسۇن، ئۇنداق ئادەم تېپىلمىسا ئويرات② لارغا نەزىر ـ چىراغ قىلدۇرۇڭلار③» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن ھەمدە

---

① «چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەقىقىي تارىخى» 5 ـ جىلد 2121 ـ بەت.
② ئويرات ــ موڭغۇللارنىڭ بىر قىسمى.
③ «چىڭ ئوردىسىنىڭ ھەقىقىي تارىخى» 5 ـ جىلد 2121 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com



ھەر يىلى باھار، كۈزدە ئىككى قېتىم نەزىر ــ چىراغ قىلىش بەلگىلىنگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە باخشىلار كۆجە يېقىپ، مال ئۆلتۈرۈپ، ھاراق ــ شاراب ئىچىپ، ئۇسسۇللارغا چۈشۈپ سەجدە قىلىدىغان بولغانىكەن.

بۇ يەردە تىك يارلار، چوڭقۇر قىيا، مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان غەلىتە تاش، چوقچىيىپ تۇرغان مۇز چوققىلار يولۇچىلارغا دەھشەت سېلىپ تۇرسىمۇ يەنە كارۋانلار مۇشۇ يول بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى، بۇ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىنى تۇتاشتۇرىدىغان بىردىنبىر ئەڭ يېقىن يول ئىدى. چىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن جۇغراپىيە ئالىمى شۇسۇڭ مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان چېغىدىكى ئەھۋاللارنى مۇنداق بايان قىلغان: «... ئاتلىق يۈرگەندە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈرۈشكە توغرا كېلىدىكەن، يوللار ئەگرى ــ توقاي، داۋانلار قاتمۇقات ئىكەن. بوران چىققاندا قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇرىدىكەن. قەھرىتان سوغۇقتا ئىغىز ئېچىپ گەپ قىلىشمۇ مۇشكۈل ئىكەن...»

چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە ئىلى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي مەركىزى ئىدى. ئىلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىلىدىغان قوشۇنلارنىڭ ھەممىسى مۇز داۋان ئارقىلىق ئۆتەتتى. ئىلىدىن جەنۇبقا ئۆتىدىغان خازات داۋىنى، مۇز داۋان ۋە نارىن قاتارلىق ئۈچ ئېغىز بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەڭ تېز چۈشىدىغان يول مۇشۇ مۇز داۋان ئىدى. شۇڭا، بۇ يولنى كىرەك بولغاندا ھۆكۈمەت خىراجەت چىقىرىپ ياساپ تۇرغان. قاراۋۇلخانىلارنى قۇرۇپ قاراۋۇل تۇرغۇزغان.

پوچتا ئالاقىلىرىنىمۇ مۇشۇ يول بىلەن ماڭدۇرغان. قەدىمدىن بېرى يەنە بۇ يولدا دېھقانلار، تىجارەتچىلەر، كاسىپلار، خىلمۇخىل سەيياھلار، جاھانكەزدىلەر، غېرىب - بىچارىلەر ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ تۇرغان...

ئۆز زامانىسىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئىلغار زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت (ئۇيغۇر بالىسى) 1913 - يىلى ئالتە شەھەرنى ئايلىنىپ كېلىش ئارزۇسى بىلەن مۇزات داۋىنى ئارقىلىق ماڭغاندا ئۆز تەسىراتىنى مۇنداق يازغان: «يولۇچىلار ئاستا - ئاستا ماڭماقتا، كۈن نۇرىمۇ ئاستا - ئاستا غايىب بولدى... باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، داۋان ئۈستىدە قار - بوران، شىۋىرغان بولۇپ قالسىلا بىزنىڭ ھالاك بولغىنىمىز شۇ ئىكەن، خۇدا ئوڭشاپ مۇزات غوجام مەدەت قىلسىلا سالامەت ئۆتۈپ كەتكىلى بولىدىكەن، مۇزات غوجام تىرىكمىش، گۇناھى بار بەندىلەرگە زادى يول بەرمەسمىش... ئىچىمىزدە قىلغان گۇناھ، قىلمىشلىرىمىزنى ئەسلەپ ئىلگىرىلىمەكتىمىز، چوڭقۇر خىياللارغا چۆككەن ھالدا ئۇن - تىنسىز ئاخىر مۇزاتقا يەتتۇق... شەرق ۋە غەرب تەرىپىمىز ئەينەكتەك كۆك مۇز، تاغ ئۈستىدە قار - شىۋىرغان چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئاستىمىزدا بولسا خىيالىي ھېكايىلەردىلە بولىدىغان جىن - شەيتان ئۇردىلىرى...»

مۇزات قەدىمىي يولى شىمالدا موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ شوتا يېزىسىدىن جەنۇبتا ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيەسى ئىچىدىكى مازار ئۆتەڭگىچە 70 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا، قەدىمىي يول ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، قاراجۇلغا، خانتەڭرى، مۇزات چوققىلىرىنى بېسىپ

ئۆتىدۇ. تاغ ئىچى يىل بويى قار ـ مۇز بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ. ھاۋا رايى ناھايىتى ئۆسال، 8 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە بولغان ۋاقىت بۇ يولدىن ئۆتىدىغان ياخشى مەزگىل ھېسابلىنىدۇ. بۇرۇندىن تارتىپ ھۆكۈمەت تامغاتاشتا ئادەم تۇرغۇزۇپ، ھەر كۈنى 20 ئادەم چىقىپ مۇزلارنى چوقۇپ پەلەمپەي ياساپ تۇرغانىكەن. مىنگونىڭ ۋاقتىدىمۇ بۇ يولنى داۋاملىق ئىشلىگەن. مىنگو ھۆكۈمىتى ئادەم ئەۋەتىپ قومكۆلدە تۇرغۇزۇپ پەلەمپەيلەرنى چاپتۇرغان. ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى كۈتۈۋالغان يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى ۋاقىتتىمۇ موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ سانائەت ـ قاتناش ئىدارىسى ئادەم ئاجرىتىپ پەلەمپەيلەرنى رېمونت قىلدۇرۇپ، يولۇچىلارنى ئۆتكۈزۈپ تۇرغان. ئىلگىرى داۋاندا 80 نەچچە پەلەمپەي بار ئىكەن، ئارىلىق ئاتلىق ئادەمگە يەتتە كۈنلۈك يول ئىكەن. كېيىن بارغانسېرى قار سىزىقى يۇقىرىلاپ، مۇز چوققىلار تۆۋەنلەپ، پەلەمپەيلەر يوقىلىپ موڭغۇلكۈرەدىن مۇزات يولى بىلەن تۆت ـ بەش كۈن مېڭىپلا جەنۇبىي شىنجاڭغا چۈشۈپ كەتكىلى بولاتتى...

※ ※ ※

يولۇچىلىرىمىز يول خەتلىرىگە تامغا باستۇرۇپ، يۈك ـ تاقلىرىنى تەكشۈرتۈپ قوغان دەرۋازىسىدىن ئەتىگەندىلا ئۆتۈپ كەتتى. ئوسمان ئۇلاغچى قوغاننىڭ قاراۋۇلخانىسىدىن قانداق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئېپىنى بىلەتتى. ئۇ ھەربىر كىشىدىن ئازراقتىن پۇل يىغدى ـ دە، كىملەرگىدۇر شۇڭغۇتتى.

قوغاندىن چىققاندىن كېيىنكى يول مۇزات دەرياسىنى ياقىلاپ ئۆرىدەپ باراتتى، بەزىدە يول دەريانىڭ لېۋىدىلا پەيدا بولاتتى، بەزىدە يول دۆڭلەر ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ دەريا سۈيى تۆۋەندە قالاتتى. بۇ يەردە سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرىنىڭ تاشتىن ـ تاشقا ئۇرۇلۇپ، شارقىراپ ئۆز ناخشىسىنى ئېيتىپ كېلىۋاتقىنىغا مىليون يىللار بولغانىدى. چۆللەردىكى ھەربىر تۇپ گىياھ، ئېتىزلاردىكى ھەربىر تۇپ مايسا، باغلاردىكى ھەربىر تۇپ دەرەخ، ھەربىر تال ياپراق شۇ ئەزىم دەريادىن بۆلۈنگەن ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ سۈيىگە تەشنا ئىدى. بەزىدە بۇ دەريا غەزەپكە كېلىپ غايەت زور تاشقىنلارنى پەيدا قىلىپ يولۇچىلارنىڭ يوللىرىنى توسۇيتتى؛ دەل ـ دەرەخ، زىرائەتلەرنى ۋەيران قىلىپ، دېھقانلارنىڭ شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ياپقان پاكار كەپىلىرىنى لەيلىتىپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى؛ يەنە بۇ تاشقىن قۇملۇقلار ئۈستىنى ئۇنۇملۇك لاتقىلار بىلەن كۆمۈپ، يېڭى ـ يېڭى تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى پەيدا قىلاتتى.

يولۇچىلار قوغاندىن چىقىپ نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى مۇشۇ ئاپتاپلىق دالادا قۇياشنىڭ ئوتتەك قىزدۇرۇشى، قار ـ يامغۇرلارنىڭ تۆكۈلۈشى، بورانلارنىڭ شىددەتلىك ئۇرۇشلىرىغا ئۇچراپ ھەر خىل قىياپەتلەرگە كىرىپ قالغان غەلىتە تاشلارنى ئايلىنىپ ئۆتتى. بۇ يەردىكى تاشلارنىڭ تۇرۇش ھالىتىنى كۆرگۈچى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچىگە بېقىپ ھەرنېمىگە ئوخشاتسا بولۇۋېرەتتى. بەزى تاشلار قانات قېقىۋاتقان بۈركۈتكە، بەزىلىرى تۈگۈلۈپ ياتقان يولۋاسقا، يەنە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى



بەزىلىرى ھەتتا ئىشەكلىك كېتىپ بارغان يولۇچىغىمۇ ئوخشاپ قالاتتى.

— ئاللانىڭ مۆجىزىلىرىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەيتتى ئۆمەر مەدداھ، — قاراڭلار ئاۋۇ تاشلار نېمىگە ئوخشاپ قالغان؟ ئاۋۇ تاشلاردىن شاماللارنىڭ ھەرە ئۇۋىسىدەك تۆشۈك ئېچىۋەتكىنىنى كۆرگەنسىلەر؟... دۇنياغا ھېچنېمە سەۋەبسىز يارالغان ئەمەس، ھەممە غەلىتە نەرسىلەرنىڭ ئارقىسىدا بىر مەخپىي سىر بار، ھەممە سىرلارنى بىلگۈچى ياراتقان ئىگەم ئۆزى...

يەنە بىر مەنزىلگە يەتكەندە يولۇچىلارنىڭ بۇرنىغا غەلىتە بىر پۇراقنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى.

— پاھ، پاھ، پاھ، نېمانچە سېسىق پۇراق بۇ؟ — دېدى سەمەت، — بىرنەرسىنىڭ سېسىپ كەتكەن ھىدى كېلىۋاتىدۇ، سىلەرگىمۇ شۇنداق پۇراۋاتامدۇ قانداق؟

— «سېسىق بۇلاق»قا كېلىپ قالدۇق، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— سېسىق بۇلاق؟!... شۇنداق بۇلاقمۇ بارمۇ تېخى؟

— ئەنە ئاۋۇ، يولنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغان «سېسىق بۇلاق» دېگەن شۇ.

يولنىڭ سول تەرىپىدە ئېگىز دۆڭنىڭ ئاستىدا بىر بۇلاق كۆرۈندى. سۈيى سارغۇچ بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈر بىر غەلىتە پۇراق كېلەتتى. بۇ يەردە ھەممەيلەن توختاپ، بۇلاقنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولىشىپ قاراپ كېتىشتى. بۇلاقنىڭ ئاستىدىن سارغۇچ سۇ بۇلدۇقلاپ چىقىپ، سۇ يۈزىدە ئۇششاق كۆپۈكچىلەر پەيدا بولاتتى. بۇلاق سۈيى ئاچچىق بولسا كېرەك، ئەتراپىدا ئوت - چۆپلەرمۇ ئۈنمىگەنىدى.

— بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ سالغۇدەك بولماڭلار! — دەپ ئاگاھلاندۇردى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئىچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئەممازە، يارا - شىراق، جاھىل تەمرەتكە دېگەنلەرگە ئالامەت مەنپەئەت قىلىدۇ. ساقايمىغان تازلار، تەمرەتكە بېسىپ قوتۇرلىشىپ كەتكەن ئادەملەر بۇ يەرگە نەلەردىن كېلىپ، بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئېلىپ كېتىدۇ.

ھۇسەن بايۋەچچە بۇلاق بېشىغا ھەممىدىن كېيىن يېتىپ كەلدى، قوغاندىن ئالغان ئېشەك ئۇنى خېلى ئاۋارە قىلغانىدى.

— نېمە بولدۇڭلار، بايۋەچچە؟ ئارقىدا قالدىڭلىغۇ؟ — دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ماۋۇ قانداق هارامدىن تۇغۇلغان بىرنېمىكىن بىلمىدىم، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە ئۆزى چۈلۋۈرىنى تۇتۇپ تۇرغان ئېشەكنى كۆرسىتىپ، — ئالدىغا تارتسام ئارقىسىغا داجىيىدۇ، خۇددى قوغاندا مۇھىم بىر نېمىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك كەينىگىلا قارايدۇ... خوش، نېمە گەپكەن بۇ؟ — دەپ ھۇسەنمۇ بۇلاققا ئېڭىشىپ قارىدى.

— «سېسىق بۇلاق» دېگەن بۇلاق مۇشۇكەن، — دەپ چۈشەندۇردى قۇۋۋان، — ساقايمىغان تازلارنىڭ بېشىغا بىرلا سۈركەپ قويسا قاقاچلىرىنى تۆكۈپلىۋېتىدىكەن، ئالامەت شىپالىق دەيدۇ.

— بىزنىڭ يۇرتىنىڭ يۇقىرىسىدا «تاز مەھەللىسى» دەپ بىر مەھەللە بولىدىغان، ئاڭلىسام ھېلىقى مەھەللىدىكى ئەر - ئايال، ئۇششاق - چوڭ ھەممىسىلا قىپقىزىل تازمىش، شۇ يەرگە ماۋۇ بۇلاقنىڭ سېسىق سۈيىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



بىر ـ ئىككى تۈك ئاپىرىپ بېرىپ، شۇ خەقنىڭ بىر ساۋابىنى ئالىدىغان گەپكەن.

ــ ئىلىخودىن قايتىپ قالسىلا شۇنداق قىلالا.

كۆكتىكى ئاپپاق بۇلۇتلار كۆك ئاسمانغا زىننەت بېرىپ ئۇ يەر ـ بۇ يەردە توپلىنىپ تۇراتتى. خىيال بىلەن يولىڭىزنى داۋام قىلىپ بىر يەرلەرگە بارغاندا بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ قارىسىڭىز پاختا دۆۋىلىرىدەك كۆرۈنگەن ھېلىقى بۇلۇتلارنىڭ ئەمدى يېيىلىپ، كۆپكۆك ئوتلاقلاردا ئوتلاۋاتقان ئاپپاق قوي پادىلىرىغا ئوخشاپ قالغىنىنى كۆرىسىز...

يولۇچىلار ئۆيتېرەك قاتارلىق مەھەللىلەرنى ئارقىدا تاشلاپ ئارپىلىققا يېتىپ كەلدى. بۇ ئەتراپتا «چوڭ ئارپا»، «كىچىك ئارپا» دەيدىغان مەھەللىلەر ۋە تاغ باغرىدا كىچىكرەك بىر ئارشاڭمۇ بار ئىدى. ئادەتتە يولۇچىلار بۇ ئەتراپتا توختاپ يېزىلىقلاردىن يەم ـ خەشەك سېتىۋالاتتى ياكى ئۇلاغلىرىنى بىر ئاز دەم ئالدۇرۇپ، ئاش ـ تاماق ئېتىپ يەپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. كۈن ئۆرلەپ كەتكەن بولسىمۇ، قارلىق تاغلار يېقىنلاپ قالغاچقا ھاۋا بەكمۇ ئىسسىپ كېتەلمەيۋاتاتتى... بىزنىڭ يولۇچىلىرىمىز شۇ ئەتراپتا توختاپ تاماققا قازان ئاستى، ئۇلاغلىرىنى دەم ئالدۇردى.

ــ ئوسمان تاغا، بۇ يەرلەرنىڭ ئىسمىنى نېمە دېيىلا؟ ــ دەپ سورىدى ھۆسەن بايۋەچچە.

ــ ماۋۇ يېنىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان مەھەللىنى «چوڭ ئارپا» دەيدۇ، ئاۋۇ يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان مەھەللە «كىچىك ئارپا». سوراپ قالدىڭلىغۇ، بايۋەچچە؟ ــ دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ توغرا، ئاكام مانا مۇشۇ يەردە ئۆيلىنىپتىكەن.
ــ قايسى ئاكاڭلا؟
ــ مېنىڭ قانچە ئاكام بار ئىدى؟! دۇنيالىقتا شۇ بىرلا ئاكام بار. دادام خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىپ بىز بىلەن كارى بولمىغاندىن كېيىن ئاكام دادامغا قىيىداپ مۇشۇ ئىلى تەرەپكە كېتىپ قالغان. يانچۇقتا يول خىراجىتى بولمىغاندىن كېيىن بىچارە ئاكام يول بويى ئۇنىڭ ـ بۇنىڭغا ئىشلەپ مۇشۇ «چوڭ ئارپا» دېيدىمۇ، «كىچىك ئارپا» دېيدىمۇ ئەيتاۋۇر، بىرنېمە ئارپا دېگەن يەرگە كەلگەندە خەقنىڭ مېلىنى بېقىپ بىر ـ ئىككى ئاي تۇرۇپ قالغانىكەن. شۇ چاغدا مۇشۇ يول ئۈستىگە يەم ـ خەشەك ئاچىقىپ ساتىدىغان بىر ئادەم باركەن. ئۇنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان چىرايلىق بىر قىزى باركەن. ئاكام ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ كېتەلمەي قاپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى ئادەم ئاكامنى چاقىرىپ: «سەن مېنىڭ قىزىمنى كۆزلەپ ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرىسەن، گەپ قىلماي ئەپقاچساڭ تۇتۇۋالسام بوينۇڭنى يۇلۇۋېتىمەن، قىزىمنى ئالىمەن دېسەڭ بىرلا شەرتىم بار، ئېلىپ ئىلىخو تەرەپكە بىللە ئاچىقىپ كېتىسەن. شۇ تەرەپتە يېقىن تۇغقانلىرىم بار. مەن يېتىپ بولالمىدىم. قىزىم بولسىمۇ بېرىپ تۇغقانلارنى ئىزدەپ باقسۇن» دەپتۇ. بۇ گەپ ئىلىخو تەرەپكە چىقىپ كېتەلمەي تۇرغان ئاكامغا مايدەك يېقىپتۇ. «ۋاي بولىدۇ، سىلى دېگەندەك قىلاي» دەپتۇ. ھېلىقى ئادەم قىزىنى ئاكامغا نىكاھلاپ بېرىپ، مۇشۇ يەردىن ئۆزى ئىلىخوغا يولغا سېلىپ قويغانىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— ۋاھ، نېمىدېگەن ئوبدان گەپكەن! — دەپ تامىقىنى چەكتى قوۋان «ئەزمە».

— ئاكاڭغا خىزىر ئۇچراشقاندەكلا بىر ئىش بوپتۇ — دە! — دېدى سەمەت.

— شۇنداق خىزىر ماڭا بىر ئۇچرىمىدى، — دېدى قوۋان.

— ئۇچراپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتىڭ؟

— ئۇچراپ قالغان بولسا... ئۇچراپ قالغان بولسا...

— مانا مۇشۇنداق ئەمەسمۇ، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، — خىزىر ئۇچراپ قالسىمۇ دەيدىغان گېپىڭنى تاپالماي، ئەزمەڭنى ئېزىپ ئولتۇراردىڭ ھەقىچان.

— ئۇستاز، زادى مۇشۇ «خىزىر» دېگەن راست بارمۇ، يوق؟ — دەپ سورىدى سەمەت ئۆمەر مەدداھقا قاراپ.

— بار! — دېدى ئۆمەر مەدداھ، — خىزىر ئەلەيھىسسالام قىيامەت كۈنىگىچە ھاياتتۇر. خىزىرنىڭ ئۇچراپ قېلىشىدىن ھېچكىم گۇمانلانمىسا بولىدۇ... «خىزىر» دېگەننىڭ مەنىسى «يېشىل» دېمەكتۇر. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەدىمى قەيەرگە يەتسە شۇ يەر كۆكىرىپ يېشىللىقا ئايلىنىدۇ. ھەي ئوسمانئاخۇن، ماۋۇ ياش يىگىتلەر بىلمىگەن تەقدىردىمۇ سىلى بىلىپ قويسىلا، بۇ ئىلىخو دېگەن خىزىرنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئاجايىپ بىر زېمىن. شۇ تاپتا بىز ئۇلۇغلارنىڭ قەدىمى تەگكەن يوللار بىلەن خىزىرنىڭ نەزىرى چۈشكەن يەرلەرگە قاراپ كېتىۋاتىمىز. مانا مەن شۇ يېشىمغىچە تالاي يۇرتلارنى ئارىلىدىم. ئۇلۇغ مازارلارنى تاۋاپ قىلدىم. تۇرك بوشۇكى دەپ ئاتالغان بالاساغۇن، ئىسسىقكۆل ئەتراپلىرىدا ئاجايىپ يايلاقلار بولسىمۇ

ئىلىنىڭ يايلاقلىرىغا سىپلىشتۇرغاندا يەنە تارلىق
قىلىدۇ؛ خانتەڭرى چوققىلىرىنىڭ ئېتىكىدىكى يۇلتۇز،
قۇندۇز، كۈنەس، تېكەس يايلاقلىرىنى كۆرسە كىشىنىڭ
كۆزى يايراپ كېتىدۇ. شۇڭا، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى
ھۆكۈمەت پايتەختىنى ئىلىدىكى «ئالمالىق» قىلىپ
بېكىتكەن. سۇلتان ئۇۋەيسخانمۇ ئىلىدا «ئىلىبالىق»
ھاكىمىيىتىنى قۇرغان. بىر زامانلاردا ئاپپاق خوجىنى
يۆلەپ قەشقەرگە ئاپىرىپ خان قىلىپ تىكلىگەن قالماق
(جۇڭغار)نىڭ كاتتىلىرىمۇ شۇ ئىلىدا تۇرغان. ئىلى
دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ئۇلارنىڭ ئالتۇن ـ
كۈمۈش قۇببىلىك ئىبادەتخانىلىرى قەد كۆتۈرۈپ
تۇرغان. خاقانى چىنىنىڭ سانغۇنلىرىمۇ ئىلى دەرياسىنىڭ
بويىدىكى «كۈرە» دېگەن قەلئەدە تۇرۇپ تەڭرىتېغىنىڭ
جەنۇبى بىلەن شىمالىنى سورىغان...

## ئون ئالتىنچى باب

# قاغىلار

بارغانسېرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۆپىلىكلەر يىراقلىشىپ، ساي ئىچى كېڭەيگىلى تۇردى. تۆپىلىكلەرنىڭ ئارقىسىدا قارلىق تاغلار چوقچىيىپ تۇراتتى. نەلەردىدۇر تاغ تورغىيىنىڭ چۇرۇلداشلىرى ئاڭلىناتتى، قۇشلارنىڭ ئۆزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆمەر مەدداھ:

— ئوسمانئاخۇن، قارىغاندا سىلى خېلى پىشقان ئۇلاغچى كۆرۈنىلا، — دەپ ئوسمان ئۇلاغچىنى ماختاپ قالدى.

— قانداق دەيلا؟ — دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— شۇنچە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ كەلدۇق، ماللارنى باغلىغان بىرەر ئارغامچىلىرىنىڭ بوشاپ قالغىنىنى، بىرەر ئۇلاغنىڭ ئاقساپ قالغىنىنى كۆرمىدىم. ئۇلاغلارنى ئىتتىكمۇ ئەمەس، ئاستىمۇ ئەمەس بىر خىل ھەيدەيدىكەنلا. قىزىق گەپ - سۆزلەر بولسا ئاڭلاشنىمۇ قولدىن بەرمەيدىكەنلا... مەن بىر گەپنى سورايمەن، دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— نېمە گەپنى؟

— سىلىنىڭ قوغانىڭ دەرۋازىسىغا قارايدىغان

چېرىكلەر بىلەن ئازراق تونۇشلۇقلىرى بارمۇ قانداق؟

— تووۋا دېسىلە، مېنىڭ ئۇلار بىلەن نېمە تونۇشلۇقۇم بولسۇن.

— ئەمىسە بەزى ئۇلاغچىلار ئۇ يەردە ئىشىنى پۈتكۈزەلمەي جىلە بولۇپ تۇرۇشۇپتۇ. سىلى دەرۋازىۋەنلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ بىرنېمىلەرنى دەپ ئۇلارنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپلا قويۇۋىدىلا بىزنى ئەجەب تېز ئۆتكۈزۈۋەتتا؟

— پۇل، تەقسىر، ھەممىنى جايلايدىغان پۇل.

— پۇل بەردىلىما؟

— ئۇلارنىڭ قولىقىغا پىچىرلىماق بولۇپ يېقىن بارغاندىلا قولۇمدىكى پۇل چېرىكلەرنىڭ يانچۇقىغا شۇڭغۇپ بولغان.

— يا ئاللا، بىز ھېچنېمىنى تۇيماي قاپتۇق، نەنىڭ پۇلىنى بەردىلا، بۇ چىقىمنى ھەممىمىز تەڭ تارتساق بولاتتىغۇ؟

— پۇلنىڭ جىقراقىنى ھۇسەن بايۋەچچە بىلەن سەمەتئاخۇن چىقاردى، قوغاندا قىماردا ئۇتتۇۋالغان پۇللىرىدىن باركەن. ھارامنى ھارامغا خەجلەيلى دېيىشتۇق. دەرۋازىۋەنلەرمۇ ھېلىلا دەرۋازىنى تاقاپ، تاپقان پۇلىنى ئاپىرىپ قىمارغا سېلىپ بېرىدۇ.

— جايىدا ئىش بوپتۇ،— دېدى ئۆمەر مەدداھ،— چېرىكلەرمۇ تۆت ئوشۇق ئوينامدىكەن؟

— تۆت ئوشۇق ئوينايدىغانلىرىمۇ بار، تولىسى شىشخال بىلەن قەغەز ئوينايدۇ.

— قانداق قەغەزكەن ئۇ؟

— مەنمۇ كۆرمىگەن، كۆرگەنلەردىن ئاڭلىشىمچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كەڭلىكى ئىككىلىك كېلىدىغان ئۇزۇن پەي قەغەزمىش. بۇنداق قىمارنىڭ سورۇنى يەنە باشقىچە بولغۇدەك. بىرنەچچەيلەن ئېگىز شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ قەغەز ئوينايدىكەن. ئەتراپتا چاي توشۇيدىغان، هاراق سۇنىدىغان خېنىملار مېڭىپ يۈرگۇدەك...

بىردىنلا قاغىلارنىڭ چۇڭقۇلداشقان ئاۋازلىرى ئەتراپنى باستى. يولۇچىلار بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇ ئەتراپتىكى قاغىلارنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ هەيران بولدى. بىر ــ بىردىن يوغان قاغىلار يول ئۈستىدە ئالچاڭلاپ مېڭىپ نىمىلەرنىدۇر تېرىپ يېيىشەتتى. ئات ــ ئۇلاغ، ئادەملەر يېقىنلاشقاندا قاناتلىرىنى كېرىپ لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ يىراق بولمىغان بىر يەرگە چۈشۈپ يولۇچىلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتەتتى. بەزى قاغىلار خېلى يەرلەرگىچە يولۇچىلارغا هەمراھ بولۇپ يورغىلاپ مېڭىپ، يەنە ئارقىدا قالاتتى.

ــ تەقسىر، ــ دەپ ئۆمەر مەدداھقا قارىدى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ ئاڭلىسام بۇ قاغىلار ناهايىتىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەرمىشقۇ؟

ــ بىلگۈچى خۇدا! ــ دېدى ئۆمەر مەدداھ، ــ مېنىڭ ئاڭلىشىمچىمۇ بۇ قاپقارا ئۇچار جانىۋارلارنىڭ بەزىلىرى يۈز يىل، هەتتا مىڭ يىللاپ ئۆمۈر كۆرەرمىش. مانا مۇشۇ ئەتراپىمىزدىكى قاغىلار قايسى زامانلاردا تۇغۇلۇپ، قانداق پادىشاهلارنى كۆرگەن قاغىلار خۇدا ئۆزى بىلمىسە... قاراڭلار، ئۇلارنىڭ ئالدىرىماي سالماقلىق قەدەم تاشلاپ مېڭىشلىرىنى... هاي قۇۋان، قېنى سەن؟

ــ مانا، مانا، تەقسىر؟

ئارقىدا قالغان قوۋان «ئەزمە» ئۆمەر مەدداھنىڭ يېنىغا يورغىلاپ يېتىپ كەلدى.

— سەن «بىزنىڭ تەكتىمىز قاغىلىقتىن» دەيتتىڭغۇ؟

— يالغۇز مەنلا ئەمەس، مانا ماۋۇ سەمەتئاخۇنمۇ قاغىلىق تەرەپتىكى يۇرتلاردىن.

— ھە، شۇ قاغىلىق دېگەن ئەسلىي ئالامەت چوڭ جاڭگال بولۇپ، ئۇ يەردە ئىلگىرى قوچاق يەتمەيدىغان تېرەكلەر، ھەيۋەتلىك توغراقلار، قارىياغاچلار ئۆسەتتىكەن. يازچە ئېتىز، دالا، ھەر تەرەپتە دانلاپ يۈرگەن قاغىلار كۈزدە بۇ يەرگە يىغىلىپ، شۇ دەرەخلەرگە چاڭگا سېلىپ شۇ يەردە قىشلايدىكەن...

— ئاڭلىساق ئاپپاق خوجامنىڭ قاغا بىلەن خۇشى يوقكەنغۇ؟ — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— بۇ گەپنى سورىساڭلا گەپنى ناھايىتى يىراقتىن قىلمىساق چۈشىنىكسىز بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئۆمەر مەدداھ، — ئاپپاق خوجامنىڭ بوۋىسى مەختۇم ئەزەم دېگەن ئادەم بولۇپ، بۇ كىشى ئابدۇرېشىتخان زامانىسىدا قەشقەرگە كېلىپ سوپى - ئىشانلىقنى تارقاتقانىكەن. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، مەختۇم ئەزەمنىڭ خوجا مۇھەممەد ئىمىن، خوجا ئىسھاق ۋەلى دېگەن ئوغۇللىرى قەشقەر ۋە يەكەنلەرگە كېلىپ ئۆز ئالدىغا مەزھەپ ئۇيۇشتۇرۇپ، مۇرىت - مۇخلىس توپلاپ سوپى - ئىشانلىقنى يولغا قويۇپتۇ. بۇ ئىككى ئوغۇل ئاتا بىر، ئانا باشقا تۇغقانلاردىن بولغاچقا بىر - بىرىگە بۆشۈكىدىلا دۈشمەنىكەن. قەشقەردە تۇرغان خوجا مۇھەممەد ئىمىنگە قول بەرگەن مۇرىتلار باشلىرىغا ئاق دوپپا كىيىشىدىكەن. كىشىلەر ئۇلارنى «ئاق

تەقسىيەلىكلەر» دېيىشىدىكەن؛ خوجا ئىسھاق ۋەلى قاغىلىقتا تۇرىدىكەن، بۇ كىشىگە قول بەرگەن مۇرىتلار بېشىغا قارا دوپپا كىيگەچكە كىشىلەر ئۇلارنى «قارا تەقسىيەلىكلەر» دەيدىكەن. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئادەملىرى بىر ـ بىرىگە ئوت بىلەن سۇدەك قارشى ئىكەن، بىر ـ بىرىگە قىز بېرىشمەيدىكەن. ئاق تەقسىيەلىكلەر قوغۇننى ساپىقى تەرىپىدىن يېسە، قارا تەقسىيەلىكلەر قوغۇننى بۇرنى تەرىپىدىن كېسىپ يەيدىكەن؛ بىرى يوتقانغا باش تەرەپتىن كىرسە، يەنە بىرى ئاياغ تەرىپىدىنلا شۇڭغۇيدىكەن؛ بىرى خانىقانىڭ ئۇمىچىنى تاۋاقنىڭ چەت ـ چۆرىسىدىكى سوۋۇغان يېرىدىن باشلاپ ئىچسە، يەنە بىرى قاق ئوتتۇرىدىنلا قوشۇق سالىدىكەن؛ بىرى ناننى ئوشتۇپ يېسە، يەنە بىرى پۈتۈنلا چىشلەيدىكەن؛ بىرى مەزلۇم كىشىلەرنى ئۇلاغنىڭ كەينىگە ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭسا، يەنە بىرى ئالدىغىلا مىندۈرىدىكەن. قارا تەقسىيەلىكلەرنىڭ سىغىزخان بىلەن خۇشى يوق ئىكەن، ئاق تەقسىيەلىكلەر قاغىغا شۇنچە ئۆچ ئىكەن. ئاپپاق خوجام ئاق تەقسىيەلىكلەرنىڭ پىرى خوجا مۇھەممەد ئىمىن ئىشاننىڭ نەۋرىسى بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە قاغىغا ئۆچ بولىدۇ ـ دە!

ــ مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ شۇ زامانلاردا قاغىلىقتا بىر كاتتا بەگ ئۆتكەنىكەن. قاغىلىقتا ئالامەت چوڭ بىر بېغى بار ئىكەن. بىر قېتىم ئۇ ئاپپاق خوجامنى مېھمانغا چاقىرىپ بېغىغا داستىخان ھازىرلاپتۇ. كەچكە يېقىن ھەزرىتى ئاپپاق خوجام زىياپەت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۇرىتلىرى بىلەن تازا قىزىق سۆھبەت قىلىۋاتقاندا، قاغىلىقنىڭ قاغىلىرى ھېلىقى

باغقا يوپۇرۇلۇپ كىلىپ «قاق ـ قاق» دېيىشىپ، ئاپپاق خوجامنىڭ بېشى ئۈستىدە پىرقىراپ چۆگىلىدىشىپ شۇنداق بىر چۇقان كۆتۈرۈشۈپتىكى، سۆھبەت سۆھبەت، زىيابەت زىيابەت بولماي قاپتۇدەك. شۇ چاغدا ئاپپاق خوجام قاغىلارنى قارغاپ مۇشۇ مۇز داۋاننىڭ يوللىرىغا بەند قىلىۋېتىپتىكەن.

ـــ ئاپپاق خوجامنىڭ قارغىشىغا قاغىلار ئۇ يەردىن تېزىپ كەتمەس ئىدى، ـــ دېدى ئۆمەر مەدداھ، ـــ ئەڭ يامىنى ماۋۇ قۇۋۋاننىڭ ھېلىقى ياغاچ ئۆرۈيدىغان ئۆرۈق ـ ئەۋلادىغا ئوخشايدىغان ئادەملەر قاغىلىقتىكى دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىۋېرىپ قاغىلار چاڭگا تىزغۇدەكمۇ يەر تاپالماي بۇ يەرلەرگە كېلىپ قالغان گەپ... مانا ئىلىخو تەرەپتە قاغىلار ماكان تۇتقان شۇنداق بىر ئاجايىپ جاي بار. ئوسمانئاخۇن، ئۇلاغچى دېگەننىڭ بارمايدىغان يېرى يوق. سىلى بەلكىم ئۇ يەرنى بىلىدىغانلا؟

ـــ بىلمەيدىكەنمەن.

ـــ ئىلىنىڭ ئادەملىرى ئۇ يەرنى «قاغىلىق توقاي» دەيدۇ.

ـــ «قاغىلىق توقاي» دېگەن گەپنىمۇ ئاڭلىماپتىكەنمەن.

ـــ خۇدا بۇيرۇسا، سالامەت بولساق يەنە بىرنەچچە كۈنلەردىن كېيىن كۆزىمىز بىلەن كۆرىمىز، ـــ دېدى ئۆمەر مەدداھ، ـــ سىلى ئوبدان بىلىلا، ئىلىخونىڭ تاغلىرىدىكى دەل ـ دەرەخلىرىنىزە ئۇنداق كەسكەنگە تۇگەپ قالمايدۇ. ئىلىخونىڭ زېمىنى كەڭرى، ئۆرۈگەن ياغاچلارنى ئۇنداق ئات ھارۋىلىرىغا سۆرىتىپمۇ توشۇپ بولغىلى بولمايدۇ. مەن شۇنداق بايقىسام ئۇ يەردە ئاجايىپ يۈرىكى بار ئادەملەر باركەن، ھەر يوغان قارىغاي

ياغاچلىرىنى تاغدىن دومىلىتىپ چۈشۈرۈپ، تۇمشۇقىنى تېشىپ، تالنى ئارغامچا قىلىپ ئېشىپ، ھېلىقى ياغاچلارنى تۇمشۇقىدىن بىر - بىرىگە باغلاپ سال ياسايدىكەن. ئۈستىدە ئۆزلىرى بەخۇدۇك ئولتۇرۇپ، دەريا ئېقىنىدا لەپەڭشىتىپ ھەيدەپ، دېگەن يېرىگە ئاپىرىدىكەن. ئاشۇ سالچىلارنىڭمۇ سۇرۇشتۇرۇپ كەلسىلە تولىسى مۇشۇ ئالتە شەھەردىن داۋان ئاتلاپ بارغان ئادەملەر جۇما.

— شۇنداق، — دەپ تەستىق قىلدى ئوسمان ئۇلاغچى، — تولىسى ئالتە شەھەرنىڭ ئادەملىرى.

— مەن ئۆزۈمغۇ كۆرمىگەن. كۆرگەنلەردىن ئاڭلىشىمچە، ئىلىخونىڭ توققۇزتارا دېگەن يېرىدە ھەرقانداق مەنمەن دېگەن سالچىنىڭ جېنىنى سىرقىرىتىدىغان «قاپچىغاي» دېگەن بىر يەر باركەن. قاپچىغاينىڭ ئىككى تەرىپى تىك خادا تاش، ئوتتۇرىسى تار بىر جىلغىكەن. دەريا سۈيى شۇ تار قىساڭغا كەلگەندە يىغىلىپ، شىددەت بىلەن تۆۋەنگە قاراپ ئاقىدىكەن. ئەگەر سالچى ھوشيار بولمىسا سالنىڭ ياغاچلىرى تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ نەچچە پارە بولۇپ، سالچىنىڭ جېنىمۇ ئامان قالمايدىكەن. ئەنە شۇ قاپچىغاي دېگەن يەرنىڭ يۇقىرىسىدا، دەريا بويىدا بىر چىرايلىق ئورمان بار دەيدۇ. «قاغىلىق توقاي» دېگىنىمىز شۇ ئىكەن. بۇ يەردە قوچاق يەتمەيدىغان تاغ تېرەكلىرى، ئالما، ئۆرۈك دېگەندەك خىلمۇخىل ياۋا مېۋىلەر، جىغان، تال، زىرىقلار بىر - بىرىگە چىرمىشىپ ناھايىتى قويۇق ئۆسىدىكەن. بۇ قويۇق ئورماننىڭ ئىچىگە ھەر خىل قۇشلار ئۇۋا سالغانىكەن. بولۇپمۇ بۇ باغ قاغىلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن

مەشھۇر ئىكەن. ئامانچىلىق بولسا ئىلىخوغا بارغاندا بۇ يەرنى بىر ئىزدەپ تېپىپ كۆرگۈم بار. ئېيىتىشلارغا قارىغاندا، قاغىلارنىڭ پادىشاھى مانا مۇشۇ توقايلىقتا تۇرارمىش، ھەر يىلى ھەر تەرەپتىن مىڭلاپ قاغىلار ئۇ يەرگە ئۇچۇپ بېرىپ پادىشاھىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىدىكەن...

— پاھ! — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە، — خۇددى بىزنىڭ سوپىلىرىمىز ئاپپاق خوجامنى تاۋاپ قىلغاندەكلا ئىش ئىكەن — دە.

— ھە، قاغىلارنىڭ ھەزرەت سەيلىسى شۇ يەردىكەن.

قاغىلار خۇددى يولۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى ھەققىدە پاراڭ قىلىشىۋاتقىنىنى بىلگەندەك، شۇ پاراڭلارنى ئاڭلىماقچى بولۇۋاتقاندەك ئۇنىسىز قانات قېقىپ ئادەملەرنىڭ ئەتراپىنى ئەگىپ يۈرۈشەتتى. بەزىلىرى يول ئۇستىگە قونۇپ، ناھايىتى سۆلەت بىلەن ئۇياق — بۇياققا مېڭىپ «قاق — قاق!» دەپ سايراپ قويۇشاتتى.

— مانا شۇ قاغىلارنىڭ تىلىنى بىلگەن بولسا — ھە كىشى! — دېدى سەمەت، — بۇ قاغىلار بۇ يوللاردا بولغان نۇرغۇن قىزىق ئىشلارنى بىلەتتىغۇ دەيمەن؟

— قۇشلارنىڭ تىلىنى، — دېدى ئۆمەر مەدداھ، — جىمى ئۇچار قانات، ئىنس — جىن، بارلىق ھايۋانلارنىڭ پادىشاھى، ئاللانىڭ كاتتا پەيغەمبىرى، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام بىلەتتى.

— ۋاھ، ھەزرىتى سۇلايمان ئەلەيھىسسالامدەك قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلگەن بولساق قالتىس بولاتتىكەندە! — دېدى قوۋان.

— ئۇ چاغدا سەن بۇ قاغىلارنىڭ مۇز داۋاننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چوققىلىرىدىن قانچىلىغان لەشكەر، كىملەرنىڭ قوشۇنلىرى ئۆتكەنلىكى، بۇ يولدىكى تاشلارنىڭ قانداق كارۋانلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا ئۇچقۇن چىقارغانلىقى، يەنە قانچە مۇساپىر ـ بىچارىلەرنىڭ بۇ يەردە قانداق مۇشكۈلچىلىكلەرنى تارتقانلىقى ھەققىدىكى قىزىق ھېكايىلەرنى ئاڭلىغان بولاتتىڭ... قاراڭلار، ئاشۇ قاغىلارنىڭ ئىچىدە مىڭ ياشقا كىرگەن تەقۋادار قاغىلار بارمىش. ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى بۇ يەردە ئاق قار، كۆك مۇز، بۈيۈك چوققىلارغا قاراپ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەرمىش. لېكىنزە، قۇۋان، بۇ قاغىلارنىڭ تىلىنى بىلگىنىمىز بىلەنمۇ بۇ قاغىلار ئۇشۇقچە گەپ قىلىدىغاندەك ئەمەس. قارا، ئۇلارنىڭ سالماق قەدەم ئېلىپ ئېغىر ـ بېسىق مېڭىشلىرىنى... ئادەم دېگەن شۇنداق، كىچىككىنىلا بىرنېمىنى بىلىپ قالدۇقمۇ ئۇنى باشقىلارغا دەۋەتمىگۈچە ئارام تاپمايمىز. مانا مېنى ئالساڭ، يېشىم ئەللىكتىن ئېشىپتۇ. ساقالنى مەيدىگىچە قويۇۋېلىپ ئەتراپىمغا ئادەم يىغىپ، دۇنيادا مەن بىلمەيدىغان ئىش يوقتەك ۋاتىلدىغىنىم ۋاتىلدىغان...

ــ تەقسىر، مۇشۇ مەدداھلارنىڭ پىرى كىم؟ ــ دەپ سوراپ قالدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ مەدداھلارنىڭ پىرى كىم دەمال؟ ــ دەپ ئويلىنىپ قالدى ئۆمەر مەدداھ، ــ مەدداھلارنىڭ پىرىنىڭ كىملىكىنى مەنمۇ بىلمەيدىكەنمەن. بەزىدە بۇ سوئال مېنىڭمۇ خىيالىمغا كىرىۋېلىپ ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ... مەن سىلىگە ئېيتسام، شەيتاننىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئىسمى ئىبلىس ئىدى. پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا ئاسماندا ياقۇتتىن

مۇنبەر ياساپ بەرگەن. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ پەرىشتىلەرگە ئاغزى بېسىلماي ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. بەزىدە: «ھوي ئاشۇ ھارامزادە مەدداھلارنىڭ پىرى بولۇپ يۈرمىسۇن» دەپ ئويلاپ قالىمەن.

ـــ دوســ... ت! ـــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى قۇۋان «ئەزمە». يول ئۈستىدىكى قاغىلار بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ لەپپىدە قوزغىلىپ ئۇچۇپ كېتىشتى.

ـــ نېمە بولدۇڭ؟ ـــ دەپ قۇۋانغا قارىدى ئۆمەر مەدداھ، ـــ ئۆمەر مەدداھنىڭ پىرى شەيتانكەن، دەپ خۇشال بولۇپ كېتىۋاتامسەن قانداق؟

قۇۋان ئۈنچىقماي، خىجىل بولغاندەك بولۇپ يەرگە قارىدى.

دەريا ساھىلى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى. مۇزات دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە قورام تاش، ياۋا ئوت ـ چۆپ، پاكار ـ پاكار ئۆسكەن جىغانلار بىلەن قاپلانغان ئوچۇقچىلىق تاشلىنىپ ياتاتتى. بەزىدە ئىككى ياندىن كېلىپ مۇزات دەرياسىغا قوشۇلىدىغان كىچىك ئېقىنلار ئۇچرايتتى. سول تەرەپتىكى ئېگىز يارلىقلارنىڭ ئۈستىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتمىلار يىراقتىن قارىغان كىشىگە خۇددى كۆمۈش لېنتىدەك كۆرۈنەتتى...

ھۆسەن بايۋەچچە قوغاندىن چىقىپلا ئۆزىنىڭ ناھايىتىمۇ ناچار بىر ئىشەكنى سېتىۋالغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئىشەكنىڭ قاشاڭلىقىدىن تولا «خىت» دەپ ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ بىر قات تېرىسى سويۇلۇپ كېتەي دېدى. شۇ تاپتا ئۇ ئالدىدىكى ئۆمەر مەدداھنىڭ قىزىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ كېتىۋاتقانلارغا يېتىشىۋالالماي ھەلەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— كۆردىلىما، — دېدى ئۇ سەمەتكە يېتىشىپ كېلىپ، — ئېشەك ئەمەس، ئاپلا، ئاغزىمغا بىر گەپ كېلىۋىدى، شۇنداق بىرنېمىنى ئاپتۇق!

— ۋاي، بايۋەچچە، ئۆزۈڭلا مىنىپ بازاردا ئۇياق - بۇياققا قاترىتىپ، بولىدىكەن دېمىگەنمىدىڭلا؟

— ئۇ چاغدىغۇ خېلى ئىتتىك مېڭىۋاتاتتى... سىلى بىلەن بىز بىلمەيمىز، مال بازىرىدىكى بۇ كاززاپلارنىڭ ھىيلىسى تولا. ئۇلارنىڭ كىشى بىلمەيدىغان بىر يېرىنى يېغىر قىلىپ قويۇپ، تايىقنى شۇ يەرگىلا سانجىيدۇ، ھەرقانداق قاشاڭ ئېشەكمۇ جان ئاچچىقىدا مېڭىپ كېتىدۇ.

— بولدى، پىيادە مېڭىڭلار، بايۋەچچە! — دېدى سەمەت، — قاراڭلار، ئەنە ئاۋۇ ئەللىكتىن ئاشقان ئادەم پۇتۇن يولنى پىيادە مېڭىپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئەمدى دەيمىنا، ماۋۇ ئېشەكنى مىنمەن دېمىسەك نېمىگە ئالدۇق؟

— ئۈستىگە يۈك - تاقنى ئارتىپ قويساقمۇ ھېساب!

— سىلى بەرگەن ئاتزە ئەجەب بىر ئايىغى ئىتتىك جانىۋارتىدە! بىر ياماننى كۆرمىگۈچە ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلمەس دېگەن راست گەپكەن...

ھۆسەن بايۋەچچە شۇنداق دادلاپ ئېشەكتىن چۈشۈپ، ئۆمەر مەدداھنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى.

— ئەتىگەننىڭكى ئىشۇ قاغا توغرىسىدا ئەجەب تولا گەپ قىلىپ كەتتىڭلا. مەن ئاۋۇ قاشاڭ ئېشەك بىلەن ھەپىلىشىپ قىلغان گەپلىرىڭلىنى تۈزەكمۇ ئاڭلىيالمىدىم... بۇ قاغا دېگەننى بىز تەرەپتە ھېچكىم كۆزگىمۇ ئىلىپ قويمايدىغۇ...

— بايۋەچچە، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى

سەمەت، — بۇ قاغىلار سىلەر تەرەپتىكى ئۇنداق ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ يېغىر چوقۇيدىغان، دېھقانىنىڭ هارۋىسىغا قونۇپ تاغىرىنى تېشىۋېتىدىغان، هويلىدىكى يالاندىلارنى ئەپقاچىدىغان قاغىلارغا ئوخشىمايدىكەن.

— بۇ قانداق قاغىلاركەن؟

— ئادەتتىكى قاغىلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشكە شەرتىمۇ توشمايدىكەن. قاغىلارنىڭ مەرتىۋىسى چوڭ، ئۆلىمالىقتا يېتىشكەنلىرى مۇشۇ مۇز داۋاننىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئاللاغا ئىبادەت قىلىدىكەن. ئەنە ئۆمەر ئۇستازدىن سوراڭلا.

— شۇنداق! — دېدى ئۆمەر مەدداھ، — بۇ قاغا دېگەن شۇنداق ئەقىللىك نېمىكەن، مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ياخشى - يامىنىنى بىر قاراپلا بىلەرمىش، بەزى غېرىب - بىچارە، ياخشى ئادەملەر يولدىن ئېزىپ قالسا ئۇلاغلارنىڭ يول ئۈستىدىكى قار بېسىۋالغان تېزەكلىرىنى چوقۇپ ئېچىپ، ئۇلارغا يولنىڭ قاياقتىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ چاڭىلداپ سايراپ، ئالدىغا چۈشۈپ ئۇچۇپ يول باشلاپ ماڭىدىكەن؛ بەزى يامان نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ماڭغان ئادەملەرنى ئۇلاغلارنىڭ تېزەكلىرىنى چوقۇپ ئەكېلىپ بارسا - كەلمەس يول تەرەپكە قارىتىپ قاتار تىزىپ قويۇپ شۇ يولغا باشلاپ قويىدىكەن.

— «بارسا كەلمەس يول» دېگەن قانداق يول ئۇ؟

— ئۇ يول داۋاننىڭ ئۈستىدە، «خادا مۇز» دېگەن يەرنىڭ ئەتراپىدا. ئۇ يولغا قەدەملا بېسىپ قالساڭ بارىسەنۇ، قايتىپ كېلىشىڭ يوق گەپ! — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— يا ئاللا! — دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى بىرنەچچەيلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تارقىتىش ئادرىسى



— بۇ مۇز داۋان دېگەن ئەزەلدىن تەكشى يەر ئەمەسكەن.

— ئىلىخو دېگەننى كۆرمەكمۇ ناھايىتى مۈشكۈل گەپكەن، — دېدى ھۈسەن بايۋەچچە، — ئوسمانكا، سىلى مۇز داۋاندىن قانچە قېتىم ئۆتكەن؟

— مانا مەن ئۇ يەردىن ئۈچىنچى قېتىم ئۆتمەك بولۇپ كېتىۋاتىمەن. خۇدا ئوڭۇشلۇق بەرسە ئوتنىڭ ئىچىدىمۇ پاختىنى ساقلىغىلى بولىدۇ. جاننى خۇداغا تاپشۇرۇپ كېتىپ بارىمىز، — دېدى ئۇلاغچى.

ئۆمەر مەدداھ ئوسمان ئۇلاغچىغا مەنىلىك قاراپ قويدى — دە:

— سىلىنىڭ مۇز داۋاندىن ئۈچىنچى قېتىم ئۆتمەكچى بولۇپ كېتىۋاتقانلىرىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. سىلى مۇشۇ ئۇلاغچىلىق بىلەن جان باقىدىغان ئادەم. ئەمما، ئادەتتىكى ئادەم ئۇ يەردىن ئۈچ قېتىم ئۆتسە زادى بولمايدۇ، — دېدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دېدى سەمەت ھەيران بولۇپ.

— بىر زامانلاردا مەن تۈرپاندىكى ئۇلۇغلار ياتقان مازارلارنى زىيارەت قىلماق بولۇپ ئايغىربۇلاق دېگەن داۋاندىن ئۆتكەنىدىم. ئۇ يەرنىڭ يوللىرىمۇ ناھايىتى خەتەرلىك، داۋانغا چىققاندا تاشقا ئويۇپ يېزىلغان بىر خەتكە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. قايسى زامانلاردا، كىملەر تەرىپىدىن يېزىلغان خەتكىن، بىلمىدىم. ھەرپلىرى ئۆچۈپ ئارانلا پەرق ئەتكۈدەك ھالغا كېلىپ قاپتۇ. تاشقا: «بۇ يولدىن بىر نۆۋەت ئۆتكەنلەر ئۆزىنىڭ نادانلىقى ۋە بىلمەسلىكىدىن ئۆتۈپ قالىدۇ؛ ئىككىنچى مەرتىۋە ئۆتكەنلەر ئۇلۇغلار مازارلىرىنى زىيارەت قىلماقنى ئويلاپ

ياكى بىر تىجارەت، ئەھلى ئايال زۆرۈرىيىتىدىن ئۆتىدۇ؛ ئۈچىنچى مەرتىۋە ئۆتكەنلەر بولسا ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق» دەپ يېزىلىپتۇ. ئوسمانئاخۇن، سىلى دەپ باقسىلا، مۇز داۋاننىڭ داۋانلىرى ئالدىدا ئايغىربۇلاقنىڭ داۋانلىرى دېگەن نېمە؟!... مۇز داۋاننى بىر ئاتلاپ ئىلغا چۈشۈپ كەتكەن مۇساپىر ئاشۇ داۋاننىڭ خەتىرىدىن ھەزەر ئەيلەپلا ئارقىسىغا يېنىپ كېتەلمەي، بېشىغا ھەرقانچە ئېغىر كۈن كەلسىمۇ چىداپ شۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالىدۇ. مۇنداقلار تولا، بارغاندا كۆرىسىلەر.

— يا رەببىم!— دېدى ھۇسەن بايۋەچچە،— ئىلغا چىقىپ كەتكەن شۇ ئاكامنى ئىزدەپ قەشقەردىن بىكاردىن - بىكارغىلا قېيداپ چىقىپ كەتتىم - دە!

— ئەخمەق،— دېدى ئۆمەر مەدداھ كۈلۈپ،— ئۆز يۇرتىغىمۇ قېيىدىغۇلۇقمۇ؟!... مانا مەن ئۆمرۈمدە شۇ قەشقەرنىڭ ئادەملىرىدىن قانچە رەت رەنجىگەندىمەن، ھەر قېتىم «خەپ! مۇشۇ يەرگە ئىككىنچى دەسسىمەسمەن!» دەيمەن، ئايلىنىپ يەنە بېرىپ قالىمەن، ئاھ، ئاجايىپ قەشقەر!

— دوست،— دەپ ۋارقىرىۋەتتى قۇۋان «ئەزمە».

— راست ئېيتتىلا،— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،— مۇز داۋاننىڭ داۋانلىرى ئالدىدا ئايغىربۇلاقنىڭ داۋانلىرى بىر دۆڭچىلىكلا بار...

— شۇنداق،— دېدى ئۆمەر مەدداھ،— تەڭرىتاغ، قارا قۇرۇم، پامىر تاغلىرىنىڭ ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان چىغىر يوللاردا قانچە قېتىم ئاياغلىرىمنىڭ چەمى تېشىلدى، ئۆلۈم ۋەھىمىسى قانچە رەت يېنىمدىن يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. قاراشەھەر دەرياسى بىلەن چوڭ يۇلتۇز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەرياسى ۋادىسىنى ياقىلاپ مېڭىپ كۈنەس ئارقىلىق ئىلىغا چۈشىدىغان يول، قەشقەردىن چىقىپ تېرەك تاغ ۋە تورغات تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتۈپ نارىن قورغىنىغا چۈشىدىغان يول، ئاقسۇدىن چىقىپ بەدەل تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ قىرغىزلار يۇرتىغا بارىدىغان يوللار، ئۈچتۇرپاندىن چىقىپ تېرەك داۋان ئارقىلىق قەشقەر تەرەپكە ئۆتىدىغان داۋانلار... بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇز داۋاننىڭ ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس...

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە،— دەپ گەپ قىستۇردى ئوسمان ئۇلاغچى،— مۇز داۋاننىڭ يەنە «مۇزات غوجام» دەيدىغان غايىبانە بىر غوجىسىمۇ باردەك. مۇزات غوجام مەدەت قىلسىلا ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كەتكىلى بولغۇدەك، شۇڭا مۇز داۋاندىن ئۆتكۈچە «ۋاي مۇزات غوجام، ۋاي مۇزات غوجام!» دەپ مۇزات غوجامدىن مەدەت تىلەپ ماڭغۇلۇق.

— ھەزرەت سەيلىسىدە شەيخلەر «ۋاي ھەزرەت غوجام، ۋاي ھەزرەت غوجام!» دەپ ۋارقىرايدىغان، ئەمدى بۇ يەردە «مۇزات غوجام!» دەپ ۋارقىرايمىز كەندە؟!— دېدى قوۋۋان «ئەزمە».

— مەدەتنى ئالالانىڭ ئۆزىدىن تىلەڭلار،— دېدى ئۆمەر مەدداھ.

— ئىشلىرىمىزنى خۇدايىم ئۆزى ئاسان قىلار،— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،— ھازىر ھەممە ئادەم «مۇز داۋاننى بۇرۇنقىغا قارىغاندا جىق ياۋاشلاپ كەتتى» دېيىشىدۇ... ئەمما، ئۆز زامانىسىدىكى جىن - شاياتۇنلاردىن قالغان بىر غەلىتە تۇمان بار، بۇ تۇمان باسقاندا ھەممە ئادەمنى ئۈگدەك تۇتىدۇ، ھوشيار

تۇرمىسا، ئۇخلاپ قالسىلا توڭلاپ جېنى چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئادەملەرنى ئۇگدەك باسقىلى تۇرغاندا مانا ئاشۇ قاغىلار «قاق ــ قاق!» دەپ چاقىلدىشىپ ئويغىتىپ قويىدۇ. شۇنداق چاغدا كۆزنى ئېچىپلا قاقتىن بىر ــ ئىككى تالنى ئاغزىغا سېلىش لازىم.

ــ نېمىشقا؟

ــ شەرتى شۇ... گۆلە ــ قاقنى ئېغىزىغا سېلىپ شوراپ ماڭسا ئادەم ئۇخلاپ قالمايدۇ.

ــ ئۇنداق بولسا گۆلە ــ قاقتىن خېلى ئېلىۋالغانلا، ئوسمانئاخۇن؟ ــ دېدى ئۆمەر مەدداھ.

ــ ئېلىۋالدىم، ئىككى خالتىچە بار، داۋانغا بارغاندا ھەرقايسىلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىمەن.

※ ※ ※

مۇزات دەرياسىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى يولۇچىلارغا يول بويى ھەمراھ بولۇپ كېلەتتى؛ تاشلىق يول مۇزات چوققىسىغا بارغانسېرى يېقىنلىماقتا ئىدى. بەزىدە دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى تۇزلەڭلىكلەردە ئوتلاپ يۈرگەن كالا ــ قوي پادىلىرى غىل ــ پال كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئاربلاپ مالچىلارنىڭ تۇرخۇنلىرىدىن كۆپكۆك ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئۆيلىرى ئۇچراپ قالاتتى. ئەتراپتىكى بۇ كىچىك مەھەللىلەرنى نېمە دەيدۇ؟ ئېگىز تاغ، تاغ باغرىدىكى بۇلاقلارنىڭ ئىسمى نېمە؟ بۇنى ھېچكىم سورىغۇدەك بولمىدى. يولۇچىلار ھازىر مەھەللىلەردىن يىراقلاپ تاغ ئىچىگە سۈرۈلمەكتە ئىدى. ئەتراپقا كەچكى گۇگۇم قانات يېيىشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۈشكۈن قىلغۇدەك بىر ەر دالدا يەر ئۆچۈرمىدى. كارۋان مۈشۈ ئۇچۇق دالادىلا تۈنەشكە قارار قىلىشقان ئىدى. ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدىكى ئۇچىلىقلارنى ئېلىپ ئاستىغا سېلىشتى. ئۈستىگە چاپان ـ چارىلىرىنى يېپىشتى. ئۇلاغلارنىڭ پۇتلىرىنى چۈشەپ قويۇۋېتىشتى. تاغ تەرەپتىن ئۇرغان سوغۇق شامال كىشىنى شۈركۈندۈرەتتى. ھارغان يولۇچىلار تۈگۈلۈپ ئۇيقۇغا كېتىشتى.

قۇۋان «ئەزمە» سەھەرگە يېقىن قالايمىقان چۈش كۆرگىلى تۇردى: چۈشىدە بىر قاغا ئۇنىڭ بېشىدا تىككىدە قاراپ تۇراتتى. قۇۋانغىمۇ ھېلىقى قاغىنىڭ چىرايى تونۇشلا كۆرۈندى، ئەمما ئۇنى نەدە كۆرگەنلىكىنى زادى ئېسىگە ئالالمىدى. «ئېھتىمال ئۇمەر مەدداھنىڭ دېگىنى توغرىدۇر، ــ دەپ ئويلىدى قۇۋان، ــ بۇ قاغىنى بەلكىم قاغىلىقتىمۇ ياكى باشقا بىر يەردە كۆرگەندىمەن ياكى بۇ دادام دەرەخ كېسىمەن، دەپ چاڭگىسىنى بۇزۇۋەتكەن قاغىلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ قاغا ماڭا نېمانچە تىكىلىپ قارايدىكىنا؟...» ئۇ قاغىنىڭ ئىسمى «نىياز مەمەت» ئىمىش. ھېلىقى قاغا قۇۋان «ئەزمە» بىلەن پاراڭلاشقىلى تۇردى. «پالانچى باي، پوكۇنچى باي دەيسىلەر، ئەممازە مۇشۇ دېھقاندىن باي ئادەم يوق، ــ دەۋاتقۇدەك ھېلىقى قاغا، ــ تاپقىنىنى خۇدا ئۆزۈڭ بېرەرسەن، دەپ ئېتىزغىلا چېچىۋېتىدۇ. بىز يېگىنىمىزنى يەيمىز، قالغىنى ئۈنۈپ چىقىدۇ... بايلىرىڭنىڭ نېمىسى بار؟ تاپقان ـ تەرگىنىنى ئامبارغا تىقىپ قولۇپلىۋېتىدۇ، يا ئۆزى يېمەيدۇ، يا بىزگە بەرمەيدۇ...» ھېلىقى قاغىنىڭ يېنىغا باشقا قاغىلار

بىر - بىرلەپ ئۇچۇپ كېلىپ شۇنداق كۆپىيىپ كېتىپتۇكى، قاغىلار ئۇچقاندا كۈن نۇرى توسۇلۇپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كېتىپتۇدەك، ھېلىقى نىياز مەمەت دېگەن قاغا قۇۋاننىڭ بېشىغا قونۇپ، ھە دەپ ئۇنىڭ كۆزىنى چوقۇماقچى بولۇۋېتىپتۇدەك...

قۇۋان چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. تاڭ سوزۇلۇپ قالغانىدى. قالغانلار تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. مۇزاتنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا قاراپ سوزۇلغان يول ئۇلارنىڭ يېنىدىلا ئىدى. بۇ يوللارنىڭ تىلى بولسا تارىختىن بېرى بۇ تاشلىق سايدىن قانچىلىغان كارۋانلار، تالاي لەشكەرلەر، ئاجايىپ قارام يىگىتلەر، جاھانكەزدى سەيياھلار، قانچىلىغان مۇساپىر - بىچارىلەرنىڭ ئۆتكەنلىكىنى ھېكايە قىلغان بولاتتى. لېكىن، بۇ ئاجايىپ تىنچ سەھەردە يولمۇ، تاغلارمۇ، ھەممە نېمە سۈكۈتتە ئىدى. پەقەت دەريانىڭ بوغۇق شارقىرىشى بۇ سۈكۈتكە جور ئىدى. مۇشۇ سۈكۈتنىڭ ئۆزىدە ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ بىر سىرى، ئۇلۇغۋارلىقى يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى.

باشقىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. دەريانىڭ لېۋىگە بېرىپ مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇيۇشتى. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن يولغا چىقىش ئالدىدا سەمەت ئۆزىنىڭ ھەۋەسىدىن ئېتىغا تېگىشىۋالغان قېچىرىنى يېتىلەپ ئۆمەر مەدداھنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— يول بارغانسېرى تىكلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى سەمەت، — ئۇستاز، ماۋۇ قېچىرغا سىلى مىنىۋالسىلا.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دېدى ئۆمەر مەدداھ ھەيران بولۇپ، — ماڭا ئاۋۇ قوتۇر ئېشىكىم يېتىپ ئاشىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقاتقۇچىسى



— ئالدىمىزدا ئۆتىدىغان سۇ كۆپ، يول خەتەر، دېگەن گەپلەر بولغىلى تۇردى. سىلى ئۇ قوتۇر ئىشەككە مىنىپ، مەن بۇ قېچىرغا مىنىپ ماڭسام قانداق بولىدۇ؟

— ماقۇل دېسىلە، تەقسىر، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى ئوسمان ئۇلاغچى، — سەمەتئاخۇن توغرا ئېيتىدۇ... خېلى كۈنلەردىن بېرى بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ مېڭىپ ئاغا - ئىنىلەردەك بولۇپ قالدۇق. سېنىڭ - مېنىڭ دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. قېچىرغا سىلى مىنسىلە، سەمەتئاخۇن ئىككىمىز ئۇلاغلارنى ئارقىدىن ھەيدەپ ماڭمىساق بولمايدۇ، ماۋۇ سەمەتئاخۇننىڭ بەخت - تەلىيىگە ئوبدانراق بىر دۇئا قىلىپ قويارلا. قېنى كەلسىلە، مەن يۆتلىرىنى يۆلەپ قوياي.

ئۆمەر مەدداھ سالا - سۈلھى بىلەن قېچىرغا ئاخىر مىندى. سەمەت ئۆزىنىڭ ئازغىنە لاقا - لۇقىسىنى مەدداھنىڭ ئېشىكى ئۈستىگە ئارتىپ يولىنى داۋام قىلدى.

ئون يەتتىنچى باب

# تامغاتاشتا تۇمان

مۇز داۋانغا يېقىنلاشقانسېرى يول ئېگىز - پەس بولۇپ، ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بۆلەكلەر كۆپىيىپ، يولۇچىلىرىمىزنىڭ پاراڭلىشىپ مېڭىشىغا ئىمكان بولماي قالدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزلىكلەردىن چۈشۈپ مۇزات دەرياسىغا قوشۇلىدىغان چوڭ - كىچىك ئېقىنلار دەممۇدەم يولۇچىلارنىڭ يولىنى توسۇپ قوياتتى. ئەمدىكى يوللاردا بىرقانچە ئادەم قاتارلىشىپ ماڭغىلى بولمايتتى. ئۆمەر مەدداھ ئازراقلا مېڭىپ يەنە قېچىردىن چۈشۈۋالدى. شۇ تاپتا ئۇ قولىدىكى تايىقىنى يەرگە سانجىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. قوۋزان «ئەزمە» ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سوڭدىشىپلا ماڭغانىدى. ھەركىم ئۆز خىيالى بىلەن ئىدى. جىمجىتلىقنى ئاياغ ئاستىدىكى تاشلارنىڭ شالدىرلاشلىرى، نېرىدا ئېقىۋاتقان مۇزات دەرياسىنىڭ بوغۇق شاۋقۇنى بىلەن ئۇلاغلارنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراقلارنىڭ جىرىڭلاشلىرى بۇزۇپ تۇراتتى.

يولۇچىلارنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز بىر چوڭ تاش پەيدا بولۇپ يولنى توسۇپ قويىدى، خۇددى بۇ يول شۇ تاشقا يېتىپ بىرىپ ئاخىرلىشىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېقىنلاپ بېرىپ، ئۇلاغلار مىڭىپ چىقىدىغان تار يولنىڭ تاشنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ تۆۋەنلەپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— ئالدىرىماڭلار، ئالدىرىماڭلار! — دەپ ئالدىغا ئۆتتى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئەمدى يولنىڭ مۇنداق تار يەرلىرىگە كەلگەندە «هاي - هاي!» دەپ ئۈنلۈك بىرقانچە ۋارقىرايدىغان گەپ، قارشى تەرەپتىن جاۋاب بولمىسا ماڭساق بولىدۇ. بولمىسا، ئىككى تەرەپ تار يولدا دوقۇرۇشۇپ قالساق يا ئالدىغا، يا ئارقىغا يانالمايدىغان ئىش بولىدۇ.

بۇ تار يولدىن ئۆتكەندىن كېيىن قۇۋان يېتىشىپ بېرىپ ئۆمەر مەدداھلارنى قولتۇقلىۋالدى.

— قۇۋان، — دېدى ئۆمەر مەدداھ يېنىدىكى هەمراھىغا پىچىرلاپ، — بۈگۈن - ئەته بىز ئالدىمىزدىكى ئاجايىپ مۇزلۇقلارنى كۆرىمىز، شۇ مۇزلۇقلارنىڭ خاسىيىتىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيدىكەنمەن.

— ياراتقان ئىگەم بۇ زېمىننى ياراتقاندا، زېمىننىڭ ئۆزى شۇنداق بىر كاللەك مۇزغىلا ئوخشايتتى. خۇدايىتائالا بۇ زېمىننى شۇنچە چىرايلىق ئاپىرىدە قىلىپ، يەنە نېمىشقىدۇر بۇ گۈزەللىكنى بىردىنلا ئاشكارا قىلىشنى خالىماي هەممە نېمىنى — زېمىننىڭ گۈزەللىكى، ئۇنىڭدىكى مۇقەددەس سىرلار... هەممىنى مۇزلۇقلار ئارىسىغا بەند قىلىۋەتكەن. ئادەم ئەلەيهىسسالام بىلەن هاۋائانىمىز يەر يۈزىگە چۈشكەندىمۇ پۈتۈن جاهان شۇنداق مۇز بىلەن قاپلانغانىدى.

— تەقسىر، ئۇنىڭدا بۇ جاهان بەكمۇ سوغۇق، زېرىكەرلىك بولۇپ كەتمىدىمۇ؟ — دېدى قۇۋان.

— شۇنداق، ناھايىتىمۇ زېرىكەرلىك بولغان، ئاللانىڭ ھەممە ھۆكـۈمىگە تـەتۈر يول تۇتـىدىغان شـەيتان پۈتـۈن زېمىننى سوغۇق، تولىمۇ زېرىكەرلىك قىلىپ تۇرغان بـۇ مۇزلۇقـلارنىڭ تەكـتىدە بىـر سىر بارلىـقىنـى بىلـىپ قـالدى. بـۇ نـىجـىس: «بـۇ ئـالـەمدە كـىملـەرنـىدۇر ئېزىقتۇرۇپ، كىملەرنىدۇر كولدۇرلىتىپ، كىملەرنىدۇر خـۇدا ئالدىدا گـۇناھكار قـىلىپ كـۈننى ئـۆتـكۈزمىسـەم ئـاخىرەت كۈنـىگىچە زېـرىكـىپ ئـۆلـمـەمدىـم» دەپ ئويلايتتى... شۇنىڭ بىلەن شەيتان زېمىندىكى مۇزلارنى ئېرىتىپ، مۇزلۇقـلار ئىچىـگە يوشـۇرۇنـغان سـىرلارنـى ئاشكارىلاش نىيىتىگە كەلدى.

— ئۇستاز، شەيتـان مۇزلارنى ئېـرىتمەكچى بولغـان بولسا ياخشى بوپتۇغۇ؟

— گـېپـىمـنى بـۆلـمـە!— دېدى ئـۆمـەر مـەدداھ،— شەيتاننىڭ مۇزلارنى ئېرىتمەكچى بولغانـدىكى غەرىـزى بـاشقا ئىـدى. مۇزلۇقلار ئـاستىدىكى چىرايلىق مـاكـان ئىنسانلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىگە شۇنچە مـۇۋاپىق ئىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋائانىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادى ھېسابسىز كۆپىيىپ كەتسە ئۇلار ھەممىگە ئوبدان قاراپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي نۇرغۇنلىرى تەربىيەسىز قالاتتى. ئۇنداقلارنى يامان يولـلارغا باشلاپ گـۇناھلىـق ئىشلارنـى قىلىشقا كۆنـدۈرمەك ئوڭـاي بـولاتتى. شـۇنىڭ بىلـەن شەيتان زېمىن ئۇستىگە قۇياشنى باشلاپ كەلدى. قۇيـاش بىلەن شـەيتان تەبىئىي بىر - بىرىگە يېقىن. بۇنىـڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟

— بىلمەيدىكەنمەن.

— بوپتـۇ، بىـرنـەرسىنـى بـەك جـىق بـىلـىپ

كەتمىگىنىڭمۇ ياخشى... قۇياش بىلەن شەيتان ھەر ئىككىلىسى ئوتتىن يارالغان. شۇنىڭ بىلەن شەيتان زېمىن ئۈستىگە قۇياشنى باشلاپ كېلىپ مۇزلۇقلارنى ئېرىتىشكە باشلىدى. مۇزلار ئېرىپ، سۇلار ھەر تەرەپكە قاراپ ئېقىپ دېڭىزلار پەيدا بولدى. تاغلار كۆتۈرۈلۈپ، يەرلەر يېشىللىققا پۈركىنىپ، زېمىن ئۆزىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل جامالىنى ئاشكارا قىلدى. بۇ رەڭگارەڭ ئالەمگە قاراپ مەست بولغان ئىنسان ئۆلۈپ ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىپ كېتىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالدى... قۇۋان، ئاڭلاۋاتامسەن؟

— ئاڭلاۋاتىمەن، تەقسىر.

— ئەجەب دوست تارتمىدىڭغۇ؟

— دو... دو... دوست تارتاي دېگەن، سىلىنىڭ بەزى چاغلاردا ئاچچىقلىرى كېلىپ قالىدۇ.

ئۆمەر مەدداھ كۈلۈپ كەتتى.

— ھە، ياخشىراق ئاڭلاپ قوي، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ئۇ، — قەدىمىي زامانلارنىڭ ئۆلىمالىرى شۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلغانكى، ئىنسان قانچىكى كۆپ گۇناھقا پاتسا، قۇياشنىڭ زېمىننى قىزدۇرۇشى شۇنچە قاتتىق بولىدۇ. ئاخىرىدا بارلىق مۇزلۇقلار ئېرىپ تۈگەپ، دەريالار ئۆستەڭ، ئۆستەڭلەر ئېرىق بولۇپ قۇرۇپ كېتىدۇ. زېمىندىكى ھەممە نېمە سۇغا تەشنا بولۇپ «سۇ - سۇ - سۇ!» دەپ نالە قىلىدۇ، ئاللانىڭ قىيامەت كۈنلىرى ئەنە شۇنىڭدىن باشلىنىدۇ...

— يا ئاللا! — دېدى قۇۋان «ئەزمە».

— ھەربىر پارچە مۇزنىڭ قەدرىنى بىلمەك كېرەك! — دېدى ئۆمەر مەدداھ، — ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدا مەن

ئىلىغا يۈلتۈز ئارقىلىق چۈشۈپ ئۇنىڭ ھۆسنىنى تاماشا قىلغان. ئۇ چاغلاردا ياش ئىدىم، ئۆلۈمۇ ئانچە خىيالىمغا كىرىپ چىقمايتتى. كارۋانلار ئۇچرىسا قوشۇلۇپ ماڭدىم، بولمىسا تاغۇتاش، دەشت ـ باياۋانلاردا مانا مۇشۇنداق قولۇمغا بىر تال تاياقنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆشنەمگە سەپەر خالتامنى ئارتىپ كېتىۋەرگەندىم. ئادەمنىڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشقاندا ئاخىرەت كۈنلىرىنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالىدىكەن... مانا بۇ قېتىم شۇ يېشىمدا مۇز داۋاندىكى ئېرىپ تۆگەپ كېتىۋاتقان شۇ مۇزلۇقلارنى بىر كۆرۈشنى نىيەت قىلىپ كېتىۋېتىپتىمەن. بۇنىڭ خاسىيىتى بەلكىم ھەرقانچە كاتتا مازار ـ ماشايىخلارنى تاۋاپ قىلماقتىن ئۇلۇغدۇر، بىلگۈچى خۇدا...

يولۇچىلارنىڭ ئالدىدا خادا تاشلار پەيدا بولدى. بۇ ئېگىز ـ پەس تاشلارنىڭ ئارىسىدىن كەتكەن يول تار بولغاچقا ئۇلاغ ۋە ئادەملەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قاتارلىشىپ كېتىپ باراتتى. ئوسمان ئۇلاغچى ھەممىنىڭ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. پاراڭلىشىپ ماڭغىلى بولمىغاندىن كېيىن ھەركىم ئۆز خىيالىغا چۈشۈپ كەتكەندى. ئۆمەر مەدداھمۇ ئۇزۇن تايىقىغا تايىنىپ ئېھتىيات بىلەن قەدەم ئېلىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى پىچىرلاپ سۆزلىشىپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يادىغا ئاتىسى كېلىپ قالدى.

ئۆمەر مەدداھنىڭ ئاتىسى ھاشىمئاخۇن ئۆز زامانىسىدىكى بىلىملىك ئادەملەردىن ئىدى. ئۇ «كاسىپ كىشى خۇدانىڭ دوستىدۇر» دېگەن سۆزگە ئەمەل قىلىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئاتا كەسپى موزدوزلۇقنى تاشلىمىغانىدى. شۇ كەسپى بىلەن ياماقچىلىق قىلىپ، كۆپ يۇرتلارنى كېزىپ، مەككە ـ مۇككەرىملەرگىچە يېتىپ «هاشىم هاجى» دەپ ئاتالغانىدى. بۇ ئادەمنىڭ مىجەزى غەلىتىرەك ئىدى. يۇرتنىڭ ئىمام ـ مەزىن، قازى، مۇپتى دېگەندەك كاتتىلىرى بىلەن ئانچە ئەپ ئۆتمەيتتى. جۇمە، ھېيت نامازلىرىدا مەسچىتتە بولغىنىنى هېسابقا ئالمىغاندا، قالغان ئىبادەتلەرنى ئۆيىدە يېگانە قىلاتتى. «بەزىدە خۇدا بىلەن رۇسۇل، بەزىدە دۇتار بىلەن ئۇسسۇل» دېگەندەك، ئانچە ـ مۇنچە نەغمە ـ ناۋا بولغان سورۇنلاردىنمۇ قالمايتتى. مۇسەللەسكە ئازراق ئېغىزى تېگىپ كەتكەن چاغلاردا ئايەتلەرنى شۇنداق چىرايلىق قىرائەت قىلاتتىكى، بىلىدىغانلار: «سۈرىلەرنى هاشىم هاجىدەك چىرايلىق ئوقۇيدىغان ئادەم يوق» دېيىشەتتى. ئۇ سۈرىلەرگە مەنە ئىبىتىشتىمۇ هېچكىمدىن قېلىشمايتتى. شۇڭا، يۇرتتىكى يوغان سەللىلىكلەر هاشىمئاخۇندىن ئوبدانلا تەپ تارتاتتى. ئۇ چاغلار ئاپپاق خوجا مازىرىدىكى ھەزرەت سەيلىسى تازا ئەۋج ئالغان زامانلار ئىدى. هاشىم هاجى هەزرەت سەيلىسىدىكى ئويۇن ـ تاماشىلاردىن هۇزۇرلىنىشنى زادى قولدىن بەرمەيتتى ـ يۇ، ئاپپاق خوجىغا پەقەتلا ئىخلاسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاپپاق خوجا:

ئۆگىتىپ ئەلگە تەركىدۇنيانى،
ئۆزلىرى يىغار مال ـ دۇنيانى...

دېگەندەك، باشقىلارغا تەركىدۇنياچىلىقنى تەرغىب

قىلىپ، ئۆزى بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغىتىدىن بىر كۇنمۇ ئۆزىنى تارتمىغان ئادەم ئىدى.

ئۆمەر دادىسىنىڭ قولىدا ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقاردى. ئۇنىڭ مىجەزىدە دادىسىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ ئۆيدىكى دادىسى يىغقان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك كۆردى. ئۇ ئوقۇغان كىتابلاردىكى ئىسلام دىنىنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەر ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدىكى ساپلىقىنى قوغداش، ئاددىي ـ ساددا ياشاش، شۇ ئارقىلىق گۇناھقا پاتقان دۇنيا ۋە ئىنسانىنىڭ ئازغان روھىنى قۇتقۇزۇش يولىغا ھاياتىنى بېغىشلىغان تەسەۋۋۇپچىلار بىلەن يۇرتتىكى ئۆزلىرىنى سوپى ـ ئىشان ئاتاپ، مازارمۇمازار ئايلىنىپ ئۇماچ ئىچىپ «ھوۋ!» دەپ نەرە تارتىپ يۇرىدىغان ئاقنانچىلار بىر ـ بىرىگە زادى يېقىن كەلمەيتتى. ئۆمەر «ئاللانى ئىزدەش» دېگەن بۇ چۇشەنچىنىمۇ ئانچە قوبۇل قىلمايتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە «ئاللا ھەربىر ئىنسانىنىڭ دىلىدا، ئۇنىڭ بىلەن بىر گەۋدە ئىدى. ئۇنى قانداقتۇر بىر مەنزىللەردىن ئىزدەش ئارتۇقلۇق قىلاتتى. ئۇنىڭ خوجائەھمەد يەسسەۋىگە[1] ئەقىدىسى بار ئىدى. تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ پىرى، مەشھۇر شائىر خوجائەھمەت يەسسەۋى ئاپپاق خوجا زامانىسىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىلا نەپسى ۋە دۇنيا ۋەسۋەسىدە ئىمانىنى سېتىپ كۆن كۆرگۈچى سوپىلاردىن پەرقلىنىش ئۇچۇن ئۆزىنى سوپى ئەمەس، بەلكى ئاشىق دەپ ئاتىغانىدى.

ئۆمەر قەشقەر مەدرىسەلىرىدە ئوقۇپ يۇرگەن

---

① خوجائەھمەد يەسسەۋى — شىنجاڭدا قۇلقوجا ئەھمەد نامى بىلەن مەشھۇر، ئۇ مىلادىيە 1166 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چاغلىرىدا باشقىلارنى ئۆزىنىڭ گەپچىلىكى بىلەن ھەيران قالدۇرۇدى. ئۇ ئۆزى ئوقۇغان كىتابلاردىكى ۋەقەلەرنى باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىپ ھارمايتتى. كىتابلاردىكى ۋەقەگە يەنە ئۆزى خىيالىدا توقۇپ چىققان ۋەقەلەرنى قېتىپ بېيىتىپ، تېخىمۇ قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەيتتى. بىر قېتىم ئۇ قەشقەردە دەرۋىشلەر بىلەن بولغان مۇنازىرىدە ئاپپاق خوجىنى بېشىغا يوغان سەللە يۆگەپ، ئاسماندا مىڭ يىل ئىبادەت قىلىپ، ئۆزىنى پەرىشتىلەرگە زاھىت قىلىپ كۆرسەتكەن شەيتانغا ئوخشاتقانلىقى ئۈچۈن دەرۋىشلەر قاتارىدىن ھەيدەلگەنىدى. ئاخىرى ئۇ شەھەرمۇشەھەر، يۇرتمۇ ـ يۇرت كېزىپ يۈرىدىغان سەيياھ، مەدداھلىق بىلەن كۈن ئالىدىغان ۋائىز بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ مەدداھلىق سورۇندا بولۇشىنى ياقتۇراتتى. ئۇنىڭ نۇتۇقلىرى، سۆزلىگەن ھېكايىلىرىدە ئەكس ئەتكەن مەنە چوڭقۇرلۇقى كىشىنى ئويغا سالاتتى.

ئۆمەر مەدداھ بالا ۋاقىتلىرىدا: «دۇنيادا قەشقەردىنمۇ چوڭ شەھەر بولمىسا كېرەك» دەپ ئويلايتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇنىڭ نەزىرىدە يۇمىلاق شەھەر يېنىدىكى كۆلدىن چوڭ كۆل يوق، تۈمەن دەرياسىدىن ئۇلۇغ دەريا يوق، ئاپپاق خوجا مازىرىدىكى تېرەكلەردىن يوغان تېرەك يوق ئىدى. يۇرت ئارىلىغاندىن كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ئەخمىقانە خىيال ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمما، قەشقەر بازارلىرىدىكىدەك شاۋقۇننى راستىنلا ھېچ يەردە كۆرمىدى...

ئۆمەر مەدداھ نېمىشقىدۇر بۈگۈن غەمكىن بولۇپ قالغانىدى. يېشى ئەللىكتىن ئاشقاندىن باشلاپلا ئۇ

ئۆلۈمنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. «بۇگۈنمۇ، ئەتىمۇ؟ سەھەرمۇ، كەچمۇ؟ ئىشقىلىپ ياراتقان ئىگەم بەلگىلىگەن بىر مۇددەتتە ئەزرائىل يېتىپ كېلىدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئەمدى ھەر تەرەپكە قاتراپ يۈرىدىغان ساياق تۇرمۇشنى تاشلاپ، خىلۋەت بىر بۇلۇڭدا باش كۆتۈرمەي ئىبادەت قىلسام بولامدىكىن...» لېكىن، ئۇ سەيياھلىق تۇرمۇشىدىن بىر كۈنمۇ ئۈزۈلنى تارتالمايتتى. ئۇ نۇرغۇن يۇرتلارنى ئارىلىدى، قانچە ئېقىنلارنى كەچتى، كىملەرنىڭدۇر گۈلخانلىرىنىڭ يېنىدا تۈندى. قاراڭغۇ كېچىلەردە يۇلتۇز ساناپ ئۇچۇق دالالاردىمۇ قونۇپ قالدى؛ ناتونۇش مەھەللىلەرنىڭ ئىتلىرى قاۋاپ ئۇنى مەھەللە چېتىگىچە ئۈزىتىپ قويدى؛ ئېتىزلىقلاردا ئىشلەۋاتقان قانچىلىغان قىز ـ چوكانلار قوللىرىنى سايىۋەن قىلىپ ئۇنىڭغا قاراشتى... سەپەرنىڭ ئازابىمۇ، كۆڭۈللۈك جايلىرىمۇ كۆپ ئىدى.

سەن بۇ زېمىننىڭ قەيەرىدىدۇر بىر يېرىدە كېتىپ بارغىنىڭدا شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، ئەتراپىڭدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس قىممىتى بار. بۈگۈنكى كۈن ئەتىگە ئوخشىمايدۇ، ئاسماندىكى ئاپپاق بۇلۇتلارنىڭ بۈگۈنكى ھالىتى ھەرگىز قايتىلانمايدۇ. ئاللانىڭ تەقدىرى بىلەن بۈگۈن بىز مانا شۇ ئۇلاغلارنى ھەيدەپ، بىزدىن ئىلگىرى تالاي سەيياھلار قەدەم بېسىپ ئۆتكەن مۇشۇ تاشلىق سايدا كېتىپ بېرىپتىمىز، ئۈستىمىزدە ئاپپاق بۇلۇتلار، ئەتراپىمىزدا ئاجايىپ ـ غارايىپ شەكىللەرنى ھاسىل قىلىپ تۇرغان بۈيۈك تاغلار، مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان قارلىق چوققىلار، يېنىمىزدا مۇزات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دەرياسىنىڭ بوغۇق گۈركىرەپ ئېقىۋاتقان مۇزدەك سۈيى... بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەرگىزمۇ ئاددىيلا بىرنەرسە ئەمەس، بۇلارنى سەن ئۆمرۈڭدە يەنە بىر قېتىم يا كۆرەلەيسەن، يا كۆرەلمەيسەن. قايتا كۆرۈشكە نېسىپ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ بۈگۈنكىگە ئوخشىمايدۇ. بۈگۈنكى ئويلىرىڭنىڭ ئەتە خىيالىڭدىن كېچىشى ناتايىن. سەن ياراتقان ئىگەم بىنا قىلغان شۇ بۈيۈك چوققىلار ئارىسىدا كېتىپ بارغىنىڭدا ئۆزۈڭنى تەبىئەت بىلەن، شۇ تەبىئەتنى بار قىلغان ئاللا بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلىسەن!...

※ ※ ※

تۈغبەلچىدىكى قونالغۇدا ئوسمان ئۇلاغچى ھەممەيلەننى سەھەردىلا ئويغاتتى. سەھەر سۈبھىسى ئاقىرىپ كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. يىراقتىكى تاغ چوققىلىرىنى كۆكۈچ تۇمان قاپلىغانىدى. تۈنۈگۈنكى ئېگىز - پەس تاشلىق يول يولۇچىلارنى ئوبدانلا چارچاتقانىدى. شۇڭا، تاڭ يورۇپ قالغان بولسىمۇ ھەممەيلەن دېگۈدەك تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى. پەقەت ئۆمەر مەدداھلا تاھارەت ئېلىپ نامازغا تۇتۇش قىلىۋاتاتتى.

— تۇرۇڭلار، بۇرادەرلەر! ھەي، تۇرۇڭلار! — دەپ ۋارقىرايتتى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئالدىمىزدا بىرنەچچە ئېقىن بار، سەھەرلەپ سۇ ئاز ۋاقتىدا ئۆتۈۋاللى، ھېلىلا كۈن ئىسسىپ كەتسە سۇ ئۇلغىيىپ كېتىدۇ.

— ئاپلا! ئاتنى مىنىدىغان يېرى ئەمدى كەپتىكەن، — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە كۆزىنى ئېچىپلا، — ئاقسۇدىن

كەلگۈچە بىر ئوبدان مىنىپ كېلىپ، قوغانغا كەلگەندە يەنە مېنى ئەجەب بىر غەپلەت باستا...

ــ سېنى غەپلەت جامدىلا باسقان، ــ دېدى سەمەت يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇپ، ــ ئاتنى جامدىمۇ بىر قىمارغا سېلىپ بەرگىنىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭما، ئۇنىڭ ئالدىدا دادالڭ مىندۇرۇپ قويغان ئاتنىمۇ شۇنداق قىمارغا سېلىپ بېرىپتىكەنسەن، ساڭا زادى ئات ياراشمىغۇدەك.

ــ بۇرادەرلەر، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلىشقا ئاتاتتى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ قەشقەردىن ماۋۇ مەنزىلگىچە چىرايلىق بىللە كەلدۇق. ئەمدى يولنىڭ تازا يامان يەرلىرىگە يېقىنلاپ قالدۇق. ئىلگىرى ـ كېيىن كەتمەي، بىر ـ بىرىمىزگە ئاگاھ بولۇپ ئالدىمىزدىكى داۋاندىن «هە ـ هۇ» بىلەن ياردەملىشىپ بىللە ئۆتۈپ كېتەيلى.

هۇسەن بايۋەچچە، ئاخشام سىلى بەك ئارقىدا قاپلا، قونالغۇغا ئاز قالغاندا سىلىنى بەك ساقلاپ كەتتۇق. چۈشۈپ قالماي يېتىشىپ ماڭسىلا.

ــ يەنە بىرەر يەردە قىماردا بولۇپ قالمىغانسىلەر؟ ــ دەپ هۇسەن بايۋەچچىنىڭ كۆزىگە قارىدى سەمەت.

ــ تۇزۇك گەپ قىلسىلا، بۇ چۆلدە نەدە قىمار بولسۇن؟

يولۇچىلار گۈلخان يېقىپ چاي قويدى. هەممەيلەن يۇز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، نان ـ توقاچلىرىنى ئەكېلىپ ئوتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. تاغ چوققىلىرى قۇياش نۇرىدا يالتىراپ، كۈننىڭ شولىسى بارغانسېرى تۆۋەنلىمەكتە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ــ بايۋەچچە، تۈنۈگۈن يولدا چوكاندىن بىرەرسى ئۇچراپ قالدىمۇ ـ يە؟ــ دېدى قۇۋان «ئەزمە».

ــ ھەي ئەزمە!ــ دەپ تېرىكتى ھۆسەن،ــ سېنىڭ خىيالىڭ چوكاندىلىكەندە. ماڭدامدا بىر چوكان ئۇچرايدىغان دوپپا بازىرىمتى بۇ؟... ئاۋۇ ئىشەكنى سەن بىر مىنىپ باقە! ئىشەك ئەمەس، باشقىلا بىرنېمە ئىكەن ئۇ. ئىشەكنىڭ ئۈستىدىكى ئازراق يۈك ـ تاقنى دېمىسەم، مۇنداق نىجىسنى مۆزاتنىڭ سۆيىگە ئىتتىرىۋېتىپلا ئىلىخوغا پىيادە كىرىپ كېتەتتىم.

ــ بوپتۇ، ئۆزىنىڭ مېڭىشىغا قويۇپ بەرسىلە،ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،ــ بەربىر ئەمدىكى داۋانلاردىن ئۇلاغلارنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدۇ... بەك ئارقىدا قالماي، ئۇلاغلىرىنى باشقا ئۇلاغلارنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ ماڭسىلا.

يولۇچىلار چاينى ئالدىراپ ئىچىپلا يولغا چىقتى. ئاز ماڭمايلا ئۇلار بىر چوڭ ئېقىنغا دۇچ كېلىشتى. ئوسمان ئۇلاغچى ھەممىسىنىڭ ئالدىدا، سۇنىڭ كەڭ يېيىلىپ ئاققان يېرىدىن كېچىك ئىزدەپ كېتىۋاتاتتى.

ــ ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار!ــ دەپ ۋارقىرايتتى ئوسمان ئۇلاغچى،ــ مانا ماۋۇ تەرەپكە، سۇنىڭ يېيىلىپ ئېقىۋاتقان يېرىگە... ئۇلاغنىڭ بېشىنى بەكمۇ تارتىپ تۇرۇۋالماڭلار، سۇدىن ئۆتۈۋاتقاندا سۇغا بەكمۇ تىكىلىپ قارىۋالماڭلار، بولمىسا باش قېيىپ يىقىلىپ قالىسىلەر... ھەي ھۆسەن بايۋەچچە، بىر ئوبدان كېتىۋاتقان ئىشەكنىڭ بېشىغا نىمانچە مەھكەم ئېسىلىۋالىسىلەر؟...

ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ قوغاندىن چىققاندىن بىرى ئاغزى بىسىلماي تىللاپ كېلىۋاتقان ئىشىكى بۇ يەردىكى ئىبقىنلارنىڭ گېپچىكلىرىنى ئوبدان بىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ سۇدىن ئۆتۈپ قارشى قىرغاققا چىقتى. ھۆسەن بايۋەچچە سۇغا كىرگەندە قورققىنىدىن ئىشەكنىڭ ئۇستىدە كۆزىنى يۇمۇپ دۇملا يېتىپ، ئۇنىڭ بوينىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى.

ئۆمەر مەدداھنىڭ قېچىرى سۇغا كىرگىلى ئۇنىماي خېلى ئاۋارە قىلدى. ئۆمەر مەدداھ قېچىرنىڭ ئۇستىدە، قۇۋان «ئەزمە» قېچىرنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى تاياقلاپ كېلىۋاتاتتى. قۇۋان سۇنىڭ ئاستىدىكى سىلىق تاشلارغا پۇتلىشىپ، تېيىلىپ، سەنتۈرۈلۈپ ئارانلا ماڭاتتى...

— ھاي، ئاۋۇ سۇنىڭ كۆۋەجەپ ئارقىغا قايتىۋاتقان يېرىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇ يەر بىلەن ماڭماڭلار، ئالدىدا يوغان تاش بار، — دەپ ۋارقىرايتتى ئوسمان ئۇلاغچى، — ھوي قۇۋان، ئۇستازنىڭ قېچىرىنى مانا ماۋۇ سۇنىڭ ئۇششاق جىمىرلاپ تۇرغان يېرىگە سال!

سەمەت نوچى بىر تاشقا دەسسەپ تېيىلىپ ئوڭدىسىغا چۈشكىلى تاسلا قالدى. بايا ئۇلار تۇغبەلچىدىكى تاللىقتىن ھەربىر كىشى بىر تالدىن تاياق ئېلىۋېلىشقانىدى. سەمەت شۇ تاياققا تايىنىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. «خەپ، قەشقەردىن مىنىپ چىققان ھېلىقى ئات بولغان بولسا ـ ھە! — دەيتتى سەمەت ئىچىدە، — مۇنداق سۇلاردىن يوگۈرۈتۈپلا ئۆتۈپ كەتمەسمىدىم...»

ئەنە شۇنداق بىرنەچچە چوڭ ـ كىچىك كېچىكلەردىن ئۆتكەندىن كېيىن يول ئوڭ تەرەپتىكى تاغنى ياقىلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يۇقىرىلاپ كەتتى. ئەمدى مۇزات دەرياسى يولىۇچىلارنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتۈپ قالغانىدى.

ئازراقلا ياخشى يولغا چىقىۋىدى، گەپ قىلمىسا ئىچى پۇشىدىغان ئۆمەر مەدداھنىڭ ئاغزى ئېچىلدى.

— ئوسمانئاخۇن! — دېدى ئۇ ئۇلاغچىغا قاراپ، — باشلىرىنى ئىچلىرىگە تىقىۋېلىپلا ماڭماي، مۇنداق بىر گەپ ـ سۆز قىلغاچ ماڭمامىلا.

— نېمە گەپ دەيلا؟

— مۇنداق، ھازىر نەگە كېلىپ قالدۇق، يەنە نەگە قاراپ ماڭدۇق؟ ماۋۇ ئەتراپىمىزدىكى ئېگىز تاغلارنىڭ ئىسمى نېمە؟ ھېلىقى پەلەمپەيلەر بىلەن چىقىدىغان مۇز داۋانغا يەنە قانچىلىك يول قالدى... قىلاي دېسىلە گەپ جىققۇ.

— بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم دەيلى، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — بۇنىڭ بۇياقىدىكى يول مۇڭدىشىپ ماڭىدىغان يول ئەمەس جۇما....

— ماۋۇ ھۆسەن بايۋەچچىنى كۆردۈڭلىما، — دېدى سەمەت، — يولدا كەلگۈچە ئاۋۇ ئېشەكنى ئاغزى بېسىلماي تىللاپ كېلىۋاتاتتى. بايا سۇدىن ئۆتكۈچە قەشقەرنىڭ چوكانلىرىنى قۇچاقلىغاندەك بوينىغا مەھكەم گىرە سېلىۋاپتۇ.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى.

— قورقتۇم! — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە، — يا ئاللا، شۇنداق سۇغا قارىغۇدەك بولسام گۈلدۈرلەپ تاشلارنى دومىلىتىپ كېتىۋاتامدا، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئېشەككە مەھكەم يېپىشتىم...

— بايۋەچچە، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — سىلىنىڭ بۇ ئېشىكىڭلار داۋانچى ئېشەككەن.

— داۋانچى ئېشەك دېگەن قانداق بولىدۇ؟

— مۇشۇ داۋانلاردىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ قاغدىلىپ كەتكەن بىر ئېشەكلەر بار. مۇنداق ئېشەكلەر ئېتتىك ماڭمايدۇ. ئەمما داۋاننىڭ يوللىرىغا ناھايىتى پۇختا بولىدۇ. يامان ئەمەس ئېشەككەن، قاراڭلار، ئۇنىڭ قەدەم ئېلىشلىرىنى!

— مۇز داۋاننىڭ يولى ھەقىقەتەن يامان يولكەن جۇما، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، — بۇرۇن يېتىمچىلار ـ نىڭ:

مۇز داۋاننىڭ يولىدىن
ئۆتمەسكە ئامال بارمۇ؟
ئىلىخوغا يەتكۈچە
بۇ جانلار ئامان بارمۇ؟....

دەيدىغان ناخشىلىرىنى ئاڭلايدىغان، راست گەپكەن.

— بايۋەچچە، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — تېخى داۋاننى كۆرمەيلا قوشاق قاتقىلى تۇردىڭلىغۇ؟

— ماۋۇ كېتىپ بارغان يەرلىرىمىز داۋانغا ھېساب ئەمەسما؟

— بۇ يەرنى داۋان دېسەڭلا، داۋاننى نېمە دەرسىلەر؟

ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ ئېشىكى تۇيۇقسىز توختاپ قېلىۋىدى، گەپ بىلەن بولۇپ كەتكەن بايۋەچچە ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشكىلى تاس قالدى.

— خىت، جالاپ ئاناڭنى! — دەپ ئاغزىنى بۇزۇپ تايىقىنى كۆتۈردى ھۇسەن بايۋەچچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئامبىرى



ــ هاي بايۋەچچە! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ بۇ ئېشەككە تولا زۇلۇم قىلماڭلار.

ــ قايىلىماملا توختىمىغىنىنى.

ــ ئاۋۇ ئالدىلىرىدىكى يولنىڭ يېرىقىنى كۆرمەيۋاتامدىلا، ئەمىسە توختىماي ئاشۇ يېرىققا پۇتىنى تىقىپ يىقىلىپ بەرسە بولامتى؟... ئېشەكنىڭ بېشىنى ئۇياق ـ بۇياققا تارتماي ئۆزىنىڭ مېڭىشىغا قويۇپ بەرسىلە... مەن نېمە دېدىم. بۇ داۋانچى ئېشەككەن، بۇنداق ئېشەكلەر مىڭ ئۆرگىنىڭلار بىلەنمۇ ھەرگىز ئىتتىك ماڭمايدۇ، يولنى ئوبدان پەرقلەندۈرۈپ، سەللا چاتاق يەر بولسا ئاشۇنداق توختاپ ئالدىرىماي ماڭىدۇ، شۇڭا بۇ داۋانلاردىن تولا ئۆتكەن سودىگەرلەر داۋاندىن ئۆتۈۋېلىپلا مۇنداق ئېشەكلەرنى ئېلىشىغا سېتىۋېتىدۇ.

ــ بۇ ئېشەكنى خېلى قىممەت ئالدۇق جۇما.

ــ سىلى بۇنى ھەقچان ئۇلاغچى بېدىكلەرنىڭ قولىدىن ئالدىڭلار، راستىما؟... ھە، ئۇلار مۇنداق ئېشەكلەرنى داۋانغا قاراپ ماڭغانلارغا قىممەتكە ساتىدۇ، داۋاندىن چۈشكەنلەردىن ئەرزىنىغە سېتىۋالىدۇ.

ــ بايۋەچچە، ــ دەپ كۈلدى ئۆمەر مەدداھ، ــ ھېلى ئاغزىڭنى بۇزۇپ كەتتىڭغا؟

ــ نېمە دەپ؟

ــ «جالاپ ئاناڭنى» دېگىنىڭگە قارىغاندا بۇ ئېشەكنىڭ ئانىسىنى سەن تونۇيدىغان ئوخشىمامسەن؟

ــ ئۆمەر تاغا، مەسخىرە قىلمىسىلا، بۇ ئېشەكنىڭ ئانىسىنى مەن نەدە يۈرۈپ تونۇي، ئۆمرۈمگە كىلىپ ئېشەك مىنىشىممۇ مۇشۇ.

— ئەمىسە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ جالاپلىقىنى قانداق بىلىسەن؟

— تونۇيدۇ،— دېدى سەمەت،— بولمىسا بۇ بايۋەچچە قوغاننىڭ بازىرىدا «مۇشۇ ئېشەكنى ئالغىنىم ئالغان» دەپ بۇ ئېشەككە مەھكەم ئېسىلىۋالامتى؟

— شۇ،— دېدى قوۋان «ئەزمە»،— بۇ بايۋەچچىنىڭ ھېلى سۇدىن ئۆتكۈچە ئېشەككە مەھكەم يېپىشىپ، قولىقىدىن تۇتۇپ سۆيگىلى تۇرغىنىغا قاراپلا مەن بىر گەپ بار دېگەن.

پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

— ھېلى جۇما ۋەي ئەزمە!— دەپ ھۇسەن بايۋەچچە تېرىكىپ ئېشەكتىن سەكرەپ چۈشۈۋىدى، سەمەت ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— بولدى قىلىڭلار، بايۋەچچە، بولدى،— دېدى سەمەت،— چاقچاق گەپ بولۇۋاتىدۇ، تە بولماڭلار، سىلىمۇ بۇ قاشاڭ ئېشەككە مەھكەم مىنىۋالماي بىزگە ئوخشاش مېڭىڭلار.

— ھاي، ئالدىڭلارغا قاراڭلار!— دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان ئۇلاغچى،— ئاۋۇ تاشتىن ئايلىنىپ ئۆتسەك يەنە بىر سۇ بار.

ئۇلار تاغ تەرەپتىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان كىچىكرەك بىر ئېقىنغا يولۇقۇشتى. سۇنىڭ سۈزۈكلۈكىدىن ئاستىدىكى ھەربىر چوڭ - كىچىك تاشلار ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— قېنى سەن ھەي قوۋان!— دەپ ۋارقىرىدى ئۆمەر مەدداھ. قوۋان ھۇسەن بايۋەچچىگە چاقچاق قىلماقچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇپ ئارقىدا قالغانىدى، ــ قېنى قولۇڭدىكى تاياق؟
قوۋان «ئەزمە» ئۆمەر مەدداھنى قولتۇقىدىن يۆلەپ قېچىرىغا مىندۇرۇپ، تاياق ئىزدەپ ئەتراپىغا قارىدى. ئۇنىڭ قولىدا تاياق توختىمايتتى. قەيەردە ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرسا، شۇ يەردىن قوپقاندىلا يېنىغا قويۇپ قويغان تايىقىنى ئۇنتۇپ كېتىۋېرەتتى. كېرەك بولغاندا ئۇنىڭ قولىدا يەنە باشقىلا بىر تاياق پەيدا بولۇپ قالاتتى
يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۇچۇشلۇق ئۆتۈپ كېتىشتى ــ دە، يەنە يۇقىرىلاپ مېڭىشتى. تەبىئەت ئۆز قولى بىلەن بۇ تاغ باغرىغىمۇ نەقىش چېكىشنى ئۇنتۇمىغانىدى. تاشلارنىڭ ئارىلىقلىرىدا كۆكۈچ ۋە بىنەپشە رەڭ ئۇششاق گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى. قەيەرلەردىدۇر تاغ تورغىيى چۇرۇقلايتتى، كۆك ئاسماندا بىرنەچچە بۇركۇت قانات يېيىپ ئەگىپ يۈرۈشەتتى. بۇ يەردە تەبىئەت شاۋقۇنىدىن باشقا ھېچقانداق شاۋقۇن يوق ئىدى. كارۋاننىڭ ئۇلاغلىرىنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراقلاردىن كۆتۈرۈلگەن سادالارمۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ كېتەتتى... بىر تەرەپ مۇزات دەرياسىنىڭ ئېقىمى، يەنە بىر تەرەپ ئېگىز تاغ. تاغ بىلەن دەريا ئوتتۇرىسىدىكى يول ئەگرى ـ بۈگرى بولۇپ، بەزىدە يولۇچىلار خېلى ئۇزاق مېڭىپ قانداقتۇر بىر ئېقىن، يولنى تىك توسۇغان چوڭ تاشلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ بايا ئۆزلىرى ماڭغان يولنىڭ ئۇستىدىنلا چىقىپ قالاتتى.
ــ ھە، ئەمدى تامغاتاشقا بېرىپ ئۇلاغلارنىڭ تاقىلىرىنى يەڭگۈشلىتىپ شۇ يەردە تۈنەپ ئوبدان بىر ئارام ئالساق، ئۇنىڭ ئۇيېقى مۇز داۋان دېگەن شۇ، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاقچى.

ــ تامغاتاش دېگەن قانداق تاش ئۇ؟ــ دەپ سورىدى سەمەت.

ــ چوڭ بىر تاش تاغ،ــ دەپ چۈشەندۈردى ئوسمان ئۇلاغچى،ــ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن مۇزات دەرياسىنىڭ سۈيى شۇ تاشنىڭ بىر تۆشۈكىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ. بارغاندا كۆرىسىلەر، مەنمۇ ئۇ تاشقا تازا سەپسېلىپمۇ قاراپ كەتمىدىم. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ تاشتا ئاجايىپ ــ غارايىپ بەلگىلەر، يولۇچىلارنىڭ تاشقا ئويۇپ قويغان خەتلىرى باركەن.

ــ نېمە خەتلەركەن ئۇ؟

ــ ھەرقاچان بىرەرسىنىڭ «بۇ مۇز داۋاندىن ساق ئۆتىمەنمۇ، ئۆلۈپ كېتىمەنمۇ؟ مۇشۇ تاشتا بولسىمۇ نام ــ نىشانىم قالسۇن» دەپ ئويۇپ قويغان ئىسىملىرىمىكىن؟

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇستاز،ــ دەپ ئۆمەر مەدداھقا قارىدى ھەۋەس بايۋەچچە،ــ تامغاتاشقا يېتىپ بارغاندا مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ شۇ تاشقا بىر ئويۇپ قويسىلا بوپتىكەن... ئالىمادىن ئۆلۈپ ــ تارتىپ قالسام...

ــ ئاغزىڭنى ئۇششۇتمە!ــ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى ئۆمەر مەدداھ.

كەچكە يېقىن ھاۋا بىردىنلا ئايىنىپ، تامغاتاشقا يەتكۈچە پۈتۈن ئەتراپنى تۇمان بېسىپ كەتتى. ئۇ يەردە تاش بىلەن قوپۇرۇپ ياسالغان ئۆيلەر، قوتانلار بار ئىدى. يولۇچىلارنىڭ ئۆز ئىسىملىرىنى تاشلارغا ئويۇپ قويۇش خىيالىمۇ ئۇنتۇلدى. تۇماندا تامغاتاشنىڭ زادى قانداق تاشلىقىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇلار ئالدىراپ بىر ئۆيگە چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاماقلا تۇتۇش قىلىشتى. بۇ يەردە ھاۋا ئوبدانلا سوغۇق ئىدى. سەمەت ئوسمان ئۇلاغچىغا يارەدەملىشىپ ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدىكى تېڭىقلارنى بوشىتىپ تاغارلارنى چۈشۈرۈشتى. ئۇلاغلارنى قوتانلارغا ھەيدىدى. ئوسمان ئۇلاغچى بۇ قېتىمقى سەپەردە خۇدانىڭ ئۆزىگە سەمەتتەك قاۋۇل بىر يارەدەمچىنى يەتكۈزگىنىگە يول بويى رەھمەت ئېيتىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ قېتىم سەپەرداش بولۇپ كېتىۋاتقان ئۆمەر مەدداھ بىلەن ھۆسەن بايۋەچچىنى ھەرگىز بۇنداق ئېغىر ئىشلارغا سالغىلى بولمايتتى، قۇۋۋان «ئەزمە»مۇ تازا ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# مۇز داۋاندا بازار

ئەتىگەنلىك قۇياش تۇنجى بولۇپ تاغلارنىڭ ئېگىز چوققىلىرىنى ئۆزىنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى بىلەن بېزىدى. مۇزلۇق چوققىلاردىن يېنىك ھور كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. تۆۋەندىكى جىلغىلار تېخى قويۇق تۇمان بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. ئۆمەر مەدداھ بىلەن قوۋان «ئەزمە» قازان ئېسىپ پولۇ ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. ھۆسەن بايۋەچچىنى ئوتۇن تېرىپ كېلىشكە چىقىرىشتى. سەمەت بىلەن ئوسمان ئۇلاغچى ئۇلاغلارنى تاقىلىتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. تامغاتاشتا ئۇلاغ تاقىلايدىغان ئۇستىلار كەم بولمايتتى. تاشلاردىن ئاددىيلا قىلىپ ياسالغان دۇكانلارنىڭ ئالدىغا ئۇلاغلارنى باغلاپ تاقا قاقىدىغان دارلار ئورنىتىلغانىدى. مۇز داۋانغا قاراپ مېڭىشنىڭ ئالدىدا ئۇلاغلارنىڭ ئۇپرىغان تاقىلىرىنى ئەمچەكلىك تاقىلارغا ئالماشتۇرۇپ، تاقىلارنىڭ مىخلىرىنى قالپاقلىق مىخلارغا يەڭگۈشلەش لازىم ئىدى. بولمىسا ئۇلاغلار مۇز ئۈستىدە تېيىلىپ ماڭالمايتتى.

ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن ئۇلاغلارغا يۈكلەر ئارتىلىپ، تېڭىقلار چىڭىتىلدى. بۇ يەر ئوبدانلا سوغۇق ئىدى. يولۇچىلار قېلىنراق كىيىنىپ، ئاشقان پولۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرىسى



بەلباغلىرىغا تۇگۈشتى. ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ كېيىنكى قارىغاندا، ئەمدى ئىلىخونىڭ شىپالىق دېگەن يېرىگە يېتىپ بارمىغۇچە تاماق ئېتىپ يېگىلى بولمايدىكەن. شوڭتا، پولۇ كۆپرەك ئېتىلگەنىدى. كۈننىڭ نۇرى جىلغىلار ئىچىگە قانات يېيىپ تۇمان تارقىلىشقا باشلىدى.

— خۇدا بۇيرۇسا، مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ھاۋا ياخشى بولۇپ بەرسىلا ئىلىخو تەرەپكە ئامان - ئېسەن ئۆتۈپ كېتەتتۇق، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى ئاسمانغا قاراپ. ئۇ ئۇلاغلىرىنى ھەيدەپ ئالدىدا ماڭدى.

يول بارغانسېرى تارىيىپ ئىككى تاغ ئارىسىدىكى قىساڭغا كىرىپ كېتەتتى. مۇزات دەرياسى ئاشۇ قىساڭ ئىچىدىكى بىر تاشنىڭ ئارىسىدىن ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى. يول يۇقىرىلىغانسېرى دەريا سۈيى تۆۋەندە قېلىۋاتاتتى. سۇنىڭ شارقىرىشىمۇ تولا ناخشا ئېيتىپ چارچىغان ھاپىزنىڭ ئاۋازىدەك تۇتۇق ئاڭلىناتتى. ئاخشام يولۇچىلار تۈنىگەن ئۆيلەر، تاش بىلەن توسۇپ ياسالغان قوتانلار تۆۋەندە بارغانسېرى كىچىكلەپ كۆزدىن يىتمەكتە ئىدى. ھەركىم ئۆز خىيالى بىلەن ئېھتىياتتا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ قوغاندىن سېتىۋالغان ئېشىكى راست دېگەندەك داۋانغا ئۇلاشقاندىن بېرى ناھايىتى پۇختا قەدەمدە ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۆمەر مەدداھنىڭ قېچىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئالدىدىكى نېمىلەردىندۇر ئۈركۈپ توختاپ قالاتتى. قۇۋان «ئەزمە» خىيال سۈرۈپ ھەممىنىڭ ئارقىسىدا قالغانىدى.

— بەللى، قۇۋانئاخۇن، قېنى سەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۆمەر مەدداھ ئارقىسىغا قاراپ.

— مانا مەن، تەقسىر! — دەپ يېتىشىپ كەلدى قوۋان.
— ماۋۇ داۋاندىن ئۆتكۈچە گەپ باركەن - دە!
— قانداق دەيلا؟
— ماۋۇ قىچىرنىڭ خۇيى بۇ بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنىڭ مىڭىشىڭنى ئېيتايمۇ، قولۇڭدىكى تاياق قېنى؟

قوۋان قولىدىكى تاياقنى يەنە ئۇنتۇپ بىر يەرگە تاشلىغان ئىدى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ تاياقنى ئىزدەشكە باشلىدى. بىر تىك قىيانى ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن يول سەل كېڭىيىپ قېلىۋىدى، ئۆمەر مەدداھىنىڭ يەنە ئاغزى ئېچىلدى، ئۇ ئوڭ يېنىدا كېلىۋاتقان سەمەتكە سىڭار يان بولۇپ قاراپ:

— سەمەتئاخۇن، سىنى نوچىكەن، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايمىنا، راسمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن قانداق نوچى بولاي، ئۆمەر تاغا، — دېدى سەمەت.

— شۇنداق، نوچىلار ھەرگىز ئۆزىنى ماختىمايدۇ، كەمتەرلىكنىڭ ئۆزىمۇ بىر نوچىلىق، ئەمما مەن ساڭا ئېيتسام، بۇ جاھاندا شۇنداق ئاجايىپ نوچىلار ئۆتكەن، كېيىن قەلەمكەشلەر ئۇلار توغرىسىدا نۇرغۇن كىتابلارنى يېزىپمۇ ئۇلارنىڭ نوچىلىقلىرىنى يېزىپ بولالمىغان. «چىڭگىزخان» دەپ ئاڭلىغانمۇ سەن؟

— «چىڭگىزخان» دېگەننى مەن سىلىنىڭ ئېغىزلىرىدىن بىر - ئىككى قېتىم ئاڭلىغاندەك بولدۇم، نېمە ئادەملىكىنى تازا بىلىپ كېتەلمىدىم.

— چىڭگىزخان دېگەن موڭغۇل قوۋمىنىڭ ئىچىدىن چىققان بىر نوچى، ئۇ پۈتۈن موڭغۇل قوۋمىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ ئۆزى پادىشاھ بولغان. چىڭگىزخان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇلكە قۇلاقچىسىنى كىيىپ، بۆرە جۇۋىسىنى ئۇستىگە تاشلاپ ئىتىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرسا بەئەينى سىرىق يولۋاسنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالاتتىكەن، ھىچكىم باش كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئۇ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن دۇنيانىڭ ئۇستىدە كۆتۈرۈلگەن قارا بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كىلىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق رەقىبىنى سۇپۇرۇپ تاشلىغان. چىڭگىزخان خارەزىم شاھىغا ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتكەندە خارەزىم شاھى چىڭگىزخاننىڭ ئەلچىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن، غەزەپكە كەلگەن چىڭگىزخان نەچچە مىڭ كىشىلىك لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگە ئاتلانغان. ئۇنى خارەزىم شاھىنىڭ زىمىنىغا ئەڭ تىز ئاپىرىدىغان يولمۇ دەل مۇشۇ مۇز داۋان يولى ئىدى.

— سىلى ئاشۇ چىڭگىزخان دىگەن پادىشاھنى نەچچە مىڭ كىشىلىك لەشكىرىنى ئىلىپ مۇشۇ مۇز داۋان بىلەن ماڭغان دىمەكچى بولامدىلا؟ — دەپ سورىدى سەمەت.

— شۇنداق، مۇشۇ مۇز داۋان بىلەن ماڭغان.

— نىمە دەيدىغانلا، ئۆمەر تاغا، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى بولغاندىن كىيىن ئۇلار ھەرقاچان ئىشەككىلىك ماڭمىغاندۇ، ئاتلىق ماڭغاندۇ؟ بىز بۇ تار يولدا بىرقانچە ئۇلاغلىرىمىز بىلەن ئاران يول تىپىپ كىتىپ بارىمىز. پادىشاھنىڭ نەچچە مىڭ لەشكىرى ئاتلىرى بىلەن بۇ يولغا قانداق پاتقاندۇ؟

— سەمەتئاخۇن، شاھنىڭ ئەمرى قىلىچتىن ئىتتىك، — دىدى ئۆمەر مەدداھ، — شاھ بۇيرۇق قىلغانىكەن، لەشكەرلەرنىڭ ماڭماي ئىلاجى يوق.

چىڭگىزخان شۇ قېتىم ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ كىشىلىك لەشكىرىنى بۇ مۇزات داۋىنىدىن ئۆتكۈزۈپ، بۇخارا، سەمەرقەنت، ئىران، ھەتتا ئوروس يەرلىرىگىچە بېسىپ ئۆتۈپ كۇنپېتىشتىكى دېڭىزلارغىچە يېتىپ بارغانىكەن. شۇ چاغدىكى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقتا ئۆلگەن جەسەتلەرنىڭ سېسىقچىلىقىدىن تىنغىلى بولماي قالغان دېيىشىدۇ. تارىخ كىتابلىرىغا يېزىلىشىچە، ئەگەر بىر تۈمەن ئادەم ھالاكەتكە يەتسە بىر مۇزدا قولىنى ئېگىز كۆتۈرىدىكەن؛ ئەگەر ئىككى تۈمەن ئادەم ھالاكەتكە ئۇچرىسا ئىككى ئۆلۈك قولىنى ئېگىز كۆتۈرىدىكەن؛ مۇبادا ئون تۈمەن ئادەم ھالاك بولسا بىر ئۆلۈك ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆرە بولۇپ قالىدىكەن. چىڭگىزخان زامانىسىدا مۇز داۋانىدىكى نەچچە يۈز مۇردا ئۆرە بولۇپ تۇرۇپ كەتكەن، دېيىشىدۇ.

— يا ئاللا! نېمانداق قورقۇنچلۇق گەپلەر بۇ! — دېدى قۇۋان.

— مۇنداق ئۆرە بولۇپ قالغان جەسەتلەر ھازىرمۇ ئۇچرايدۇ، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ئۇ نېمە جەسەتلەر؟

— مۇشۇ يولدا ئۇقۇشماي يېلىڭ، ئاچ مېڭىپ قېلىپ توڭلاپ قالغان بىچارىلەرنىڭ جەسەتلىرى، قارىساڭ تىرىكتەكلا تۇرىدۇ.

— يا ئاللا! نېمە دەيدىغانسىلەر، — دېدى قۇۋان «ئەزمە»، — ھېلىتىنلا ئىچىمگە بىر قورقۇنچ كىرىپ پۇت - قولۇمدا جان قالمايۋاتىدۇ.

— ھەي قۇۋان! — دەپ ۋارقىرىدى ئۆمەر مەدداھ، — ئاللا ئۆزى مۇشكۈللىرىمىزنى ئاسان قىلسا تاغدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قورقۇنچلۇق ئىشلارمۇ ھېچ گەپ ئەمەس. قېنى، ماڭا ئەگىشىپ ئىسمىئەزەمنى ئوقۇ، بۇ ھەرقانداق مۇشكۇلاتقا ئۇچرىغۇچى ئوقۇسا مۇشكۈلىنى ئاسان قىلىدىغان دۇئا...

ئۆمەر مەدداھ دۇئانى ئوقۇۋىدى، قوۋان ئازراقلا ئەگىشىپ ئوقۇپ دۇدۇقلاپ توختاپ قالدى.

— ئەمىسە مەن ساڭا بۇ دۇئانىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرەي، ئەگىشىپ ئوقۇ! ئى ھەممىنى ياراتقۇچى، دىشۋارچىلىقلارنى تۈگەتكۈچى، دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى، سۇنۇق دىللارنى يورۇتقۇچى، يالغۇزلارغا ھەمدەم بولغۇچى، ھەممە سىرلارنى بىلگۈچى، ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك ئاللا، سەندىن بۆلەك ھېچبىر خۇدا يوق. سەن بارلىق ئەيىبلەردىن پاكسەن. مەن سەندىن بىر ئازادىلىكنى، چىقىش يولىنى تىلەيمەن، ئۇنى مېنىڭ دىلىمغا سالغىن... ئىلاھا، مېنىڭ قەلبىمدە سەندىن باشقىنىڭ زىكرى يوق. ئېھ، رەھىم قىلغۇچىلارنىڭ رەھىم قىلغۇچىسى ئاللا، ئۆز رەھمىڭ بىلەن مېنى ئامان ساقلىغىن.

ئىسمىئەزەمنى بىرنەچچەيلەن ئەگىشىپ ئوقۇشتى.

※ ※ ※

چۈشتىن كېيىن يەنە ھاۋا ئاينىپ، ئوسمان ئۇلاغچى ئەنسىرىگەن ئىش بولغىلى تۇردى. قاياقتىندۇر بىر پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇشى بىلەنلا ھېلىقى ئۇچۇق تۇرغان ھاۋا بۇزۇلۇپ، شامال چىقىپ يولۇچىلارنىڭ يۈزىگە ئۇششاق سۇ تامچىلىرىنى پۈركۈدى. بىردەمدىلا

ھاۋا سوۋۇپ، يامغۇر قارغا ئايلىنىپ شىۋىرغان بولغىلى تۇردى.

— ئاخشاملا تامغاتاشتىكى ھاۋانىڭ ئەلپازىغا قاراپ قورقۇپ قالدىم، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ئەتىگەننىڭكىدەك شۇنداق چىرايلىق ئاپتاپ بولۇۋېدى، ئەمدى نېمە گەپ بۇ؟ — دېدى سەمەت.

— تاغنىڭ ھاۋاسى تۇل خوتۇننىڭ چىرايىغا ئوخشايدۇ، دېگەن شۇ! — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — بۇرادەرلەر، بىر - بىرىمىزدىن يىراقلاپ كەتمەي يېقىن ماڭىلى، شامالغىمۇ دال بولىدۇ، بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىنىمۇ بىلىپ ماڭىمىز.

— توۋا! بۇ دېگەن تېخى يازنىڭ ئوتتەك ئىسسىق بولىدىغان كۈنلىرىغۇ؟ تۈنۈگۈنلا ياپيېشىل توقايلىقلارنىڭ يېنى بىلەن مېڭىۋىدۇق. ئەمدى ماۋۇ جۇدۇنني قاراڭلار.

— جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىلىقى بىرلا قەدەم دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟ — دېدى ئۆمەر مەدداھ.

— مېنىڭغۇ ئاشۇ قوغاندىنلا بۇياققا ئۆتكۈم كەلمىگەنىدى، — دەپ ۋايسىغىلى تۇردى ھۆسەن بايۋەچچە، — شۇ ئىلىخو دېگەننى كۆرمىسەم نېمە بوپتىكەن. ئاكام ئۆزى بۇ يىل بولمىسا يەنە بىر يىلى، خۇدا تەقدىر قىلغاندا چوقۇم قالاتتى.

— ئەمىسە نېمىشقا قوغاندىن ئۆتۈپ كەتتىڭلا؟ — دېدى قوۋان.

— مانا شۇ سەمەتئاخۇن مېنى زورلاپ...

— ھازىر قايتىپ كەتسەڭمۇ بولۇۋېرىدۇ ۋەي چىدىماس، — دېدى سەمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



— يا ئاللا، مۇشۇ كۈنده قەشقەرده بولۇۋاتقان ئىسسىق ـ هه! ئەجەب قەدرىگە يەتمەپتىكەنمىز شۇ ئىسسىقنىڭ. ئوردا ئالدىدا دادامنىڭ بىر ئاغىنىسىنىڭ چايخانىسى بولىدىغان، ئىشىكتىن كىرىپ بولغۇچە: «قادىر ‹بىلەي›نىڭ ئەركە بايۋەچچىسى كەلدى» دەپ ساندۇقنى ئېچىپ تازا چىچەكلەپ كەتكەن چايلىرىنى ئېلىپ ئايرىم چاي دەملەپ بېرەتتى. پاھ! بىر چەينەك ئىچىۋالساڭ لەززىتى پۇت ـ قولۇڭنىڭ ئۇچىغىچە بېرىپ يېيىپ بىپنكلا قىلىپ قويىدۇ ـ دە!

— هەي قۇۋان، قېچىرغا قارا،— دەپ ۋارقىرىدى ئۆمەر مەدداھ،— قەشقەرنىڭ گېپى چىقمۇىدى، سېنىڭ خىيالىڭمۇ باشقا ياققا كەتتىمۇ نىمە؟

— بايۋەچچىم راست گەپ قىلدى،— دېدى قۇۋان «ئەزمە»،— شۇ كۈنلەرده قەشقەر دېگەنده بازار قىزىپ كەتتى ـ دە! مانتا، سامسا، ئۆستەڭ بويىنىڭ لەڭمەنلىرىچۇ...

ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ئاخىرىنى شامال نەلەرگىدۇر ئۇچۇرۇپ كەتتى.

— هاي! گەپنى ئاز قىلىپ ئىتتىكرەك ماڭىلى،— دەپ ۋارقىرىدى ئالدىدا كېتىپ بارغان ئوسمان ئۇلاغچى،— دالدا بولغۇدەك بىر يەرگە يېتىۋالايلى، هازىرلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ...

يولۇچىلار ناهايىتى مۇشەققەتتە موملايغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەرده يول ئۇستىده بىر تاش يار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، تاشلارنىڭ ئاراچلىرىدىن قويۇق مومدەك بىر سۈيۈقلۇق ئېقىپ تۇراتتى. بۇ تاش جۇدۇنلۇق كۈنلەرده يولۇچىلارغا ئازراق دالدا بولاتتى. بۇ يەرده

ئىلگىرى بۇ يەردىن ئۆتكەنلەر ئىشلەتكەن كەپسىمان ئۆيلەر بار ئىدى. ئۆينىڭ ئاستىدا قۇرۇق ئوت ـ چۆپ، مەڭگەندەك نەرسىلەر تاشلىنىپ تۇراتتى. جۇدۇن بولۇۋاتقاچقا جاھان تېزلا قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇلاغلارنى دالىدىغا تارتىپ كەپىدىكى ئوت ـ چۆپ ئۈستىگىلا قىيسىيىشتى. قايناق سۇ قاينىتىپ ئىچمەكچى بولۇپ، شۇنچە ھەپىلەشسىمۇ ئوتۇننى تۇتاشتۇرالمىدى.

ــ بولدى، ئۆزۈڭلارنى ئاۋارە قىلماڭلار، ــ دېدى ئۆمەر مەدداھ، ــ ئازراق سۇ بىلەن قۇرۇق ناننى يۇتساق بولار.

ــ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇشۇ خېمىرنى تونۇرغا يېقىپ نان قىلىشنى ئەجەبمۇ ئويلاپ تېپىپتىكەنغۇ، ــ دېدى قۇۋان «ئەزمە»، ــ بولۇپمۇ سەپەردە بەلەن ھەمراھدە بۇ! قۇرۇق غاجاپ، ئازراق سۇنى ئوتلاپ كېتىۋەرسەڭمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ــ راست ئېيتتىڭلار، قۇۋانئاخۇن، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ نان دېگەن سەپەرگىلا يارالغان نېمە، ئۆزۈڭ يېسەڭ ئوزۇق، ئۇلاغقا بەرسەڭ يەم.

ــ پولۇچۇ؟ ــ دېدى سەمەت، ــ ھېلىقى تامغاتاشتا ئېشىپ قالغان پولۇنى بەلگە تۇگۇۋېدۇققۇ؟... يەپ بېقىڭلار، ماۋۇ تاغنىڭ تۆپىسىدە تېخىمۇ شېرىن تېتىيدىكەن.

ــ يا ئاللا! مۇشۇنداق چاغدا قەشقەر ئوردا ئالدىنىڭ قىزىق بىر قاچا ئۈگرىسى بولسا ـ ھە! ــ دەپ ئارمان قىلدى ھۆسەن بايۋەچچە.

ــ ۋاھ، ئۇنى بىر دېمەڭلار، ئۇنىڭ ساۋابىغا ھېچنېمە يەتمەيتتى... دېسەم ـ دېمىسەم، ھەقىچان سىلى ھېلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



دوپپا بازىرىنىڭ ئۆگزىسىنى سېغىنىپ قالدىلىغۇ دەيمەن، بايۋەچچە، — دەپ چىقىشتى قوۋان «ئەزمە».

— گەپ قىلما، — دەپ پىچىرلىدى بايۋەچچە، — ئاشۇ سەن دېگەن دوپپا بازىرىدا بىر چوكان بار، هاردۇق ئېشى ئېتىشكە ئەجەب ئۇستا ئىدى...

يولۇچىلار چاپان – چارىلىرىغا مەھكەم يۆگىنىپ تېزلا ئۇيقۇغا كېتىشتى. هۆسەن بايۋەچچە يېرىم كېچە بولغاندا كىملەرنىڭدۇر قىلىۋاتقان ۋاراڭ – چۇرۇڭىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. يېقىنىلا بىر يەردە بازار بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى... «ياغ يەيسەن، ياغ يەيسەن، ئەركەك قوينىڭ!...» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلار ئوبدانلا ئاڭلىنىۋاتاتتى. «بۇ سامسىپەزنىڭ ئاۋازىمىدىمۇ، گۆشگىردىچىنىڭمۇ؟» دەپ ئويلايتتى هۆسەن بايۋەچچە. ئارقىدىنلا ناۋايلارنىڭ «ئىسسىق نان، شىرمەننان!» دەپ توۋلىغىنى، مانتىپەز ئۇستامنىڭ «بىژزى، ئىككى، ئۈچ، ئون، ئون بەش.. مانا يىگىرمە دانە مانتا!» دەپ سانىغانلىرى ئاڭلاندى. «بۇ ھېلىقى ئۆستەڭ بويىدىكى مانتىپەز سىدىقئاخۇن ئۇستامنىڭ ئاۋازىغۇ؟!» دەپ ھەيران بولدى هۆسەن بايۋەچچە. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سىدىقئاخۇن ئۇستامنىڭ قورساقلىق يوغان بەستى، ئۇنىڭ «يا دوست!» دەپ پۇرقىراپ ھور چىقىۋاتقان قاسقاننى كۆتۈرۈپ، دۇكاننىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چوكانلارغا «يا ئاللا!» دەپ قاراپ قويۇشلىرى كەلگەندەك بولدى. سىدىقئاخۇن ئۇستامنىڭ مانتىسىدىن بەشنى يەپ قويۇپ كەتمەكنىڭ ئۆزى بىر گەپ ئىدى. يىگىرمە مانتىنى بۇيرۇتقان قانداق قارنى يامان نېمىدۇ...

ھوسەن بايۋەچچە ھەرقانداق قىلىپمۇ كۆزىنى ئاچالمايتتى. قاپاقلىرى خۇددى گىرنىڭ تېشىنى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. بىر چاغدا ئۇ ئۆزىنى نەق ھېلىقى ۋاڭ - چۇڭلۇق بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆردى. ئادەملەر تىقىلىشاتتى، قىستىشاتتى، بىر - بىرىنى ئىتتىرىشەتتى. ھوسەن بۇنىڭ قەيەرلىكىنى، قايسى يۇرتنىڭ بازىرى ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمىدى. يول بويىدىكى پىژىلداپ كاۋاپلار پىشۇاتقان كاۋاپدانلاردىن كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلەتتى. بېشىغا ئاپپاق بۆك كىيگەن بىر ئادەم بىر ئېگىشىپ، بىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدىكى قىزىق تونۇرغا پەرمۇدە يېقىۋاتاتتى. ھوسەن دەل شۇ يەردە تونۇرغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغۇدەك، ئۇستام ھوسەنگە قاراپ: «قانچىنى ئالىلا؟» دەپ سوراپتۇدەك. «ھەممىنى ئالىمەن» دەپتۇدەك ھوسەن. «نېمىگە ئالىلا؟» دەپ سوراپتۇ ئۇستام. «قويۇنغىلا سالىمەن» دەپتۇ ھوسەن. «ئۇكام، بۇ قىزىق پەرمۇدىنى قانداق قويۇنغا سالغىلى بولىدۇ، كۆيۈپ قالىلا» دەپ كۈلۈپتۇدەك، ھوسەن: «كۆيمەيدۇ، مۇز داۋانغىلا ئېلىپ كېتىمەن» دەۋاتقۇدەك... «مۇز داۋانغا؟!— دەپ ھوسەنگە قاراپ ھەيرانلا قاپتۇ ئۇستام،— ئەمسە قويۇنلىرىنى ئاچسىلا...»

ھوسەن بايۋەچچە بىر چاغدا ناھايىتى تەستە كۆزىنى ئاچتى. ئەتراپ قارنىڭ يورۇقى بىلەن ئاپپاق يورۇپ تۇراتتى. بايۋەچچە كۆزىنى ئېچىشى بىلەنلا بايىقى بازارنىڭ ۋاڭ - چۇڭى غايىب بولدى. شىۋىرغان پەسەيگەن بولۇپ، ئۇششاق يىرىك قار شىرىلداپ چۈشۈۋاتاتتى. ياتىدىغان يەر شۇنچە بىئەپ بولسىمۇ، ھاردۇق يەتكەچكە باشقىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ناھايىتى شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئۇلاغلارمۇ نېمىلەرنىدۇر كۆشەپ يېيىشىپ پۇشۇلدىشاتتى... ھۇسەن بايۋەچچە كۆزىنى يۇمۇشى بىلەنلا بايىقى ئاۋازلار يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. «ياغدا ئەتتىم، ياغدا ئەتتىم!... ياغ يەپ يالىڭاچ يات ئوغۇل بالا!...» ھۇسەن بايۋەچچە يەنە كۆزىنى ئېچىۋىدى، قارنىڭ شىرىلداپ چۈشۈشى، ئۇلاغلارنىڭ پۇشۇلدىشىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىدى... شۇنداق قىلىپ بايۋەچچە ئۆزىنىڭ قايسى چاغدا ئۇيقۇغا كەتكىنىنى بىلمەي قالدى...

ئەتىسى يەنە ھاۋا ئېچىلىپ ئەتراپ چىرايلىق يورۇپ كەتكەنىدى. يولۇچىلار بىر ئامال قىلىپ ئوت تۇتاشتۇرۇپ چاي قاينىتىپ ئىچىشتى. قىزىق چاي ئۇلارنىڭ بەدەنلىرىنى ئىللىتىپ روھىنى كۆتۈردى. ئۇلاغلارغىمۇ يەم - خەشەك بېرىلدى.

— ھوي بۇرادەرلەر، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ كېچە مۇشۇ ئەتراپتا تازا بازار بولۇپ چىقتى، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە.

— نېمە بازار؟ — دېيىشتى سەمەت بىلەن قۇۋان ھېچنېمىنى چۈشەنمەي.

— سەمەتئاخۇن، سىلىغۇ باشنى يەرگە بىرلا قويساڭلا ھېچنېمىنى تۇيماي دۈمدەك خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كېتىدىكەنسىلەر، كېچىچە مۇشۇ ئەتراپتا قەشقەرنىڭ بازارلىرىدىن قېلىشمايدىغان بازار بولۇپ چىقتى.

— چۈش كۆرۈپسىلەدە؟

— چۈشمىكىن دېسەم ئۆزۈم ئويغاق، كۆزۈمنى يۇمسامىلا ئەتراپىمدا «ئەركەك قوينىڭ... ياغ يەپ يالىڭاچ يات!» دېگەن ئاۋاز... كۆزۈمنى ئاچسامىلا ھېلىقى ئاۋازلار

يوقاپ كېتىدۇ؛ يەنە كۆزۈمنى يۇمسام يەنە شۇ «ياغ يەيسەن!»، «شىرمەننان!» دېگەنگە تۇرۇپ بولمايدۇ. شۇنچە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى ھېچقايسىڭلار ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟

ــ بىز ھېچنېمە ئاڭلىمىدۇقا،ــ دېدى قوۋان.

ــ بۇ قىزىق گەپقۇ،ــ دېدى سەمەت.

ھۇسەن بايۋەچچىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئوسمان ئۇلاغچى كۇلۇپ كەتتى.

ــ ۋاي بايۋەچچە،ــ دېدى ئۇ،ــ ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپ ئورنىڭلىدىن تۇرۇپ بازارنى ئىزدەپ كېتىپ قالماپسىلەر، مۇز داۋاندا مۇشۇنداق خىلمۇخىل غەيرىي ئاۋازلار ئاڭلىنىدىغان ئىش بار، ئېزىتقۇ دېگەن شۇ. قورساقنىڭ ئاچلىقىدا «ياغ يەيسەن!»، «شېكەر يەيسەن!» دەپ ۋارقىراۋاتقان يەرنى ئىزدەپ كېتىپ قىلىپ، ئۇيقۇلۇقتا ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەنلەرمۇ ئاز ئەمەس.

ــ شۇنداقمۇ ئىش بارمۇ؟ــ دەپ ھەيران بولدى سەمەت.

ــ يا ئاللا!ــ دېدى قوۋان «ئەزمە»،ــ تۈنۈگۈن ھەممىمىزنىڭ ئۇستازغا ئەگىشىپ ئىسمىئەزەمنى بىر ئوقۇۋەتكىنىمىز جاھان ئىش بوپتىكەن ـ دە.

ــ بۇ ئېزىتقۇ دېگەن غەلىتە نېمە، ياش ۋاقتىمدا...ــ دەپ گەپ باشلىدى ئۆمەر مەدداھ.

سەمەت ئۆمەر مەدداھقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى. ئۇنىڭغا ئۆمەر مەدداھنىڭ «ياش ۋاقتىمدا» دېگەن سۆزى غەلىتە تۇيۇلغاندى.

ــ توۋا! نېمە دەيدىغانلا، ئۆمەر ئۇستاز،ــ دېدى ئۇ،ــ سىلىنىڭمۇ ياش چاغلىرى بولغانمۇ؟!

ــ سەن مېنى شەھەرنىڭ كوچىلىرىغا ئاسماندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇشۇنداق ئۇزۇن چاپاننى كىيىپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى بىلەنلا چۇشۇپ قالغان، دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ــ دېدى ئۆمەر مەدداھ كۈلۈپ،ــ مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا سىلەرگە ئوخشاش ئۇرۇش ـ جېدەلنى يولغا سېتىۋالىدىغان قورقۇمسىز بىر ئادەم ئىدىم... بىر كۈنى مەھەللىمىزدە بىر پېرە بولدى. ئەيتاۋۇر ئۇ چاغلاردا «پالانى يەردە پېرە بولىدىكەن» دېسە قىزىقچىلىق كۆرىمىز، دەپ نە ـ نەلەرگە كېتىپ قالاتتۇق. بىر كۈنى پېرىدىن تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا قايتتۇق، مەن بىلەن پېرە كۆرگىلى بارغانلار بىر ـ بىرلەپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ ئاخىرىدا ئۆزۈم يالغۇز قالدىم، يەر ـ جاھان قاپقاراڭغۇ، ئاسماندا يۇلتۇزلار پىلىلداپ تۇرىدۇ، تۇيۇقسىز ئالدىمدا قارا بىرنەرسە پەيدا بولۇپ قالدى. «كىمسەن؟» دەپ ۋارقىرىدىم. «ۋىيەي، سىلى بولسىلىمۇ ئۇچراپ قالدىلا، غوجام، بۇ يولدا يالغۇز قانداق ماڭارمەن، دەپ بەك قورقاندىم...» دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋازى شۇنچە سۆزۈك، مۇلايىم، قارىغاندا ياش بىر چوكاندەك قىلاتتى. «خېنىم، بۇ قاراڭغۇ كېچىدە يالغۇز نەگە ماڭغانتىلا؟» دەپ سورىدىم. «يۇقىرىقى مەھەللىگە ئانامنىڭكىگە بارغان. ئانام ئۆيدە يوق، قايتىپ كېتىۋاتىمەن»، دېدى. «بۇ كىمنىڭ ئايالى بولغىيتتى؟ ئېرى بارمۇ، يوق؟... ئېرى يوق بىر خوتۇن بىلەن بۇ قاراڭغۇ كېچىدە بىللە ماڭسام دۇرۇس بولماس...» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. «خېنىم، سىلى كىمنىڭ ئايالى، ئۆي نەدە؟» دەپ سورىدىم...

ئۆمەر مەدداھنىڭ سۆزى شۇ يەرگە كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەلى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىرنەچچەيلەن ئۇلاغلىرىنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى جاراڭلىتىپ يېتىپ

كەلدى. ئالدىدىكى يول تار بولغاچقا ئوسمان ئۇلاغچى باياتىن بىرى ئاشۇ يولۇچىلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يول قانداق؟ — دەپ سوراشتى ئىككى تەرەپتىكىلەر بىر - بىرىدىن.

— بۈگۈن ھاۋا ياخشى، خۇدا بۇيرۇسا يولۇڭلار ئوڭۇشلۇق بولىدۇ.

— داۋاندا ئادەم بارمۇ؟

— داۋانچىلار بار.

ئوسمان ئۇلاغچىدىن باشقىلار ئۆمەر مەدداھ ھېلى باشلىغان ئېزىتقۇنىڭ ھېكايىسىگە ئوبدانلا قىزىققانىدى. ئۇلار: «ھە، ئاندىن كېيىن قانداق بولدى؟» دەپ سورىماقچى ئىدى. ئەپلىك پۇرسەت بولمىدى. ئەمدىكى يول ئۇلاغلارنى يېتىلەپ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ماڭىدىغان تار يول ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئون توققۇزىنچى باب

## پەللەك

ئەمدىلىكتە يولۇچىلىرىمىز ئەينەكتەك كۆپكۆك مۇز ئۈستىدىلا كېتىپ باراتتى. ئادەممۇ، ئۇلاغلارمۇ ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئۇششاق قەدەم ئالاتتى. تۆت ئەتراپ ئاپپاق قار، كۆپكۆك مۇز، گويا كىشىگە كىمدۇر بىرى ئەپسۇن ئوقۇپ پۈتۈن تاغۇتاش، چوققۇر ھاڭلارنى مۇز ئىچىدە قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئەتراپىمىزدا ئويۇلۇپ چۈشۈپ ھاسىل بولغان ئۆڭكۈرلەر، نەق بېشىمىزنىڭ ئۈستىدە ھېلىلا غۇلاپ چۈشىدىغان ھالەتتە ساڭگىلاپ تۇرغان مۇز پارچىلىرى كىشىگە دەھشەت سالاتتى. بىردەمدىلا ھاۋا نەملىشىپ تاغ ئارىسىنى تۇمان بېسىپ كەتتى. مۇبادا بىز تاغ ئېتىكىدە بولسىقىز بۇ تۇمان سىزگە تاغ چوققىلىرىدىكى بۇلۇت بولۇپ كۆرۈنگەن بولاتتى. دېمەككى، شۇ تاپتا يولۇچىلار بىلەن ئۇلاغلار بۇلۇت ئارىلاپ ئۆزۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئوسمان ئۇلاغچى ھەممىنىڭ ئالدىدا يولغا زەن قويۇپ قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئەنە شۇنداق تۇمانلىق ھاۋادا بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلارنى ئىزىپ قالمىسۇن دەپ، ئىلگىرى بۇ يولدىن ئۆتكەن كارۋانلار يولنىڭ ئۇ يەر — بۇ يەردىكى ئەگىلىشلىرىگە بەلگە سېلىپ قويغانىدى.

قانداقتۇر بىر يوغان تاش ئۈستىدە توختاپ قالغان مۇز پارچىسى ياكى مۇز پارچىسى ئۈستىدە تۇرۇپ قالغان غايەت زور تاشلار، مۇز پارچىلىرىنى دۆۋىلەپ ھەر خىل شەكىللەرگە كەلتۈرۈپ قويغان شەرتلىك بەلگىلەر، كىمدۇر بىرىنىڭ خادا تاش ئۈستىگە كىيدۈرۈپ قويۇپ كەتكەن ئەسكى چاپىنى... بۇلارنى پەقەت مۇشۇ يوللاردا مېڭىپ يۈرگەن تەجرىبىلىك ئۆتكۈنچى بايقىمىسا ئادەتتىكى ئادەم ئىبرەتشىمەي ئۆتۈپ كېتىپ قالاتتى. ئۆز يۇرتىدىن ئۇقۇشماي يىلىڭلا يولغا چىقىپ قالغان قانچىلىغان مۇساپىرلار مانا مۇشۇ يەرلەردە توڭلاپ قالغان، يول بىلمەيدىغان قانچە گۆدەكلەر مانا مۇشۇ يەرلەردە ئېزىپ كەتكەنىدى.

ئىلىغا چۈشۈپ كەتتى،
يول بىلمەيدىغان باللار....

دېگەن ناخشىلار شۇنىڭدىن قالغانىدى. بۇ يەردە غايىب بولغان يېتىمچىلەرنىڭ ئانىلىرى ئىلىغا كەتكەن باللىرىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي بىر ئۆمۈر كۆزى ياش بىلەن ئۆتەتتى...

تۆۋەندە يەر كۆكۆچ ئىس ئىچىدە تەۋرەنگەندەك قىلاتتى. يۇقىرىدا تېخى ئىنسانلارنىڭ ئايىغى تەگمىگەن چوققىلار تىككىدە كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. قايسىبىر قارلىق چوققا ياكى قىيا تاشلار ھېلى يولۇچىلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولسا، بىردەمدە سول تەرىپىگە ئۆتۈپ قالاتتى، بۇ — يولۇچىلارنىڭ ئايلانما يول بىلەن چوققىغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقىنىنى بىلدۈرەتتى. كىشىگە دەھشەت سېلىپ

www.uyghurkitap.com



تۇرغان شۇ مۇزلۇقلار تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتىكىگە گۈلدۈرلەپ ئېقىپ بارىدىغان نۇرغۇن ئېقىنلارنىڭ تەبىئىي سۇ ئامبىرى ئىدى. مۇزات دەرياسىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى تولىمۇ يىراقتا، مۇزلۇقلارنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدىن غۇۋا ئاڭلىناتتى.

گەرچە مۇز داۋاننىڭ مۇزلىرى تۆۋەنلەپ، داۋاننىڭ ئەلپازى نەچچە ئەسىرلەرنىڭ ئالدىدا بۇ يەردىن ئۆتكەن سەيياھلارنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك ئانچە قورقۇنچلۇق بولماي قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ خەتەرلىك يول، چوڭقۇر جىرا، تىك قىيالىرى ھېلىمۇ يولۇچىنىڭ يۈرىكىنى دۈپۈلدىتەتتى. ئوسمان ئۇلاغچىنى ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلار ئىختىيارسىز ئىچىدە «مۇزات غوجام، مۇزات غوجام!» دەپ تەكرارلايتتى. قورقۇنچقا چۈشكەنسېرى ئاۋازى قاتتىق چىقاتتى. تۆمەر مەدداھ بولسا ئۆز ــ ئۆزىگە: «ھەممە نەرسىنىڭ غوجىسى ياراتقان ئىگەم!» دەپ پىچىرلايتتى.

بىر چاغدا يۇقىرى تەرەپتىن كىملەرنىڭدۇ ۋاراڭ ــ چۇرۇڭى ئاڭلانغاندەك بولدى. ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ باشلىرىنى كۆتۈرۈشتى.

ــ پەللەككە يېقىنلاپ قالدۇق! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان ئۇلاغچى چۈشەندۈرۈپ، ــ يۇقىرىدا داۋانچىلار مۇز چېپىۋاتىدۇ.

راست دېگەندەك، تۆمۈر ئەسۋابلارنىڭ بىر ــ بىرىگە تېگىپ جاراڭلىشىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ، ئاستا ــ ئاستا مۇز چوقۇۋاتقانلارنىڭ قارىسى كۆرۈندى. بۇ يەردە ھەر كۈنى دېگۈدەك داۋاننىڭ مۇزىنى چوقۇپ، پەلەمپەيلەرنى ياساپ تۇرىدىغان داۋانچىلار بار ئىدى.

كۆندۈزى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە ئەتراپتىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان سۇلار يولغا ئېقىپ چىقاتتى؛ كۈن غەربكە سەللە قىيسىيشى بىلەن ھاۋا سوۋۇپ بايىقى سۇلار مۇز بولۇپ قاتاتتى. ئەگەر بۇ يەرنىڭ مۇزنى مۇشۇنداق ھەر دائىم چاناپ تۇرمىغاندا، مۇز ئۆسۈپ يوللار توسۇلۇپ قالاتتى.

مۇز داۋان ئۈستىدىكى بۇ داۋان چاپىدىغان كىشىلەر ئىچىدە ھۆكۈمەت مەخسۇس داۋان چېپىشقا قويغان داۋانچىلار، جىنايىتىنى يۇيۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە پالانغان بەزى جىنايەتچىلەر، تىرىكچىلىك ئىزدەپ كېلىپ توختاپ قالغان بەزى ئىشلەمچىلەر دېگەندەك خىلمۇخىل ئادەملەر بار ئىدى. ھەممىسىلا ۋۇجۇدىدىن باتۇرلۇقى، قاراملىقى تەپچىپ تۇرىدىغان، سوغۇقتىن چىرايلىرى قارىداپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن مۇساپىرلار ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر زامانلاردا بۇ يەردە كۆچە يېقىپ، ئىسرىق سېلىپ جىن ـ شاياتۇنلارنى قاچۇرىدىغان پىرىخونلارمۇ تۇرغانىكەن، مۇز داۋان قار ـ بوران ئۇشقىرتىپ، بالا ـ قازا كۆپ سادىر بولىدىغان يەر بولغاچقا، شۇ چاغلاردىكى ھۆكۈمەتلەر بۇ ھادىسىنى جىن ـ شاياتۇنلارنىڭ قۇترىشىدىن بولغان دەپ قاراپ، داۋانغا شۇنداق پىرىخونلارنى ئەۋەتەتتىكەن. پىرە قىلىدىغان چوڭ باخشىلارنىڭ مەخسۇس داپ ـ دۇمباق، كانايلىرىنى چېلىپ بېرىدىغان نەغمىچىلىرى، دۇرۇت ئوقۇپ، ئاۋۇپ بېرىدىغان چۇقانچىلىرى بولاتتىكەن. پىرىخونلار داۋان ئۈستىگە تۇغ قاداپ، يۇزىگە ھەر خىل نىقابلارنى تارتىپ ساما سېلىپ پىرقىراپ، ھۆركىرەپ نەرە تارتىپ خىرىس قىلىپ جىن ـ شاياتۇنلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



قاچۇرىدىكەن. ئۇنىڭغىمۇ بولماي كەتسە مۇزلۇقتىكى تىگى يوق ھاڭغا بىر ـ ئىككى جىنايەتچىنى تىرىكلا تاشلاپ قۇربانلىق قىلىدىكەن.

تارىختىن بىرى بۇ يەردە تۇرۇپ مۇز چاپىدىغان داۋانچىلارغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەلۇم خىراجەت بەلگىلىنىپ كەلگەننىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇلارغا قاراشلىق چولىسى تەگمىگەن چاغلاردا داۋانچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلار ئىختىيار قىلىپ بەرگەن ھەق بىلەن كۈننى ئېلىپ كەلگەننىدى. بۇ يەردىن ئۆتكەن يولۇچىلاردا «كىمكى مۇز داۋاندىن داۋانچىلارنى رازى قىلماي ئۆتۈپ كەتمەكچى بولسا ئۇنى بىر پالاكەت باسىدۇ» دېگەن ئەقىدە بار ئىدى. شۇڭا، داۋانغا يەتمەستىنلا ھەربىر كارۋان بېشى داۋانچىلارغا ئاتىغان نەرسىلەرنى ئايرىم راسلاپ قويۇشاتتى. پۇلدىنمۇ كۆرە داۋانچىلارغا لازىمى ئوزۇق ـ تۈلۈك، كىيىم ـ كېچەك، ماتا ـ بوز، يەل ـ يېمىش دېگەندەك نەرسىلەر ئىدى.

ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ ئادەملىرى پەللەككە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا يۇقىرىدىن ئۈچ ـ تۆت داۋانچى چۈشۈپ كەلدى. ئۇلاغلار پەلەمپەي شەكلىدە ياسالغان ھەربىر پەللىگە چىققاندا ئازراق دەم ئالاتتى. بىر يىللىرى مۇنداق پەلەمپەيلەردىن بىر يۈز ئەللىك ئەتراپىدا پەلەمپەي بولغانىكەن. ھازىرمۇ سەكسەنگە يېقىن پەللەك بار ئىدى. ناھايىتى دىققەت قىلمىغاندا بىر تەرەپتىكى ھاڭغا غۇلاپ كېتىش خەۋپى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەردە ئات ـ ئۇلاغلارنىڭمۇ كۆزىگە ياش كېلىپ، شاش ئۇلاغلارمۇ ياۋاشلاپ كېتەتتى. ئادەملەرمۇ جىددىيلەشكىنىدىن سوغۇق تەرگە چۆمەتتى.

— قېنى، قېنى، ھە، ماۋۇ ئېشەكنى يۆلەڭلەر... ھاي ئۇكام، سەن ئېشەكنىڭ بېشىغا ئىگە بول.

— ئاۋۇ قېچىر كىمنىڭ؟ ئۇنىڭ چۇلۋۇرىنى بوش قويۇۋېتىڭلار.

— ھە مۇ، ھە!...

ھەربىر ئۇلاغنى بىرسى بېشىدىن تارتىپ، بىرنەچچەيلەن ئارقىدىن ئىتتىرىپ يۇقىرىغا چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. يولدىن كۆز ئۈزۈپ ئەتراپىغا قارىمىغانىنىڭ ئۆزى ياخشى ئىدى. بىر تەرەپ تىك يار، يەنە بىر تەرەپ چوڭقۇر ھاڭ، يولنىڭ ئالدى – كەينى مۇز ئىدى. قايسىبىر مۇز يېرىقلىرىدا قىسىلىپ قالغان ئات – ئۇلاغلارنىڭ ئۆلۈكلىرى، ئادەم جەسىتى كۆزگە تاشلىناتتى. بۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن جەسەتلەر ئۈزۈن يىللارغىچە چىرىماي، سوغۇقنىڭ كۈچى بىلەن شۇ پېتى تۇرۇپ قالاتتى. بۇ يەردە «يا ئاللا، خۇداغا ئامانەت!» دېگەن سۆز كىشىنىڭ ئاغزىدىن ئىختىيارسىز چىقاتتى. ئوسمان ئۇلاغچى دەممۇدەم:

— ئەتراپقا قارىماي يولۇڭلارغا قاراڭلار، يولۇڭلارغا!— دەپ ۋارقىراپ تۇردى.

كۈتۈلمىگەن ھادىسە پەللەكىنىڭ يېرىمىدىن ئۆتۈپ بولغاندا يۈز بەردى. ئۆمەر مەدداھنىڭ قېچىرىنى قوۋان «ئەزمە» ئالدىغا ئۆتۈپ چۇلۋۇرىدىن تارتىپ، داۋانچىلار ئارقىسىدىن ئىتتىرىپ ئەمدىلا يەنە بىر پەللەككە چىقىرىپ تۇرۇشاتتى. گويا ئادەملەرنىڭ قۇلىقى يېنىدا چاقماق چاققاندەك بىرنەرسىنىڭ دەھشەتلىك قاراسلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى – دە، ئارقىدىنلا يۇقىرىدىن ئاجراپ چۈشكەن يوغان بىر مۇز پارچىسى گۈلدۈرلىگەن پېتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يولۇچىلار يېنىدىن دومىلاپ ئۆتۈپ كەتتى. سىلكىنىشتىن بىللە كۆچكەن قار پارچىلىرى ئەتراپنى تۇتەككە كۆمدى. ھەممە ئۆز ئورنىدا قاقىقانداك تۇرۇپلا قېلىشتى. «مۇزات غوجام، مۇزات غوجام!» دەپ تەكرارلاۋاتقان يولۇچىلارنىڭمۇ تىلى گەپكە كەلمەي قالغانىدى. تۇتەك تارقاپ، ئادەملەر بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرگۈدەك بولغاندا قورقۇنچ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— نېمە... نېمە... نېمە بولدى؟

— ھاي ـ ھاي، بۇرادەرلەر، ھەممىڭلار ساقمۇسىلەر؟ — دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى بىر داۋانچى، — مۇز يېرىلدى!

شۇ چاغدا قوۋان «ئەزمە»نىڭ يىغا ئاۋازى تاغ ئىچىنى بىر ئالدى.

— ئۆمەر ئۇستاز، ئۇستاز قېنى؟

ئادەملەر ئەتراپىغا قاراپ ئۆمەر مەدداھنىڭ قېچىرى بىلەنلا غايىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىشتى.

— ۋاي ئۇستازىم! ۋاي ئۆمەر غوجام! ئەمدى مەن سىلىدىن ئايرىلىپ قانداقمۇ قىلارمەن...

بايامقى گۈلدۈرلەش كىشىلەرگە يىراق بىر يەردە — جىرانىڭ چوڭقۇرلۇقىدا قايتا ئەكس ئېتىۋاتقاندەك تەسىر بېرەتتى.

— قېنى، قېنى، يولدا تۇرۇۋالماڭلار، قېرىنداشلار، بۇ يەر بەك يامان يەر، خۇدايىم ساق قالغانلارنىڭ ئامانچىلىقىنى بەرسۇن، ماڭىلى، ماڭىلى، مېڭىپ تۇرايلى، — دەپ ۋارقىراشتى داۋانچىلار.

قوۋان «ئەزمە» ھېلىقى ۋەقە سادىر بولغان پەللەكتە مىدىرلىماي تۇراتتى. ئۇ ھېلىلا يېنىدا تۇرغان ئۆمەر

مەدداھ بىلەن ئۇنىڭ قىچىرىنىڭ تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كەتكىنىگە زادىلا ئۆزىنى ئىشەندۇرەلمەيۋاتاتتى.

— بولدى، گاغىنە، — دەپ قوۋاننىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلىدى بىر داۋانچى كېلىپ، — كۆزۈڭنىڭ سۇيىنى ئېقىتىۋەرمەي ئۆزۈڭگە سەۋر بەر، ئىلىخودىن كېلىۋاتاتتىڭمۇ، ئىلىخوغا كېتىپ باراتتىڭمۇ؟...

قوۋان ھە دەپ تۆۋەندىكى چوڭقۇر جىرا تەرەپكە بويۇندايتتى.

— ئالدىراتمىغىنە، ئاكاۋۇي، — دېدى سەمەت قوۋانغا گەپ قىلغان داۋانچىغا قاراپ، — قاراپ تۇرۇپ بىز مەيەردە يوغانلا بىر ئادەمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىمىز... قېنى، ئارغامچا بارمۇ؟ بېلىمگە باغلاڭلار، مەن چۈشۈپ ئىزدەپ باقاي.

— نەگە چۈشۈپ ئىزدەپ باقماقچى؟

— ئەمىسە ھېلىلا ئارىمىزدا تىرىك تۇرغان بىر جاننى مۇشۇ يەردە تاشلاپ كەتسەك بولامتى؟

— ھوي، سىلى بۇ يەردىن چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنى ساق قالىدۇ، دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ پارە ـ پارە بولۇپ ھېچنېمىسى قالمىدى، خۇدا ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قوۋان «ئەزمە» باشقىدىن يىغىنى باشلىدى:

— ۋاي غوجام! جىمى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسمىنى بىلىدىغان غوجام.... ۋاي ئوقۇمۇشلۇق غوجام...!

— ئەستا، ئەجەبمۇ گەپچى ئادەم ئىدى! — دەپ تېپىرلاپ يۇرەتتى ھۇسەن بايۋەچچە.

— ھاي ـ ھاي، ئىنىلىرىم، بولدى قىلىڭلار! — دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋارقىرىدى ياشتا چوڭراق يەنە بىر داۋانچى، ــ بۇ يەردە ئۆلگەن ئادەم جەڭدە ئوق تەگكەن، سۆدا ئېقىپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشاشلا شېھىت كېتىدۇ.. بولدى قىلىڭلار... يول ئۈستىدە تورۇۋالماڭلار، بۇ خەتەرلىك يەر... خۇدا قالغانلارغا ئامانچىلىق بەرسۇن!

داۋانچىلار ئۈچۈن مۇنداق ئۆلۈم ــ يېتىم بوگۇن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن، كۈن ئارىلاپ بولۇپلا تۇرىدىغان ئادەتتىكى بىر ۋەقە ئىدى.

ــ قېنى، ماڭىلى، ماڭىلى، ــ دەپ ئالدىرايتتى ئوسمان ئۇلاغچىمۇ، ــ تېخى پەللەكلەردىن ئۆتۈپ بولالمىدۇق، ھېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ.

ــ ئەستاغپۇرۇللا! ــ دېدى سەمەت، ــ ھېچبولمىغاندا ئۇستازنىڭ جەسىتىنى بولسىمۇ تېپىپ چىقىپ، ئۆز قولىمىز بىلەن بىر يەرگە دەپنە قىلساق بولمامدۇ؟!

ــ رەھمەتلىكنىڭ جەسىتىنى تېپىپ چىققان بىلەنمۇ بۇ مۇز داۋاننىڭ ئىچىدە نەگىچە كۆتۈرۈپ بارىمىز؟ نەگە ئاپىرىپ دەپنە قىلىمىز، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ قويۇۋېتىڭلار، ھەممە يەر ئوخشاش خۇدانىڭ زېمىنى، ئۇ ئادەمنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى دەپنە قىلىپ بولدى.

يولۇچىلار قوزغالدى. قۇۋان توختىماي ئۇن سېلىپ يىغلاپ ماڭماقتا ئىدى:

ــ شېھىت كەتكەن غوجام... پاناھىم غوجام، سىلىنىڭ ئورنىلىرىدا مەن ئۆلۈپ كەتسەم بولمامتى غوجام...

ئۇلاغلارنى پەللەكتىن ئۆتكۈزۈۋېلىپ بىرىنچى بىر داۋانچى يېنىدىكى ھۆسەن بايۋەچچىدىن سورىدى:

ــ ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم ئاۋۇ يىغلاۋاتقان يېتىمنىڭ دادىسى ئوخشىمامدا؟

ــ دادىسى ئەمەس، ئۇستازى.

ــ ئەمىسە ئۇ چوڭ ئۆلىما ئادەمتىكەندە؟

ــ ئۆمەر مەدداھ، دەپ ئاڭلىغانما؟

ــ ئاڭلىماپتىكەنمەن.

ــ قەشقەردىن تارتىپ تاكى ئىلىخوغىچە ھەممە يەردە داڭقى بار ئادەم ئىدى. قەشقەردىن مۇشۇ يەرگىچە قىزىق ـ قىزىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ ھەممىمىزنى زېرىكتۇرمىگەن...

※ ※ ※

ئۆمەر مەدداھ ئۆلگەندىن كېيىن يولۇچىلار ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەللەكلەرنى ئۇن ـ تىنسىز دىققەت بىلەن بېسىپ، ناھايىتى مۇشكۇلچىلىكتە قۇمكۆلگە يېتىپ كەلدى.

يولۇچىلار قۇمكۆلگە يېتىپ كېلىپ ھەيران بولۇشتى. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئەتراپ چەكسىز مۇز دۇنياسى، بۇ يەرگە بولسا نەلەردىندۇر كەلگەن نۇرغۇن قۇم يىغىلىپ قالغانىدى. قاتتىق شامال بولغان كۈنلىرى بۇ قۇم ئەتراپقا توزۇپ خېلى يىراقلاردىن كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭمۇ كۆزىنى ئاچۇرمايتتى. قۇملار بۇ يەردە شامالدا پىرقىراپ كۆلگە ئوخشاش دۇگىلەك بىر دائىرە ھاسىل قىلغاچقا كىشىلەر بۇ يەرنى «قۇمكۆل» دەپ ئاتىغانىدى. بۇنىڭدىن نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى شۇ زاماننىڭ ھۆكۈمەتلىرى مۇز داۋان يولىدىن پايدىلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆچۈن داۋان پەلەمپەيلىرىنى چېپىشقا تۆۋەندە تامغاتاشتا، يۇقىرىدا مۇشۇ قۇمكۆلدە نەچچە ئون ئۆيلۈك داۋانچىلارنى توختاتقانىكەن. هازىر بۇ يەردە داۋانچىلار تۈرمىسىمۇ، يولۇچىلار ئۇياق - بۇياقتا ئۆتكەندە پاناهلىنىدىغان تاشلاندۇق ئۆيلەر بار ئىدى. ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ سەپەرداشلىرىمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ «ئۇھ» دېيىشتى. ئۇلاغلارغا يەم - خەشەك تۆكۈپ، تۆشباغلىرىنى بوشىتىشتى. ئۇلار ئۆز ئىشلىرىنى ئۈنچىقماي قىلىشاتتى. ئارىنى ئېغىر سۈكۈت باسقان بولۇپ، ئۆمەر مەدداھنىڭ ئۆلۈمىدىن ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم ئىدى. ھەممە جىمجىتلىقنى بۇزىدىغان، سۈكۈتكە خاتىمە بېرىدىغان، ئىچ پۇشۇقلىرىنى ئوتتۇرىدىن كۆتۈرۈۋېتەلەيدىغان، ئۇزۇن، مۇشكۇل يوللارنى گەپ - سۆزلىرى بىلەن قىسقارتقان بىر ئاجايىپ ئادەم ئارىدىن كەتكەنىدى. ئۇلار ئۆزلىرى داۋاننىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ بىر قىممەتلىك نەرسىسى داۋان ئۈستىدە ئۇنتۇلۇپ قالغاندەك، تارىختىكى قىزىق ۋەقەلەر، ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەر توغرىسىدىكى بىر ياخشى كىتاب ئوقۇلۇپ تۈگىمەيلا يېپىلىپ كەتكەندەك تۇيغۇدا ئىدى.

تاملىرىنى شامال يالاپ نېپىزلىتىۋەتكەن كونا بىر ئۆينىڭ ئىچىدە قارىداپ كەتكەن تاشلاندۇق بىر ئوچاق تۇراتتى. ھۇسەن يولدا ئېلىۋالغان بىر قۇچاق قۇرۇق ئوتۇننى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئوچاق يېنىغا تاشلىدى. ئوسمان ئۇلاغچى قازان ئېسىپ، نەم بولۇپ كەتمىسۇن، دەپ نەلەرگىدۇر تىقىپ قويغان گۈگۈرتنى چىقىرىپ ئوت ياقتى. سەمەت بىر ئېتەك ئاپپاق قارنى ئېلىپ

كىرىپ قازانغا تۆكتى. ئۇلار قار سۈيىگىلا ئۇماچ چېلىشتى. كېيىنكى يوللارنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىسسىقراق بىرنېمە ئىچىپ ماغدۇرغا كېلىۋېلىشى لازىم ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنچىقماي تاماق يېيىشتى. ئاخىرىدا ئوسمان ئۇلاغچى قولىنى كۆتۈرۈپ ئۆمەر مەدداھنىڭ روھىغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلدى. قۇۋان ھېلىغىچە يىغلىۋېتەيلا دەپ ئۇمچىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۆمەر مەدداھنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىشى ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

ـــ ھە، مەن ئەمدى بىلدىم، ـــ دېدى ھۈسەن بايۋەچچە ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

ـــ نېمىنى بىلدىڭلا؟ ـــ دەپ سورىدى سەمەت.

ـــ ھېلىقى قوغاندىكى رەمچىنىڭ گېپى راست چىقتى.

ـــ رەمچى نېمە دېگەنتى؟

ـــ رەمچى ماڭا رەم ئېچىپلا چىرايىمغا قاراپ، «قەشقەردىن مىنىپ چىققان قېچىرىڭ قېنى؟» دەپ سورىغانىدى.

ـــ ھۈسەن، نېمانداق يالغان گەپ قىلىسەن؟ ـــ دەپ خاپا بولدى سەمەت، ـــ ئۆتكەندە رەمچى: «مېنىپ كەلگەن ئېتىڭ قېنى؟» دەپ سورىدى دەۋاتمامتىڭ؟!

ـــ مەن رەمچى دېگەن گەپنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايمەن، سىلگە نېمە دېگىنىممۇ ئېسىمدە يوق... ھازىر خىيال قىلسام، رەمچى باشتا مەندىن: «مىنىپ كەلگەن قېچىرىڭ قېنى؟» دەپ سورىغان. مەن ئۇ قېچىرنى ئاقسۇدا سەمەتئاخۇننىڭ ئېتىغا تېگىشىۋەتكەچكە: «مەن قېچىر مىنىپ كەلمىدىم، ئات

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مىنىپ كەلدىم» دېدىم. رەمچى: «ھە، بالام، سەن داۋاندىن ئۆتەر چاغدا ھەرگىز قىچىرغا مىنىپ سالما، بولمىسا ھاڭغا ئۆلايسەن» دېگەن. بايا ئۇ مۇشۇ داۋاندا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى رەمدە كۆرۈپتىكەندە!

— قويەۋاي! — دېدى سەمەت، — بۇ گېپىڭ ئەمدى نەچچە ياڭزا بولۇپ كەتتى. سەن ماڭا: «سىلىدىن تېگىشىۋالغان ئاتنى كىم مىنىپ ماڭسا شۇ ھاڭغا ئۆلايدىكەن. رەمگە شۇنداق چۈشتى، شۇڭا ئاتنى قىمارغا تىكمۇەتتىم» دېمىگەنمىدىڭ؟ شۇ چاغدا قىچىرنىڭ گېپىنى قىلغان بولساڭ، بىز ئۆمەر ئۇستازنى ئۇ قىچىرغا مىنگۈزۈپ قويمايتتۇق. مەنمۇ ئېتىمنى قىچىرغا تېگىشمەي، قىچىرنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈڭنىلا چىقىرىپ قوياتتۇق ئەمەسمۇ.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى، سەمەتئاخۇن، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — خۇدادىن كەلگەن ئەجەل. گەپ قىچىردا بولىدىغان بولسا مېنىڭ ئۇلاغلىرىم ئارىسىدىمۇ يۈك ئارتقان ئىككى قىچىر كېتىپ بارىدىغۇ... خۇدادىن كېلىدىغان قازايىقەدەرنىڭ ۋاقتى شۇنداق ئوخشايدۇ، ئۇستازنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!

— ئەجەبمۇ بىلىملىك ئادەمتىدە! — دېدى سەمەت، — نېمە دەپ مەنمۇ ئۇ قىچىرنى سىلى مىنسىلە، دەپ ئۇ ئادەمگە تۇتقۇزۇپ قويغاندىمەن؟

— ۋاي غوجام، ئاتامنىڭ ئورنىدىكى غوجام، شەپقەتچىم غوجام، سىلىدىن ئايرىلىپ ئەمدى مەن نېمە ئىشمۇ قىلارمەن غوجام، سىلى قىلىپ مەن چۈشۈپ كەتسەم بولمامتى شۇ ھاڭغا غوجام، — دەپ يەنە يىغىنى سالدى قۇۋان.

ــ بولدى ۋەي، كۆزۈڭنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋەرمىگىنە، ــ دېدى سەمەت، ــ بۇمۇ خۇدادىن كەلگەن قازا، تېخى ئىلىخوغا يەتكۈچە كىم ئۆلۈپ كىم قالىدۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

ــ شۇ ئىلىخو دېگەنگە بېرىشتىنمۇ كۆڭلۈم قالدى جۇما... ئۇستازدىن ئايرىلدىم، ئۇ يەرگە بارسامۇ مەن نېمە ئىش قىلارمەن؟... يولدا يەيدىغان نان ـ توقاچ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز، كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قېچىرنىڭ ئۈستىدىكى خۇرجۇندا ئىدى...

ــ قورساقتىن غەم قىلما، بىز نېمە يېسەك شۇنى يەيسەن.

ــ ئىلىغا بارغاندىچۇ، ئىلىغا بارغاندا نېمە ئىش قىلارمەن؟ يا ئۇ يەردە ھەرقايسىڭلارغا ئوخشاش ئىزدەيدىغان قېرىندىشىم بولمىسا.

ــ ئىلىخو دېگەننى چوڭ يۇرت دەيدۇ، غەم قىلما، ساڭىمۇ لايىق بىر ئىش چىقىپ قالار.

ــ دەل ـ دەرەخ بەك كۆپ يەر، دەپ ئاڭلىغان. ئاتا ـ بوۋاڭنى دوراپ ياغاچ ئۆرۈپ ساتامسەن ـ يە؟

ــ ئىلىدىمۇ مەدداھلار باردۇ؟

ــ بولماي! ــ دەپ تەستىقلىدى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ ئىلىدىمۇ كاتتا مەدداھلار بار، شەھەرنىڭ يېنىدا لەڭزە بېشى دېگەن بىر يەر بار، بۇلاقلار بۇلدۇقلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان تازىمۇ ھاۋالىق بەلەن يەر. مانا شۇ يەردە ھەر كۈنى مەدداھلار سورۇن تۈزۈشىدۇ.

ــ ھەببەللى، شۇ مەدداھلارغىمۇ دوست تارتىپ بېرىدىغان قوۋاندەك ئادەملەر لازىمدۇ؟

ــ ھەممە مەدداھنىڭ ئۆزىنىڭ دوست تارتىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەملىرى بولماي، «قەشقەردىن قاچان قوۋان چىقار؟» دەپ قاراپ ئولتۇرامتى؟
— ئۆز ۋاقتىدا، — دەپ گەپ ئارىلىدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ھېيتگاھنىڭ ئالدىدا سورۇن تۈزىدىغان بەزى مەدداھلارنىڭ ئىككى - ئۈچتىن چۇقانچىلىرى بولىدىغان، ئۇلار تەرەپ - تەرەپتە تۇرۇپ دوست تارتىپ سورۇننى تېخىمۇ قىزىتىۋېتىدىغان...
— تولا بېشىڭنى قاتۇرما، قوۋان، — دېدى سەمەت، — «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دېگەن گەپ بار، ئاۋۋال ماۋۇ داۋان ئىچىدىن بىر سالامەت چىقىۋالايلى.
— يا ئاللا! بۇ مۇزلۇقتىن چىقىپ بولغۇچە يەنە نەچچە كۈن باردۇ؟ — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە.
ھەممەيلەن بۇ سوئالغا جاۋاب كۈتۈپ ئوسمان ئۇلاغچىغا قارىدى.
— ئاز قالدى، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى كۆپچىلىككە مەدەت بېرىپ، — يولنىڭ يامان يېرىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق، ئالدىمىزدا خادا مۇز دەپ بىر يەر بار...
— يەنە شۇ مۇزنىڭ گېپىما؟!
— خادا مۇز دېگىنى قانداق مۇز ئۇ؟
— زادى ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم ماڭىدىغان يولكەن جۇما بۇ.
— ئۆمەر مەدداھ يوق، ئىلخوغا بارغۇچە زېرىكىپ ئۆلىدىغان بولدۇق - دە!
— ئەمدى قالغان گەپنى يولدا سەن قىلارسەن، قوۋان؟ — دېدى سەمەت.
— مەن نېمە گەپ قىلاي؟
— ئۆمەر مەدداھنىڭ ئارقىسىدا دوست تارتىپ قانچە

يىل يۈرگەنسەن؟ ئاڭلىغانلىرىڭنى سۆزلەپ بەرسەڭمۇ ھېساب.

— بولمىسا، ئۆزۈڭنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەرسەن... ھېلىقى چاچ بازىرىدىكى قىزنىڭچىلىقلار...

— ھە، راست، — دەپ ئېسىگە ئالدى سەمەت، — ئۆمەر ئۇستاز بىر قىزنىق ھېكايىنى باشلاپ تېخى ئايىغىنى سۆزلەپ بەرگۈدەك بولمىغانىدى.

— نېمە گەپتى؟

— ھېلىقى ياش ۋاقتىدىكى... كېچىدە ئۇچرىغان ئېزىتقۇ...

يولۇچىلار تاماقتىن كېيىن بوشىشىپ تېزلا ئۇيقۇغا كېتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرىسى



## يىگىرمىنچى باب

# چۈش

يېقىندىن بېرى سەمەت ئانىسىنى كۆپرەك ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈن چۈشىدىمۇ ئانىسىنى كۆردى: ئانا هويلىدىكى ئۈجمىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ چاق چۆرگۈلىتىپ يىپ ئېگىرىۋاتقۇدەك... ئەتراپىدا پاراڭلاشقىلى كىرگەن قوشنىلىرى ئولتۇرغۇدەك... ئانا قوشنىلىرىغا: «مۇشۇ يىپنى ئېگىرىپ بولسام، مەنمۇ ئىلىخوغا چىقىپ كېتىمەن، كۆڭۈلنى ئاشۇ يەرلەرگە باغلاپ، بىر قېتىم يامغۇر يېغىۋەتسە بولاتتى... مەھەللە ئىچىدىكى كۆلدىمۇ يىلان پەيدا بوپتۇ... يان قوشنامنىڭ قويى بەشنى قوزىلاپتۇ، بۇ يىل قىزنى ئەرگە بېرەمدىكىن... بىزنىڭ پەيزۇللاخۇن ئەمدى مۇز داۋانغا چىقىپ ئوغلاق تارتقۇدەك...» دېگەن گەپلەرنى قىلىۋاتقۇدەك. ئانىسىنىڭ ئېگىرىۋاتقان يىپى كۈمۈشتەك سوزۇلۇپ يىراقلارغا قاراپ كەتكەن ئۇزۇن بىر يولغا ئايلىنىپ قاپتۇدەك. ئانا ئىككى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاشۇ يولدا كېتىپ بارغۇدەك. سەمەت: «بۇ ئانام ئۇششاق بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىلىخودا نېمە قىلىدىغاندۇ؟ مۇز داۋاندىن قانداق ئۆتىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاۋاتقۇدەك. «ئانا، ئانا!» دەپ ۋارقىرىسىمۇ ئانىسى

پەقەت قارىمغۇدەك. سەمەت: «ئانا، بولدى قىلسىلا، مۇز داۋاننىڭ يولى يامان!» دەپ ۋارقىرىغۇدەك، ئاۋازى بوغۇلۇپ ئۆزىگىمۇ ئاڭلانمايۋاتقۇدەك...

بىر چاغدا سەمەت ئۆزىنى ھەزرەتنىڭ سەيلىسىدە كۆردى. مازارنىڭ ئالدىدا يوغان بىر قارا قازان ئېسىقلىق تۇرغۇدەك، قازاننىڭ ئىچىگە بىرەر مىڭدەك ئادەم چۇشۇۋېلىپ: «ھەزرەت غوجام، ھەزرەت غوجام!» دەپ ۋارقىرىشىپ سەكرەۋاتقۇدەك. سەكرەپ قازاننىڭ تېشىغا چىقىپ كەتكەنلەرنى ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار تۇتۇپ يەنە قازانغا تاشلاۋاتقۇدەك. قوۋۋان «ئەزمە» قازاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەممىدىن ئېگىز سەكرەۋاتقۇدەك. ھەربىر سەكرەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە سەمەتكە قاراپ ھىجىيىپ: «سەمەت نوچى، ئەنە، ئەنە، ئاۋۇ يولدا كېتىپ بارغان ئانىلىرىنى كۆردۈم» دەۋاتقۇدەك... بىر چاغدا قازان ۋاراقشىپ قايناپ كېتىپتۇدەك. سوپىلار قازاندىن تاۋاقلارغا ئۇماچ ئۇسسۇۋاتقۇدەك. ھېلىقى قازاننىڭ ئىچىدە سەكرىشىۋاتقانلار ئەمدى شەربەت كۆلىنىڭ ئىچىدە سەكرىشىپ يۈرگۈدەك. ئۇلارنىڭ «ھەزرەت غوجام، ھەزرەت غوجام» دەپ ۋارقىرىغىنى «سەمەت غوجام، سەمەت غوجام» دېگەندەك ئاڭلىنىۋاتقۇدەك، سەمەت ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپتۇدەك، بىر توپ ئادەم ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «غوجام، نەگە قاچماقچىتىلا؟» دەپتىمىش. سەمەت تازا زەن سالسا ئۇنى يۈسۈپ «قان»نىڭ ئادەملىرى ئارىغا ئېلىۋاپتۇدەك. يۈسۈپ «قان»نىڭ ئۆزىمۇ شۇ يەردە يۈرگۈدەكمىش. ئۇ سەمەتكە: «سەمەتئاخۇن، مېنىڭ سىلى بىلەن ھېچقانداق بىر ئاداۋىتىم يوقتى، ئەجەب ئىككىمىز مۇشتىلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېتىپتىمىزا؟... سىلى نېمىشقا ئىبراھىم ‹جودا›نىڭ ئادەملىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىلا؟... ياغ بازىرىدىكى سوپى كاززاپ دېگەننى تونۇمسىلەر؟ بىز ھەممىمىز ئۇرۇق ـ تۇغقان كېلىمىز. ئانارى ھەپتەچەلگۈش دېگەن دورىنى يەپ باققانما؟ ئۇنى ئانارنىڭ سۈيىنى سىقىپ، مۇز داۋاننىڭ يولىدىكى سېسىق بۇلاقنىڭ سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇپ ھەپتە قاينىتىپ ياسايدۇ. ئىچىۋېلىپ ھەممە ئەگلىكلىنى سېلىۋېتىپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتساڭلار ئوڭاڭلىدا كۆرمىگەن كارامەتلەرنى چۈشۈڭلىدە كۆرىسىلەر؛ ياتماي ئولتۇرساڭلار ئۇنتۇپ قالغان ئىشلىرىڭلىنىڭ ھەممىسى يادىڭلىغا كېلىدۇ؛ ئولتۇرماي ئۆرە تۇرساڭلار دورا تۈپتۈغرا بېرىپ ھېلىقى بىرنېمەڭلىگە مەنپەئەت قىلىدۇ» دېگەندەك بىر ـ بىرىگە قولاشمايدىغان گەپلەرنى قىلىۋاتقۇدەك. شۇ چاغدا يىراقتىن دۈپۈرلىشىپ چېرىكلەر چىقىپ كەپتۇدەك. سەمەت: «ھە، يۈسۈپ ‹قان›نىڭ غەرىزى مېنى گەپكە سېلىپ تۇرۇپ چېرىكلەرگە تۇتۇپ بەرمەكچى ئىكەن ـ دە!» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئالدىدىكى يۈسۈپ «قان»نى يەنە بىر كاللا قويۇپ ئارقىغا ئۇچۇرۇۋېتىپ قېچىپتۇدەك...

سەمەت چۆچۈپ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى. كۆزىنى ئېچىپمۇ قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى. يەنە كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى. يەنە چۈش كۆردى. چۈشىدە ئۇ مۇز داۋاننىڭ ئۈستىدىكى پەللەكتە يۈرگۈدەك، ساقاللىق داۋانچىلارنىڭ بىرى ئۇنى بويىنىدىن باغلاپ يۇقىرىغا تارتىۋاتقانمىش، يەنە بىر قانچەيلەن كەينىدىن ئىتتىرىۋاتقۇدەك. سەمەت ئىچىدە: «مەن ئۇلاغ بولمىسام

بۇ داۋانچىلار مېنى نېمىشقا مۇنداق سۆرەپ يۈرىدۇ؟» دەپ ھەيران بولۇۋاتقۇدەك. قارىسا ئۇنى باغلىغانلار داۋانچىلار ئەمەس، ئۇنى قوغلاپ يۈرگەن چىرىكلەرمىش. ئۇلار: «مانا، مانا، مۇشۇ يەردىن تاشلايلى، ياق، ئاۋۇ يەرگە ئاپىرايلى!» دەپ چۇرقىرىشىۋاتقۇدەك. سەمەت جىنىنىڭ بارىچە تىرەجەپ ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ. ئۇلار ئاخىر ئۇنى چوڭقۇر بىر ھاڭنىڭ يېنىغا سۆرەپ ئەكىلىپ پەسكە ئىتتىرىۋېتىپتۇ. سەمەت بىر قاراڭغۇچىلىققا قاراپ ئۇچۇپ كېتىپتۇدەك. بىردىنلا ئەتراپ يوپيورۇق بولۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە ياپپېشىل چىمەنزارلىق كۆرۈنۈپتۇ. سەمەت ئۇ يەرگە لىپپىدە قىلىپ يېنىكلا چۈشۈپتۇدەك. قارىسا، نېرىدا شۇنچە نۇرغۇن قاغىلار بىر يەرگە ئولىشىۋېلىپ ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىشىۋاتقۇدەك. قاغىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆمەر مەدداھ تايىقىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەۋېتىپتۇدەك. «شۇنداق، ھەزرىتى لوقمانمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن،ــ دەۋاتقۇدەك ئۆمەر مەدداھ قاغىلارغا،ــ ئۇ تاغ ـ داۋانلاردىكى پۈتۈن ئوت ـ چۆپ، مەدەنلەرنىڭ قايسىسىنىڭ قانداق ئاغرىققا شىپا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى... ھەزرىتى لوقماننىڭ ئەسلى زاتى ھەبەش بولۇپ، ئەسلى بىر قۇل ئىدى. خۇدايىتائالاغا كۆپ ئىبادەت قىلغانلىقتىن ياراتقان ئىگەم ئۇنىڭغا ئۈچ مىڭ بەش يۈز يىل ئۆمۈر بەرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىر كۈنى نەق چۈش ۋاقتىدا ئاللاتائالا ئۇنىڭ ئالدىغا پەرىشتىنى ئەۋەتكەنىكەن، پەرىشتە: ‹ئى لوقمان، خالىساڭ پەيغەمبەر بول، خالىساڭ ئىلمى ھېكمەتتىن تەلىم بېرەي، قايسىنى تاللايسەن؟› دەپ سورىغاندا، لوقمان: ‹پەيغەمبەرلىك بەك ئۇلۇغ يول، ھۆددىسىدىن

www.uyghurkitap.com



چىقماق تەس، ئىلمى ھېكمەت كۆپ كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. مەن ئىلمى ھېكمەت يولىنى تاللاي، دەپتىكەن... ئېھ قاغىلار، سىلەر دۇنيادا شۇنچە ئۆمۈر كۆرىدىكەنسىلەر، بىرەر ئىلمى ھېكمەت بىلەن مەشغۇل بولمايدىكەنسىلەر، قاق ـ قاق دەپلا ئۆتكەن مۇنداق ئۆمۈرنىڭ نېمە پايدىسى؟!...» بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاغىلار چۇقۇلدىشىپ ئۇچۇپ ئۆمەر مەدداھنىڭ بېشى ئۈستىدە قارا بۇلۇت بولۇپ ئەگىشىپتۇدەك. ئۆمەر مەدداھ قولىدىكى تايىقىنى سىلكىپ: «ھەي قاغىۋايلار، بولدى قىلىڭلار، بولدى!» دەپ ۋارقىراپتۇدەك. قاغىلار ئۇلىشىپ كېلىپ ئۆمەر مەدداھنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتىمىش... بىر چاغدا قارىسا سەمەت يەنە ئۆمەر مەدداھ بىلەن سۇپسۇزۇك ئېقىۋاتقان بىر سۇنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتقۇدەك. ئۆمەر مەدداھ سۇغا تايىقىنى يېنىك ئۇرۇپ سۇ چاچرىتىپ ئولتۇرغۇدەك، سەمەت ئۇنىڭغا ئاغزى بېسىلماي گەپ قىلىپ كېتىۋاتقانمىش. «ھۈنەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ناۋايچىلىقمىكىن دەيمەن،ـــ دەۋاتقۇدەك سەمەت،ـــ تونۇر بازىرىدىكى قاسىمئاخۇن ئۇستام بىر تونۇر ياساپتۇدەك، ئەتىگىنى بىر قىزىتىۋالسا كەچ كىرگۈچە نان ياقىلى بولغۇدەك... شامالباغدىكى نىزاخۇن ناۋايغىمۇ بىر تونۇر ياساپ بېرىپتۇدەك، ھېلىقى تونۇرنىڭ يوغانلىقىدىن كۈندۈزى نىزاخۇن ئۇستام توختىماي نان ياققۇدەك، كەچ كىرگەندە بىر مەھەللىنىڭ ئۇششاق ـ چوڭ ھەممە جامائىتى ھېلىقى تونۇرنىڭ ئىچىگە كىرىپ تەرلىنەرمىش...» سەمەت ئۆز ـ ئۆزىگە: «مەن نېمە بولدۇم؟... بۇ ئۆمەر ئۇستازغا نېمانداق ئېگىز ـ پەس

گەپلەرنى قىلىپ كېتىۋاتىمەن؟» دېگۈدەك، يەنە ئۆزىنى تۇتالماي گەپ قىلىپ كېتىۋاتقۇدەك. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدىن بىر چىرايلىق خوتۇن سۆلەتلىك مېڭىپ ئۆتۈپتۇدەك. بۇ چوكاننىڭ ھۆسنىگە قاراپ سەمەتمۇ جىمجىت بولۇپ قاپتۇدەك. «توۋا! بۇ يەرلەردىمۇ ئايال زاتى باركەن ـ ھە؟ بۇ كىم بولىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ سەمەت ئۆمەر مەدداھتىن. «سەن كىچىك، بىلمەيسەن، ــ دەپتۇدەك ئۆمەر مەدداھ، ــ جانابى بەدۆلەتنىڭ ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئەمرىدە يۈزلەپ خوتۇنى بولغان، بۇ خوتۇنلارنىڭ ھەربىرى ئايرىم ھوجرىلاردا تۇرىدىكەن، ئىچىنىڭ پۇشقىنىدىن كىشى كۆرمەستە ھەرقانداق قىلىقنى قىلىپ باقىدىكەن. شۇ خوتۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇستىدە ئۇلارغا تەلىم ـ تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى بەدۆلەتنىڭ سۆھبىتىگە لايىق قىلىپ تۇرىدىغان توختىخان ئايىم دەپ بىر خوتۇن ئۆتكەن، شۇ خوتۇن نەق ئاشۇ»... «پاھ! ــ دەپ ھەيران بولۇپ سوراپتۇ سەمەت، ــ بۇ خوتۇن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟»... «بەدۆلەتنىڭ سەلتەنىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتقاندا، ــ دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ئۆمەر مەدداھ، ــ ئۇنىڭ ھەرىمىدىكى خوتۇنلار ھەر تەرەپكە پېتىراپ كېتىشكەنىكەن. لەشكەرلەر توختىخان ئايىمنى ئولجا قىلىپ ئىلىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. توختىخان ئايىم دەل ئەشۇ مۇز داۋاندىكى پەللەككە يېتىپ كەلگەندە لەشكەرلەرنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ئۆزىنى ھاڭغا ئاتقانىكەن. قارىغىنە، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغاچقا، ئاۋۇ خوتۇننىڭ يەنە چىرايىدىن كەتمەي ياپياشلا تۇرغىنىنى... قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ؟ يۈرە، مۇشۇ ئەتراپتا ئوبدان بىر بازار بار، تاماق يېگەچ

پاراڭلىشايلى». ئۆمەر مەدداھ سەمەتنى بازارغا باشلاپ مېڭىپتۇدەك. تېخى بازارغا يەتمەستىنلا ئاشپەزلەرنىڭ «ياغ يەيسەن، ياغ يەيسەن... ياغدا ئەتتىم، ئەركەك قوينىڭ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلانغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ يەرنىڭ بازىرى تازا مەجنۇنتاللارنى چۆرگۈلىتىپ تىككەن بىر كۆلنىڭ بويىدا، ھاۋالىق بىر يەردىكەن. بۇ بازارنى كۆرۈپ سەمەت ئاغزىنى ئېچىپلا قاپتۇدەك. كۆلنىڭ بويىغا قۇرغان ئېگىز مۇنارنىڭ ئۈستىدە ناغرا ــ دۇمباقلار چېلىنىپ، سۇنايلار ياڭراۋاتقۇدەك. قاسساپلار گۆش كېسىدىغان پىچاقلىرىنى كۆتۈرگىنىچە، ئاشپەزلەر سەي قورۇيدىغان چۆمۈچلىرىنى تۇتقىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىپتۇدەك. ناۋايلارنىڭ تەۋەڭلىرىدىكى نانلارمۇ سەكرىشىپ كېتىۋاتقۇدەك. سويۇپ تېرىسىدىن ئاجرىتىپ بولغان قويلار، پېيىنى يۇڭداپ بولغان توخۇلار ئاشخانىلارغا ئۇسسۇل ئوينىغان پېتى ئۆزلىرىلا كىرىپ كېتىۋاتقۇدەك... «ئەييۇھەنناس! ــ دەپ ياقىسىنى تۇتۇپتۇ سەمەت، ــ مۇنداق بازارنى مەن ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغانكەنمەن.» «سەن تۇرماق مەنمۇ كۆرۈپ باقمىغان، يۈرە، ئاۋۇ چەتتىكى ئاشخانىغا كىرەيلى» دەپتۇدەك ئۆمەر مەدداھ. شۇ چاغدا پاكىز كىيىنگەن، كەكە ساقال بىر ئادەم كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىپتۇدەك، سەمەت ھېلىقى ئادەمگە كەينىدىن قاراپ: «بۇ كىم بولىدۇ، ئەجەب چىرايى تونۇشلا كۆرۈنىدا؟» دەپتۇدەك. ئۆمەر مەدداھ: «بۇ ئاتۇشتا داڭقى بار ئىمىن ماتا دېگەن شۇ. ئۇلاغلىرىغا ماتا ئارتىپ بارمىغان يېرى قالمىغان. بىر يەردە كۆرگەن بولساڭمۇ كۆرگەنسەن»

دەپتۇدەك. «بۇ ئادەم بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟» دەپ سوراپتۇدەك سەمەت. «بۇ ئادەمنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغىنىنى سورىساڭ گەپ ئۇزۇن، — دەپ ھېكايە قىلىپتۇدەك ئۆمەر مەدداھ، — ئىمىن ماتا ياش ۋاقتىدا قوشنىسىنىڭ تاجىگۇل دېگەن بىر قىزىغا كۆيۈككەن، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىمىننى نامرات كۆرۈپ قىزىنى بەرگىلى ئۇنىمايدىكەن. ئىمىنئاخۇن يۇرتتىن چىقىپ، بىر ـ ئىككى يىل ئايلىنىپ پۇل تېپىپ كەلگۈچە تاجىگۇلنىڭ ئاتا ـ ئانىسى قىزىنى باشقا يۇرتتىكى بىر سودىگەرگە ياتلىق قىلىۋېتىدىكەن. قىزىنى نەگە ياتلىق قىلغىنىنىمۇ ھېچكىمگە ئېيتىپ بەرمەيدىكەن. ئىمىنئاخۇن يۇرىكىدىكى كۆيۈك ئوتىنى ھېچقانداق قىلىپمۇ ئۆچۈرەلمەپتۇ. «شۇ تاجىگۇلنى بىر كۆرۈۋالسامۇ ھېساب» دەپ بىر ـ ئىككى ئېشەككە ماتا ئارتىپ يۇرتمۇيۇرت يۇرىدىغان بوپتۇ. ھەربىر يۇرتنىڭ كوچا ـ كويلىرىغا كىرگەندە قايسى دەرۋازىدىن تاجىگۇل چىقىپ قالىدىكىن، دەپ تەلمۈرۈپ قارايدىكەن. بىر كۈنلەردە «تاجىگۇل ئىلىخودىكەن، ئېرى ئۆلۈپ ئىككى بالىسى بىلەن تۇل قاپتۇدەك» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ يۇرتىدىمۇ تۇرغۇسى كەلمەي قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئۇلاغقا ماتا ئارتىپ ئىلىخوغا قاراپ كېتىۋاتقان بىر توپ مۇساپىرلارغا ئەگىشىپ ئىلىخوغا قاراپ مېڭىپتۇ. شۇ قېتىم دەل ئاشۇ مۇز داۋاننىڭ ئۇستىگە كەلگەندە شۇنداق بىر قاتتىق جۇدۇن بوپتۇكى، يىلىڭ ـ يالىڭاچ يولغا چىقىپ قالغان بىچارىلەر ئۇششاق باللىرىنى باغرىغا بېسىپ قىر ـ قىر يىغلىشىپتۇدەك. نارەسىدىلەرنىڭ يىغىسىغا چىدىمىغان ئىمىن ماتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدىكى ماتالارنى يېشىپ، مۇساپىرلارغا بىر ـ بىرلەپ تارقىتىپلا تۈگىتىپتۇ. «ئەمدى تاجىگۈلنىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول قانداق بارىمەن؟ بولدى، خۇدا بۇيرۇسا تاجىگۈل بىلەن ئۇ دۇنيادا كۆرۈشەرمىز، دەپ ئۆزىنى داۋاننىڭ ئۈستىدىنلا بۇ تەرەپكە ئېتىپتۇ...» سەمەت بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ: «ۋايتوۋا! ئىمىن ماتا بىلەن ئىككىمىزنىڭ دەردى بىركەن» دەپتۇدەك. ئۆمەر مەدداھ ھەيران بولۇپ سەمەتكە قاراپ: «سەمەتئاخۇن، سىنىڭ نېمە دەردىڭ بار؟» دەپ سوراپتۇ. «مېنىڭ دەردىمۇ ئىمىن بىلەن ئوخشاش،ــ دەپتۇدەك سەمەت،ــ مېنىڭمۇ مەھەللەمدە بىر قىز بولىدىغان، كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنەمدىكىن، ئىشقىلىپ ئۇ قىز ماڭا مەھەللىدىكى... مەھەللىدىكى دېمىسا، پۈتۈن قەشقەردىكى، قەشقەردىكىلا ئەمەس، جىمى ئالەمدىكى قىزلاردىن چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇ قىزنىمۇ كەمبەغەللىكتە مېنىڭ قولۇم يېتىپ بولغۇچە ئاتا ـ ئانىسى ئەرگە بېرىپ ئىلىغا چىقىرىۋەتتى. ئىلىخوغا چىقىپ كەتكەن بىر ئاكام بار، شۇ ئاكامنى ئىزدەپ مەنمۇ چىقىپ كېتىۋاتىمەن. كۆڭلۈمدىكى راست گېپىمنى ئېيتسام، ئاشۇ قىزنى دەپ چىقىپ كېتىۋاتىمەن. ئۇ خېنىمغۇ ھازىر نەچچە بالىلىق بولۇپ، چوڭلا چوكان بولۇپ كەتكەندۇ. مەيلى ئەمەسمۇ، ئىلىخونىڭ كوچىلىرىدا ئۇچراپ قالسا بىر كۆرۈۋالسامىمۇ ھېساب!» ئۆمەر مەدداھ: «ۋاي سەمەتئاخۇن، سىنىڭ دەردىڭمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك باركەن، ئىشق ئوتى دېگەننى خۇدا ئۆزى سالىدۇ، بوپتۇ بارا!» دەپتۇدەك...

سەمەت چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ھاۋا ئېچىلىپ

ئاسماندا ئاي پەيدا بولۇپ، ئەتراپنى سارغۇچ يورۇتقاندى. سەمەتنىڭ يېنىدىكى بۇرادەرلىرى سوغۇقتىن توگۈلۈپ بىر ـ بىرىگە يېقىن يېتىشاتتى. ئۇلاغلارنىڭ ئېغىز ـ بۇرنىدىن قويۇق ھور كۆتۈرۈلەتتى. «يا ئاللا! مەن ئەجەب بىر چۈشلەرنى كۆردۇما!» دەپ ھەيران بولدى سەمەت.

※ ※ ※

قۇمكۆلدىن ئۆتكەندىن كېيىن تەكرىتېغىنىڭ بۈيۈك چوققىلىرى بارغانسېرى تۆۋەنلەشكە باشلىدى. بۇ تەكرىتېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە چۈشۈپ كېتىدىغان يوللارنىڭ يېقىنلاپ قېلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. يولۇچىلار ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ بىر بوشلۇقتا كېتىپ باراتتى. يولۇچىلارنىڭ ئاياغ ئاستى كۆپكۆك مۇز ئىدى.

ــ مانا، «خادا مۇز» دېگەن مۇشۇ يەر، ــ دەپ چۈشەندۈردى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ مۇشۇ مۇزلۇقتىن ئۆتۈپ كەتسەكلا شىپالىققا يېتىپ بارىمىز، يولنىڭ جاپالىق يەرلىرى ئاز قېلىۋاتىدۇ...

كۆز يەتكۈدەك يەرلەرنىڭ ھەممىسى مۇز ئىدى. مۇزلۇقلار كۈندۈزى قۇياش تەپتىدە ئېرىگەندە ھاسىل بولغان سۇلار جىرا ـ جىرالارغا قاراپ ئېقىپ، جەنۇبقا قاراپ تۆۋەنلەپ كېتەتتى. ئېقىن سۇ بەزىدە مۇز ئۈستىدە پەيدا بولۇپ، بەزىدە مۇزلۇقلار ئارىسىدىكى چوڭقۇرلارغا شۇڭغۇپ غەلىتە ـ غەلىتە يوچۇقلار، ئاجايىپ مۇز شەكىللىرىنى ھاسىل قىلغانىدى. ئادەم بىلەن ئۇلاغلار خۇددى ئەينەكنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندەك ئېھتىيات بىلەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىيىسى



قەدەم ئالاتتى. سەللا بىخەستەلىك قىلسا تېيىلىپ مۇز يېرىقلىرىغا كىرىپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى. ئۇلاغلارنىڭ تۇيىقى مىخ قېقىلغان تاقىسىنىڭ زەربىسىدىن پارچىلانغان مۇز پارچىلىرى ئەتراپقا چاچرايتتى. ئەسىرلەردىن بېرى تالاي كارۋانلارنى ئۆزاتقان بۇ مۇزلۇق يول ئۇلاغلار ئايىغى ئاستىدا ھەسرەتلىك غىچىرلايتتى.

يولۇچىلارنىڭ ئالدىدىكى مۇزلۇق تەرەپتىن ئۇلاغلىرىنى يېتىلىگەن بىر نەچچەيلەن چىقىپ كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئوسمانئاخۇن؟ — دېدى ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدىكى دوغىلاقراق كەلگەن كۆتمەك ساقال ئادەم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، تۇرسۇنئاخۇن، ئامانمۇ سىلى، ئىلى تەرەپكە قاچان ئۆتۈپ كەتكەن؟

— ئىككى ھەپتىچە بولدى، ئاپارغان ماللارنى پۇل قىلدۇق — دە، ئالدىغاننى ئېلىپ ياندۇق.

— نېمە ئالدىڭلا؟

— خۇرۇم، رەسىنىڭ① گۈللۈك چىتتىدىن ئازراق... يول قانداقراقكەن؟

— پەللەك داۋاننى ئازراق تۇمان بېسىۋاپتۇ، سىلەر بارغۇچە ئېچىلىپ كېتەر، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى. ئۇنىڭ پەللەك داۋاندا بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇلارغا دېيىشكە تىلى بارمىدى.

— خەير، ئامان بولايلى، — دەپ خوشلاشتى ئىككى تەرەپ.

— كۇچانىڭ تۇرسۇن «تۆشۈك» دېگەن داڭلىق ئۇلاغچىسى شۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ھېلىقى

① رەسىنىڭ — رۇسىيەنىڭ دېمەكچى.

ئەھۋاللاشقان ئادەمنى ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئوسمان ئۇلاغچى، ــ ياش چاغلىرىدا ئەللىك ـ ئاتمىش ئۇلاغنى بىراقلا ھەيدەپ ماڭىدىغان. ھازىر قېرىپ قالدى.

ــ «تۆشۈك» دەپ غەلىتە لەقىمى باركىنا ئۇ ئادەمنىڭ؟ ــ دەپ ھەيران بولدى ھۈسەن بايۋەچچە.

ــ بىر يىللىرى تۇرسۇنئاخۇن كۇچادىن مىس چۆگۈنلەرنى ئېلىپ ئىلىغا ئۆتكەنىكەن. ھېلىقى تار يوللارنى ئۆزۈڭلەر كۆردۈڭلار، ــ دەپ چۈشەندۈردى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ شۇ يوللاردىن ئۆتكۈچە ئېشەكنىڭ ئىككى تەرىپىگە باغلىغان چۆگۈنلەر تاشلارغا سۈركىلىپ تېشىلىپ بوپتۇ. غۇلجىدا تۇرسۇنئاخۇننىڭ چۆگۈنلىرىنىڭ تولىسى تۆشۈك چىقىپ، شۇنىڭ بىلەن «تۆشۈك» دېگەن گەپ ئۆزىگە لەقەم بولۇپ قالغانىكەن.

ــ يا ئاللا، ماۋۇ يېرىقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆردۈڭلىما! ــ دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئالدىدا كېتىپ بارغان سەمەت.

يان تەرەپتە مۇزنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىقى سوزۇلۇپ ياتاتتى. ھەممەيلەن دېگۈدەك يېقىنلاپ كېلىپ بويۇنداپ قاراپ بېقىشتى. غايەت زور مۇز پىچاقتا كەسكەندەك ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، يېرىقنىڭ ئاستى كۆرۈنمەيتتى.

ــ ئەمما زا، ــ دېدى ھۈسەن بايۋەچچە، ــ خۇدا ساقلىسۇن، بۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئادەم ئاشۇ مۇزلارنىڭ ئارىسىدا كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپلا جان بېرىدىغان گەپ ئىكەندە... ھاي ـ ھاي! ئاۋۇ ئۇلاغلارنىڭ بېشىنى توسۇڭلار، ماۋۇ تەرەپكە قەدەم باسمىسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



— ئۇلاغلار ئادەمدىن ئەقىللىق ئىكەن، — دېدى سەمەت، — قاراڭلار، ئۇلارنىڭ كۆپكۆك مۇزدا ئەپچىللىك بىلەن دەسسەپ كېتىپ بارغىنىنى...

ئاخىرىدا مۇزنىڭ ھىلىقى يېرىقىغا قۇۋان «ئەزمە» يېتىپ كېلىپ قاردى.

— ئەيىۋھەنناس! ھىلىقى پەللەك داۋاندىكى... بىر - بىرىمىزنى يۆلەپ ئۆتكۈزگەن يەردىكى، سەللا بىخەستەلىك قىلغان ئادەمنى يالماپ كېتىدىغان كۆھىقاپنىڭ ئۆزىكەن ئەمەسما! مانا شۇنچىلا ئادەم قاراپ تۇرۇپلا ئۆمەر ئۇستازنى يوقىتىپ قويدۇق. ۋاي ئەجەبمۇ سۆزمەن ئادەمتىلىغۇ غوجام، ئەجەب سىلىنى قۇتقۇزالماي تاشلاپ چىقتۇق غوجام...! — دەپ يەنە يىغىنى سالدى قۇۋان «ئەزمە».

— بولدى قىلەۋاي! — دېدى سەمەت، — ھەممە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماي...

بۈگۈن ھاۋا ناھايىتىمۇ ئوچۇق بولۇپ قۇياش خۇشخۇي پارلاپ تۇراتتى. يولۇچىلار مۇز ئۈستىدە خېلى ئۇزاق مېڭىشتى. خادا مۇزدا يول يوق دېيىشمۇ بولاتتى. كارۋانلار ئۆتۈپ كەتكەندىمۇ مۇز ئۈستىدە ئۇلارنىڭ ئىزى قالمايتتى. كۈن چىقىش بىلەنلا مۇزلار ئېرىپ، مۇز ئۈستىدە پەيدا بولغان سۇ ھەممىنى يۇيۇپ پاك - پاكىز قىلىۋېتەتتى. پەقەت جۇدۇنلۇق كۈنلەردە ماڭغان ئات - ئۇلاغلارنىڭ قېتىپ قالغان تېزەكلىرىدىنلا ئىلگىرى يولۇچىلارنىڭ قايسى تەرەپ بىلەن ماڭغانلىقىنى پەرەز قىلغىلى بولاتتى. تۇرۇپلا قانداقتۇر يوغان بىر مۇز پارچىسى ياكى مۇز ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرۇپ قالغان ھەيۋەتلىك تاش ۋە ياكى سۇ ئويۇپ كەتكەن قانداقتۇر بىر

ئازگال يولنى توسۇپ قوياتتى. مۇنداق چاغدا ئارقىغا يېنىپ ھېلىقى ھەيۋەتلىك مۇز پارچىسى بىلەن تاشلارنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. تەجرىبىلىك كارۋانلار ئەتراپتىكى تاغ ۋە يولدىكى شۇنداق يىتمەس بەلگىلەرگە قاراپ قاياققا مېڭىش كېرەكلىكىنى بەلگىلەيتتى.

— ھاي - ھاي، ئېشەكنىڭ بېشىنى بۇياققا... بۇياققا بۇراڭلار!— دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان ئۇلاغچى ئالدىدا كېتىپ قالغان ھۇسەن بايۋەچچە بىلەن قوۋان «ئەزمە»گە.

— قاياققا... قاياققا بۇرايمىز؟— دەپ ئارقىغا قارىدى قوۋان.

— ھوي ھۇسەن بايۋەچچە، مەن نېمە دېگەن؟ ئېشەكنىڭ بېشىغا مەھكەم ئېسىلىۋالماي ئۆزىنىڭ مېڭىشىغا قويۇپ بەرمەڭلا!

— يول قاياقتا؟

— سول تەرەپتە. مۇزلۇقتىن چىقىپ ئاۋۇ قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىزلىككە قاراپ ماڭىمىز. سىلەر ماڭغان تەرەپكە كېتىپ قالساڭلار «بارسا كەلمەسنىڭ يولى»غا كېتىپ قالىسىلەر.

خادا مۇز بىلەن ئىلىغا كېتىپ بارغان ئادەم شىپالىققا يېتىپ كەلگەندە سول تەرەپكە بۇرىلىپ مۇزلۇقنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتمەي، مۇزلۇق بىلەن ئۇدۇل كېتىۋېرىدىغان بولسا كونىلار ئېيتقان «بارسا كەلمەس» دېگەن يولغا كېتىپ قېلىپ ئارقىغا يانالماي قالاتتى.

— يا ئاللا!— دەپ ياقىسىنى تۇتتى قوۋان،— ھەي ھۇسەن بايۋەچچە، توختاڭلار، ئۇلاغچىنىڭ گېپىنى ئاڭلىدىڭلىما؟ ئۇدۇل مېڭىۋەرسەك «بارسا كەلمەس» دېگەن يەرگە كېتىپ قالىمىز كەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— ئۇدۇل ماڭساق يول تۈزدەكلا قىلىدا؟!

— كۆزىمىزگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتقان ئوخشايدۇ. ئاڭلىغانمۇسىلەر؟ بىر زامانلاردا بۇ يەردە ئادەم ۋە ئۇلاغلارنىڭ گۆشىنى يەيدىغان غەلىتە قۇشلار بولغانىكەن، ئاچ قالغان چاغلىرىدا ئۇلاغلارنىڭ تېزەكلىرىنى ئاشۇ بارسا كەلمەسنىڭ يولى تەرەپكە تىزىپ قويۇپ، كارۋانلارنى ئازدۇرۇپ شۇ يوللارغا باشلاپ كېتەتتىكەن. ئات ـ ئۇلاغ، ئادەملەر شۇ تەرەپكە كېتىپ قېلىپ، قايتىپ كېلەلمەي توڭلاپ ئۆلگەندە گۆشىنى چوقۇپ يەيدىكەن.

— ماڭە ۋاي!— دېدى ھۆسەن بايۋەچچە،— ئۆمەر مەدداھ شۇنداق يامان ئادەملەرنى ئازدۇرۇۋېتىدىغان قاغىلار بار، دەۋاتاتتى. ئەمدى سەن غەلىتە بىر قۇش دېگىلى تۇردۇڭغۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق دەۋاتىمەنغۇ، قاغىمۇ قۇش بولماي نېمىتى؟... ئىشقىلىپ، قاغىلارغا ئوخشايدىغان قۇشلاركەنمىش...

ئۇنىڭچە ئارقىدىكىلەرمۇ يېتىپ كەلدى.

— ھە، بۇ ئىككىڭلار جاندىن كەچكەنمىدىڭلا؟— دەپ سورىدى سەمەت،— بارسا كەلمەسنىڭ يولى دەپ تۇرسا ھەممىڭلارنىڭ ئالدىدا كېتىپ بارىسىلەر؟

— ماۋۇ قۇۋان مۇشۇ تەرەپكە ماڭسا مەنمۇ ئەگىشىپ كېلىۋېرىپتىمەن، بولمىسا، ماۋۇ ئېشەككۇ بېشىنى تولغاپ بۇياققا ماڭغىلى ئۇنىمىغان،— دېدى ھۆسەن بايۋەچچە.

— مەن نېمە دېدىم،— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،— ئېشەكلەر قاشاڭ بولغان بىلەن داۋان ئاشقان ئېشەك، يول بىلىدۇ.

ــ ئېشەكچىلىك بولالماپتۇق ـ دە؟!ــ دەپ كۈلدى بايۋەچچە.

ئۇلار شىپالىق تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇلاغلارنىڭمۇ ئايىغى ئىتتىكلەپ قالدى. ئۇلارمۇ شىپالىقنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ، ئوت ـ چۆپ يەيدىغان يەرگە يېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى. شىپالىقتا ھەرقانداق كارۋان بىر توختاپ دەم ئېلىپ، ئۇلاغلىرىنى تويغۇزماي ماڭمايتتى. ھەممىنىڭ ئالدىغا يەنە ئوسمان ئۇلاغچى چۈشتى:

ــ مانا بۇياققا، ئالدىمىزدا بىر سۇ بار، ئاۋايلاڭلار.

ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى سۇ ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ ناھايىتى ئىتتىك كېلىۋاتقاچقا ئۇلاغلارنى سىلىش خەتەرلىك ئىدى. سۇنى ياقىلاپ يۇقىرىغا مېڭىپ، ئۇ يەردە يوغان بىر تاش توغرا تۇرۇپ ھاسىل بولغان تەبىئىي كۆۋرۈكنى تاپتى. سۇ تاشنىڭ ئاستى تەرىپىدىن يەنە جەنۇبقا قاراپ تۆۋەنلەپ كېتىۋاتاتتى. يولۇچىلار ئۇلاغلارنى يېتىلەپ تاش ئۈستىدىن ناھايىتى ئاۋايلاپ ئۆتتۈشتى.

ــ ئەنە ئاۋۇ سول تەرەپتىكى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بوشلۇق شىپالىق،ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى:

مۇز داۋانغا بىر قاراپ،
باشقا چۈشتى دىشۋارلىق.
دالدا بولدى بارغانغا،
شىۋىرغاندا شىپالىق...

دېگەن يەرلەر شۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى



# يىگىرمە بىرىنچى باب

## شىپالىق

مۇز داۋاندىن ئۆتۈپ باقمىغان ئادەملەر مۇز داۋان توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىسا: «ھېلىقى داۋانچىلار ھەر كۈنى چىقىپ مۇزنى چوقۇپ تۇرىدىغان يەرنى مۇز داۋان بولمىسىمۇ ئەڭ ئېگىز چوققىسى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ پەللەك مۇز داۋان بولىدىكى بىر تەرىپى مۇزلۇق قىيا، يەنە بىر تەرىپى تىك چوڭقۇر ھاڭ بولغان ئەڭ خەتەرلىك داۋان، خالاس. سىز ئۇ پەللەكلەردىن ئۆتۈپمۇ داۋاملىق ئۆرلىگە ماڭىسىز. خادا مۇزغا يېتىپ كېلىپمۇ بۇ مۇزلۇقلاردىكى سۇلارنىڭ شارقىراپ يەنىلا جەنۇب تەرەپكە ئېقىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرىسىز. بۇ سىزگە تەڭرىتېغىنىڭ كۆڭگەيگە قارىغان داۋانلىرىنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئالتە شەھەر تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋاتقان يولۇچى شىپالىققا يېتىپ كېلىپ، ئۆزىنى بەرقۇتتەك ياپيېشىل تاۋلىنىپ تۇرغان ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىگە تاشلاپمۇ كۆز ئالدىدا يەنە بىر ـ بىرىدىن ئېگىز قارلىق چوققىلارنىڭ چوقچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. لېكىن، يول ئەمدى قارلىق چوققىلارغا ئەمەس، تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى قارىغايلىق يوتىلارغا قاراپ سوزۇلىدۇ.

شىپالىق ــ مۇز داۋان يولىدىكى ئەڭ ئېگىز بەل. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بۇ ئېگىز بەل قار ـ مۇزغا ئەمەس، يېشىللىققا پۈركەنگەن. شىپالىقتىن ئۆتۈپ ئاندىن ئىلى ۋادىسىغا قاراپ تۆۋەنلەيسىز.

شىپالىق ــ ئاللانىڭ نەزىرى تەگكەن بىر جاي. ئېگىز قارلىق چوققا، تۇتاش كەتكەن مۇزلۇقلارنىڭ يېنىدا شىپالىق داۋىنى ئوت ـ چۆپلەرگە پۈركىنىپ مۆجىزىدەك كۆكىرىپ تۇرىدۇ. يۇقىرىدىكى تاغدىن چۇشۇۋاتقان قار سۈيى تاشلار ئارىسىدا غايىب بولۇپ، يەنە قانداقتۇر بىر جايلاردىن ئەگىپ ئېقىپ شىپالىقنىڭ يېنىدىكى بىر يوچۇقلاردىن تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالاتتى. يېشىللىققا پۈركەنگەن ئوچۇقچىلىق، سۇپسۈزۈك تاغ سۇلىرى، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چوقچىيىپ تۇرغان غەلىتە ـ غەلىتە شەكىللەردىكى يوغان تاشلار، بۇ يەرگە سۇ ئىچىش ئۈچۈن چۇشۇپ چۇرۇقلىشىۋاتقان ھەر خىل تاغ قۇشلىرى مۇز داۋاننىڭ خەتەرلىك يوللىرىدا كۆنلەپ مۇشەققەت چېكىپ بۇ يەرگە ھالسىز قەدەم قويغان يولۇچىلارغا ئاجايىپ سىرلىق ۋە راھەت تۇيغۇ بېغىشلايتتى. ئورۇقلاپ دەرمانسىزلىنىپ كەتكەن، سوغۇق شامال، جۇدۇنلاردا چىرايى قارىدىغان يولۇچىلار بۇ يەرگە قەدىمى يېتىشى بىلەنلا ئىختىيارسىز ئۆزىنى يېشىل چىملىقلار ئۈستىگە تاشلاپ، خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. كارۋانلار ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ تۆشباغلىرىنى بوشىتىپ، ئۈستىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ ئوتقا قوياتتى. ئەپلىك يەرگە قازانلىرىنى ئېسىپ، گۈلدۈرلىتىپ ئوت يېقىپ تاماققا تۇتۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قىلىشاتتى. بەزىدە مۆز داۋانىنىڭ شىۋىرغانلىق داۋانلىرىدا ھالىدىن كېتىپ ھاياتلىق شامى ئۆچەي دەپ قالغان بىچارىلەر بۇ يەرگە ئۇلاشسا كۆزلىرىدە يەنە ئۇمىد ئۇچقۇنى چاقنايتتى؛ بىمارلار بۇ يەرنىڭ تاتلىق سۈيى، يېقىملىق ھاۋاسىدىن ئۆزىگە داۋا تاپاتتى، شۇڭا بۇ يەرنىڭ ئىسمى «شىپالىق» ئىدى.

شىپالىق تۆپىلىكى بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدا تۇرغان ئېگىز قارلىق چوققىلار ئارىلىقىدا كەڭ بىر مۇزلۇق ساي تاشلىنىپ ياتاتتى. بۇ ساي ئالتە شەھەر تەرەپكە قاراپ تۆۋەنلەپ كەتكەن بولۇپ، ساي ئىچى ئاجايىپ ـ غارايىپ شەكىللەرگە كىرىپ قالغان مۇز بىلەن تولغاچقا «خادا مۇز» ئاتىلاتتى. ئىلىدىن ئالتە شەھەرگە قاراپ ماڭغان كارۋان شىپالىقتىن خادا مۇزغا چۈشۈپ ئوڭ قول تەرەپكە بۇرۇلۇپ مېڭىشى كېرەك ئىدى؛ ئالتە شەھەردىن ئىلىغا قاراپ كېلىۋاتقان يولۇچىلار بولسا خادا مۇز بىلەن كېلىپ سولغا بۇرۇلۇپ سايدىن شىپالىق تەرەپكە چىقىپ كېتىشى لازىم ئىدى. مۇبادا، ئىلىدىن ئالتە شەھەرگە قاراپ ماڭغان كارۋان شىپالىقتىن خادا مۇزغا چۈشكەندە ئوڭ قول تەرەپكە بۇرۇلماي سولغا كېتىپ قالسا ياكى ئالتە شەھەر تەرەپتىن ئىلىغا قاراپ كېلىۋاتقان يولۇچىلار خادا مۇز بىلەن كېلىپ سولغا ــ شىپالىق داۋىنى تەرەپكە بۇرۇلۇشنى بىلمەي ئۇدۇل كېتىپ قالسا يولۇچىنى قارا باسقىنى شۇ ئىدى. ئۇ چاغدا سىز «بارسا كەلمەس يول»غا كېتىپ قالاتتىڭىز، ئۇ تەرەپ قېلىن قار، كۆپكۆك مۇزلۇقلار بىلەن قاپلانغان يەنە بىر دۇنيا

بولۇپ، ئىچكىرىلەپ كىرىپ قالغان ئادەمنىڭ قايتىپ كېلەلىشى مۇشكۈل ئىدى.

ئەل ئىچىدە «بارسا كەلمەس يول» ھەققىدە ئاجايىپ ـ غارايىپ قورقۇنچلۇق گەپلەر تارقالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، بارسا كەلمەس يول يولۇچىنى توپتوغرا جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئۇۋىسىغىلا ئېلىپ بارىدىكەن، ئۇ يەر قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان، دائىم قاپقارا تۇتەكلا بېسىپ تۇرىدىغان بىر دۇنيا بولۇپ، ئۈستىگە قاردىن لىباس ئارتىپ، بويۇنلىرىغا مۇزدىن مونچاقلارنى ئاسقان قورقۇنچلۇق ئالۋاستىلار بىكار تۇرماي پىرقىراپ، دەھشەتلىك بوران ـ قويۇنلارنى پەيدا قىلىپ تۇرارمىش...

شىپالىقتىكى يوغان تاشلارنىڭ كىملەر تەرىپىدىندۇر سىلىقلانغان يۈزلىرىدە مۇڭگۈزلۈك ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەر خىل قىياپەتتىكى رەسىملىرى، خىلمۇخىل تامغا، بەلگىلەر، ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئادەم شەكىللىرى ئۇچرايتتى. بۇلارنىمۇ كىشىلەر: «بارسا كەلمەس يولدىكى ئالۋاستىلار كېلىپ تاشلارغا چىجاپ قويۇپ كەتكەن نەرسىلەر» دەپ چۈشەندۈرەتتى. ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى يازغان كىتابلىرىدا ئېيتىلىشىچە، «قىيا تاش رەسىملىرى» دەپ ئاتىلىدىغان مۇنداق ئىپتىدائىي بەلگىلەر كۆپىنچە ئوت ـ چۆپ، سۇيى مول، ھايۋاناتلارنىڭ ياشىشىغا باب، مۇھىتى گۈزەل تاغلىق رايونلار ۋە دەريا ۋادىلىرىدىكى غارلارغا، تاش يارلىقلارنىڭ تىك تەرەپلىرىگە، ئوچۇقچىلىقتىكى چوڭ تاشلارنىڭ سىلىقلانغان يۈزلىرىگە سىزىلىدىكەن. بۇنداق رەسىم ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەلگىلەرنىڭ مەزمۇنى تارىختا ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى، ئۇرۇق - قەبىلىلەرنىڭ بەلگىلىرىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىكەن. ئۇ بىر تارىخ، بىر قەدىمىي خاتىرە، نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە قالغان بىر ئۇچۇر، بىر ئاجايىپ يېزىق، بىر مەخپىي شىپىر بولۇپ، مۇشۇ ساھادە تىرىشىپ ئىزدەنگەن ناھايىتى ئاز ساندىكى ئىلىم ئىگىلىرىلا بۇ شىپىرنى يېشىشكە مۇيەسسەر بولالايدىكەن... شىپالىق داۋىنىدىكى تاشلار ئۇستىدە يەنە كېيىنكى زامانلاردا بۇ يەردىن ئۆتكەن قايسىبىر يولۇچى، قايسىبىر كارۋان بېشىنىڭ نامى، كىملەرنىڭدۇر بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان ئاي، كۈن، يىللارنى بىلدۈرىدىغان سان - سىپىرلار ئۇچرايتتى.

بىزنىڭ يولۇچىلىرىمىز شىپالىققا يېتىپ چىقىپ، تۆپىلىكنىڭ ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان بېتىگە ئۆزىنى تاشلىغىنىچە بىرھازا يېتىپ قېلىشتى. ھەممىگە ھاردۇق يەتكەنىدى. ئۇلاغلارمۇ ئالدىدىكى يۇمران ئوتلارغا بېشىنى سوزۇشقا ئېرىنىپ، ئېغىر پۇشۇلداشقىنىچە تۇرۇپ قالغانىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇستىدىكى كۆپكۆك ئاسمانغا تىكىلگەنىدى. قۇياش ئەتراپقا ئۆز نۇرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكۈپ تۇراتتى. يولۇچىلار ئۇچۇن بىر قاباھەتلىك چۈش ئۆتۈپ كەتكەندەك بولغانىدى. قار - مۇز ئىچىدە يول تېپىپ ماڭغان مۇشۇ قىسقىغىنە بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇلارغا گويا پۈتۈن ئالەم قار - مۇز ئىچىدە قالغاندەك، قۇياش كۈلۈپ تۇرىدىغان ئوچۇق ھاۋا، يېشىللىققا پۈركەنگەن يەر -

زېمىن ئاللىقانداق بىر يەرلەرگە يىراقلاپ كەتكەندەك بىلىنگەنىدى. خۇداغا شۈكۈر، ئاللا يەنە ئۇلارنى قۇياش پارلاپ تۇرغان ئىللىق زېمىنغا، يېشىللىققا يەتكۈزدى.

بىرھازادىن كېيىن ئوسمان ئۇلاغچى بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— هاي سەمەتئاخۇن، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ماۋۇ ئۇلاغلارنىڭ ئۇستىدىكى يۈكلەرنى چۈشۈرۈپ، ئۇلاغلارنى چۈشەپ ئوتقا قويايلى. ئاۋۇ بۇرادەرلەرنى «هايت» دېسىلە، سىلىگە ياردەملەشسۇن، مەن هېلى كېلىمەن.

ئوسمان ئۇلاغچى قاياققىدۇر يوقاپ كېتىپ، بىر چاغدا بېشىغا ئاق مالىخاي كىيگەن، ياخشى بىر ئاتنى مىنىۋالغان ساقاللىق مالچىنى باشلاپ كەلدى. مالچى ئېتىنىڭ ئالدىغا بىر قوينى ئارتىۋالغانىدى. قوينى چۈشۈرۈپ باهاسىنى كېلىشتى.

— قوينىڭ پۇلىنى مەن بېرەي، — دېدى سەمەت.

— نېمىشقا؟ — دەپ هەيران بولۇپ سەمەتكە قارىدى ئوسمان ئۇلاغچى، — پۇلنى هەممىمىز تەڭ تۆلەيمىز.

— بولدى، مەن تۆلىۋېتەي، مېنىڭ هەرقايسىڭلارنى بىر مېهمان قىلغىنىم بولۇپ قالسۇن، قوغاندا قىمارۋازلاردىن ئۇتتۇۋالغان پۇلدىن يەنە ئازراق بار.

— قويسىلا، هارامنى هالالغا ئارىلاشتۇرمايلى.

— ئۇ قىمارۋازلار بىزنىڭ ئېتىمىزنى ئۇتتۇۋالسا هالال، بىز ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئۇتتۇۋالساق هارام بولامدىكەن؟... هۆسەن بايۋەچچىگە يەنە ياخشى ئاتتىن بىرنى ئالماقچى بولغان، قوغاننىڭ بازىرىدىن ئات تاپالمىدۇق. شۇڭا ئاۋۇ سىلى «داۋانچى ئېشەككەن» دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلىكسى
www.uyghurkitap.com



ماختىغان قاشاڭ ئېشەكنى ئالغان، قالغان پۇل يانچۇقتىلا قالغان...

— ئەمدى دەيمىنا، قوغاندىكى دەرۋازىۋەنلەرگە شۇڭغۇتقان پۇلنىمۇ سىلى چىقاردىلا.

— يەنە ئازراق بار... قېنى سەن ھەي ھۆسەن! — دەپ ۋارقىرىدى سەمەت.

— مانا، مانا! — دەپ ئۇلارنىڭ يېنىدا ھۆسەن پەيدا بولدى.

— ھېلىقى پۇلدىن باردۇ؟

— ئازراق قالغان.

— ھە، ئاۋۇ قوينىڭ پۇلىنى سەن تۆلىۋەت.

ھۆسەن بايۋەچچە قولىنى ئاۋۋال قوينىغا، ئاندىن ئىشتىنىنىڭ ئاللىقاندىق يەرلىرىگە تىقىپ بىر تۇتام پۇلنى چىقاردى، ئۇلار قوينىڭ پۇلىنى تۆلەپ مالچىنى يولغا سېلىۋەتتى.

— ھاي قۇۋان! — دەپ ۋارقىرىدى روھلىنىپ قالغان ئوسمان ئۇلاغچى، — ئاۋۇ تاغاردىكى قازان - قومۇچنى چىقار، ئەنە ئاۋۇ تۇزگە... كۆرۈۋاتقانسەن؟ شۇ يەردە بۇرۇن قازان ئاسقان بىر ئوچاقنىڭ ئورنى تۇرغاندەك قىلامدۇ نېمە؟ ھە، شۇ يەرگە قازان ئاس!

قۇۋان قازان - قومۇچ سېلىنغان تاغارنى تېپىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قازان، چېلەك... يەنە نېمىلەرنىدۇر بىر - بىرلەپ ئالغىلى تۇردى.

— خوش، ھۆسەن بايۋەچچە، — دەپ ھۆسەنگە قارىدى ئوسمان ئۇلاغچى، — قاسساپلىق دېگەن سىلىگە ئاتا كەسىپ، دادىلىرىنى قەشقەردە قادىر «بىلەي» دېسە

بىلمەيدىغان ئادەم يوق. قېنى، ماۋۇ قوينى ئۆز قوللىرى بىلەن بىر سويۇپ، تېرىسىدىن ئاجراتسىلا.

— سويۇپ يەمدۇق؟ — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە.

— سويۇپ يەيلى، نەچچە كۈندىن بېرى تۈزۈك تاماقمۇ يېمەي، ئاز جاپا تارتمىدۇق، بىر شورپىلىنايلى.

— ئەمىسە سويدۇم، — دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ھۇسەن بايۋەچچە، — قېنى، قايسىڭلاردا ئىتتىكرەك پىچاق بار؟

— قاسساپنىڭ ئوغلى تۇرۇپ يېنىڭغا ئاسقان پىچىقىڭمۇ يوقما؟ — دېدى سەمەت.

— ئالامەت بىر پىچىقىم بار ئىدى، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، — سېپىغا ساپ كۈمۈشتىن ھەل بېرىپ كۆزلەرنى قويغان، يېڭىسارلىق ئۇستاملار سوققان پىچاق ئىدى، غىلىپىغا قىلغان نەققاشلىرىنى ئېيتايمۇ...

— ھە، قېنى ئۇ پىچاق؟

— قوغاندا ئۇتتۇرۇۋەتتىم.

— ۋاي نېمانداق نەچچە ياڭزا گەپ قىلىسىنەۋاي، — دەپ چېچىلدى سەمەت، — ئۆتكەندە بىر شۇنداق پىچاقنىڭ گېپى بولۇپ سورىساق، «ئالامەت پىچىقىم بار ئىدى قوناق بازىرىدىكى ئۇستاملار سوققان، پالانى يەردە ئۇتتۇرۇۋەتتىم» دېگەنتىڭ، ئەمدى باشقا بىر گەپنى قىلىسەنا؟

— سەمەتئاخۇن، بىز قاسساپنىڭ بالىسى بولغاچقا پىچاقتىن ئايرىلمايدىغان، سىلىگە دېگەن ھېلىقى قوناق بازىرىدىكى ئۇستاملار سوققان پىچاقنى راست شۇ سىلىگە دېگەن يەردە ئۇتتۇرۇۋەتكەن، ماۋۇ پىچاقنى قوغاندا ئۇتتۇرۇۋەتتىم.

— قوغاندا بىز ئارقاڭدىن يېتىپ كېلىپ قالمىغان بولساق، — دېدى سەمەت، — تاسلا قاپتىكەنسەن ئىشتانني سېلىپ باشقا يەرلەرنىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتكىلى...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغانلار پىخسلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— سەت گەپ قىلمىسىلا، نوچى، — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە، — قىمار دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، ئۇتتۇرغانسېرى ئۇتتۇرغانلىرىمنى قايتۇرۇپ ئالىمەن، دەپ شۇنداق ئەتىۋارلىق نېمىلىنىمۇ تىكىۋېتىدىغان گەپكەن. قوغاندا پۇل يوق دېسەم، بىر قىمارۋازنىڭ كۆزى ئاشۇ پىچاقىقا چۈشۈپ قالسا بولىدۇ. «ئاۋۇ سۆڭگىچىڭدىكى پىچىقىڭنى تىك» دېدى. غىلىپى بىلەنلا ئېلىپ تىكتىم، بىر دەتتىكام بىلەنلا ئۇتتۇۋالدى. غىلاپىنىڭ ئۆزىنىمۇ ئىككى پىچاقنىڭ پۇلىغا ئالاتتى...

— بولدى... بولدى، يوق پىچاقنىڭ گېپىنى قىلماي، ماۋۇ پىچاقنى تۇتۇڭلا! — دەپ يېنىدىكى غىلاپتىن پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ بەردى ئوسمان ئۇلاغچى.

ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ پىچىقىمۇ قەشقەردىكى داڭلىق ئۇستىلار سوققان پىچاقلاردىن ئىدى. ھۆسەن پىچاقنى قولىغا ئېلىپ بىسىغا بارمىقىنى تەگكۈزۈپ باقتى - دە:

— ۋاھ، بۇمۇ ئالامەت پىچاقكەن، — دېدى.

ھۆسەن بىردەمدىلا قويىنى سويۇپ، تېرىسىنى ئاجرىتىپ ئىچىنى تازىلىدى، ئاندىن «خوش، نېمە قىلىمىز؟» دېگەن مەنىدە كۆپچىلىككە قاراپ قويدى.

— قانداقلا بولمىسۇن قاسساپنىڭ بالىسىدە! — دەپ ماختىدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئەمدى پارچىلاپ قازانغا تاشلىسىلا.

— پۇت ـ قولىنىڭ يېرىلغان يەرلىرىنى مايلايدىغانغا ئاۋۇ قۇيرۇق مايدىن ئازراپ ئېلىپ قالىلى، — دېدى قوۋان ئوچاقنى ئوتشاپ تۇرۇپ.

— ئالە! — دەپ قۇيرۇق مايىنى كېسىپ ئاپىرىپ قوۋاننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى ھۇسەن بايۋەچچە، — قولۇڭنى مايلامسەن، باشقا يېرىڭنىمۇ، ئاپىرىپ تازا بىر مايلىۋال.

— ھۇسەن بايۋەچچە، سەمەتئاخۇندىن ئالالمىغان ئۆچۈڭنى مەندىن ئېلىۋاتامسىلەر قانداق؟ — دېدى قوۋان ئەزمە.

— بۈگۈن مەشەدە قونىمىز، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — گۆشكە ئوبدان بىر تويۇپ، شورپىسىنى ئىچىپ ئازراق بىر ماغدۇرغا كىرەيلى، ئۇلاغلارمۇ ئوبدان بىر هاردۇق ئېلىۋالسۇن، ئالدىمىزدا يەنە خېلى يول بار.

ھۇسەن بايۋەچچە شىپالىقنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ كېلىپ قازانغا ئوت قالاۋاتقان قوۋاننىڭ يېنىغا زوڭزايدى.

— قوۋان، ماڭا قايلا، — دېدى ئۇ، — بۇ شىپالىق دېگەن بەلەن يەركەن جۇما، بىر تەرىپىدە سۇپسۇزۇك سۇ، ئەتراپى چىمەنلىك، ئاۋۇ ياقتا بىر ـ بىرىدىن يوغان تاشلار تۇرۇپتۇ. تاشلارنىڭ ئۇستىگە خەقلەر ھەرقىسما بىرنېمىلەرنى جىجىۋېتىپتۇ، كۆردۇڭمۇ؟

— كۆرمەپتىمەن، نېمىلەرنى جىجاپتۇ؟

— ھەر مۇڭگۈزى بار قوچقارلار بىلەن قوغلىشىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ سۇرىتىگە ئوخشامدۇ ئەيتاۋۇر، يەنە خەتلەرمۇ بار.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى تور بېكىتى



— نېمە خەتلەركەن ئۇ؟

— مېنىڭدىن سورىساڭ مەن نېمە بىلىمەن خەت ئوقۇيالمىسام. ھەرقاچان، مۇشۇ مۇز داۋاندىن ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ مەن پالاناخۇن بولىمەن، شىپالىقتىن پالانى چاغدا ئۆتتۇم، دېگەن گەپلىرىدۇ شۇ... دادام مەھەللىدىكى موللامغا ئوقۇشقا تۇتۇپ بەرگەندە ئۇششاق سۈرىلەرنى يادلاپ خەتمۇ ئۆگەنمەيتىكەنمەن. ئۆمەر مەدداھ ئەجەبمۇ ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتتا.

— ئۇ گەپنى قىلمىسىلا جۇما، مەن ھېلىلا يىغلىۋېتىمەن، ئۇستاز بولغان بولسا ماۋۇ شىپالىق دېگەن قانداق يەر، ئۇ قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن مۇشۇنداق مۇزلۇقلارنىڭ يېنىدىمۇ كۆپكۆك ياشىرىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغان، ئاۋۇ سىلى دېگەن تاشلاردىكى جىجاقلار نېمە جىجاقلار، ھەممىنى دەپ بېرەتتى.

— راست، ھەممىنى دەپ بېرەتتى، — دېدى ھۆسەن، — ئۆمەر ئۇستاز مېنىڭ ئىسمىمنى ھېلىقى نېمىتى... ھېلىقى تامغاتاش دېگەن يەردە تاشلارغا ئويۇپ قويماقچى بولغان. تامغاتاشقا كەلگەندە ئەجەبمۇ بىر سەت تۇمان بولۇپ كەتتى. ئالدىراپ ئۆتۈپ كەتتۇق... مانا، ماۋۇ شىپالىقتىكى تاشلارغا بولسىمۇ نامىشەرىپىمىزنى جىجاپ قويغان بولسا... خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، قۇۋان، يەنە بۇ تەرەپلىگە ئىككىنچىلەپ كېلەلەمدۇق يوق، قانداق دېدىم؟... ئەلۋەتتە كېرەك، ئۇياق ـ بۇياقتا ئۆتكەن يولۇچىلار: «يا ئاللا! مەۋەدىن ھۆسەن بايۋەچچە دېگەن بىر

يېتىممۇ ئۆتۈپتىكەن ـ ھە!» دەپ قالسىمۇ ھېساب ئىدى ئەمەسما.

ــ راست دەيلا،ــ دېدى قوۋان،ــ ئۇستاز ۋەدە قىلغان بولسا ئورۇندىماي قالمايتتى. ئىسىملىرىنى سىلى دېگەن تاشنىڭ ئۈستىگە تازا چىرايلىق قىلىپ پۈتۈپلا قويىاتتى.

※ ※ ※

قۇياش كۈنپېتىشقا قىيسىيىشى بىلەن بىر دەممىدىلا ھاۋا سوۋۇشقا باشلىدى. بۇرادەرلەر ئوچاقنىڭ ئالدىدا يالقۇنجاپ كۆيىۋاتقان ئوتنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئازراقتىن چاي ئىچىپ، گۆشنىڭ پىشىشىنى كۈتۈشتى. قازان ئۇششاق چىمىلداپ قاينىماقتا ئىدى. قوۋان «ئەزمە» بايا ھوسەندىن سورىۋالغان قوي مېيىنى ئوتقا قاقلاپ قىزىتىپ قوللىرىنىڭ يېرىلغان يەرلىرىگە سۈركەۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر ئادەم پەيدا بولدى. گەۋدىلىك كەلگەن، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن بۇ ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ ناھايىتى ئاۋارە ئىدى.

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇرادەرلەر، ئىلىخوغا قاراپ ماڭدىڭلارمۇ، ئالتە شەھەرگىمۇ؟ــ دەپ سالام بېرىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ئۇ.

ــ ئىلىخوغا قاراپ...

ــ ئاپلا! ئالتە شەھەر تەرەپكە ماڭغان بولساڭلار ھەمراھ بولاي دېگەن، ئۆزۈم مېڭىۋېرەي دېسەم يول

بىلمەيمەن. تۈنۈگۈندىن بېرى مۇشۇ ئەتراپنى ئەگىپ يۈرىمەن، ئالتە شەھەرگە ماڭغانلار كېلىپ قالسا بىللە ماڭاي دەپ.

— ئۆكامويى، بايىراقتا تۇرسۇن «تۆشۈك» ئادەملىرى بىلەن ئۇلاغ ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتتىغۇ، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — بىزگە خادا مۇزدا ئۇچراشتى.

— مەن مالچىلارنىڭ ئۆيىدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، شۇ ئارىلىقتا بىرنەچچەيلەن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئارقىدىن ماڭسام يېتىشەلەرمەنمۇ؟

— ئەمدى ماڭسىلا ئۇلارغا يېتىشىپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ، ئالتە شەھەر تەرەپكە بۇرۇن چۈشۈپ باققانمۇ؟

— چۈشۈپ باقمىغان.

— يول بىلمىسىلە يالغۇز ماڭمىسىلا، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى يېلىڭ چىقىپلا، مۇشۇ تۇرقىلىرىدىلا ئالتە شەھەرگە قاراپ ماڭسىلا، خۇدايىم ساقلىسۇن، داۋان ئاشمايلا توڭلاپ قالىلا، قېلىنراق كىيىم، يوك ـ تاق بارمۇ ـ يە؟

— تۇرقۇم مۇشۇ.

— قېنى ئوتقا يېقىنراق كەلسىلە، ئازراق شورپا ئىچسىلە، ھازىرلا گۆش پىشىدۇ.

يېڭى كەلگەن مېھمان ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مۇز داۋاندىن ئۆتمىدىغان مەزگىلمۇ مۇشۇ، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئەمدى بارغانسېرى كۈن ئىسسىپ كېتىدۇ، مۇز داۋان بىلەن ماڭىدىغانلارنىڭمۇ ئايىغى تارتىلىپ قالىدۇ.

— نېمىشقا؟— دەپ ھەيران بولدى مېھمان،— مەن تېخى يامان ۋاقىتىدا يولغا چىقىپ قاپتىمەن، كۈن تازا ئىسسىغاندا ماڭسام بولغانىكەن، دەپتىمەن.

ئوسمان ئۇلاغچى كۈلۈپ كەتتى.

— بىلمىگەنلەرنىڭ تولىسى سىلى ئويلىغاندەك ئويلايدۇ،— دېدى ئۇ،— كۈن ئىسسىغانسېرى تاغدىكى قار - مۇز بەك ئېرىسپ داۋاننىڭ ئىچىدە سۇ بەك ئۇلغىيىپ كېتىدۇ، ئۆتمەك تەس... ھېلىمۇ كۈن ئىسسىپ كەتتى...

— شورپا ئىچىڭلار، بۇرادەرلەر، شورپا!— دەپ قۇۋان ھەربىر ئادەمگە بىر قاچىدىن شورپا سۇندى.

— قۇۋان، شورپىغا تۇز تاشلىغۇەت،— دېدى بىرەيلەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## قۇدۇق

— مۇنداق دەڭلا؟ — دېدى مېھمان قولىدىكى شورپىنى پۈۋلەپ ئىچىپ ئولتۇرۇپ.

— شۇنداق، ئۇكام، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — مۇز داۋان يولىنىڭ تازا ياخشى مەزگىلى ئەتىياز بىلەن كۈز، ھازىرمۇ سەل ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپ قالدى. ئالتە شەھەرگە چۈشىدىغان شۇنداق بىر ئالدىراش ئىش بارمىدى؟

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مېھماننىڭ ئاغزىغا قارىدى.

— ئەستا، گېپىم سەل ئۇزىراپ كېتىدىغان بولدى، — دەپ گەپ باشلىدى مېھمان، — مېنىڭ ئىتىم جاپپار بولىدۇ، غاپپار دەپ ئاكام بار ئىدى، غاپپار، غاپپار دەپ ئاڭلىغۇيدىڭلارمىكىن؟ ئىشقىلىپ، ئىلىدا غاپپار دېسە بىلمەيدىغىنى يوق. بەستى مېنىڭدىنمۇ يوغان، ئىلىخونى سوراپ يۈرگەن نوچىلارنىڭ بىرى ئىدى...

«نوچى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ سەمەت مېھمان تەرەپكە ئىتتىك قاراپ قويدى. نوچىلىقنى دەسمايە قىلىپ كۈن ئالىدىغان ئىش ئىلىخودىمۇ بار ئوخشىمامدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ئاكامغا باشقىلارنىڭ خۇشامەت قىلىپ، قىلمايدىغان قىلىقى قالمايدىغان، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى جاپپار،— ھەممە ئادەم خۇشامەت قىلىدىغانغا مېنىڭ ئاكام بىر چوڭ ئەمەلدار ياكى بىر كاتتا بايمۇ ئەمەس، ئەمدى نېمە گەپ دەيسىلەر... بۇ تەرەپلىرىنى سورىساڭلار مەنمۇ ئېنىق بىر نېمە دەپ بېرەلمەيمەن. نوچىلىق دېگەننىمۇ ياراتقان ئىگەم ئۆزى بېرىدىغان بىر ئامەتمىكىن، دەيمەن... ئىشقىلىپ، پۇلى بارلىرى: «غاپپار مېنىڭ مال - دۇنيالىرىمنى كۆرۈپ كۆزى قىزىرىپ، مەن بىلەن دۇشمەنلىشىپ قالمىسۇن» دەپ خۇشامەت قىلىدۇ؛ پۇلى يوقلار: «مېنى بىرەرسى بوزەك قىلىپ قالسا غاپپار ئاكام ئارا تۇرۇپ قوغدامدىكىن» دەيدۇ. شۇڭا، ئاكام غاپپار بازارغا كىرىپ چاپان بازىرىدىن ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا بىرنەچچە دۇكاندار دۇكاندىن يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاكامنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي دۇكىنىغا باشلاپ يېڭى چاپىنىدىن كىيدۈرۈپ قويىدىغان؛ دوپپا بازىرىغا كىرسە دوپپىچىلار دوپپىسىنى تەڭلەپ تۇرۇۋالىدىغان؛ ئەگەر رەخت بازىرىغا قەدەم بېسىپ قالسا دۇكاندارلار پوكەيدىن ئاتلاپ چۈشۈپ، بەش - ئالتە مېتىر رەختنى يىرتىپلا ئەكېلىپ ئاكامنىڭ بېلىگە باغلاپ قويىدىغان... ئەمدى نېمە دەيسىلەر، خۇدايىم ئادەم دېگەنگە ئامەتنى بېرىۋەتسە شۇنداق ئوخشايدۇ...

«ھە، ئىلىخو دېگەندە نوچى دېگەننىڭ خېلى ئېتىبارى باركەن!» دەپ ئويلىدى سەمەت. جاپپار قىيپاش يىرتىلغان قەغەزگە موخوركىنى پىنەكچە يۆگەپ تۇتاشتۇردى. تازا بىر شوراپ، ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋلەپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ياراتقان ئىگەم تۇغۇلۇشىمىزغىلا ھەممىمىزنىڭ پېشانىسىگە بىر مىجەزنى پۈتۈۋېتىدىغان ئوخشايدۇ. مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم. مانا شۇ ئاكامغا قارىساڭلا ئۆزى شۇنداق نوچى بولغان بىلەن، ئارىلىشىپ يۈرىدىغان ئادەملىرى بىر - بىرىدىن غەلىتە بىرنېمىلەر ئىدى. بايكۆلدىكى ئىسمەت «تاز»، گىر بازىرىدىكى رىماق «بوغاز»، قازانچىدىكى ئايۇپ «كاپپاك»... شۇنداق بىر ئادەملەر، ئاكامنىڭ زەرگەر بازىرىدا سەلەي، سەلەي، دەپ يەنە بىر ئاغىنىسى بولىدىغان، سەلەي «سەتەڭ» دېسە بازاردا تونۇمايدىغان ئادەم يوق. يۈزى خوتۇن كىشىنىڭ يۈزىدەك ئاپپاق، قاشلىرى ئىنچىكە، بەتنىكىسىنى كۆندە مايلاپ، ئىشتان - چاپانلىرىغا دەزمال سالماي كىيمەيدىغان ئادەم ئىدى. مۇنداق بىر غىتمەك مىجەز ئادەم بىلەن ئاكامنىڭ قانداق چىقىشىدىغانلىقىغا ھەيران بولاتتىم. ئىشقىلىپ، ئىككىسى ناھايىتى يېقىن ئىدى. سەلەي دائىم ئاكامنى پۇل خەجلەپ مېھمان قىلىپلا يۈرەتتى. بىر كۈنى ئاكام سەلەينىڭ قېشىغا كىلىپ: «سەلەي ئاداش، يېقىندىن بېرى باشقىچە بىر ئويلاردا بولۇۋاتىمەن» دەپتۇ. سەلەي: «ھە، غاپپار نوچى، نېمە ئويلاردا بولۇۋاتىسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ. ئاكام: «مۇشۇ نوچىلىق ماڭا قانچىلىك ئەسقاتار؟... ئادەم دېگەن قېرىمامدۇ، كۈچتىن قالمامدۇ؟ ئۇ چاغقا بارغاندا مېنىڭ قىلاي دېسەم بىرەر ھۈنىرىم بولمىسا قانداق جان باقارمەن؟ شەھەرنىڭ ھازىر ۋاي غاپپار، دەپ تۇرىدىغان بايلىرى ئۇ كۈنلەرگە بارغاندا ماڭا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويماس؟...» دەپ ھالىنى ئېيتىپتۇ. سەلەي: «غاپپار ئاداش، توغرا ئويلاپسىلەر، ئەمدى قانداق قىلاي

دەيسىلەر؟» دەپ سوراپتۇ، ئاكام: «خەقنىڭ بىكارغا تەڭلىگەن پۇلىنى خەجلەپ شۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مېنىڭمۇ ھەرقايسىڭلارغا ئوخشاش مۇشۇنداق ئىچىپ قويغان دۇكىنىم بولسا كىرىلىپ ئولتۇرۇپ سودامنى قىلىپ، ئۆزۈم تاپقان پۇلنى ئۆزۈم خەجلىسەم... گەپىنىڭ قىسقىسى، ئاغىنىلەر ھە ـ پە دەپ ماڭا بىر دۇكان ئېچىپ بەرسەڭلار» دەپتۇ. سەلەي: «بولىدۇ، غاپپار نوچى، بولىدۇ، ناھايىتى ئوبدان گەپكەن، مەن باشقا ئاغىنىلەر بىلەن بىر مەسلىھەت قىلاي» دەپتۇ. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى سەلەي «سەتەڭ»نىڭ دۇكىنىغا بىر ناتونۇش ئادەم كىرىپ كەپتۇ. شەھەرگە سىرتتىن كەلگەن ئادەمكەن. «ئازراق ئالتۇن بار ئىدى، ئالامسىز؟» دەپتۇ. سەلەي كۆرۈپ باقسا ناھايىتى ساپ كېپەك ئالتۇنكەن، مىقدارىمۇ خېلى باركەن. سەلەي: «بۇ خېلى دۇنياكەن. مەن ئازراق پۇلنىڭ ئورنىنى قىلاي، ئەتە كېلىڭ» دەپتۇ. سەلەي ھېلىقى ئادەمنى شۇنداق دەپ كەتكۈزۈۋېتىپ دۇكاننى تاقاپ ئۇدۇل ئاكامنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ: «غاپپار ئاداش، دۇكاننىڭ ئىشى پۈتۈپ قالدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپتۇ. «نېمە دۇكان؟» دەپتۇ ئاكام. ئۇ سەلەيگە ھېلىقى گەپلەرنى دەپ قويۇپ ئۆزىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىكەن، سەلەي: «ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟... نوچىلىقىنى تاشلاپ دۇكان ئېچىپ ئولتۇرماقچىدىڭلارغۇ؟» دەپتۇ. ئاكام ئېسىگە ئېلىپ: «ھە، ياخشى گەپقۇ، قانداق پۈتىدىغاندەك تۇرىدۇ؟» دەپتۇ. سەلەي ئاكامنى بىر چەتكە تارتىپ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپتىكەن، ئاكام تېڭىرقاپ تۇرۇپ كېتىپ: «بولىدۇ، بولىدۇ، مەن ئەتە دېگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاقتىڭدا باراي!» دەپتۇ. ئاغىنىلەر، قۇرۇق گەپنى قىلىپ سىلەرنى زېرىكتۈرۈپ قويدۇممۇ قانداق؟ — دەپ باشقىلارغا قاراپ قولىدىكى تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى يەرگە تاشلىدى جاپپار.

— سۆزلەۋەرسىلە، — دېدى سەمەت، — بۇ گەپنىڭ قىزىق يېرى ئەمدى چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ھەي، ئازماس خۇدا. ئادەم دېگەننىڭ ئازغىسى كەلسە بىردەملىكلا ئىشكەن، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى جاپپار، — شۇنداق قىلىپ ئاكام «ماقۇل» دەپتۇ. ئەتىسى ھېلىقى ئالتۇننىڭ ئىگىسى مېلىنى ئېلىپ سەلەينىڭ دۇكىنىغا بارغانىكەن. «پۇلنى ئۆيدىن ئېلىپ بېرەي» دەپ مال ئىگىسىنى باشلاپ ئۆيىگە ئەكەپتۇ. ئالتۇننى ئېلىپ پۇلنى ساناپ بەرمەكچى بولغانىنىڭ ئۈستىگە ئاكام تالادىن باستۇرۇپلا كىرىپتۇ - دە: «بۇ نېمە ئالتۇن؟ سەن بۇنى نەدىن ئالغان؟» دەپ ۋارقىراپ ھېلىقى ئادەمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. سەلەينىڭ ھويلىسىدا بىر ئەسكى قۇدۇق بار ئىكەن. جەسەتنى كۆتۈرۈشۈپ ئاپىرىپ قۇدۇققا تاشلاپ، قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپتۇ.

— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، — دېدى قوۋان «ئەزمە»، — ۋاي ھېلىقى كېپەك ئالتۇننى دەپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپتىما؟

— ئاۋۇ نوچى كېپەك ئالتۇننى دەسمايە قىلىپ دۇكان ئاچماقچى بولدى ھەقچان، — دېدى ھوسەن بايۋەچچە.

— ۋاي، گەپ ئارىلىماڭلار، — دېدى شورپا قايناۋاتقان قازاننىڭ ئاستىدىكى ئوتنى ئوڭشاۋاتقان سەمەت، — ئاخىرىدا نېمە گەپ بولىدىكىن، ئاڭلايلى.

— ئاخىرىدا نىمە گەپ بولاتتى، — دىدى جاپپار يەنە بىر تال موخوركا ياساپ تۇرۇپ، — ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتمەيلا بۇ ئىشنىڭ شەپىسى سىزىلىپ قاپتۇ. ساقچى ئاكام بىلەن سەلەينى تۇتۇپ ئايرىم - ئايرىم گۇندىخانىغا سولاپ سوراق قىپتۇ. سەلەي: «مەن ئۇنداق ئادەمنى كۆرگىنىممۇ يوق» دەپ زادى ئىقرار قىلماپتۇ. ئاكامنى ئەكىرىپ سوراق قىپتىكەن، ئويلىمىغان يەردىن ھە دەپلا راست گەپنى قىپتۇ. «باشتا سەلەيگە ماقۇل دەپتىمەن، كىرىپ قارىسام ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر چىرايلىق، سالاپەتلىك ئادەم ئولتۇرمامدۇ، ‹ئاپلا!› دەپ سەلەيگە قىلغان ۋەدەمگە مىڭ پۇشمان قىلدىم. ئەمدى ۋەدە دىگەن ۋەدىدە، ھىلىقى بىچارىنىڭ گىلىنى بوغسام كۆزلىرىدىن مۆللىدە ياش چىقىپ كىتىۋىدى، ‹ئەجەب بىر پوقنى يەپ سالدىما› دەپ شۇ چاغدىلا كۆڭلۈم ئەسكى بولغان، مانا قانداق جازا بولسا مەن تەييار!» دەپ كۆكرەك كىرىپ ئوغۇل بالىچىلىقىغا ئىلىپ تۇرۇپتۇ. «جەسەتنى نەگە يىغىشتۇردۇڭلار؟» دەپ سوراپتىكەن. «سەلەينىڭ ھويلىسىدىكى قۇدۇقتا» دەپتۇ. ساقچىلار ئۇلارنى سەلەينىڭ ھويلىسىغا يالاپ ئاپىرىپ: «جەسەتنى ئىلىپ چىق» دەپ ھىلىقى قۇدۇقتا ئاۋۋال سەلەينى چۈشۈرۈپتۇ. سەلەي قۇدۇقتا شۇ چۈشكەنچە قايتىپ چىقماپتۇ. قۇدۇق بىشىدا تۇرغان ساقچىلارنىڭ تاقىتى تۈگەپ ۋارقىراپ بىقىپتۇ. ھەيۋە قىلىپ قۇدۇقنىڭ ئىچىگە ئوقمۇ ئىتىپتۇ. قۇدۇق ئىچىدىن ھىچقانداق سادا بولماپتۇ، ئاندىن ئۇلار قۇدۇق ئاستىغا ئارغامچا بىلەن بىلىنى باغلاپ ئاكامنى چۈشۈرۈپتۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاكاممۇ قۇدۇقتا چۈشۈپلا غايىب بولۇپ كىتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئارغامچىنى تارتسا قۇرۇق ئارغامچا چىقىپتۇ. ساقچىلار: «نىمە گەپ بۇ؟» دەپ ھەيران بولۇپ تۈرمىدىن ئىككى مەھبۇسنى يالاپ ئەكىلىپ قۇدۇققا چۈشۈرۈپ بېقىپتىكەن، ھېلىقى ئىككىسىمۇ قۇدۇققا چۈشۈپلا يوق بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار گۇندىخانىدىن ئون ـ يىگىرمە مەھبۇسنى يالاپ كېلىپ ھېلىقى قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تېگىگە يەتكۇچە كولاتقۇزۇپتۇ. ئۆزىمۇ سۈيى تارتىلىپ كەتكەن ئەسكى قۇدۇقكەن، قارىسا ھېچنېمە يوق.

ــ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھېچقايسىسى يوقمىكەن؟ ــ دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى سەمەت.

ــ يوق.

ــ ئاكاڭلىمۇ يوق؟

ــ يوق.

ــ ئارقىدىن چۈشكەن ئىككى مەھبۇسمۇ يوقتەكما؟

ــ يوق.

ــ ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتىغۇ باردۇ؟

ــ قۇدۇقنىڭ ئاستىدا زادى قۇرۇق شېغىلدىن باشقا ھېچنېمە يوق تۇرغۇدەك...

ــ بۇ ئىلىخو دېگەن قانداق يەر؟ ــ دېدى قۇۋان ھەيران بولۇپ، ــ قۇدۇقىغا ئادەم چۈشۈپ كەتسە غايىب بولۇپ كېتىدىغان...

ــ بۇ ئىشقا ھەممە ئادەم ھەيران بولدى، ــ دەپ گېپىنى داۋام قىلدى جاپپار قولىدىكى تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ تۇرۇپ، ــ ساقچىلار قۇدۇقنىڭ تۈپلىرىنى تارتىپ تىندۇرۇپلىۋەتتى. شۇنىڭدىمۇ خاتىرجەم بولالماي، يەنە قۇدۇقنى تىندۇرۇۋەتكەن

توپىنىڭ ئۈستىگە بىر ھەپتە قوراللىق ئادەم قويۇپ كۆزەتتى، جىمجىت. ھېلىقىلار شۇ غايىب بولغانچە غايىب بولدى...

— ئۇكام، بۇ قاچان بولغان ئىش؟ — دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— مانا بۇ يىل كۈز كىرسە توپتوغرا ئۈچ يىل بولىدۇ... دادىمىز ئۆلۈپ كەتكەن. ئاپام ئاغرىقچان، ئۆيىمىزنىڭ تۈۋرۈكى ئاشۇ غاپپار ئاكام ئىدى، ئاكام غايىب بولۇپ كېتىپ مەنمۇ تېنەپ قالدىم...

— مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم، — دېدى قۇۋان، — ھېلىقى جەسەتنى ئالغىلى چۈشكەنلەرنىغۇ بىر يەرگە قېچىپ كەتتى دەيلى...

— قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن نەگە قېچىپ كېتىدۇ؟ قۇدۇقنىڭ ئاغزىدا مىلتىقنى تۇتۇپ ئەسكەر تۇرسا؟

— يا ئەمدى، تىرىك جان بولغاندىن كېيىن قېچىپ كەتتىمۇ دەيلى، جەسەتچۇ؟... ھېلىقى كېپەك ئالتۇننىڭ ئىگىسىنىڭ جەسىتى نەگە يوقاپ كېتىدۇ؟

— ۋەي قۇۋان! — دېدى سەمەت، — ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، ئۈستىدە بىر ھەپتە كۆزەتچى قويغان يەردىن ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ ھېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، دەيمەن.

— شۇ ئەمەسما، ئەمىسە ئۇلار نەگە غايىب بولدى؟

— كېيىن خەقلەرنىڭ تاپقان قىزىق گەپلىرىنى دېمەمسىلەر، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى جاپپار، — ھەرقايسىڭلار ماۋۇ ئىلىخو دېگەنگە يېڭى چىقىۋاتىسىلەر، كېيىن بىلىپ قالىسىلەر، بەزىدە بۇ ئىلىخولۇق دېگەننىڭ راست گېپى بىلەن چاقچىقىنى ئايرىغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاكام بىلەن زەرگەر ئاغىنىسى سەلەي ئىككىسىنىڭ ئاقسۇنىڭ ئاۋات دېيىمۇ، شۇنداق بىر يېرىدە مۇسەللەس ئىچىپ مەست بولۇپ بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىگە قوللىرىنى ئارتىشىپ، ناھايىتى خۇشال ئولتۇرغىنىنى كۆرگەنلەر بارمىش؛ تېخى بەزىلەرنىڭ: «ئاكاڭنى بىز كۇچانىڭ بازىرىدىكى بىر چايخانىدا كۆردۇق، ھېلىقى ئاكاڭنى تېپىپ چىقماقچى بولۇپ ئارقىسىدىن قۇدۇقتا چۈشكەن ئىككى مەھبۇس دۇتار بىلەن داپنى داراڭلىتىپ چالغىلى تۇرۇپتۇ. ئاكاڭ غاپپار ناخشىغا تېگىپتۇ. سەلەي ‹سەتەڭ› قېشىغا رەسمىي ئۇسسىنى قويۇپ، يۇزىگە ئەڭلىك سۈرگەپ ئوتتۇرىدا ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ. ئەھۋال سوراپ قويايلى دېسەك، ئۇلارنىڭ بىزگە قارىغۇدەكمۇ چولىسى يوق» دېگەنلىرىنى ئاڭلىدىم. يېقىندا مۇشۇ مۇز داۋاندىن ئۆتكەن بىر ئاداش: «غاپپارنى مەن مۇز داۋاندا كۆردۈم، داۋاننىڭ ئۈستىدە مۇز چاناۋاتقان داۋانچىلارنىڭ ئارىسىدا يۈرىدۇ. مۇنداق قارىسام غاپپارغا ئوخشايدۇ، باشقىلار مېنى تونۇپ قالمىسۇن دېگەندەك، بېشىنى كۆتۈرمەي ھە دەپ مۇز چاناۋاتىدۇ. ‹ھوي، غاپپارمۇ سەن؟› دېسەم، بېشىنى كۆتۈرۈپ ‹تونۇپ قالدىڭ ـ ھە؟› دېدى. ئولتۇرۇپ بىر بۇ ئورامدىن تاماكا چېكىشتۇق. ‹غاپپار، بۇ سەن تۇرىدىغان يەر ئەمەس، يۈرە، غۇلجىغا بىللە كېتىمىز› دېسەم، يەنە نوچى دېگەننىڭ نوچىلىقى بار ـ دە، ‹سەلەينىڭ ئارقىسىغا كىرىپ قاراپ تۇرۇپ بىر ياخشى ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بوپتىمەن، ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇ يەرگە بارىمەن، بولدى...›» دەپ يۈرگۈدەك. بۇ گەپلەر ئاپامنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتىكەن، «سېنىمۇ ئوغۇل

بالا دەپ تۇغدۇممۇ، قېرىنداش بولغاندىن كېيىن ئاكاڭنى ئىزدەپ باقساڭ بولمامدۇ» دەپ مېنى ئولتۇرغۇزمىدى. ھېلىقى داۋانچىلار بىلەن بىر كۆرۈشۈپ، ئاكام ئۇ يەردىمۇ بولمىسا، ئالتە شەھەر تەرەپكىچە بىر ئۆتۈپ باقاي، دەپ يولغا چىقتىم...

— داۋاندىنغۇ بىز ئالدىنقى كۈنىلا ئۆتتۇق، داۋانچىلار ھەممىمىزنى پەلەمپەيلەردىن يۆلەپ ئۆتكۈزۈپ قويغان، ھەممىسىلا تازا يوغان بەستى بار ئادەملەركەن. كىم بىلىدۇ، بىز ئاكىلىرىنى تونۇمىغاندىن كېيىن تازا زەن قويۇپمۇ كەتمەپتۇق... — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە.

— ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان گەپلەرغۇ بۇ! — دېدى سەمەت.

— مۇنداق غەلىتە ئىشلار ئىلگىرىمۇ بولغان، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى گەپكە قوشۇلۇپ، — بىر زامانلاردا مۇشۇ ئىلىخونىڭ سايرام كۆلىگە بىر مالچى ئاتلىق، ئاتنىڭ ئېگەر - توقۇملىرى بىلەنلا چۈشۈپ كەتكەنىكەن. ھەممە ئادەم ئۇنى ئۆلدى، دەپ يۈرسە، قىرغىزلار تەرەپكە سودا بىلەن ئۆتكەنلەر ھېلىقى مالچىنىڭ شۇ يەردە ئاتلىق كېتىپ بارغىنىنى كۆرۈپتۇدەك. «ھوي، سەن پالانچى ئەمەسمۇ، سايرام كۆلىگە چۈشۈپ كېتىۋىدىڭ بۇ يەردە قانداق پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟» دەپ سورىسا، «ئۆزۈممۇ بىلەلمەي قالدىم، سايرام كۆلىگە ئات بىلەنلا چۈشۈپ كەتكەنىدىم، كېيىن ئېتىم ئۈزۈپ يەنە بىر قىرغاققا ئاچىقىپ قويدى. قارىسام ئەتراپ ناتونۇشلا بىر يەر. سۈرۈشتۈرسەم بۇ يەردە ئىسسىقكۆل دەپ بىر كۆل بار ئىكەن، ئىسسىقكۆل بىلەن بىزنىڭ شۇ سايرام كۆلىنىڭ ئاستى تۇتاشكەن ئەمەسمۇ، مەن ئىسسىقكۆلنىڭ بويىدىن

چىقىپ قاپتىمەن» دېگۈدەك... مانا شۇنداق گەپلەر، قالغىنىنى خۇدا ئۆزى بىلمىسە، كېلىنگلار گۆش پىشتى.
يولۇچىلار چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. جاپپارمۇ قاتاردا ئولتۇرۇپ بىر پارچە گۆش يېدى. قىزىق شورپىغا قاتتىق نان‌دىن چىلاپ ئىچىۋالدى ــ دە، تاماقتىن بۇرۇنراق قول تارتىپ ئورنىدىن تۇردى.
ــ نەگە؟ قوپۇپ كەتتىلىغۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى.
ــ ئاۋۇ تۆۋەندە بىر مالچى ئاغىنە بار، شۇنىڭ قارا ئۆيىدە قوناي، ــ دېدى جاپپار.
ــ تاماقنى تۈزۈك يېمىدىڭلا؟
ــ ئوبدان يېدىم، رەھمەت، مەن ماڭاي...
ــ بوپتۇ ئەمىسە.
يولۇچىلارمۇ تاماقتىن كېيىن بوشىشىپ ھاردۇق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى. ئاستىغا ئۇلاغلارنىڭ ئۇچىلىقلىرىنى سېلىپ، ئۈستىگە چاپانلىرىنى يېپىپ، گۇلخان ئەتراپىنى چۆرىدەپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار روشەن جىمىرلايتتى. خادا مۇز تەرەپتىن سوغۇق شامال كېلەتتى. گۇلخان ئۈستىگە تاشلانغان ئوتۇنلار باشتا قىزىشىپ تۇتەپ، ئاندىن گۈپپىدە ئوت ئېلىپ چارسىلداپ كۆيەتتى...
ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلارنى ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى ئويغاتتى.
ــ تۇرۇپ كېتىڭلار، بۇرادەرلەر، تۇرۇپ كېتىڭلار، مېلىمىزغا ئوغرى تېگىپتۇ.
ھەممىسى دېگۈدەك كۆزىنى ئېچىپ بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ سوراشتى.

— نېمىنى ئاپتۇ؟

— زادى قانچىلىك بىرنېمە ئالغىنىنى بىلمىدىم، قوپۇپ ھەممىڭلار نەرسە - كېرەكلىرىڭلارغا قاراڭلار... چۈشەپ قويۇۋەتكەن قېچىرنىڭ بىرى يوق. بوشاپ كەتتىمۇ، ئوغرى ئالدىمۇ، بىلمىدىم.

— قېچىرنىڭ بىرى يوق؟!

ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ نەرسە - كېرەكلىرىگە قاراشتى. مۇز داۋاندىن ھالقىپ كېلىۋاتقان مۇساپىرلارنىڭ قانچىلىك بىرنېمىسى بولىدۇ دەيسىلەر. ئوزۇق - تۈلۈك، بىرنەرسىلەرنى سالغان ئالا خۇرجۇن، ياتقان يەردە ئاستىغا كۆرپە، ئۈستىگە يوتقان بولىدىغان بىر كونا چەكمەن چاپان، يول بويى ئۈستىدىن سالماي كېلىۋاتقان كۆڭلەك، تامبال، ئۇنىڭ ئالدىقانداق بىر يەرلىرىگە تىقىشتۇرۇپ قويغان ئازغىنە پۇل... ھەممە نېمە ئۆز جايىدا ئىدى. ئوغرى ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ قېچىرىغىلا تەگكەندەك قىلاتتى.

ئۇلار ئەتراپقا قاراپ قېچىرنى ئىزدەشتى. بىر چاغدا ئوسمان ئۇلاغچى ھەممەيلەننى «بولدى، ئىزدىمەڭلار» دەپ چاقىرىۋالدى. ئۇنىڭ قولىدا قىل ئارقاننىڭ پارچىسى تۇراتتى.

— بولدى، ئىزدىمەڭلار! — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — مانا، قېچىرنى ماۋۇ ئارقان بىلەن چۈشەپ قويغان. ئارقاننىڭ ساق تۇرغىنىنى كۆرگەنسىلەر؟ قېچىر ئۈزۈۋالغان بولسا ئىككى پارچە بولۇپ كېتەتتى. ئوغرى يېشىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغقىچە ئۇ يىراقلاپ كەتتى. بوپتۇ، كەلگۈلۈك شۇ بىر قېچىرغا كەپتۇ. بۇ يولدا ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



جىنلىرىنىمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ، بىرەر قېچىر دېگەن نېمىتى...

— مەن نېمە دېگەن؟ — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە، — مانا، ھېلىقى قوغاندىكى رەمچىنىڭ گېپى راست چىقتى.

— رەمچى... ئۇ نېمە دېگەن؟

— ئالامەت ئادەمكەن، رەمگە بىر قاراپلا مۇشۇ سەپىرىڭلارغا زادى قېچىر ياراشمايدۇ، دېگەن...

— قويە ۋاي ئەمدى يالغاننى سەن توقۇماي... — دېدى سەمەت، — قېچىرنى چوقۇم ئاخشامقى ھېلىقى قۇدۇقنىڭ ھېكايىسىنى توقۇغان ئاداش ئالدى... ئالتە شەھەرگە چۈشۈپ ئاكامنى ئىزدەيمەن دەۋاتاتتى. مىنىپلا كېتىپتۇ ـ دە!

— ھېلىقى قىلغان گەپلىرىنىڭ قاملاشمىغىنىنى قارىمامسىلەر، ئاكىسى غۇلجىدا قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ ئاقسۇ ئاۋاتتىن چىقىپتۇدەك... شۇ گەپلەرنىمۇ ئەخمەق بولۇپ ھە دەپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇپتۇق!

— بۇ گەپچە، نەق ئوغرىنىڭ قورسىقىنى ئۆزىمىز شورپا بىلەن گۆش بېرىپ ئوبدان بېقىپتۇق ـ دە؟...

— ئوسمان تاغا، — دېدى سەمەت، — ماڭا ئاۋۇ قېچىرنى راسلاپ بەرسىلە.

— نېمە قىلىملا؟

— ئارقىسىدىن بىر قوغلاپ باقاي.

— قويسىلا، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئالتە شەھەر تەرەپكە قاراپ چۈشۈپ كەتتىمۇ، باشقا ياققىمۇ... قاياققا ماڭغان بولسا بۇ كەمگىچە يىراقلاپ كەتتى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# تۇغراسۇدا

ئوسمان ئۇلاغچى يىتكەن قېچىرنىڭ يۈكلىرىنى باشقا ئۇلاغلارغا تەقسىمدەپ تاڭدى. ھۈسەن بايۋەچچە قوغاندىن باشلاپ مىنىپ كەلگەن ئېشەككىمۇ بىر تاغار مال ئارتىلدى.

— بولدى، بۇنىڭ بۇيېقى يەر تۆۋىنىكەن،— دېدى سەمەت،— بايۋەچچە، سىلىمۇ بىزگە ئوخشاش پىيادە ماڭسىلا بولا!

شىپالىق داۋىنىدىن ئۆتۈپ ئۆچرىغان تاغ سۇلىرى ئەمدى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىغا ئەمەس، شىمالىغا قاراپ ئاقاتتى. يولۇچىلار تاغنىڭ ئۈستىدىكى مۇزلۇق چوققىلار، تاشلىق ئېگىزلىكلەردىن تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى قارىغايلىق جىلغىلار، ياپيېشىل يايلاقلارغا قاراپ تۆۋەنلەيتتى. شىپالىقتىن قوزغالغان يولۇچىلار چوڭ كۆل، كىچىك كۆل دەپ ئاتىلىدىغان، دائىم قار سۈيى يىغىلىپ تۇرىدىغان كۆلچەكنى ياقىلاپ مېڭىپ تاغ ئۈستىدىكى تەكشى بىر يولغا چۈشتى. ھاۋا ئوچۇق، ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى تاغ ئۈستىگە ئاستا - ئاستا يېيىلماقتا ئىدى. سەپەرداشلار يىتكەن قېچىرنىڭ گېپىگە چۈشكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— قېچىرنى جەزمەن شۇ ئالدى... ئاخشامقى ھېلىقى ئاداش... بىز بەخىرامان ئۆيقۇغا كېتىپتۇق...
— ئېتى نىمىتى ئۇ ھارامزادىنىڭ؟
— غاپپار دېدىمۇ، جاپپار دېدىمۇ...
— ياق، ئۆزىنىڭ ئېتى غاپپار، ۋاي ياقەي، ئۆزىنىڭ ئېتى جاپپار، ئاكىسىنىڭ غاپپار... شۇنداققۇ دەيمەن.
— يۈرىكىمۇ قاپتەك باركەندە... ماۋۇ ئاغىنىلەر ئويغىنىپ قالسا قانداق قىلارمەن، دېمىگىنىنى قاراڭلار.
— تۆيۈپلا قالغان بولساق ئولاش - چولاش چېچىۋەتكۈچە سالاتتۇق - دە،— دېدى ھۇسەن بايۋەچچە.
— ھاي - ھاي، بايۋەچچى،— دېدى قۇۋان،— بوشراق گەپ قىلىڭلار، بەستىمۇ خېلى بار يېتىمكەن، سىلىگە بوي بەرمەسمىكىن.
— شۇڭا ئولاش - چولاش دەۋاتىمەنغۇ ۋەي ئەزمە... بىزنىڭ ماۋۇ سەمەتئاخۇنىمۇ بوش چاغلىما جۇما سەن!— ھۇسەن شۇنداق دەپ سەمەتكە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.
— بىزنىڭ بۇ ئۇلاغلار،— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،— كېچىسى بوشىنىپ كەتسىمۇ ئاسانلىقچە يىراققا كېتىپ قالمايدۇ، يەنە بىللە ماڭغان ئۇلاغلارنىڭ ئەتراپىنى پىرقىراپ يۈرىدۇ... قېچىرنى ئوغرى ئېلىپ كەتكىنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇكىلىرىم، «گۇمان ئىماننى قاچۇرار» دېگەن گەپ بار... ئۇنى ئاشۇ ئاكىسىنى ئىزدەپ يۈرگەن يېتىم ئوغرىلىدىمۇ، باشقا بىرسىمۇ، خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.
— ئۇنىڭ ئاكىسىنى ئىزدەپ يۈرگىنىمۇ يالغان،— دېدى سەمەت،— شەھەردە قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنى شىپالىقتا ئىزدەمتى...

— قۇدۇقتا تاشلاپ ئۇستىدىن كۆمۈۋەتكەن ئادەملەرنىڭ ئاۋاتتا مۇسەللەس ئىچىپ، كوچادا ئۇسسۇل ئوينايدىغان يەرلىرى بار تېخى... يا رەببىم، يالغان دېگەننى ئالامەت توقۇيدىكەندە! يۈزى مىت قىلىپ قىزىرىپمۇ قويمىدا.

— ئوغرى دېگەننىڭ يۈزى قىزىرامدا... ئاكىسىنىڭ مۇز داۋاندا مۇز چاپىدىغان يەرلىرىنى دېمەمسىلەر تېخى...

— بىزنى شۇنچىۋالا كولدۇرلىتىپ گەپكە سالسا «ھە» دەپ ئولتۇرۇپتۇق.

— ئۇنىمۇ دەيسىلەر، بۇنىمۇ دەيسىلەر، — دېدى قۇۋان، — ئۇنىڭ گەپلىرى بەك قىزىقكەن.

— گېپى قىزىق بولسا ئەجەب دوست تارتمىدىڭغۇ؟ — دېدى سەمەت.

— سەمەتئاخۇن، سىلى زاڭلىق قىلمىسىلا، مەن ئۇنىڭ ھېلىقى نوچى ئاكىسىنى ساقچىلار سوراق قىلغاندا، «مانا مەن ئۆلتۈردۈم، قانداق جازا بەرسەڭلار ئالدىڭلاردا تۇرۇپتىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان يېرىگە كەلگەندە تاس قالدىم «ھەق دوست!» دەۋەتكىلى. ئەممازە، مۇنداق قىزىق پاراڭلار رەھمەتلىك ئۆمەر ئۇستازنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالغان بولسىزە، ئۇ ئادەم بۇنى قالتىس بىر قىزىق ۋەقە قىلىپ توقۇپ ھەممە ئادەمنى ئاغزىغا قارىتاتتى جۈمۇ... ۋاي، شۇ ئېسىل ئادەمدىن ئەجەبمۇ ئايرىلىپ قالدۇققۇ...

قۇۋان يەنە يىغلاشقا تەمشىلىۋىدى، سەمەت ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىق بىر ئالىيىپ قويدى.

ئۇلار گەپ بىلەن بولۇپ «ئايغىرئالدى» داۋىنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىقىنلاپ قالغانىدى. بۇ داۋاننىڭ ياز كۈنلىرى ئانچە خەتىرى بولمىغان بىلەن، جىلغىلار قار بىلەن تىنىپ كېتىدىغان قىش كۈنلىرىدە ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئېيىتىشلارغا قارىغاندا، نۇرغۇن قېتىم بۇ يەردە ئۇلاغچىلار ئۇلاغلىرى بىلەنلا كۆلتۈك قارغا كىرىپ كېتىپ غايىب بولغانىكەن. ھازىر ياز بولغاچقا يولنىڭ ئويمان - چوڭقۇرنى پەرق ئېتىپ ماڭغىلى بولاتتى. داۋاننىڭ ئوڭ تەرىپى تىك تاشلىق يار بولۇپ، سول تەرىپى مۇزلۇقلاردىن ئېقىپ كەلگەن تاغ سۇلىرى لېپىتىدەك سىزىق ھاسىل قىلىپ تۆۋەنگە شارقىراپ چۈشۈۋاتقان ئېگىزلىك ئىدى.

— بۇ يەرنى نېمىشقا «ئايغىر ئالدى» دەيدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى سەمەت ئوسمان ئۇلاغچىغا قاراپ.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — بۇ يەرنىڭ ئەسلىي ئىسمى «ئايغىرىيالى» ئىكەن. ئەنە ئالدىڭلىغا قاراڭلار، بۇ يەردە تاغنىڭ ئاتنىڭ يالىسىدەك تار قىرىنى ياقىلاپ ماڭىدىغان گەپ، شۇڭا «ئايغىريالى» ئاتالغانىكەن. كېيىن بىرەيلەننىڭ مىنىپ ماڭغان ئايغىرى بۇ يەردە غۇلاپ ئۆلگەن ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ نامى «ئايغىر ئالدى» بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ... ئاۋايلاڭلار، ئاۋايلاڭلار، بۇ يەردىن ئۇلاغلارنى يېتىلەپ بىر - بىرلەپ ماڭمىساق بولمايدۇ.

داۋاننىڭ تۆۋىنىدە ياپيېشىل ئوتلاق، قارىغايلىق جىلغىلار تاشلىنىپ ياتاتتى. نەلەردىندۇر شارقىراپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ساداسى كېلەتتى. لېكىن، يولۇچىلارنىڭ ھازىرچە بۇ گۈزەل مەنزىرىلەرگە قاراپ ھۇزۇرلىنىشقا چولىسى يوق ئىدى. ئۇلار تاغنىڭ تار،

سىيرىلاڭغۇ قىرى بىلەن ئاۋايلاپ قەدەم ئېلىپ تۆۋەنلەپ كېتىپ باراتتى، سەللا دىققەت قىلمىغان ئادەمنىڭ ئات ـ ئۇلاغ بىلەنلا تاغنىڭ تاپىنىغىچە دومىلاپ چۈشۈپ كېتىش خەۋپى بار ئىدى.

تىك قىيالىقلار ئارىسىدىكى بۇ جىلغىلارغا كۈن نۇرى كېچىكىپ چۈشۈپ يەنە بالدۇرلا غايىب بولاتتى ـ دە، بۇ يەردە قارلىق تاغلارنىڭ سوغۇقى بىلەن كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى ئەڭ ئۇزاق ساقلىناتتى. بۇ جىلغىلاردىكى قار ـ مۇزلارنىڭ ئاستىدىن توختىماي شىرىلداپ ئېقىپ چىقىپ تۇرىدىغان تاغ سۇلىرى تۆۋەنگە بارغانسېرى بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇلۇپ غايەت زور ئېقىنلارنى پەيدا قىلاتتى. بۇ يەردىكى مۇزلۇقلارنىڭ قۇياش نۇرىدا چاقنىشى، ئۇششاق ئېقىنلارنىڭ يېنىك شىرىلدىشى، ئېگىزلىكلەردىن چۈشۈۋاتقان تاغ سۇلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك شارقىرىشى، قۇشلارنىڭ خۇشخۇي چۇرۇقلاشلىرى ـــ ھەممىسى قوشۇلۇپ تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل بىر سىمفونىيەسىنى ھاسىل قىلاتتى. بۇ مۇزىكا ئەسىرلەردىن بېرى بۇ بۈيۈك تاغلارنى، چەكسىز ئورمان، قارلىق داللارنى ئۆزىنىڭ تەسىرلىك مېلودىيەلىرى بىلەن ئەللەيلەپ كەلمەكتە ئىدى. مۇبادا بۇ ناخشا، بۇ مۇزىكا توختايدىغان بولسا چەكسىز ۋادىلارنىڭ ھاياتلىق تومۇرى بولغان دەريالارمۇ توختايدۇ، تەبىئەتنىڭ پۈتكۈل گۈزەللىكىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتىمۇ نابۇت بولىدۇ...
ئېگىز تاغلارنىڭ چوققىلىرىدا ئاپپاق قار، ئۇنىڭ ئاستىدا مۇزلۇق جىرالار، ئۇنىڭمۇ تۆۋىنىدە تاشلىق تاقىر قىيالار، ئۇنىڭدىن ئۆتسىڭىز قارىغايلىق يانتۇ بەتلەر، ئۇنىڭدىنمۇ تۆۋەنلىسىڭىز چەكسىز كەتكەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ئوتلاق، كۆز يەتمەس دالالار... پەلەكنىڭ مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشىغا زادى قانداق مەنىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى ياراتقان ئىگەمنىڭ ئۆزىگىلا مەلۇمدۇر.

※ ※ ※

ئايغىر ئالدى داۋىنىدىن چۈشكەندە سول تەرەپتىن كەلگەن ئۇلۇغ بىر سۇ يولنى توغرا تۇسۇپ ئۆتۈپ، مۇز داۋان تەرەپتىن كېلىۋاتقان سۇغا بىرىپ قوشۇلاتتى. شۇڭا بۇ يەرنى «توغراسۇ» دەپ ئاتايتتى. ئەنە شۇ ئىككى سۇنىڭ قوشۇلۇش ئەتراپىدا ئىككى ـ ئۈچ دەڭ بار ئىدى. يولۇچىلار توغراسۇدىكى دەڭلەرنىڭ بىرىگە چۈشتى. ئۇلاغلارنىڭ پۇتىنى چۈشەپ ئوتلاشقا قويۇۋەتتى. بۇ بىر قانچە كۈندىن بېرى خەتەرلىك جايلاردىن ئۆتۈشنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ نېرۋىلىرى چىڭقىلىپ كەتكەن يولۇچىلار قونالغۇغا كەلگەندە ئەتراپقا ھەيران بولۇپ قاراپ، ئىلى تاغلىرىدىكى گۈزەللىكلەرنى بىردىنلا ھېس قىلىشقاندەك بولدى. ئەتراپ ياپيېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، ئۇلار جاپالىق يول بېسىپ ئۆتكەن قارلىق چوققىلار ھازىر قارىياغاچلىق بەتلەرنىڭ ئارقىسىدا ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

يولۇچىلارنىڭ ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنى ئوبدان بىر كۆرۈۋېلىش خىيالى ئاز ئۆتمەيلا يوققا چىقتى. تاغ ئارقىسىدىن بىر پارچە بۇلۇت كېلىۋىدى، تاراسلاپ يامغۇر چۈشكىلى تۇردى. بۇ يەردىكى دەڭلەرنىڭ ھۇجرىلىرىدا قىش ـ ياز مەش قويۇقلۇق بولاتتى.

دەڭنىڭ مۇلازىمەتچىلىرى نېرىدىكى لاپاسنىڭ ئاستىغا سەرجان قىلىپ تىزىپ قويغان ئوتتۇنلاردىن ئەكىرىپ يوغان تەكىيىستىمان مەشكە سېلىپ ئوت يېقىۋىدى، ئوت بىردەمدىلا گۇرۇلدەپ كۆيۈپ ئۆينىڭ ئىچى ناھايىتىمۇ كۆڭۈللۈك ئىسسىپ كەتتى. دەڭچىلار مېھمانلارنى كۆرۈپ قاسقان قويۇپ مانتا پىشۇردى. نەچچە كۈنلۈك داۋان سەپىرىدە يولۇچىلارنىڭ ئىسسىق تاماق سېغىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇلار ئوبدان بىلەتتى. داستىخان سېلىنىپ تاماق كىردى.

— بۇ دەڭ خېلى بولىدىكەن جۇما، — دەپ رازى بولدى سەمەت تاماقتىن كېيىن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ.

— قانداق دەيلا؟ — دەپ ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى ھۇسەن بايۋەچچە.

— يولدىكى دەڭلەرنى كۆردۇقغۇ، ئۆيلىرىنىڭ ناچارلىقى، تاماق دېگەن بار يەردە بار، بولغاندىمۇ ناھايىتى ناچار، كىرە ـ كىرمەيلا پۇل سورايدىغىنى تېخى...

— بىر كەم يېرى، بۇ دەڭدە قىمار ئوينىغىلى قويمايدىكەن، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە. ئۇ مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ تۇنۇگۇن شىپالىقتا قوي سويغاندا ئېلىۋالغان قۇيرۇق ماينى ئوتقا قاقلاپ پۇتىنىڭ يېرىلغان يەرلىرىگە سۇركەۋاتاتتى.

— بايۋەچچە، — دېدى سەمەت، — يەنە قىمارنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدىڭلىغۇ؟

— مانا ماۋۇ يېنىمىزدىكى دەڭدە قىمار دېگەن قايناپ كېتىپتۇ، ئىشەنمىسىلە كىرىپ قاراپ باقسىلا.

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ، سەن ئۇ دەڭگە قايسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئارىلىقتا كىرىپ قىمارۋازلارنى كۆرگۈدەك بولدۇڭ؟
— بايا يامغۇرنىڭ ئالدىدا... ئەتراپنى بىر كۆرەي دەپ، ئۇياقتىكى دەڭنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالمايمەنمۇ... پاھ! بۇ ئەتراپنىڭ چىرايلىقلىقى! تاغ باغرىدا گۈل دېگەن ئېچىلىپ كېتىپتۇ، ھەرە دېگەن غوڭۇلداپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ، «ئىلىخو دېگەن راستلا بەلەن يەركەن جۇما» دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، قۇلىقىمغا «يا جەمشىت!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۆزۈممۇ چۆچۈپ كەتتىم، بۇ جەمشىت دېگىنى قانداقراق ئادەم بولغىيتتى؟
— قىمارۋازلارنىڭ پىرى، — دېدى قوۋان.
— پىرلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن، «قانداقراق ئادەم بولغىيتتى؟» دەيمەن.
— مانا، ئۆمەر ئۇستاز بولغان بولسا، — دېدى قوۋان، — بۇ گەپنى شۇ كىشىدىن سورىغان بولسىلا جىمى پەيغەمبەر، پىركامىللارنى شۇ كىشى بىلەتتى. تۆتلا ئېغىز گەپ بىلەن كۆز ئالدىلىرىغا مانا جەمشىت دەپ كەلتۈرۈپلا قوياتتى... ئەجەبمۇ بىر ئايرىلىپ كەتتۇقتە، ئامال يوق...
شۇ چاغدا ئىشىكتىن «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دەپ تونۇگۈن شىپالىقتا ئەسكى قۇدۇقنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بەرگەن جاپپار كىرىپ كېلىۋىدى، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى.
— ۋە... ۋە... ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، سىلى بۇ يەرگە قاچان كېلىۋالدىڭلا؟ — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى ئېسىگە كېلىپ.
— تونۇگۈن ھەرقايسىڭلارنىڭ داستىخىنىدا قورساقنى ئوبدان تويغۇزدۇم. «ئالتە شەھەرگە چۈشىدىغان

ئادەم بولمىسا ماڭا بۇ شىپالىقنىڭ ئۈستىدە نېمە بار» دەپ مۇشۇ تەرەپكىلا قاراپ ماڭغانىدىم.

— قېنى، يۇقىرى چىقىڭلار.

جاپپار مەشنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. قالغانلار: «بۇ ئوغرى قېچىرنى كېچىچە بىر يەرگە جىمىقتۇرۇپ، يەنە چاندۇرماي ئارقىمىزدىن يېتىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ» دېگەن گۇمان بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— نەگە چۈشتۈڭلا؟

— ماۋۇ يېنىڭلاردىكى دەڭگە.

— ئاخشام شىپالىقتا بىزنىڭ بىر قېچىرنى ئوغرى ئېلىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى يەر تېگىدىن جاپپارغا قاراپ.

— ئاڭلىمىغانمۇ، — دېدى جاپپار پەرۋاسىزلا، — شىپالىقنىڭ ئوغرىسى يامان.

— مەن ئەجەب مۇنداق گەپنى ئاڭلىماپتىكەنمىنا ئۇلاغچى تۇرۇپ، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— شۇنداق گەپ باركەن، مەنمۇ بۇ گەپنى خەقتىن ئاڭلىغان. ئالتە شەھەردىن ھېرىپ - ئېچىپ، داۋان ئاتلاپ چىققانلار شىپالىققا يەتكەندە «ئۇھ» دەپ ئۆزىنى تاشلاپ قاتتىق ئۇخلاپ كېتىدىكەن. مىلىغا كېچىدە ئوغرى تېگىدىكەن، تولىراقى بايلارنىڭ ئالتە شەھەردىن ئۇلاغلارغا ئارتىپ كەلگەن ماللىرىغا تېگىدىكەن، مال ساقمۇ؟

— مال ساق، قېچىرنى ئېلىپ كېتىپتۇ.

— تازىمۇ پەس ئوغرىكەندە، — دېدى جاپپار، — موڭغۇلكۈرەدە ئېشەك بىلەن قېچىرنى ئوغرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالمىسىمۇ، يايلاقتا ئات كەممۇ؟ بۇ يەرنىڭ ئاتلىرىنىڭ داڭقى بار، ئاكامنىڭ دەپ بىرىنشچە...

— ھېلىقى قۇدۇقتا چۇشۇپ كېتىپ ئاقسۇ ئاۋاتتىن چىققان ئاكىلىرىما؟ — دېدى ھۆسەن جاپپارنىڭ گېپىگە قىزىقىپ.

— ھە، شۇ... مېنىڭ دۇنيالىقتا شۇ بىرلا ئاكام بار... ئاكامنىڭ دەپ بىرىنشچە، بىر زامانلاردا بۇ ئەتراپلاردا داڭلىق ئوغرىلار بار ئىكەن، «يا قۇدرەت!» دەپلا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاتلارغا سەكرەپلا مىنىۋالاتتىكەن. بايلارنىڭ يايلاقتا يايلاپ يۈرگەن ئاتلىرىنى توپ ـ توپى بىلەن ھەيدەپ چۇشۇپ كېتىپ ئالتە شەھەرگە ئاپىرىپ پۇل قىلاتتىكەن... ھۆكۈمەتنىڭ خانيايلاقتا بېقىلىۋاتقان ئاتلىرىغىمۇ ئارام بەرمەي، ئاخىرى ھۆكۈمەت ئادەم چىقىرىپ قوغلاپ تۇتۇپ تازا يامانلىرىدىن بىر ـ ئىككىسىنىڭ پۇتىنى چاناپلىۋەتكەن دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغرىلار سەل بېسىقىپتىكەن... ھازىرمۇ بار، ئۇنداق بىر ـ ئىككى قېچىر، ئىشەك دېگەنلەرگە ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ نامىنى بۇلغاپ يۈرمەيدۇ. ئالسا چوڭراق بايلارنىڭ بىرەر قورۇ مېلىنى بىراقلا ھەيدەپ ماڭىدۇ... قېچىرنى ئوغرى ئالغان بولسا ھەرقاچان شۇ ئالتە شەھەرگە پىيادە كېتىپ بارغان بىرەر مۇساپىرنىڭ ئىشى.

— سىلىچۇ؟... سىلىمۇ ئاكىلىرىنى ئىزدەپ ئالتە شەھەر تەرەپكە چۇشمەكچىلىتىغۇ؟

— ئالتە شەھەرگە چۇشمەيدىغان بولۇپ قالدىم.

— ۋاي نېمىشقا؟

— ئاخشام سىلەر قونغان شىپالىق ئۇنداق چىرايلىق

كۆرۈنگىنى بىلەن، ئاڭلىسام تازا تەكشى يەر ئەمەسمىش. سىلەر تازا زەن سالمىدىڭلار ھەرقاچان، شىپالىقنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ھېلىقى ئېگىز تاشلارنىڭ ئارا ـ ئارىلىرىغا قارىساڭلار ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرىنى كۆرىسىلەر. بۇرۇن ـ بۇرۇندىن ئالتە شەھەردىن ئىلىغا قاراپ چىققۇچى ئادەملەردىن بىرەرسى مۇز داۋاننىڭ يولىدا ئۆلۈپ كېتىپ قالسا يېنىدا ئادەم بولسىلا جەسەتنى مۇزلۇققا تاشلىۋېتەمدى، ئاشۇ شىپالىققا ئەكېلىپ دەپنە قىلاتتىكەن. كۆمسە كۆمىدىكەن، ئۆلگۈرەلمىسە جەسەتنى تاشلارنىڭ ئارىلىقىغا قويۇپ كېتىۋېرىدىكەن. شۇلارنى ئويلاپ تېنىم شۈركۈنگەندەك بولۇپ، «شىپالىقتا قونماي جۈمۇ» دەپ توغراسۇغا قايتىپ كەلدىم. ئاخشام مەن ياتقان دەڭدە ئالتە شەھەرگە قاراپ ماڭغان ئۇلاغچىلاردىن بىرنەچچىسى باركەن...

— ۋاھ، سىلىگە ھەمراھ چىقىپتۇغۇ؟

— شۇنداق، ئەمدى مۇشۇ ئاغىنىلەرگە ئەگىشىپ مېڭىپ ئالتە شەھەرگە چۈشۈپ كېتەرمەن، دەپ تۇرسام، ئارىدا بىرەيلەن: «ئاكاڭنىڭ ئېتى غاپپارمۇ؟» دەيدۇ، «ھە» دېسەم، «شۇ، چىرايىڭ ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئاكاڭنى مەن قاراكۆلدە سالچىلارنىڭ ئارىسىدا كۆرگەندەك قىلىپ قالدىم» دەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتە شەھەرگە چۈشىدىغاندىن يالتىيىپ قالدىم. ئاكام بۇياقتا قېلىپ، مەن ئۇياققا ئىزدەپ چۈشۈپ كەتسەم قانداق بولىدۇ؟ ئاۋۋال قاراكۆلگە بېرىپ ئىزدەپ باقاي دەۋاتىمەن.

— قاراكۆل دېگەن نە ئۇ؟ ئاڭلىغاندەكلا قىلىمەنا، — دېدى سەمەت.

— يەنە بىر ـ ئىككى قونۇپ تۆۋەنلىسەڭلا يېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بارىسىلەر، غۇلجا بىلەن ئالتە شەھەرگە كېتىدىغان يولنىڭ ئۈستىدىلا.

— سالچىلار دېگەن ھېلىقى سۇدا ياغاچ ئېقىتىدىغان ئادەملەرمۇ؟ — دېدى ھۈسەن بايۋەچچە، — ئەمىسە، مېنىڭ ئاكامىمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوخشىمامدۇ؟ بۇياقتىن يۇرتقا بارغانلار «ئاكاڭ دەريادا ياغاچ ئېقىتىدۇ» دېگەندەك قىلغان. مانا مەن شۇ ئاكامنى بىر كۆرەي دەپ، مىڭبىر جاپا بىلەن ئىلىغا قاراپ كېتىۋاتىمەن.

«مېنىڭ ئاكامنىمۇ ئىلىدا سال ھەيدەيدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، بۇ ئىلىخو دېگەندە ئالتە شەھەردىن بارغان ئادەمنىڭ ھەممىسى سال ھەيدەمدۇ قانداق؟» دەپ ئويلىدى سەمەت ئىچىدە. لېكىن، ئۇ ئېغىز ئېچىپ بۇ ھەقتە بىرنېمە دېمىدى. ھۈسەن بايۋەچچە بىلەن جاپپارنىڭ سۆزىگە ئۈنچىقماي قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى.

— ئەمىسە، ئىككىلىمىز ئاكىمىزنى ئىزدەيدىكەنمىز، — دېدى جاپپار ھۈسەن بايۋەچچىگە قاراپ، — ئۇ سالچىلارنىڭ ئىچىدىمۇ جاندىن كەچكەن، يۇرتتىن تەزگەن ئالامەت ئادەملەر بار، شۇڭا مەن «ئاكاڭنى سالچىلار ئارىسىدا كۆرگەندەك قىلدۇق» دېگەن گەپكە سەل ئىشىنىپ ئارقامغا ياناماقچى بولۇۋاتىمەن... ماۋۇ مەن چۈشكەن دەڭدىكى قىمارۋازلار «دەتتىكام!» دەپ چۇرقىرىشىپ قۇلاق - مېڭەمنى يەپلا كەتتى. سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ قوياي دەپ كىرىشىم، ئەتە بىللە ماڭارمىز.

— قانداق؟ — دەپ سەمەتكە قارىدى ھۈسەن بايۋەچچە، — بىنىمىزدىكى دەڭدە قىمار قايناپ كېتىپتۇ، دېسەم ئىشەنمەيلا.

— ھە، قىمار قايناپ كەتكەن بولسا قانداق قىلماقچىدىڭ؟ يەنە كونا كېسىلىڭ قوزغىلىۋاتامدۇ قانداق؟

— ماۋۇ بىز چۈشكەن دەڭنىڭ ئۆيلىرى پاكىز، ئوبدانكەن. قىمار مۇشۇ يەردىلا بولغان بولسىزە، جىمى ئادەم مۇشۇ دەڭگە چۈشەتتىكەن جۇما، ئىككى - ئۈچ قاسقان مانتىمۇ ئوشۇق پۇل بولاتتى.

— نېمە دەۋاتىسىلەر، بايۋەچچە؟ — دېدى تالادىن ئۇلاغلارغا يەم سېلىپ بېرىپ كىرگەن ئوسمان ئۇلاغچى.

— يېنىمىزدىكى دەڭدە قىمار قىزىپ كېتىپتۇ دەيدۇ، مەن قىمار ماۋۇ بىزنىڭ دەڭدە بولغان بولسا تېخىمۇ قىزىيتتى، دەۋاتىمەن.

— ماۋۇ دېگەن زۇنناجىمنىڭ دېگى، — دەپ چۈشەندۈردى ئوسمان ئۇلاغچى، — ھاجىم بۇ دەڭنى پۇل تاپقىلى ئەمەس، ساۋاب تاپقىلى ئاچقان. داۋان ئاتلاپ كېلىپ - كېتىۋاتقان يېتىمچىلەردىن پۇلى بولسا ئالىدۇ، بولمىسا تاماق - ياتاقنى بىكارغىمۇ بېرىدۇ. باشقىلاردىنمۇ بەرسە ئالىدۇ، بەرمىسە بەر دەپ قىستاپمۇ كەتمەيدۇ.

— پاھ، ئەجەب ئوبدان ئادەمكىنا!

— شۇنداق، ئوبدانلىقىدا گەپ يوق، خۇدايىم بەرگەنلا ئادەم، ھاجىمنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا قورۇ - قورۇ ماللىرى بار، ئۇ ئادەمگە پۇل كەم ئەمەس...

— داستىخىنى كەڭ ئادەمگە خۇدايىم ئۆزى بېرىدۇ، — دېدى قوۋان.

— ئاڭلىشىمچە، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ئوسمان ئۇلاغچى، — زۇنناجىم ياش ۋاقتىدا ناھايىتى ئېغىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



غورىبەتچىلىكلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتىكەن. مۇشۇ مۇز داۋاننىڭ يولىدا نەچچە ئاچ قېلىپ، جاندىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قاپتىكەن، كېيىن مال ـ دۇنيا تاپقاندا شۇ كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالماي، ساۋاب ئۈچۈن بۇ توغراسۇغا مۇشۇ دەڭنى سالدۇرغانىكەن. بۇ يەردە قىمار ئويناپ، يەنە باشقا ناشايان ئىشلارنى قىلىدىغانغا ماقۇل دەيدىغان بولسا ھاجىمنىڭ ئالىدىغان ساۋابى نەدە قالىدۇ؟... ھە، بايۋەچچە، ئىلىخونىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ قالغاندا يەنە قىمارنىڭ كېپىنى قىلىپ قالدىڭلىغۇ؟

ــ يا ئەمدى ئولتۇرغىچە بىر گەپ. زۇنناجىم بېشىمىزدا قايلاپ ئولتۇرمىغاندىن كېيىن...

ــ ھاجىم ئۆزى بولمىغان بىلەن، ماۋۇ دەڭدە ئادەملىرى بار، تۆت ئوشۇقنى قولۇڭلىغا تۇتقۇزۇپ، كۆتۈڭلىگە تېپىپلا قوغلايدۇ، شۇڭا قىمار ئوينايدىغانلارنىڭ ھەممىسى بۇ دەڭگە چۇشمەي ئاۋۇ دەڭگە يىغىلىغان گەپ... سىلى ئەجەب ئۇ دەڭگە چۇشۇۋاپسىلەر؟ ــ دەپ جاپپارغا قارىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ تۇنۇگۇن بۇ يەرگە كەچ يېتىپ كەلدىم، ئۇقۇشماي ئۇدۇللا شۇ دەڭگە چۇشۇپتىمەن.

ــ يا مېنىڭ دېگىنىم، ــ دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، ــ ھەرقايسىڭلار كۆرمىدىڭلار، ماۋۇ سەمەتئاخۇن قالتىس ئامەتى بار ئادەمكەن، دەيمەن. قوغاننىڭ قىمارۋازلىرى مېنى بىر دەمدىلا ياپيالىڭاچ قىلىپ قويغان، سەمەتئاخۇن كېلىپ ئازغىنە پۇلنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ بىر دەمدىلا ھەممىسىنى ئۇتۇۋالدى. ئۇتۇۋېلىپلا ئويۇنغىلى

ئۇنىمىدى. يا ئاللا! ھېلىمۇ خۇدا ئۆزى ئىشىمىزنى ئوڭشىدى، بولمىسا ئۇتۇپ ـ ئۇتۇپ كېتىمەن دېگەنگە ئۇنايدىغان قىمارۋاز يوق جۇما!

ــ راستىما، سەمەتئاخۇن،ــ دەپ كۈلدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ ئۆمرۈمدە مېنىڭ ئوشۇق دېگەننى تۇتۇپ باققىنىممۇ شۇ،ــ دېدى سەمەت،ــ قارىسام، ماۋۇ بايۋەچچە: «ئەمدى بولغۇلۇق بولدى، يانچۇقۇمنىڭ بىر يېرىدە ماۋۇ ئازغىنە پۇل قاپتىكەن، بۇنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىپ ئاستا ئارقامغا ياناي، ماڭا ئاكام بىلەن كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىغان ئوخشايدۇ» دەپ قولىدا بىر تۇتام پۇلنى تۇتۇۋاپتۇ. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، قولىدىكى پۇلنى شارت قىلىپ تارتىۋېلىپ: «ئەكېلەۋاي پۇلنى، سەن بۇ قىمارنى ئويناپ بوپسەن، ئۆزۈم بىر چىقىپ باقاي، ئاتەۋاي ماۋۇنىڭغا» دەپلا سورۇنغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن...

ــ توۋا دەيمەن،ــ دېدى ھۇسەن بايۋەچچە،ــ بولمىسا، بۇ سەمەتئاخۇن ئوشۇقنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەن، تەلەي دېگەن باشقا گەپكەندە...

ــ بۇ قىمار دېگەننىڭمۇ تۈرى كۆپ بولىدىكەن،ــ دەپ سۆزگە ئارىلاشتى جاپپار،ــ ماۋۇ ئىلىدا ئوينايدىغان ماجاڭ دەپ بىرنېمە بار، ئۇنى تولىراق يامۇلنىڭ ئەمەلدارلىرى تۆت كىشى بىر ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوينايدىكەن، بۇندىقىنى بىز خەقنىڭ ئوينىغىنىنى كۆرمىدىم. غۇلجا شەھىرىدە يەنە بەزى قىمارۋازلار قەغەز ئوينايدۇ، بۇنىمۇ بەزىدە تۆت كىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



بىر بولۇپ ئوينايدىغان گەپ. دۇدۇزە، بەشلەك، چىڭخو دەيدىغان نەچچە خىل ئويۇنلىرى بار. ئىككىلىك كەڭلىكتىكى ئۇزۇن پەي قەغەز... يەنە شىشىخال دېگەنمۇ بار، بۇمۇ ناھايىتى قىزىق ئويۇن، «جۇپمۇ، تاقمۇ؟» دەپ پۇل تىكىدىغان گەپ...

«ماۋۇ جاپپار دېگەن ئەجەب قىمارنىڭ ھەممە خىللىرىنى بىلىدىكىنا؟ — دەپ ئويلىدى سەمەت ئىچىدە، — بۇ ئوغرى قىچىرنى ئوغرىلاپ، كىچىچە بىر يەردە قىمارغا تىكىپ جىمىقتۇرۇپ بولدىمۇ نېمە...»

— جاپپارئاخۇن، — دېدى سەمەت، — بۇ قىمارنىڭ ھەر خىللىرىنى ئوبدان بىلىدىكەنسىلەر - ھە؟

— كۆرگەن، — دېدى جاپپار، — ئويناپمۇ باققان، ئىشقىلىپ، شۇ ياشقا كەلگۈچە خېلى قايناملاردا قايناپ باققان. ئاپام تولا يىغلاپ، بۇ ئىشتىن قول ئۈزگىنىمگە ئىككى - ئۈچ يىل بولۇپ قالدى. قىمار ئوينىغان ئادەمنىڭ ئىلگىرى باسقىنىنى كۆرمىدىم، ئوتتۇرىدا پايدا ئالىدىغىنى شۇ چوتارچى بىلەن جەزخورى. شۇڭا قىمارۋازلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچىدە: «بەڭگى — قەلەندەر، قىمارۋاز — ئوغرى، پايدا ئالىدىغىنى چوتارچى بىلەن جەزخورى...» دەيدىغان گەپلەر بار ئەمەسمۇ.

— ئەمما زە، مۇشۇ سەمەتئاخۇن ئويناپ قالسا بېيىپ كېتىدىغان قىمارۋازلارنىڭ قاتارىغا كىرەمدىكىن دەيمەن.

— مەن ئوينىمايمەن دېدىم، ئوينىمايمەن، — دېدى سەمەت، — سەن تولا قىمارنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدىڭ، ھېلىقى قوغاندا ساڭا ئىشەك ئېلىپ بېرىپ ئاشقان پۇلدىن يەنە باردۇ؟ ئاچىقىپ كىچىچە ئويناپ باقامسەن - يە؟

— سىلىنىڭ پۇللىرىغا ئوينىمىسامىمۇ ئاۋۇ قاشاڭ ئېشەكنى ئاچىقىپ تىكسەم بولىدۇ.

— ئېشەككىمۇ ئوينامدىكەن؟

— بىر ئېشەكنى ئىككى قويغا تەڭ، دەپ ھېسابلايدۇ، — دەپ سۆز قىستۇردى جاپپار.

— بولمىسا شۇنداقلا قىلايمۇ - يە؟... بۇ قوتۇر ئېشەكنى ئاكامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارامتىم سەتلىشىپ.

— ھوي بايۋەچچە، تولا گەپ قىلماي ياتە!— دەپ ۋارقىرىدى سەمەت.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. جاپپار «خەير ئەمىسە، ئەتە كۆرۈشەرمىز» دەپ ئورنىدىن قوزغىلىپ چىقىپ كەتتى. قالغانلارمۇ يېشىنىپ يوتقانغا كىرىشتى، باياتىن بېرى نەچچە كۈنىڭياقى سوغۇقتا ھەريكەتكە كېلەلمىگەن پىتلار لۆمۈلدىشىپ ھەممىنى بىئارام قىلغىلى تۇردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# نەزەر تەگكەن زېمىن

ئەتىسى يولۇچىلىرىمىز يولغا چىقىشقا بەكمۇ ئالدىراپ كەتمىدى، كېچە ياغقان يامغۇر بىلەن ھەممە ياق نەم بولۇپ كەتكەنىدى. يوپۇرماقلار ئۈستىدە يامغۇر تامچىلىرى يالتىرايتتى. قۇياش كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدىن يېنىك ھور كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپنى نېپىز تۇمان باستى.

ــ ئالدىرىمايلى، ــ دېيتتى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ نەم كۆتۈرۈلۈپ، يول سەل ئەكچىۋالسۇن. بولمىسا ھەننىۋا نېمىنى ھۆل قىلىۋالىمىز.

ئۇلار دەڭجا سالغان داستىخاندا ھەسەل، سېرىقمايلار بىلەن سۈتلۈك چاي ئىچىشتى. قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرغان قازاق نېنىنى يېيىشتى. چايدىن كېيىن تالاغا چىقىپ ئەتىگەنلىك مەنزىرىدىن ھۇزۇرلىنىشتى. يامغۇر سۈيىدە يۇيۇلغان تەبىئەت قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ كۆزنى چاقنىتىپ تۇراتتى. تۇنۇگۇنكى سۇزۇك تاغ سۇلىرى بۇگۈن لايقىپ ئېقىۋاتقان بولۇپ، سۇ تۇنۇگۈنكىدىن ئاۋۇپ قالغانىدى. بولۇق ئوت ـ چۆپلەر، كۆك، سېرىق رەڭدە ئېچىلىپ كەتكەن تاغ گۈللىرى، قۇشلارنىڭ شوخلۇق بىلەن ۋىچىرلاپ سايراشلىرى كىشىنى مەپتۇن

قىلاتتى. قۇۋان ئەتراپقا زوقلىنىپ قاراپ خىيالغا كەتكەنىدى.

ــ قۇۋان، ساڭا نېمە بولدى؟ــ دەپ سورىدى سەمەت قۇۋاندىن،ــ ئەتىگەنكىنىڭياقى كەم سۆز بولۇپ قالدىڭا؟

ــ ھېچ... ئۆمەر ئۇستاز ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ. ئۇستاز ماۋۇ ئەتراپتىكى كارامەتلەرنى كۆرگەن بولسىزە يەنە باشقىچە ئېچىلىپ سۆزلەپ كېتەتتى. نېمىشقا ئاۋۇ تاغنىڭ بىر بېتى ئېگىز خادا تاش، يەنە بىر بېتى غۇچچىدە قارىغاي؟... ئاۋۇ گۈللەر بۇ خىلۋەت تاغ باغرىدا كىمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن شۇنچە پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ؟... ۋاھ، ھەممىنىڭ خاسىيىتىنى، نېمە سەۋەبتىن، نېمىشقا شۇنداقلىقىنى مېڭىلىرىگە قۇيۇپلا قوياتتى.

ــ ئۇستاز يوق، دوست تارتالماي ئىچىڭ پۇشۇۋاتىدىغۇ دەيمەن؟

ــ ياراتقان ئىگەمنىڭ بۇيرۇقى شۇنداقتۇر.... ئەممازە، ئەجەب بىر ئىش بولدى. ئىلىخو دېگەنگە بىر غېرىچلا قالغاندا قايلاپ تۇرۇپ يوغانلا بىر ئادەمدىن ئايرىلىپ قالدۇقا؟

ــ مەنمۇ ھەيران،ــ دېدى ھۇسەن بايۋەچچە،ــ ئۆزىمىزمىغۇ داۋاننىڭ تازا يامان يېرىدە تۇرۇپ قاپتىكەنمىز، داۋانچىلارنىڭ بىر ـ ئىككىسى مېنىڭ ئېشىكىمنى پەللەكتىن ئۆتكۈزۈپ بېرىشىۋاتاتتى... يا ئاللا! ھازىرمۇ ئويلىسام مۇزدەك تەر باسىدۇ... ھەممىمىز ھە ـ ھۇ بىلەن بولۇپ كېتىپتىمىز، زادى شۇ چاغدا يېنىمىزدىن گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كەتكەن نېمە بولدى، تاشمۇ، مۇزمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— مېنىڭغۇ يېنىمدىن بىر ھەيلەن تۆت ئات قاتقان بىر ھارۋىنى گۈلدۈرلىتىپ ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتكەندەكلا بولدى، — دېدى سەمەت، — «نېمە كارامەتتۇ بۇ؟» دېدىم. كۆچلۈك شامالنىڭ يۈزۈمنى سىيپاپ ئۆتكىنىنىلا بىلىپتىمەن. كۆزۈمنى ئاچسام ماۋۇ قۇۋان يىغلاۋېتىپتۇ.

— راستلا يامان يەر، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — شۇنىڭ ئالدىدىلا مەن بىر ئېشەكنىڭ ئۆلۈكىنىڭ مۇزنىڭ يېرىقىغا قىسىلىپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرگەنىدىم. يېنىدا بىر ئادەمنىڭ مۇزغا يۆلەپ قويغان جەسىتى تۇرامدۇ ئەيتاۋۇر... ئەتراپ تۇمان، ھەممىمىز ئۇلاغلارنى ئىتتىرىپ چىقىرىش بىلەن بولۇپ كەتتۇق. مەن سىلەرنى قورقۇپ كەتمىسۇن، دەپ گەپ قىلمىغانىدىم.

— يا ئاللا، شۇ يەرلەردىنمۇ ئۆتۈپ كەتتۇق ـ ھە!

— ئەمدىغۇ ئالدىمىزدا ئۇنداق داۋانلار يوقتۇ؟

— يەنە بار، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — مۇز داۋاندەك خەتەرلىك بولمىسىمۇ، دىققەت قىلمىسا غۇلاپ چۈشىدىغان يەرلەر ئالدىمىزدا يەنە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

— بۇ يولزە راستلا ئوغۇل بالىنى سىنايدىغان يولكەن جۇما!

— شوتىغا ئامان ـ ئېسەن يېتىۋالغاندىن كېيىن خۇداغا شۈكۈر، دېسەك بولىدۇ.

— «شوتا» دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ — دەپ سورىدى قۇۋان.

— مۇشۇ مېڭىۋاتقان يوللىرىمىزنىڭ قايسىبىرى شوتىدىن كەم، — دېدى سەمەت، — نەچچە كۈننىڭياقى شوتىغا ياماشقاندەك يامىشىپ مۇز داۋاننىڭ ئۈستىگە

چىقتۇق. مانا تۇنۇگۇندىن باشلاپ يەنە شوتىدىن چۈشكەندەك تۆۋەنلىگىلى تۇردۇق...

ــ «شوتا» دېگەن مۇشۇ تاغنىڭ ئېغىزىدىكى بىر مەھەللە، بارغاندا كۆرىسىلەر... قېنى، يولنىڭ تەييارلىقىنى قىلىغاچ تۇرايلى،ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،ــ بەك كېچىكسەكمۇ ئىسسىقتا قالىمىز.

يولۇچىلار توغراسۇدىن چىقىپ بىر دۆڭلۈكنى ياقىلاپ ماڭدى. يول بويى مالچىلارنىڭ ئوت - چۆپ دۆۋىلىرى بىلەن قورشالغان ئۆيلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يول بىردە ياپپېشىل كۆكىرىپ تۇرغان ئوچۇقچىلىقتا، بىردە قارىغايلار بىلەن قاراڭغۇلىشىپ تۇرغان يانباغىرلاردا، بەزىدە نەق دەريانىڭ بويىدىلا پەيدا بولۇپ قالاتتى.

موڭغۇلكۈرەنىڭ ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن قورشالغان بولۇپ، ئۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى تەڭرىتېغىنىڭ ھەيۋەتلىك چوققىلىرى بۇ يەرنى جەنۇبنىڭ قۇم - بوران ۋە قۇرغاق ھاۋاسىدىن توسۇپ تۇراتتى، شىمالىي تەرىپىدە بولسا دىلمۇك تاغلىرى كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە سوزۇلۇپ ياتاتتى. كۈنپېتىش تەرىپى يەنە ئېگىز تاغلار ئارقىلىق چەت دۆلەتلەر بىلەن چېگرالىنىپ تۇراتتى. ئەتراپتىكى مۇشۇ تاغلارنىڭ قارلىق چوققىلىرىنى ئېقىپ چۈشكەن تاغ سۇلىرى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ تېكەس دالاسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تېكەس دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. ئەينى چاغلاردا تېخى ھازىرقى تېكەس بىلەن موڭغۇلكۈرە ئايرىم ناھىيە بولۇپ بىر - بىرىدىن ئايرىلمىغاچقا، ئۇلار جايلاشقان ئورۇن بىر پۈتۈن «تېكەس دالاسى» دەپ ئاتىلاتتى. تېكەس دالاسى ئوتتۇرىسىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئېقىپ ئۆتىدىغان دەريامۇ «تېكەس دەرياسى» دەپ ئاتالغان ئىدى.

مۇز داۋاندىن چۈشۈپ غۇلجا شەھىرىگە قاراپ كەتكەن بىرقانچە يوللار بار ئىدى. قەدىمكى زامانلاردىن باشلاپ غۇلجىدىن جەنۇبتىكى يۇرتلارغا، جەنۇبتىكى يۇرتلاردىن غۇلجا شەھىرىگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان سودىگەر، ساياھەتچى، ھەربىي ئەمەلدار، قوشۇنلار، پوچتىكەشلەر، مۇساپىرلار شۇ يوللار بىلەن قاتنىغانىدى.

ــ ئوسمان تاغا،ــ دېدى ھۆسەن بايۋەچچە،ــ ئىلىخونىڭ شەھىرىگە يېتىپ بارغۇچە يەنە قانچە كۈن ماڭارمىز؟

ــ ئىلىغا بارىدىغان بىرقانچە يول بار،ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،ــ سىلىنىڭ شەھەرگە قانچە كۈندە بارىدىغانلىرىنى قايسى يول بىلەن ماڭغانلىرىغا قاراپ بىرنېمە دېگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئاۋۋال شوتىغا بېرىپ، ئاندىن قاراكۆلنى بېسىپ ئۆتۈپ كونا بازار① غا يېتىپ بارىدىغان يول. بۇ يول كونا بازاردىن چىقىپ خۇنخاي غولى ئىچى بىلەن مېڭىپ، «ھاڭغۇت داۋىنى» دەپ بىر داۋانلار بار، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ چاپچال ئىچى بىلەن غۇلجىغا بارىدۇ. بىز تولىراق مۇشۇ يول بىلەن ماڭىمىز، يېقىن، ئەمما داۋىنى يامان.

ــ يا ئاللا، بۇ داۋان دېگەن تۈگىمەيدىكەن ـ دە!

ــ يەنە بىرى،ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى گېپىنى داۋام قىلىپ،ــ كونا بازاردىن چىقىپ ئۇدۇل ماڭماي،

---

① كونا بازار ــ ھازىرقى موڭغۇلكۈرە ناھىيەسىنىڭ ئىلگىرىكى گەۋدىسى.

كۆنچىقىشقا قاراپ مېڭىپ، «سۇ ئاشۇ ـ سۇلۇق ساي»مۇ دەپ قويىمىز، شۇ داۋاندىن بۇرىلىپ «ئالمۇتىيار قىشلىقى»، «ئۆتەك» دېگەن مەھەللىلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ يەنە شۇ «چاپچال» دېگەن يۇرتنى ئارىلاپ مېڭىپ غۇلجىغا كىرىدىغان يول. يەنە بىرسى، كونا بازاردىن چىققانچە كۆنچىقىشقا قاراپ ئۇدۇل مېڭىپ، قوۋۇغىلا يېتىپ بارىدىغان يول. «قوۋا» دېگىنىمىز تېكەسنىڭ بازىرى، بۇ يول بىلەن ماڭغانلار قوۋۇدىن چىقىپ، سارۇچىن غولىنىڭ ئىچى بىلەن مېڭىپ، «ياماتۇ» دېگەن يەرگە يېتىپ بارىمىز. ياماتۇمۇ نەق ئىلى دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر چوڭ ئۆتەك، ئۇ يەردە دەريانىڭ سۈيى بەك ئۇلۇغ، سۇغا سالغان كېمە بار، كېمىدىن ئۆتۈپ ئاندىن شەھەرگە بارىمىز. ئۇزۇن يول، ئەمما خەتىرى ئاز، داۋانلىرى بەك ئېگىزمۇ ئەمەس، بۇنىڭدىن باشقا...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قوۋاننىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى.

ــ ۋاي نېمانداق تولا يول بۇ؟ ــ دېدى ئۇ، ــ ئوسمان تاغا، سىلى بۇ يوللارنىڭ ھەممىسىنى بەش قولدەك بىلىدىكەنلا ـ ھە؟!

ــ ئەمدى، ئۇكام، بىز دېگەن ئۇلاغچى ئادەم، يول بىلمىسەك بولمايدۇ ـ دە، بولمىسا ھېلىقى... قايسىڭلار تىڭلا؟....ھە، ماۋۇ ھۆسەن بايۋەچچە خادا مۇزدا، شىپالىق سول تەرەپتە تۇرسا، ئۇدۇل بارسا كەلمەسنىڭ يولىغا قاراپ ماڭغاندەكلا ئىش بولۇپ قالىدۇ...

ــ راست دەيلا، يول بىلمىسە بولمايدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، شۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىزدىن بۇرۇن يۇرتمۇيۇرت ئارىلاپ، تەرەپ ـ تەرەپكە بارىدىغان يوللارنى

ئېچىپ قويۇپتىكەن. يا رەببىم، بولمىسا نەلەردە تېنەپ يۈرەتتۇقكىن...

ــ ئۇنىڭدىن باشقا، ــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلىپ كەتتى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ يەنە شۇ شوتىدىن چىقىپ تېكەس دەرياسىنى ياقىلاپ مېڭىپ، كونا بازارلارغىمۇ بارماي، تويتوغرا تېكەس قوۋۋا بازىرىغا يېتىپ بارىدىغان يەنە بىر يولمۇ بار. ئۇلاغلارنى ئۆزىنىڭ مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ، ناخشىنى توۋلاپ، دەريا ياقىلاپلا ماڭىدىغان گەپ. بۇ بەك قەدىمىي يول. شۇڭا، بەزىلەر بۇنى «قەشقەر يولى» دەپمۇ قويىدۇ. بۇ يول بىلەن ماڭغانلار يەنە قوۋۋىدىن چىقىپ، سارۇچىن غولى بىلەن مېڭىپ ياماتۇدىن ئۆتۈپ شەھەرگە كىرىدۇ.

ــ ئوسمان تاغا، بىز قايسى يول بىلەن ماڭىمىز؟

ــ تېخى ئەمدى مۇز داۋاندىن چۈشتۇق. ئاۋۋال شوتىغا بارايلى، ھازىر بىز مەن دېگەن ئاشۇ ھەممە يوللارنىڭ بېشىدا كېتىپ بارىمىز...

يولۇچىلىرىمىز «خانيايلاق» دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە ھەيران بولۇشتى. بۇ يەر ماللار يايلاپ، ئوت ـ چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان كاتتا يايلاق ئىدى. يايلاقنىڭ سول تەرىپى تۆۋەندە مۇزات دەرياسى شارقىراپ ئېقىپ تۇراتتى. قىيغىتىپ يايلاپ يۈرگەن يىلقىلارنىڭ تېرىلىرى سىلىق، پارقىراق، پۇتلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە بولۇپ، كىشىگە چۆچەكلەردىكى تۇلپارلارنى ئەسلىتەتتى.

ــ ئۇستازنىڭ دېگەن گېپى راستىكەن، ــ دېدى قوۋۋان ئەتراپىغا قاراپ.

ــ ئۇستاز نېمە دېگەن؟ ــ دەپ سورىدى سەمەت.

ــ مۇز داۋاندىن چۈشسەكلا «خانيايلاق» دېگەن بىر

ئاجايىپ كاتتا يايلاق بار. بۇرۇندىن ئۇ يەردە خانلار ئاپپاق كىگىز ئۆيلىرىنى تىكىپ ئولتۇرۇپ، ئاتلىرىنى يايلىتىدىكەن دېگەن.

— دېگەنىبىلەن سەن ئۆمەر ئۇستازنى پات ـ پات ياد ئېتىپ تۇرىسەن، ئۆمەر ئۇستاز يەنە نېمىلەرنى دېگەن؟ — دېدى سەمەت.

— ئۆمەر ئۇستاز ئىلىنى «خىزىرنىڭ نەزىرى تەگكەن جاي» دېمىگەنمىدى. قاراڭلار ماۋۇ ئەتراپنىڭ جەننەتتەك چىرايلىقلىقىنى!

— قوۋان، خۇددى جەننەتنى كۆرگەندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟

— ئەمدى جەننەت ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك بولار دەيمىنا.

— تەڭشەلمىگەن جاھان دېگەن شۇ، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — خۇدايىم بۇ يېشىللىقنىڭ ھەممىسىنى تاغنىڭ بۇ تەرىپىگىلا بەرمەي، ئۇ تەرىپىگىمۇ ئاز ـ تولا بەرسە بولماسمىتى؟ بىزنىڭ ئالتە شەھەر تەرەپنىڭ تاغلىرىدا گىياھ ئۈنمەي، كۆيۈپ كەتكەندەك قاقاس تۇرىدۇ.

— چىرايلىق يەرلىرىمۇ بار، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە.

— بار، جىق ئەمەس.

يولۇچىلار قانداقتۇر بىر تىك قىيالارنى ئەگىپ مېڭىپ، ياغاچلىرى غىچىرلاپ تۇرغان قايسىبىر كونا كۆۋرۈكلەردىن ئۆتتى. بىردە دەريانى ياقىلاپ مېڭىپ، بىردە دەريادىن يىراقلاپ، بىر چاغلاردا يەنە مالچىلار كىگىز ئۆيلەرنى تىكىپ ئەتراپقا قوي ـ كالا پادىلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يېپىشقاق جىپىسلىق ئوتتىن ئوچۇقچىلىقلارغا چىقىپ قالاتتى. مالچىلارنىڭ بىر - بىرىدىن يوغان ئىتلىرى خېلى يەرلەرگىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قاۋاپ باراتتى. ياپىيېشىل قارىغاي، دالا گۈللىرىگە پۈركەنگەن يايلاق، بۇژغۇنلار چاچرىتىپ ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك تاغ سۇلىرى، ئېگىز چوققىلاردا غىل - پال كۆرۈنۈپ يوقاپ كېتىدىغان تاغ تېكىلىرى، كۆپكۆك ئاسماندا قاناتلىرىنى يېيىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان بۈركۈتلەرگە قاراپ كىشى ئاجايىپ زوقۇقا چۆمەتتى.

— قاراڭلار، خۇدايىم بۇ تاغلارنى ئەجەبمۇ بىر چىرايلىق يارىتىپتىكەن. ئاللانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى شۇنىڭدىن بىلسە بولىدۇ، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ھېلىقى «شوتا» دېگەن يەرگە ئاز قالدۇقمۇ، ئوسمانكا؟ — دەپ سورىدى سەمەت.

— ئاز قالدۇق، ئۇكام، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئالدىمىزدا بىر ئارشاڭ بار، خۇدايىم بۇيرۇسا شۇ يەردە بۈگۈن بىر قونۇپ مېڭىپ كەتسەك، مۇشۇ تاغلارنىڭ چىقىش ئېغىزىدا «قەشقەر كۆۋرۈكى» دەپ بىر كۆۋرۈك بار، شۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتسەكلا شوتا.

— قەشقەر كۆۋرۈكى! — دەپ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى ھەممەيلەننىڭ، — بىزنىڭ قەشقەرنىڭ مۇشۇ يەرلەردىمۇ كۆۋرۈكى بارمىكەن؟

— ئۇنى كىم ياساپتىكەن؟

— نېمىشقا «قەشقەر كۆۋرۈكى» دەيدىكەن؟

— قەشقەر بىلەن ئىلىخونىڭ يولى ئۈستىگە ياسالغان كۆۋرۈك بولغاچقا «قەشقەر كۆۋرۈكى» دېگەن بولغىيتتى ھەقچان؟!

— شۇنداق، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — قەشقەر يولىدىكى مۇھىم بىر كۆۋرۈك بولغاچقا «قەشقەر كۆۋرۈكى» دېگەندەكمۇ تۇرىدۇ. ئەمما، مەن ھەرقايسىلىرىغا ئېيتىپ قوياي، شۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۆزىنىمۇ بىز قەشقەرلىق ياسىغان جۇما، ئاڭلاپ قويۇڭلار.

— ئۆزى پۇل چىقىرىپ ياساپتىمىكەن؟

— پۇلنى مۇشۇ يەردىكى بايلار چىقارغان گەپ، ئەممازە پۇل بولسىلا ئىش پۈتمەيدۇ ـ دە! مۇنداق شاش، ئەركەك سۇنىڭ ئۈستىگە كۆۋرۈك سالماق ئوڭايما؟ شۇڭا كونىلار:

ئېگىز ئاسماندا تۈۋرۈك يوق،
ئاقار دەريادا كۆۋرۈك يوق.

دېگەن ئەمەسما، بۇ مۇز داۋاننىڭ يوللىرىنى ماڭغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ جۇما. ئەنە ئۆزۈڭلار كۆردۈڭلار، داۋاننىڭ بەزى يەرلىرىدىن ئۆمىلەپ ئۆتسەك، بەزى يەرلىرىدىن سىيرىلىپ چۈشتۇق. مۇزات دەرياسىنى ياقىلاپ كەتكەن بۇ يوللاردا يولنىڭ ئەپلىك تەرىپىنى ئىزدەپ ھېلى دەريانىڭ بۇ تەرىپى بىلەن ماڭسا، ھېلى ئۇ تەرىپىگە ئۆتمەك كېرەك. بۇرۇنلاردا ھېچ يەردە كۆۋرۈك يوق. بىزگە ئوخشاش ئۇلاغچىلار ئات ـ ئۇلاغلارنى دەريانىڭ يۇقىرى ـ تۆۋىنىگە ھەيدەپ، كېچىك ئىزدەپ ئاۋارە بولۇپ كۈنى ئۆتۈپتىكەن؛ ئات ـ ئۇلاغ، ئادەملەرنى سۇ ئېقىتىپ كېتىپ مۇساپىرلارنىڭ ئۆلۈكىنى تۆۋەندىن سۈزۈۋالىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتىكەن. پۇل تاپقان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



كۆڭلى ياخشى ئادەملەر: «ھوي بۇرادەرلەر، مۇشۇ سۇلارنىڭ ئۇستىگە كۆۋرۈك سالدۇرساق بولمامدۇ؟» دېيىشكەن ئوخشايدۇ. بىراق، شۇ كۆۋرۈكنى كىم ياسايدۇ؟ ھەر نوچىلار «مانا مەن ياسايمەن» دەپ چىقىپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ سۇنىڭ ئۇستىدە ياغاچ توختىتالماي، بەزىلىرىنىڭ ياسىغان كۆۋرۈكى بىر كەلكۈنگە پايلىماي لەت بوپتىكەن...

— دەرياغا كۆۋرۈك سالماق دېگەن ئوڭاي ئەمەس ـ تە!

— بۇمۇ بىر ھۈنەر!

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئوسمان ئۇلاغچى، — شۇ چاغدا بۇ يەرگە جەنۇبتىن كەلگەن يۇنۇسئاخۇن، ياسىنئاخۇن، قادىرئاخۇن دېگەن ياغاچچى ئادەملەر پەيدا بوپتۇ. مۇزاتنىڭ ئۇستىدىكى بۇ كۆۋرۈكلەر بىر ئەمەس، جىق گەپ. يولدا بىز غىچىرلىتىپ دەسسەپ ئۆتكەن تۇغراسۇ كۆۋرۈكى، خانيايلاق كۆۋرۈكى، يەنە قانچە كۆۋرۈكتىن ئۆتتۇق؟... ئىشقىلىپ، خېلى بار. ئالدىمىزدا يەنە ئارشاڭنىڭ كۆۋرۈكى، شۇتابۇلاق كۆۋرۈكى، قەشقەر كۆۋرۈكى دېگەندەك بىرمۇنچە كۆۋرۈك بار. بۇ كۆۋرۈكلەرنى ھېلى مەن گېپىنى قىلغان شۇ ئۇستاملار بىرلىكتە مەسلىھەتلىشىپ ياسىغانىكەن... بۇمۇ مېنىڭ خەقتىن ئاڭلىغان گەپلىرىم. ئاشۇ ئۇستاملارنىڭ ئىچىدە «قادىرئاخۇن» دېگەننىڭ داڭقى بەكرەك چوڭ ئوخشايدۇ.

— قادىرئاخۇن نەلىك ئادەمكەن؟

— قادىرئاخۇننى قەشقەر پەيزاۋاتتىن دېگەندەك قىلىدۇ. ئۇ ئادەم 18 يېشىدا دادىسىغا ئەگىشىپ ئىلىخوغا چىقىپتىكەن. دادىسىنىڭ ئىسمىنى «تۇداخۇن»

دېدىمۇ خۇدايىم، شۇنداقراق.... ئۇ ئادەم ئۇستا ياغاچچىكەن. بولۇپمۇ كۆۋرۈك ياسايدىغان ھۇنەرگە ئالامەت كامىلگەن. قادىرئاخۇن دادىسى بىلەن بىللە ئىشلەپ، ئاتا كەسپىنى ئوبدان ئىگىلەپتىكەن. كېيىن بۇ ئەتراپىقا كۆۋرۈك سالغان چاغلاردا قادىرئاخۇن ئۆزى ھەننىۋا ئىشنىڭ بېشىدا تۇرغان دېيىشىدۇ. ھوي، مانا گەپ بىلەن بولۇپ ئارشاڭغىمۇ كېلىپ قاپتۇق، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

※ ※ ※

موڭغۇلكۈرە ناھىيە بازىرىدىن بىر يۈز كىلومېتىرچە بېرىدىكى تاغ ئېغىزىدىن جەنۇبقا قاراپ ئون نەچچە كىلومېتىر ئىچكىرىلەپ كىرگەندە بىر مەشھۇر ئارشاڭ بار، ئۇ «شوتا ئارشىڭى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئارشاڭنىڭ جايلاشقان ئورنى ناھايىتى گۈزەل، ھاۋاسى ساپ بولۇپ، ئارشاڭنىڭ بىر تەرىپى تاغقا تۇتىشىپ تۇرىدۇ، يەنە بىر تەرىپىدە مۇز داۋان تەرەپتىن شارقىراپ ئېقىپ كېلىۋاتقان مۇزدەك تاغ سۈيى ئېقىپ تۇرىدۇ، سۇنىڭ ئەتراپىدىكى توقايدا يوغان تاغ تېرەكلىرى، ئۇششاق يوپۇرماقلىرىنى ھەر تەرەپكە يېيىپ تۇرغان قېيىن، تاللار باراقسان بولۇپ ئۆسۈپ تۇرىدۇ. توقاينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ چوققىلىرىدا ھەر خىل ياۋايى ھايۋانلار، مۇڭگۈزلۈك ئارقارلار غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

بۇ ئارشاڭنىڭ بۇلدۇقلاپ ئىسسىق سۇ چىقىپ تۇرىدىغان بەش ـ ئالتە كۆزى بار ئىدى. ئارشاڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەربىر كۆزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇنىڭ ھارارىتىمۇ ئىلمان، ئىسسىق، قىزىق بولۇپ بىر - بىرىگە ئوخشاشمايتتى. ئادەتتە بۇ يەرگە ھەر يىلى 6 - ئايلاردىن باشلاپ ئادەم كەلگىلى تۇراتتى. 7 -، 8 - ئايلاردا ئارىشاڭغا چۈشىدىغانلار تازا كۆپىيىپ ئاۋاتلىشىپ كېتەتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئارىشاڭ سۈيىنىڭ ھارارىتى 8 -، 9 - ئايلاردا تازا ئۆرلەيدىكەن. شوتا ئارىشىڭىنىڭ سۈيى گۈڭگۈرت پۇراپ تۇراتتى، شىپالىق رولى ناھايىتى يۇقىرى ھېسابلىناتتى. شۇ يىللاردا غۇلجا، تېكەس، كۈنەس، توققۇزتارا دېگەندەك يىراق - يېقىن يۇرتلارنىڭ تومۇر تۇتۇپ كېسەل داۋالايدىغان تېۋىپلىرى بەزى ئاغرىقلارنى مۇشۇ ئارىشاڭنىڭ سۈيىگە چۈشۈشكە بۇيرۇيدىكەن، ھەتتا بۇ يەرگە ئالتە شەھەر تەرەپتىن ئالاھىدە داۋان ئاتلاپ كېلىپ، داۋالىنىپ كېتىدىغان بىمارلارمۇ ئۇچراپ قالاتتى. تېۋىپلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، شوتا ئارىشىڭىنىڭ سۈيىدە ئىنسان بەدىنىگە پايدىلىق ئوتتۇز نەچچە خىل ئېلېمېنت بار ئىكەن. بولۇپمۇ، زىققە، بەل - پۇت ئاغرىقلىرى، تېرە كېسەللىكلىرىگە ئالاھىدە ئۈنۈمى بار ئىكەن. ئارىشاڭنىڭ ھەربىر كۆزىنىڭ سۈيىنىڭ تەسىرىمۇ ھەربىر ئادەمنىڭ مىجەز، تەبىئىتىگە بېقىپ ھەر خىل بولىدىكەن. شۇڭا، بەزى تېۋىپلار بىمارلارغا: «سەن شوتا ئارىشىڭىغا بېرىپ، ئۇنىڭ پالانى كۆزىنىڭ سۈيىگە چۈش» دەپ بۇيرۇپ بېرەتتىكەن. 1944 - يىلىدىن 1946 - يىلىغىچە شوتىدا تۇرغان ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسى ئەينى يىللاردا جەڭچىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، بۇ ئارىشاڭنىڭ ھەربىر كۆزى ئۈستىگە ئايرىم - ئايرىم ئۆيلەرنى ياساپ، ھەربىر

ئۆي ئىچىگە يەنە يۈيۈنىدىغان، كىيىم ـ كېچەك سالىدىغان بۆلۈمچىلەرنى ئايرىم ـ ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئارىشاڭ ئەتراپىغا يەنە داۋالىنىشقا كەلگەنلەر ئۈچۈن ياتاق ئۆيلەرنى ۋە بىر مەسچىت سالغان. بىزنىڭ يولۇچىلىرىمىز بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن يىللاردا تېخى ئارىشاڭ ئەتراپىدا بۇ قۇرۇلۇشلار يوق ئىدى. ئارىشاڭنىڭ ھەربىر كۆزى كىملەر تەرىپىدىندۇر تاختايلار بىلەن ئاددىيلا توراپ قويۇلغان بولۇپ، ئارىشاڭ يېنىدا بىر دەڭ، ئىسلىشىپ كەتكەن پاكار بىر ئاشخانا بار ئىدى.

يولۇچىلىرىمىز ئۇلاغلىرىنى دەڭجاغا تاپشۇرۇپ ھېلىقى كىچىك ئاشخانىدا ئوبدان تاماقلاندى، ئاندىن ئارىشاڭنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا چىقتى. شۇ يەردىكى چۆپلۈككە تاشلاپ قويۇلغان كىگىز ئۈستىدە بىرنەچچەيلەن چاي ئىچىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى:

— ھاي ئاغىنىلەر، بۇياققا كېلىپ بىردەم دېمىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇلار بۇرىلىپ قاراپ جاپپارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى.

«بۇمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش ئىلىدا قۇدۇققا چۈشۈپ كەتسە ئاقسۇ ئاۋاتتىن چىقىدىغان نېمىمۇ نېمە؟ — دەپ ئويلاپ قالدى سەمەت ئىچىدە، — شىپالىقتىكى ئادەم بىزدىن بۇرۇن توغراسۇغا كېلىۋاپتىكەن، ئەمدى توغرا سۇدا قالغان ئادەم بۇ يەردە ئولتۇرىدا؟»

— ھوي جاپپارئاخۇن، سىلى بۇ يەرگە بىزدىن بۇرۇن كېلىۋاپسىلىنا؟ نەدىن يول چىقىپ قالدى؟ — دېدى سەمەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— توغراسىدىن مەن سەھەردىلا مېڭىپ كەتكەن، — دېدى جاپپار، — قارىسام، سىلەرنىڭ ئۇلاغلىرىڭلار تېخى تالادا ئوتلاپ يۈرۈپتۇ، بۇلار كېچىككىدىغان ئوخشايدۇ، مەن ماڭغاچ تۇراي دېدىم.

كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرغانلار مۇشۇ ئارىشاڭغا داۋالىنغىلى كەلگەنلەر ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلار بۇ ئارىشاڭنىڭ خاسىيىتى ئۈستىدە پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. مۇز داۋان تەرەپتىن كەلگەنلەر ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ ئارىغا كىلىپ ئولتۇردى. جاپپار ئۇلارغا ھېجىرلارغا چاي قۇيۇپ سۇندى.

— بۇ ئارىشاڭنىڭ سۈيىزە يارا ـ شىراقتا بەك پايدا قىلىدۇ، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بېشىغا گۈللۈك مانچېستېر دوپپا كىيگەن، قارا بۇرۇت، ئوتتۇرا ياش ئادەم، — بىزنىڭ مەھەللىدە ئىساق دەپ بىر كەيمە تاز بولىدىغان، مۇشۇ ئارىشاڭغا ئېرىنمەي ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچلا قېتىم كېلىۋىدى، سەللىمازا ساقىيىپ كەتتى. تازنىڭ بېشىغا چاچ چىقسىمۇ ئالامەت چىقىدىكەن. بىكار تۇرماي مايلاۋەرگەن باش بولغاچقا تازا ئاشۇ ئوغۇتلىغان يەردىن ئۈنگەن مايسىدەك قويۇق، قاپقارا چىقىدىكەن. پاھ، ھازىر ئۇ تازنىڭ ھالىنى دېمەيسىلەر، سەتلىككە باقماي كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ خوتۇن ئالدى...

— ئۇرايىم كىگىزچىنى تونۇمسىلەركىن؟ — دەپ سۆز باشلىدى ئىگىز، ئورۇق بىر ئاغىنە قولىدىكى قەغەزگە موخوركا سېلىپ تۇرۇپ، — تونۇيسىلەر، ئۇرايىم كىگىزچى دېسە بۇ يەردە تونۇمايدىغىنى يوق. كاساپەت ياخشى كاسىپ ـ تە. گۈللۈك كىگىز دەمسەن،

ناماتمان، شىرداقمۇ، ھەممىسىنىلا گۈل كەلتۈرۈۋېتىدۇ. ئۈرايىم باسقان دېسە، ئۇنىڭ كىگىزىنى بازاردىمۇ ئوشۇق باھادا ئالىدۇ. ئۈرايىمنىڭ بىر قىزىق ئىشى، ياز بولدىما شەھەردە تۇرالمايدۇ. «ھەي ئاغىنىلەر، بولدى، بۇ يەردە سېسىپ ئولتۇرۇۋېرەمسىلەر؟ مۇنداق بىر تاغ، دالىلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈڭلارنى ئېچىپ كەلمەمسىلەر...» دەپ قولىنى بىر سىلكىيدۇ ــ دە، بىر ئۇلاغقا كىگىز باسىدىغان جابدۇقلىرىنى ئارتىپ تاغمۇتاغ يۈرۈپ، مالچىلارنىڭ يىغىپ قويغان يۇڭلىرىدا كىگىز ئېتىپ بېرىپ كۈزدە بىراقلا قايتىپ كېلىدۇ... شۇ ئۈرايىم نەدىن يۇقتۇرغان، بىر يىلى بەزگەك بولۇپ قالسا بولىدۇ. ئەيىۇھەنناس، بۇ كېسەل بىچارىنى ئىككى ــ ئۈچ يىل ئوبدانلا قىينىدى جۇمۇ. بىر قېتىم ئۈرايىم مۇشۇ ئارىشاڭنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كەپتۇ؛ تازا بەزگىكى تۇتۇپ، جاقىلداپ تىترەۋاتقاندا ئارىشاڭغا بىرلا قېتىم چۆشۈپتىكەن، بەزگىكى شۇنىڭ بىلەن قالغان. ھازىر ئۈرايىم ئاغزى ئېچىلسىلا بۇ ئارىشاڭنى شۇنداق ماختىغىلى تۇرىدۇكى، دېمىسىمۇ راست...

ــ ئالتە شەھەر تەرەپتىن كەلگەن بىر يېتىمچى باركەن، ــ دېدى يەنە بىرەيلەن، ــ بىچارىنىڭ گېلىدە قوش مۇشتتەك يوغان پوقىقى باركەن، يۇرتىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئارىشاڭغا بىر چۆشۈپ چىقىشنى كۆڭلى تارتىپ قاپتۇ. چۆشۈپ چىقىپلا گېلىنى سىلىسا پوقىقى يوق، «ۋاي پوقىقىم» دەپ نەچچە كۈن ئىزدەپمۇ پوقىقىنى تاپالماپتىكەن. يۇرتىغا بارسا ئانىسىمۇ تونۇماي قاپتۇ...

— بىر دوكنى مۇشۇ ئارىشاڭغا چۇشۇپ چىقىپلا دوكى ئۇخشىلىپ كېتىپتىكەن، دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟ — دېدى جاپپار.

— ياق، ياق، ئەمدى بۇ گەپلەر چاقچاقتا ئايلىنىپ كەتكىلى تۇردى...

— بەلكىم خۇدايىم شىپالىق بەرسە ھېچ گەپ ئەمەس.

— دوكنى ساقايتالايدىغىنى قانداقكىن بىلمىدىم، — دېدى بېشىنى چۇشۇرۈۋەتكەن بىرەيلەن بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەمما، خورەكنى گەپ يوق ساقايتىدىكەن. بىزنىڭ مەھەللىدە سۇلايمان دەپ بىر تۇگمەنچى بولىدىغان، ئۇ ئاغىنە بىلەن بىر ئۆيدە يېتىپ قېلىشتىن خۇدا ئۆزى ساقلىسۇن. خورەك تارتىدىغان بولسا پۈتۈن بىر مەھەللىنى تىترىتىۋېتەتتى، شۇڭا ئۆزىمۇ «خورىكىم ئاڭلانمايدۇ» دەپ تۇگمەندىن باشقا يەردە ياتمايتتى. بىر قېتىم مۇشۇ ئارىشاڭغا چۇشۇپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر - ئىككى يۇتۇم سۇنى ئىچىۋالغاندەك بوپتۇ. مانا شۇ سەۋەب بىلەن خورەكتىن پەقەتلا قالغان.

— بىز تەرەپتە، — دېدى مالخىيىنى كۆزگە چۆكۈرۈپ، كۆزگە چۇشۇپ تۇرغان كۈن نۇرىغا دالدا قىلىۋالغان بىرەيلەن، — تۇردى «يەكچەشمە» دەپ ئالىغاي بىر ئاداش بارتى، ئارىلىقتا كۆرۈشمىگىنىمىزگە خېلى ۋاقىتلار بولۇپ كېتىپتىكەن. بىر كۈنى قارىسام ھېلىقى ئاغىنىنىڭ كۆزى ئۇخشىلىپلا قاپتۇ. «تۇردى، مۇبارەك بولسۇن» دېسەم، «نېمە مۇبارەككەن ئۇ؟» دەيدۇ. «ئاۋۇ كۆزۈڭلارنىڭ قارىسى جايىغا كېلىپ قاپتىغۇ؟» دېسەم، «ھە، سەن ئەمدى كۆرۈۋاتامسەن؟ بۇلتۇر شۇتىغا ئات

ئالغىلى بارغاندا باشقىلار شوتا ئارىشىنى بەك ماختاپ كەتتى. پۇتۇمدا ساقايمىغىلى ئۇزاق بولغان بىر تەمرەتكە بار ئىدى. ۋاي ـ ۋاي، كېچىسى قىچىشىپ ئارامىمنى قويمايتتى. شۇنىڭغا شىپا بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ بېرىپ شۇ ئارىشاڭغا بىر ھەپتە چۈشمەيمەنمۇ، ھېلىقى تەمرەتكە يوقاپلا كەتتى. ئالغان ئاتلىرىمىزنى شەھەرگە ھەيدەپ كېلىپ پۇل قىلىپ ئۆيگە چىقسام ھەممىسىلا كۆزۈمگە قارايدۇ. «ھە، نېمە بولدۇڭلار؟» دېسەم، خوتۇن: «كۆ... كۆ... كۆزىڭىز...» دەيدۇ. «ھە، كۆزۈم مۇشۇنداق ئالغاي، شۇڭا خەقمۇ مېنى تۇردى «يەكچەشمە» دەيدۇ، توي قىلماستا ئۆزۈڭ كۆرۈپ تەگكەن، ئەمدى بىر قىسما كۆرۈنۈۋاتامدا؟» دېسەم، «نېمە دەۋاتقانسىز؟ ھېلىمۇ شۇ كۆزىڭىزنىڭ ئالغىيى ئوڭشىلىپ قاپتۇ» دەيدۇ. ماۋۇ خوتۇن نېمە دەيدىغاندۇ، دەپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەينەككە قارىسام كۆزلىرىم راۋرۇسلا تۇرمامدۇ... خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ كەتتىم. ئىشەنسەڭ ھازىر ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپلا: «كۆزۈم يەنە ئالغاي بولۇپ قالمىغاندۇ؟» دەپ ئەينەككە قارايمەن، مانا ھازىرغىچە جايىدا تۇرىدۇ» دەپ سۆزلەپ بەردى.

ــ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن،ــ دەپ گەپكە ئارىلاشتى ئۇلاغلارنى جايلاشتۇرۇپ ئاخىرىدىراق يېتىپ كەلگەن ئوسمان ئۇلاغچى،ــ ياراتقان ئىگەم كۆپىنچە نېمىنى جۈپ ـ جۈپى بىلەن يارىتىدىكەن. مانا مۇز داۋاننىڭ ئىلىخو تەرىپىدە بۇ شوتا ئارىشىڭى بار، مۇز داۋاننىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشسەك چوڭ ئارپا، كىچىك ئارپا دېگەن يەرلەرنىڭ ئەتراپىدا يەنە مۇشۇنداق تاغ باغرىدا بىر ئارىشاڭ بار.

ــ ئاڭلىسام، شۇ ئىككى ئارىشاڭنىڭ تېگى بىر ــ بىرى بىلەن تۇتاشقۇدەكقۇ؟ ــ دەپ سورىدى ھېلىقى مالىخايلىق ئادەم.

ــ ئۇ تەرەپلىرىنى مەن بىلمەيدىكەنمەن، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ قېنى، ئۇنداق بولسا بۇ شىپالىق ئارىشاڭغا بىزمۇ بىر چۈشۈپ باقمايلىما، ــ دەپ ئورنىدىن قوزغىلىشتى يېڭى كەلگەنلەر.

جاپپار كىگىز ئۈستىدە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. «ئىككى ئارىشاڭنىڭ ئاستى بىر ــ بىرىگە تۇتاشقۇدەك» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئۇ: «ھېلىقى مېنىڭ ئىزدەپ يۈرگەن ئاكام ئارىشاڭنىڭ ماۋۇ كۆزىدىن چۈشۈپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەنە بىر كۆزىدىن چىقىپ كەتكەنمىدۇ قانداق؟...» دەپ ئويلىنىپ قالغانىدى.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# ئالابايتالنىڭ دېڭى

يولۇچىلار شوتا ئارىشىڭىدىن ئەتىسى ئەتىگەندىلا يولغا چىقتى. ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئەتىگەنلىك قۇياش نۇرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېگىزلىكلەر ئۈستىگە يېيىلغانىدى. سول تەرەپ تاغ باغرىدىن مۇزات دەرياسىنىڭ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئاۋازى كېلەتتى. يولۇچىلىرىمىز ئارىشاڭدىن چىقىپ تۆۋەنلەپ مېڭىپ غىچىرلاپ تۇرغان قانداقتۇر بىر كۆۋرۈكلەردىن ئۆتتى. مالچىلارنىڭ قايسىبىر قارا ئۆيلىرىدىن ئىتلار ھاۋشىپ چىقىپ خېلى يەرلەرگىچە ئۇلارغا ئەگىشەتتى.

— بۇ يەرنىڭ ئىتلىرىنىڭ ئادەمگەرچىلىكى بەك ئۈستۈنكەن، — دېدى قۇۋان «ئەزمە» قىزىقچىلىق قىلىپ، — قاراڭلار، مېھمانلارنى بولدى دېگەنگە قويماي خېلى يەرلەرگىچە ئۇزىتىپ قويىدىكەن.

— قۇۋان، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، — تۈنۈگۈن ئارىشاڭغا چۈشتۈڭما؟

— چۈشتۈم، — دېدى قۇۋان.

— ئارىشاڭنىڭ سۈيى خېلى پايدا قىلغاندەك تۇرىدۇ - ھە؟

— قانداق دەيلا؟

— ئەزمىلىكىڭ ئوڭشىلىپ ئايىغىڭ ئوبدانلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىتتىكلەپ قاپتۇ، ئۆزۈڭمۇ خوپ چاقچاقچى بولۇپ قاپسەن، دەيمىنا.

ــ سىلى چۈشمىدىلىما؟

ــ چۈشتۈم، تازا ئاشۇ سۈيىنىڭ قايناق كۆزىگە چۈشتۈم.

ــ ئۆزلىرى قانداقراق تۇرىلا؟

ــ ئەمدى مەندە باشقا كېسەل بولمىغاندىكىن، يەنە شۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا تۇرۇۋېتىمەن.

ــ توۋا، ماۋۇ بايۋەچچىنىڭ دەۋاتقان گېپىنى! دۇنيادا قىمار ئوينايدىغاندىنمۇ چوڭ كېسەل بولامدا؟! ئۆزلىرىنى بۇدا بىر قىمار سورۇنى ئۈچرىغاندا سىناپ باقسىلا، ئالىقانلىرى قىچىشىپ، ئاياغلىرى قىمار بولۇۋاتقان تەرەپكە تارتىپ كەتمىسە ئارىشاڭ سۈيىنىڭ پايدا قىلغىنى شۇ.

ــ پاھ، ماۋۇ ئەزمىنىڭ گەپچى بولۇپ كەتكىنىنى، ــ دېدى ھۆسەن بايۋەچچە كۈلۈپ.

يولۇچىلار مۇزات دەرياسىنىڭ سول تەرىپىگە ئۆتكەندە يول يەنە قىيىنلاشتى. يول دەريا بىلەن تىك يار ئارىسىدىكى تارچۇقتىن ئۆتەتتى. ئۇلاغلارنىڭ ئۈستىدىكى تاغارلارنىڭ قورسىقى يارغا بەكرەك تېگىپ ئۇلاغ سەنتۈرۈلۈپ كېتىدىغانلا بولسا ئوڭ تەرەپتىكى مۇزات دەرياسىغا غۇلايتتى... 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايلاردا جەنۇبىي شىنجاڭ چېگراسىنى ساقلاش ئۈچۈن بۇيرۇق بىلەن شۇتىغا كېلىپ ئورۇنلاشقان تېكەس 1 ـ ئاتلىق پولكى ھەربىي ئىشلارغا قولايلىق بولۇش ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ بىلەن شىمالىي شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدا قاتناۋاتقان يولۇچىلارنىڭ يول يۈرۈشىگە ئوڭايلىق يارىتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، شوتا مەھەللىسىدىن مۇز داۋاننىڭ ئۇ

تەرىپىدىكى قۇمبەلگىچە بولغان يوللارنى بىر نۆۋەت كېڭەيتىپ ياساپ چىققان، شۇ چاغدا ئارىشاڭ بىلەن شوتا ئوتتۇرىسىدىكى يولنىڭ مۇشۇ بۆلىكىمۇ ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ ياسالغان ۋە دەل مۇشۇ ئورۇنغا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيەسىنىڭ خەلق ئۈچۈن ئىشلىگەن بۇ تۆھپىلىرىنى خاتىرىلەپ بىر خاتىرە تاش① ئورنىتىلغان. بۇ بىزنىڭ يولۇچىلىرىمىز بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلار ئىدى.

— ھەي ھۇسەن بايۋەچچە، يول تار، ئۇلاغنى يانداپ ماڭماڭلار! — دەپ ۋارقىرايتتى ئارقىدا كېلىۋاتقان ئوسمان ئۇلاغچى.

— نېمە گەپ بولۇپ كەتتى، — دەيتتى سەمەت ئەتراپىغا قاراپ، — داۋانلارنى مېڭىپ تۈگەتتۇق دېسەك، بۇ يەردە يەنە بىر داۋان پەيدا بولدى؟...

— ھازىرغۇ ياخشى، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — قىشنىڭ كۈنى بولسا بۇ يەرنىمۇ چوقۇپ پەلەمپەي ياساپ قويىدىغان، بولمىسا بۇ يەرمۇ مۇز بولۇپ كېتىدۇ. ئۇلاغ مۇدۇرۇپ تېيىلىپلا كەتسە تۈگەشكىنى شۇ...

— مېنىڭ چوڭلاردىن ئاڭلىشىمچە، — دېدى ئارىشاڭدىن باشلاپ بۇلار بىللە كېلىۋاتقان جاپپار، — داۋاننىڭ مۇشۇ يەردىكى پەلەمپەيلىرىگە قاراپ، تاغنىڭ ئېغىزىدىكى مەھەللىگە «شوتا» دەپ ئىسىم قويغانىكەن.

— گەپنى ئاز قىلىپ يولۇڭلارغا قاراڭلار، يولۇڭلارغا، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

---

① بۇ خاتىرە تاش ھېلىمۇ شۇ ئورۇندا ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېمىسىمۇ، بۇ يەر خېلىلا خەتەرلىك ئىدى. ئولڭ تەرەپ مۇزات دەرياسىنىڭ شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئىتتىك ئېقىنى بولۇپ، سۇ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ كۆۋەجەيتتى. سول تەرەپتىكى تىككىدە تۇرغان تاغ دەرياغا تامدەك كېلىپ تاقالغانىدى. دەريا بىلەن تاغ ئارىلىقىدىكى تار يولدىن يولۇچىلار ناھايىتى مۇشەققەتتە ئۆتەتتى. بۇ يەردىمۇ بەلدەممۇبەلدەم ئۆرلەيدىغان ئېگىزلىك بار ئىدى....

داۋاندىن ئۆتكەندىن كېيىن يول كېڭىيىپ، مۇزات دەرياسى بىلەن يول تاشلىنىپ تۇرغان ساينىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تۆپىلىكلەر بارغانسېرى تۆۋەنلىگىلى تۇردى. بۇ يولۇچىلارنىڭ تاغنىڭ چىقىش ئېغىزىغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

— يا ئاللا! بۇ مۇز داۋان دېگەننىڭ يولىنىڭ غېرىچى قالسىمۇ خەتەركەن جۇما، — دېدى ئارىدا بىرەيلەن، — ھەرقانداق بولسا، تاغ ئىچىدىن چىقىپ بولغاندەك قىلىمىزمۇ قانداق؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا، — دېدى ئۇسمان ئۇلاغچى، — شوتىغىمۇ يېقىنلاپ قالدۇق. شوتىغا بارغاندا ئۇدۇللا ئالا بايتالنىڭ دېڭىگىلا چۈشەيلى.

— كىمنىڭ دېڭىگە دېدىلا؟ — دەپ ھەيران بولدى ھۇسەن.

— ئالابايتالنىڭ.

— ئالابايتالنىڭ؟... ئالابايتال دېگەن ئادەمنىڭ ئىسمىمۇ، دەڭنىڭمۇ؟... غەلىتىلا ئىسمى بار دەڭكىنا ئۇ؟

— ئالابايتال دېگەن ئادەمنىڭ ئىسمى.

— ۋاي بىر راۋرۇس ئەر خەقنىڭ دېڭىگە چۈشسەك بولمامدا؟ بايتالنىڭ دېڭىدە بىزگە نېمە بار؟ — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە. «ئالابايتال» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ

كۆز ئالدىغا ھېلىقى ئاقسۇ بازىرىدا ئۇچرىغان، يا ئەرگە، يا ئايالغا ئوخشىمايدىغان تۇراپ كەلگەندى.
— بايۋەچچە، ھېلىمۇ سىلى ئالابايتال دېگەننى ئەر كىشى دېمەي، ئايال كىشى دەۋاتامدىلا؟ — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.
— بايتال بولغاندىن كېيىن ئايال كىشى بولماي نېمە بولاتتى؟
ئوسمان ئۇلاغچى قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى - دە:
— ھۇسەن بايۋەچچە، ئالابايتال دېگەن راۋرۇس ئەر كىشى جۇما! — دېدى.
— ئەر كىشى دەيلا، ئەمىسە نېمانداق غەلىتە ئىسمى بار ئۇنىڭ؟
— «ئالابايتال» دېگەن ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئەمەس، لەقىمى. ئەسلىي ئىسمى نىيازبەگ ئىكەن. ئۇ يۇرت ئىچىدە يۈز تاپقان، ئەمەل تۇتقان، يۇرت سورىغان، ناھايىتىمۇ باي ئۆتكەن ئادەم. ماۋۇ ئىلخودا:

ئالابايتال بېگىمنىڭ
تۇمەن مولاپ يېرى بار.
شۇ يەرلەرنى چۆرىدەپ،
ھاشار سوقان تېمى بار.

ھەممە يەردە دېڭى بار،
ئالابايتال بېگىمنىڭ.
ئون بېشى يوق تام سوقماي،
غىدىڭ - پىدىڭ دېگەننىڭ...

دېگەن قوشاقلار بىكار چىقمىغان... بۇرۇنلاردا بۇ ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تولىراق بىر ئالا بايتالنى مىنىپ يۈرەمتىكىن، يا باشقا سەۋەبتىنمۇ، مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمىدىم. ئىشقىلىپ، ئەل ئىچىگە بۇ ئادەم ئاشۇنداق «ئالابايتال» دېگەن نام بىلەن تونۇلۇپ كەتكەنىكەن.

ــ ئەمىسە لەقىمى ئىكەن ـ دە؟

ــ لەقىمى بولسا لەقىمىدۇ، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ ۋاي، بۇ ئىلىخو دېگەندىمۇ لەقەمسىز ئادەم ئاز. شوتىدىغۇ دەڭ خېلى بار، ئالابايتالنىڭ دېگى سەل ئوبدانراق.

ــ بۇ ئالابايتال دېگەن ئادەمنى سىلى كۆرگەنما؟ ــ دېدى ھەۋەسەن بايۋەچچە، ــ چىراي ـ شەكلى، خۇي ـ پەيلى قانداقراق ئادەم؟

ــ ئالابايتال دېگەن ئادەمنى مەنمۇ كۆرمىگەن، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ بىلىدىغانلاردىن ئاڭلىشىمچە، بۇ ئادەم خەققە بەك زۇلۇم سالغان بولۇپ، ئەلنىڭ كۆزىگىمۇ سەت كۆرۈنۈپ كېتىپتىكەن. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن... قىرىشقاندەك بۇ ئادەم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنىكەن، ئىلىخونىڭ ئادەملىرى جىمى نېمىنى چاقچاقىغا ئايلاندۇرىدىغان خەق بولغاندىن كېيىن ئالا بايتالنى كۆرسىلا بىر ـ بىرىنىڭ قۇلىقىغا: «خۇدايىم مۇشۇ ئالابايتال دېگەن ئوغرىنى يارىتىشنى يارىتىپ قويۇپ، جېنىنى ئالىدىغان ۋاقتىتا ئۇنتۇپ قالدىغۇ دەيمەن» دەپ پىچىرلىشىدىكەن.

ــ ئالابايتالنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسىلەر، ــ دېدى ئارقىدا قالغان جاپپار يېتىشىپ كېلىپ، ــ ئىلى دېگەندە ئالابايتالنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق.

ــ ھە، مانا، ئالابايتالنى مۇشۇ جاپپارئاخۇندەك

ئىلىنىڭ ئادەملىرى تازا بىلىدۇ، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ئالابايتالنى «نىياز لوزۇڭ» دەپمۇ قويىدۇ، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى جاپپار، — مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئىلگىرى بۇ ئادەم شەڭگەن يامۇلىدا شەڭگەننىڭ قول ئاستىدا ئىشلەپتىكەن، خەنزۇ تىلىغىمۇ ئۇستا ئىكەن. شەڭگەن: «بۇ ئىلىنىڭ باج ـ سېلىقلىرىنى كىم يىغىپ بېرىدۇ؟» دېسە، «مانا مەن يىغىپ بېرىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىقىپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېزىمۇيېزا قاتراپ بىردەم يەر بېجى دېسە، بىردەم سۇ بېجى دەپ؛ بىردەم ئارپا ـ بېدە سېلىقى دېسە، يەنە بىر قېتىمدا ئوت ئۇچى بىرنېمىسى دەپ دېۋەيلەپ كېلىۋېرىپ دېھقانىنى جاق تويغۇزۇپتىكەن. تېخى دېھقانلارنىڭ قولىدىكى ماللاردىن تۇياق بېجىمۇ يىغاتتىكەن.

— تەق ـ تۇرقى قانداقراق ئادەمكەن؟ — دەپ سورىدى قۇۋان.

— بۇ ئادەم ئېگىز، ئورۇق كەلگەن، ئايىغى ئىتتىك بىر ئادەم ئىكەن. يورغىسى ياخشى بىر ئالا بايتىلى بار ئىكەن. سەھەرلەرگە چىقار بولسا شۇ بايتالنىلا مىنىۋالاتتىكەن. ئالا بايتىلىنى يورغىلىتىپ، قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ئارقىسىغا بىر ـ ئىككى يايىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەلسە بىچارە دېھقانلارنىڭ يۈرىكى سىرقىرايتتىكەن. ئالابايتال باج ـ سېلىقنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىغانلارنى قامچا ئاستىغا ئېلىپ، بەزىلىرىنى يايلارغا تۇتقۇزۇپ سولىتىۋېتىدىكەن. «گۇندىخانىغا ئاپارغان دېھقانلارنى ئېسىلىپ ئۆلۈۋالمىسۇن، ئۆلۈۋالسا ئۇنىڭ باج ـ سېلىقىنى تۆلەيدىغان ئادەم چىقماي قالىدۇ» دەپ بەلباغ، ئىشتانباغلىرىنىمۇ يىغىۋالاتتىكەن.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



— يا ئاللا، مۇنداق زالىم ئادەملەر بىزنىڭ ئالتە شەھەردىلا بارمىكىن دىسەك، بۇ يەردىمۇ بار دەڭلار؟ — دىدى سەمەت.

— ۋاي، گەپ قىلماڭلار، شۇڭا نىيازبەگ ئالا بايتاللىنى يورغىلىتىپ چىقىپ كەلسە «ئالابايتال كېلىۋېتىپتۇ» دەپ ئاڭلاپ ھەممە دېھقان ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتىكەن؛ بۆشۈكتە يىغلاۋاتقان نارەسىدە باللارمۇ «ئەنە ئالابايتال كېلىۋاتىدۇ!» دىسە چىپپىدە يىغىسىدىن توختاپ قالاتتىكەن.

تىرپاتاغا ماڭىدۇ
بەگ غوجامنىڭ يورغىسى.
چەش خامانغا يۈگۈرەيدۇ
بىللە چىققان دورغىسى...

ھاشار بولدۇق بېگىمگە،
كىچىككىمىز، چوڭىمىز.
تۈگىتەلمەي ئىشىنى،
چىقىپ كەتتى سوڭىمىز.

بېگىملەر ئۆتۈپ كەتتى
ئاتلىرىنى يورىتىپ.
ئالابايتال ئالۋىنى
يۇرتنى قويدى قۇرۇتۇپ...

دىگەن قوشاقلارنى ئەنە شۇ بىچارە دېھقانلار ئېيتقان.

— مانا جاپپارئاخۇن ئالا بايتالنى تازا ئوبدان بىلىدىكەن، — دىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— بىزنىڭ غۇلجىنىڭ يېڭىتام دېگەن يېرىدە ئۆرۈق - تۇغقانلىرىمىز بار. يېڭىتام تەۋەسىدىكى دېھقانلار ئالابايتال دېگەننى ئالامەت بىلىدۇ، يېڭىتامدىكى چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئالابايتال دېگەننىڭ خېلى يەر - زېمىنى، ئۈچ خوتۇنى باركەن...

— پاھ، خوتۇن دېگەننىمۇ ئېلىپ بېقىپتىكەن - دە! — دېدى قۇۋان «ئەزمە»، — تەڭشەلمىگەن جاھان دېگەن شۇ ئوخشايدۇ. يوقلاردا بىرسىمۇ يوق، بارلاردا قوشلاپ...

— ۋەي ئەزمە، پۇل تاپقاندىن كېيىن خوتۇن ئالماي نېمە قىلىدۇ؟ — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە.

— ئۈچ خوتۇننى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويىدىغان بولسا بىر - بىرىنىڭ چېچىنى يۇلۇپ، ئالابايتالنىڭمۇ بېشىنى ئوچاق ئېتىۋېتىدىغاندۇ؟

— ئۇنداق جىق خوتۇن ئالغان ئادەم خوتۇنلىرىنى نەگە قويۇشنى ئۆزى بىلىدۇ، سەن ئەزمىگە ئۈچ خوتۇن ئېلىپ بېرىدىغان ئىش بولسا، ئۈچىلا خوتۇنۇڭنى بىراقلا يوتقاننىڭ ئىچىگە ئەكىرىۋالىدىغان ئوخشىمامسەن؟...

— شۇنداق، — دېدى جاپپار، — ئالا بايتالنىڭ ئۈچ خوتۇنى بىر يەردە تۇرمايدىكەن. مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم راست بولسا، ھاۋاخان دېگەن بىر خوتۇنى شەھەردە، نىياز بۇۋى دېگەن بىر خوتۇنى دولانيۈزىدىكى چوڭ بېغىدا... يەنە بىر خوتۇنىنىڭ ئېتى نېمىدى ئۈچ تالاقنىڭ... ھېلىلا ئېسىمدە بارتى... ھۆرىخانمۇ، زورىخانمۇ، بىرنېمە خان... ھە، ھە، ئېسىمگە كەلدى، زۇمۇرىخان، بۇ زۇمۇرىخان دېگەن خوتۇنى شاغىلىقتامدىكى تۇگمەندە تۇرىدىكەن...

— مانا، ھۇزۇر قىلىشنى بىلىدىكەن جۇما ئاۋۇ ئوغرى، — دېدى ھۇسەن، — شەھەردە بىر خوتۇن،

سەھرادا بىر خوتۇن، باغدا بىر خوتۇن، تۇگمەندە بىر خوتۇن... كۆردۈڭلارما...

— ئالاباياتال بىگىمنى مەن ئىلىنىڭ چاپچال دېگەن يەرلىرىدىمۇ تۇرغان، دەپ ئاڭلىۋىدىم، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— ئاڭلىغىنىڭىز توغرا، — دېدى جاپپار، — ئالاباياتال بىگىم بىر مەزگىل دەريانىڭ جەنۇبىدىكى چاپچالغا تەۋە يۇرتلارنىڭمۇ باج - سېلىقىنى يىغىپتىكەن. تېخى ئورۇس بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى چېگرادا تۇرىدىغان قاراۋۇللارنىڭ ئات - ئۇلاغلىرىنىڭ يەم - خەشەكلىرىنىمۇ يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، ئوتتۇرىدىن جىق پايدا يېگەن، دېگەن گەپلەرمۇ بار.

ئالاباياتال بىگىمىز
ئارپا - بىدە دەيدىكەن.
چېگراغا ئاپىرىپ سېتىپ،
پايدىسىنى يەيدىكەن.

ئالاباياتال ئۆلسىدى،
قارا يەرگە كىرسىدى.
ئالاباياتال گۆشىنى
يىلان، چايان يېسىدى...

دېگەن قوشاقلار شۇ چاغدا چىققانىكەن.

— ئۇنداقتا، — دەپ بېشىدىكى نېپىز ئاق تۇمىقىنى پېشانىسىگە ئىتتىرىپ گەدىنىنى تاتىلىدى ئوسمان ئۇلاغچى، — بۇ ئالاباياتال دېگەن ئادەم بۇ شوتىغا قانداق كېلىپ قالدى، ئۇكام؟

— بۇ ئالابايتال دېگەن ئادەم ناھايىتى ئاچچىقى يامان، قوپال ئادەمكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە دېھقانلارغا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمۇ جىق بولغاچقا خەقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، ھەممە ئادەملەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ كېتىپتۇ. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى ئەمەلدارلار بىلەنمۇ چىقىشالمىغانمىش. ھېچكىمگە ياخشى بولالمىغاندىن كېيىن قېيىداپ: «يۇرتۇمغا چۈشۈپ كېتىمەن» دەپ مېڭىپ مۇشۇ شوتىغا كېلىپ تۇرۇپ قالغانىكەن.

— مانا ـ مانا، ئۇكام، سىلى ئالابايتال دېگەننى تازا ئوبدان بىلىدىكەنلا، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— نىيازبەگ ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئوسمان ئۇلاغچىنىڭ ماختاشلىرىدىن ئىلھاملانغان جاپپار، — بۇ يەرگە كېلىپمۇ ئەمەلدارلارغا سوۋغا ـ سالام شۇڭغۇتۇپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتقان ئوخشايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنىڭ دارىنلىرى ئالابايتالنىڭ ئىلگىرى ئىلى شەھگەن يامۇلىغا ئىشلەپ بەرگەن ئىشلىرى، خەنزۇ تىلىغا ئۇستىلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇنى شوتىنىڭ يېزا باشلىقى قىلىپ قويغانىكەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، كېيىن نىيازبەگ بۇ ئەتراپتىكى چىكىرتى، ئاقسۇ، قايىندى، قاراسۇ دېگەندەك يېزا ـ مەھەللىلەرنىمۇ قوشۇپ سوراپتىكەن. شوتىدىكى دەڭلەرنى ئالابايتال شۇ چاغدىن باشلاپ ئېچىپتىكەن. خۇدا بىلە، شوتىدا ئىككى يەردە دېگى بارغۇ، دەيمەن.

— پاھ، بۇ ئالابايتال دېگىنى غەزەپ يامان ئادەمكىنا! — دېدى ھۆسەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— مۇنداق غالچىلار ھەممە يۇرتتا بار، — دېدى سەمەت.

— ئاڭلىسام، بەدۆلەت زامانىسىدا، — دەپ چۈشتى قۇۋان «ئەزمە»، — نىيازبەگ دەپ شۇنداق بىر يامان ئادەم ئۆتكەنىكەن، ماۋۇ ئالابايتال دېگەن ئادەمنىڭمۇ ئىسمىنى نىيازبەگ دەيسىلەر، ئىككىسى بىر ئادەم بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە؟...

قۇۋاننىڭ خىيالى ئۆمەر مەدداھ سۆزلىگەن ياقۇپبەگ توغرىسىدىكى ھېكايىلەرگە كېتىپ قالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ياقۇپبەگ زامانىسىدا نىياز دادخۇئا دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. «دادخۇئا» دېگەن ھازىرقى «ۋالىي» بىلەن تەڭ مەنسەپ ئىكەن. نىيازبەگ ئەسلىدە يەكەن ئامبىلىنىڭ تەرجىمانى ئىكەن، كېيىن ياقۇپبەگنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، خوتەننىڭ ۋالىيلىق مەنسىپىگە ئېرىشكەنىكەن. ئۇ چوڭ سىياسىي سۇيىقەستچى بولۇپ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى تەۋرەپ قالغاندا ياقۇپبەگنى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىگە قاتناشقانىكەن.

— قۇۋان، سەن نەنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — بەدۆلەتنىڭ زامانىسى دېگەن نېكەمدىكى گەپ ئۇ؟

— بۇ ئالابايتالنىڭ يۇرتى نەكەن؟ — دەپ سورىدى قۇۋان.

— ئۇ ئادەمنىڭ يۇرتىنى كىم بىلىپتۇ... توغرا، يۇرتىنى يەكەن دېگەندەك قىلىۋىدى، — دېدى جاپپار.

— مانا — مانا، دېمىدىمما؟... — دېدى قۇۋان، — ئۇز ۋاقتىدا خوتەننىڭ بېگى بولغان. كېيىن بەدۆلەتنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن نىيازبەگ دېگەن شۇ... ئۇنىڭمۇ يۇرتى يەكەن... خەنزۇ تىلىنى سۇدەك بىلەتتىكەن...

— ۋەي... بىر كوچىدا تۇداخۇندىن ئىككى ـ ئۈچى، بىر مەھەللىدە قۇۋانئاخۇندىن تۆت ـ بەشى چىقىدۇ. پۈتۈن بىر يەكەندىن نىيازبەگ دېگەندىن ئىككىسى چىقامتى؟

— ئاپلاھۇئەكبەر! ماقۇل دەڭلا،— دەپ گېپىدە چىڭ تۇردى قۇۋان،— ئا... مىجەزلىرىمۇ ئوخشاپ كېتىۋاتامدا... ئاڭلىسام بەدۆلەتنىڭ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ، سىنىڭ راست دەپ يۈرگەن شۇ بەچچىجەرنىڭمۇ ھىلىسى تولا، نىيىتى يامان ئادەمتىكەن دەيمەن. بەدۆلەت ئۇنىڭغا ئىشىنىپ پۈتۈن خوتەننىڭ غوجىدارلىقىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغاندا، ئۇ غوجام خەققە ئالۋان ـ سېلىق دېگەننى ھارغۇچە سېلىپ، ھەر ھەپتىدە جۈمەنىڭ ئالدىغىچە بەدۆلەتكە توققۇز تىللا، توققۇز دانە چوكا ئالتۇن، ئېگەر ـ توقۇمى توقۇقلۇق ياراملىق ئاتتىن توققۇز، توققۇز پارچە گىلەم، يەنە تازا يېتىلگەن گۈزەل نازىنىندىن توققۇزنى ئەۋەتىپ تۇرغانىكەن...

— ۋاھ... ۋاھ، قۇۋان، بۇ گەپلەرنى سەن نەدىن ئاڭلىدىڭ؟— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،— خۇددى بەدۆلەت بىلەن نىيازبەگكە قوشنا ئولتۇرغاندەك گەپلەرنى قىلىسەنا؟

— ئۆمەر ئۇستازدىن ئاڭلىغان...

— ئالدىمىزدا بىر يۇرت كۆرۈندىغۇ!— دەپ ۋارقىرىدى سەمەت.

— ھە، شوتىغا كىلىپ قالدۇق،— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

يولۇچىلار «ئىككى ئاچا»نىڭ ئېغىزىدىكى قەشقەر كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ ئالابايتالنىڭ دېگى تەرەپكە ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# شوتا

«قەشقەر كۆۋرۈكى» يولۇچىلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ يېنىك غىچىرلاشلىرى بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ ھەربىر يولۇچى ئۇلاغلىرىنى ھەيدەپ ئۇستىدىن ئۆتكەندە شۇنداق سالاملىشاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئىلىدىن ئالتە شەھەر تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلارغا «خەيرخوش!» دېگىنى، ئالتە شەھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقانلارغا «خۇش كەپسىلەر!» دەپ قارشى ئالغىنى ئىدى. بۇ كۆۋرۈك دەريانىڭ تار يېرىنى تاللاپ، كۆۋرۈكنىڭ يوغان توغرا ياغاچلىرىنى ئىككى قىرغاقتىكى ئۇيۇل تاش ئۇستىگە ئەپلەپ قويۇپ، ئۇستىلىق بىلەن ياسالغانىدى. تاغ تەرەپتىن ئېتىلىپ چىقىپ كېلىۋاتقان دەريا سۈيى كۆۋرۈك ئاستىدىن قىسىلىپ، ئاپپاق بۇژغۇنلارنى چاچرىتىپ ھەيۋەتلىك گۈركىرەپ ئۆتۈپ كېتەتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدە كەڭ بىر ئوچۇقچىلىق تاشلىنىپ ياتاتتى. «شوتا» مەھەللىسى شۇ ئوچۇقچىلىقنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقانىدى.

«شوتا» ــ مۇزات يولىدىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى ئىدى. تاغ ئىچىگە كىرىدىغان ياكى تاغ ئىچىدىن چىققان يولۇچىلار شوتىدا قونماي ئۆتمەيتتى. ئىلىدىن ئالتە

شەھەر تەرەپكە قاراپ ماڭغانلار شوتىدا ئات ـ ئۇلاغلىرىنىڭ تاقىلىرىنى يەڭگۈشلىتىپ، يەم ـ بوغۇز، نان ـ توقاچلىرىنى تولۇقلاپ، ئاندىن «بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم!» دەپ قەشقەر كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى؛ ئالتە شەھەر تەرەپتىن ئىلىغا قاراپ كېلىۋاتقانلارمۇ مىڭ مۇشەققەتتە تاغ ئىچىدىن چىقىپ شوتىغا يېتىپ كەلگەندە «ئۇھ!» دەپ خۇداغا شۈكۈر ئېيتاتتى، بۇ يەردە ئات ـ ئۇلاغلىرىنى دەم ئالدۇرۇپ، يۈك ـ تاقلىرىنى قايتا تۈزەشتۈرۈپ مېڭىپ كېتەتتى. شۇڭا، شوتىغا دەڭ ـ ساراي، ئاشخانا ـ ناۋايخانا، تۆمۈرچىلەرنىڭ ئۇلاغ تاقلايدىغان دۇكانلىرى سېلىنىپ، بارا ـ بارا بۇ يەردە رەسمىي بىر مەھەللە پەيدا بولغانىدى. شوتا كوچىلىرىدا كارۋانلارنىڭ ھەر خىل قوڭغۇراقلارنى ئاسقان ئۇلاغلىرى كوچىلارنى جاراڭ ـ جۇرۇڭغا تولدۇرۇپ ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇراتتى. بىر مەزگىل شوتىدا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن سەپەرگە چىققان ئەمەلدارلار تۇرىدىغان ئۆيلەر، پوچتا ئاللىقانداقلىرىنى يەتكۈزىدىغان پونكىت ۋە پوچتا ئاتلىرى بېقىلىدىغان ئايرىم ئاتخانىلارمۇ بولغانىكەن. بەزىدە جەنۇب، شىمال ھەر تەرەپتىن كەلگەن سودىگەرلەر مۇشۇ شوتىدىلا ماللىرىنى يايما قىلىپ سېتىپ، بىر ـ بىرى بىلەن مال ئالماشتۇرۇشاتتىكەن.

خاقانى چىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە پادىشاھنىڭ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىغا تەڭ ھوقۇق يۈرگۈزەلەيدىغان ئەڭ چوڭ ئەمەلدارى ــ ئىلى سانغۇنى ئىلىدىكى كۈرە قەلئەسىدە تۇراتتى. ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاساسلىق قوشۇنمۇ ئىلىدا ئىدى. ئىلىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى يۇرتلارغا يېتىپ بارىدىغان بىردىنبىر يېقىن يول مۇشۇ مۇزات يولى بولغاچقا، ئالتە شەھەر تەرەپكە قوشۇن ئەۋەتىش، جەنۇبتىن ئىلىغا تىرىقچى، دېھقانلارنى يۆتكەپ چىقىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇز داۋان يولى ئارقىلىق بېجىرىلەتتى. شوتا شۇ مەزگىللەردىمۇ مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئالتە شەھەر تەرەپتە تۇرۇشلۇق غايەت زور قوشۇنغا لازىملىق ئاشلىقمۇ دەسلەپتە بىر مەزگىللەرگىچە ئىلىدىن توشۇلغانىكەن. شۇ زامانلاردا شوتا مەھەللىسىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇزات دەرياسىنىڭ كۆنچىقىش ۋە كۈنپېتىش تەرەپلىرىگە نۇرغۇن تۆگمەنلەر سېلىنغان بولۇپ، ئالتە شەھەر تەرەپكە توشۇلىدىغان ئاشلىقلارنىڭ بىر قىسمى مۇشۇ يەردىكى تۆگمەنلەردە تارتىلىپ، ئۇن قىلىپ ماڭدۇرۇلاتتىكەن. تاكى يېقىنقى يىللارغىچە بەزى ئادەملەر بۇ كونا تۆگمەنلەرنىڭ خارابىلىرىنى بايقاپ، تۆگمەن تاشلىرىنى كولاپ ئېلىپ باشقا ئىشلارغا ئىشلەتكەن....

يولۇچىلىرىمىز شوتىغا كېلىپ شۇنچىۋالا تولا گېپىنى قىلىشقان ئالابايتالنىڭ دېگىنىگە چۈشۈشكە مۇيەسسەر بولالمىدى. ئالابايتالنىڭ دېگى ئىلىدىن ئالتە شەھەر تەرەپكە ئات ھەيدەپ چۈشىدىغان ئاتچىلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار كۈننىڭ ئىسسىق مەزگىلى سەل ئۆتۈپ، تاغ ئىچىدە سۇنىڭ تارتىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. يولۇچىلىرىمىز ياندىكى باشقا بىر دەڭگە چۈشتى، ئۇلار ئۇلاغلارنى دەڭچاغا ئامانەت قىلىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى جاي ـ جايىغا جايلاشتۇرۇپ شوتىنىڭ بازىرىغا چىقتى.

— يا رەببىم، قورساق شۇنداق ئاچتىكى،— دېدى ھۆسەن بايۋەچچە،— ئون - يىگىرمە ئۇلاغچى تاغدىن چۈشۈۋاتقاندەك غولدۇرلاپلا كېتىۋاتىدۇ.

— نېمە يېگۈلىرى بار، بايۋەچچە؟— دەپ سورىدى قۇۋان.

— شۇ تاپتا نېمە بولسا مەيلى... تازا ئىنچىكە كەسكەن ئۈگرە، سېيىنى ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ قورۇغان لەگمەن... ئۆزۈڭنىڭ نېمە يېگۈڭ بار؟

— مېنىڭ ئۇماچ ئىچكۈم بار،— دېدى قۇۋان.

— نېمە دەيدۇ ماۋۇ؟... تۈزۈك گەپ قىلە.

— راست، كۆڭلۈم شۇنى تارتىپ قىلىۋاتىدۇ... بىز تەرەپتە ئۇماچنى سەل قويۇقراق چېلىپ، ئۈستىگە سىلى دېگەندەك ئاچچىق - چۈچۈك سەي قورۇپ قويۇپ ئىچىدىغان بىر ئىش بار.

— زاڭ دېگىنەۋاي، زاڭ!

— ھە... ئۇنى زاڭمۇ دەپ قويىدۇ. كىچىك ۋاقتىمىزدا ئانام رەھمەتلىك تولا ئېتىپ بېرىدىغان... زاڭ دەپ ياراتمىغانلىرى بىلەن قاملاشتۇرالىسا بۇمۇ ئالامەت تاماق.

— ۋاي قۇۋان، ئاشپۇزۇلدا زاڭ ئەتكەننى سەن نەدە كۆرگەن؟ زاڭنى ئۆيۈڭگە بارغاندا ئۆزۈڭ ئېتىپ يەرسەن، يۈرە، باشقا تاماق يەيلى.

— مانتا بىلەن پولۇدىن باشقىسى بىكار،— دېدى سەمەت،— ئوغۇل بالىنىڭ تامىقى شۇ...

— مانتا يېمەكچى بولساڭلار بۇ يەردە بىر مانتىخانا بار،— دېدى جاپپار،— شوتىغا كېلىپ بۇ مانتىنى يېمەي كەتكەن ئادەم ئارماندا قالىدۇ. يۈرۈڭلار، مەن باشلاي.

ــ سادىقئاخۇننىڭ مانتىسىما؟ ــ دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ بوپتۇ، شۇ مانتىدىن بىر يەيلى.

ئۇلار مانتىخانىدا قىسىلىپ ئولتۇرۇپ نانغا ئوندىن مانتىنى ئىنجىقلاپ ئاران يېيىشتى، ئاندىن ئالدىنى سايىۋەن بىلەن توسۇپ قويغان چايخانىغا چىقىپ چاي ئىچكەچ ئەتراپتىكىلەر بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى.

ــ ئىلىخوغا كەلگەنگە ھېساب بولدۇقمۇ، جاپپار ئاخۇن؟ ــ دەپ سورىدى ھۆسەن بايۋەچچە.

ــ شۇنداق بولماي، شوتا دېگەن ئىلىخونىڭ بوسۇغىسى. مۇشۇ ھەرقايسىڭلار ياقىلاپ كەلگەن مۇزات دەرياسى پۈتۈن ئىلىخونى سۇغا قاندۇرىدىغان ئىلى دەرياسىنىڭ بېشى شۇ، ــ دېدى جاپپار.

ــ ئىلىخوغىمۇ كەپتۇق، ئەمدى ئۈرۈق ـ تۇغقانلارنى نەدىن تاپارمىز؟

ــ كىمنى ئىزدەيتتىڭىز، ئۇكام؟ ــ دېدى مەيدىسىنى ئېچىپ شاماللاپ ئولتۇرغان بىرەيلەن.

ــ مېنىڭ ھەسەن دەيدىغان بىر ئاكام بولىدىغان، بەش ـ ئالتە يىلنىڭ ئالدىدا ئىلىغا چىقىپ كەتكەن. شۇ كەتكەنچە بىر ـ ئىككىلىك خەت يېزىپ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى بىلدۈرەيمۇ دېمىدى. دادىكام: «ماڭە، شۇ ئىلىخو دېگەنگە سەن بىر چىقىپ ئاكاڭنى ئىزدەپ باقە!» دەپ مېنى يولغا سېلىپ قويغان. قايىلىسام، بۇ ئىلىخو دېگەنمۇ كىچىك يەر ئەمەسكەن، ئەمدى مەن ئۇ ئاكامنى نەدىن تاپارمەن؟

ــ ئۈرۈق ـ تۇغقانىنى ئىزدەيدىغان ئىش بولسا مۇشۇ شوتىدىن باشلاپ ئىزدىسە بولىدۇ، ــ دېدى يەنە

بىرەيلەن، — بۇ ئەتراپتىمۇ ئالتە شەھەردىن چىققان ئادەملەر ئاز ئەمەس.

— ئۇكام، ئاكىڭىزنىڭ ئىسمىنى كىم دېدىڭىز؟

— ھەسەن... ھەسەنئاخۇن.

— ھەسەنئاخۇن بولسا بىزنىڭ ماۋۇ كونا بازاردا ناسۋال ساتىدىغان ھەسەنئاخۇن ئەمەستۇ؟

— ئۇقمىدىم، — دېدى ھۈسەن بايۋەچچە، — ئاكام بۇرۇنغۇ ناسۋال ساتمايتتى. ئەمدى ئىلنخوغا چىقىپ ناسۋال ساتىدىغان بولۇپ قالغان بولسا... ئۇ ناسۋالچى ئادەمنىڭ تەق - تۇرقى قانداقراق؟

— ئېگىز بوي، يۈزىدە ئوبدانلا چوقۇر ئىزى بار.

— ياق، ياق، مېنىڭ ئاكام چوقۇر ئەمەس، راۋرۇس ئادەم جۇما.

— يول ماڭسا پۇتىنى سەل سۆرەپ ماڭىدىغان بىرەيلەن بار، شۇ ئەمەستۇ؟ ئۇنىڭمۇ ئېتى ھەسەنئاخۇن.

— دېدىمغۇ، ئاكامنىڭ تۆت ئەزايى ساق بولىدىغان...

— قاراكۆلدە سال ھەيدەيدىغان ھەسەن قىمارۋازمۇ - يە؟

ھۈسەن بايۋەچچىنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى.

— سال دېگەنلىرى ھېلىقى سۇدا ياغاچنى ئېقىتىپ ماڭىدىغان نېمىمۇ؟

— شۇنداق.

— ئاكامنى شۇنداقراق بىر ئىش قىلىدۇ دېيىشىۋاتقان...

— بولدى، بولدى... ئەمىسە ئاكىڭىز يېقىنلا يەردە، كونا بازارغا يەتمەستىن يول ئۈستىدىلا.

— بوگۇنلەتىن كۆرۈشكىلى بولارما؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرىسى



— ياق، بۈگۈن كۆرۈشكىلى بولمايدۇ. خۇدا بۇيرۇسا، ئەتە ئەتىگەندە مۇشۇ شوتىدىن يولغا چىقساڭلار، ئوبدان ماڭساڭلار كەچ كىرگۈچە يېتىپ بارىسىلەر... ھە، مەن شۇ ھەسەننىڭ ئىنىسى بولىمەن دەڭ. ئاڭلىسام، ئاكىڭىز خېلى ئوبدان پۇل تېپىپ، تاپقان پۇلىغا تۆت ـ بەش ئات ئېلىپ، «يۇرتقا چۈشۈپ قېرىنداشلىرىمنى كۆرۈپ كېلىمەن» دەپ مېڭىپ نەق مۇشۇ شوتىغا كەلگەندە بارىنى قىمارغا سېلىپ بېرىپ يا ئالدىغا، يا ئارقىسىغا ماڭالماي، قاراكۆلدە سالچى بولۇپ تۇرۇپ قالغانىكەن...

«ئاڭلىغانلىرىم راستىكەن ـ دە!» دەپ ئويلىدى ھۆسەن بايۋەچچە.

— ئۇنداق بولغان بىلەن ئۆزى ئوغۇل بالىچىلىقى بار ئوبدان يىگىت، — دىگەنلەرنى قوشۇمچە قىلىپ قويدى ھېلىقى سۆزلەۋاتقان ئادەم، — ئەممازە، بىچارە قىپقىزىل نامرات، بۈگۈن تاپقىنى ئەتىگە ئاشمايدۇ.

— سىنىڭغۇ ئاكاڭ تېپىلىپ قالدى، مەن ئاكامنى نەدىن ئىزدەپ تاپارمەن؟ — دىدى سەمەت.

— ھەي سەمەتئاخۇن، — دەپ ھەيران بولدى ئوسمان ئۇلاغچى، — سىلى ھېچبىر ئاكىلىرى توغرىسىدا گەپ قىلمىغۇدىلا، مۇز داۋاندىن چۈشۈپلا ئاكىلىرىنىڭ گېپى چىقىپ قالدا؟

— مىنىڭمۇ ئاكام بارتى، كەمبەغەلچىلىكنىڭ دەستىدىن يۇرتتىن چىقىپ كېتىپ قالغان.

— ئەممازە، ئالامەت ئىچىڭلار كۈچلۈك يىتىمكەنسىلەر جۇما! قەشقەردىن چىقىپ مۇشۇ يەرگە

كەلگۈچە «ئىلىخودا ئاكام بارتى» دەپ تىنىپ قويمايسىلىنا؟

— ئاكامنىڭ يۇرتتىن چىقىپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان، خەت - خەۋەرمۇ ئېلىشالمىغان. بىر يىلى مۇشۇ ئىلىدىن بارغان ئۇلاغچىلار مېنىڭ ئاكامنىمۇ ئىلىدا سالچىلىق قىلىدۇ، دېگەندەك قىلىۋىدى.

— ئېتى نېمىتى ئاكىڭىزنىڭ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى ھۆسەن بايۋەچچىنىڭ ئاكىسىنىڭ خەۋىرىنى بەرگەن ئادەم.

— مەمەت.

— قەشقەرنىڭ ئادەملىرى ئىسىم تاپالمىسىلا بالىسىغا مەمەت دەپ ئات قويامدىكىن، قەشقەردىن چىققان ئاغىنىلەرنىڭ ئىچىدە مەمەتتىن تولا نېمە يوق. مۇشۇ كىچىككىنە شوتىدا مەمەت «پايىنەك»، مەمەت «لاتا»، مەمەت «گۈلدۈر» دەپ مەمەتتىن ئۈچ - تۆتى بار، سىزنىڭ ئاكىڭىزنىڭ لەقىمى نېمىتى؟

— ئاكامنىڭ لەقىمى بولمايدىغان، بولسىمۇ مەن بىلمەيدىكەنمەن.

— ۋاي، بۇ ئىلىخو دېگەندە لەقىمى يوق ئادەممۇ يوق. بۇ چاغقىچە ئاكىڭىزغىمۇ لەقەم قويۇشۇپ بولدى ھەقىچان... ماۋۇ كونا بازار تەرەپتە مەمەت «رەپىرەپ» دەپ يەنە بىرەيلەن بار، بىراق ئۇ ئالتە شەھەرلىك ئەمەس، ئاۋۇ ئورۇسلار تەرەپتىن كەلگەن. ئەمما، ھە دەپ گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ بېرىدىغان ئادەمنى تېپىۋالسا پو دېگىنىمۇ شۇنداق ئېتىپ باقىدۇ - دە! ياش ۋاقتىدا نىكولايغا سولدات بولغانلىرىنى سۆزلەپ كەتسە ئاغزىغا قاراپلا قالىسىلەر، «‹مەمەت، ئات!› دېگەن بۇيرۇق كەلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارقامدا بىر ـ ئىككى ئادەم مىلتىقىنى بەتلەپ بېرىدۇ. مەن ئاتىمەن، پاھوي، قىزىپ كەتتى جەڭ، گۇم، گۇم ـ گۇملا ئاتىمەن، دۈشمەن دېگىنىڭ پوك ـ پوكلا يىقىلىدۇ...» دەپ بىر سۆزلەپ كەتسە توختىتالمايسىلەر. «نېمە ئۇرۇش؟... كىم بىلەن كىم سوقۇشقان؟» دېگەنلەرنى سوراپ كەلسەڭلار پوقنى بىلمەيدۇ، «ئۇ تەرەپلىرىنى كوماندىرلار بىلمىسە بىز نېمە بىلىمىز؟» دەپلا قاراپ تۇرىدۇ. تېخى ئاخىرىدا نىكولاي پادىشاھنىڭ ئۆزى كېلىپ مەمەتنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: «مانا، ئادەم بولسا مۇشۇ مەمەتتەك بولسا كېرەك!» دەپ ماختاپ كېتىپتۇدەك...

— ھەرقايسىڭلىغۇ ئاكاڭلارنى ئىزدەپ تاپىدىكەنسىلەر، — دەپ گەپ ئارىلىدى قۇۋان «ئەزمە»، — مەن قانداق قىلارمەن؟

— سىزنىڭ بۇ تەرەپتە ھېچنېمىڭىز يوقمۇ؟

— بۇ تەرەپتە تۇرماق، ئۇ تەرەپتىمۇ ھېچنېمەم يوق. ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان دېگەنلەردىن كىچىككىلا ئايرىلىپ كېتىپتىكەنمەن. بۇ جاھاندا تىكەندەكلا يالغۇز مۇساپىرمەن، — دېدى قۇۋان. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىپ كەتتى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېيىشتى ئەتراپتىكىلەر، — ھېچنېمىڭىز بولمىسا مانا بىز ئۇرۇق ـ تۇغقان.

— ماۋۇ بىز چۈشكەن دەڭدىكى ئۇلاغلارغا قارايدىغان چوكاخۇن: «ئالتە شەھەردىن كەلگەن ئوبدان يىتىم باللاردىن بىرەرسى بولسا قىزىمنى چېتىپ قويۇپلا ئوغۇل قىلىۋالسام» دەپ يۈرەتتى. قىزىنىغۇ بىزمۇ

كۆرمىدۇق، ئاقپىشماق، دوپدوغىلاق قىز دەيدۇ، چوڭئامكامغا سىلىنىلا تونۇشتۇرۇپ قويامدۇق ـ يە؟ ــ دەپ سورىدى بىرەيلەن.

ــ بولدى، قويۇڭلار، ــ دېدى يەنە بىرەيلەن، ــ چوڭئاخۇنغا كۈيئوغۇل بولۇپ كىرگەن ئادەم مۇشۇ شوتىدا ئوقۇرغا يەم تۆكۈپلا قېرىپ كېتىدۇ...

ــ ئاتا ـ ئانامدىن كىچىكلا يېتىم قالغان. ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئىشىكىدە ئۆرۈپ ـ سوقۇلۇپ چوڭ بولدۇم... ئەجەب بىر ئوبدان باشپاناھىم بار ئىدى، مۇز داۋاندا خۇدايىم ئامانىتىنى ئالدى... ۋاي ئەجەب چوڭ موللىتىڭغۇ غوجام! سېنىڭ يوقلۇقۇڭ ئەمدى بىلىندىغۇ غوجام! ــ دەپ باشقىدىنلا يىغىنى سالدى قۇۋان.

يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا يەنە بىرنەچچەيلەن ئولاشتى. ئوسمان ئۇلاغچى ئۇلارغا يولدا بولغان پاجىئەنى سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن گەپ مۇز داۋاندا ئۆلۈپ كەتكەن ئادەملەر ئۈستىگە كۆچتى.

ــ مانا تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدىلا، ــ دېدى ئۇلارنىڭ بېشىدا ئۆرە تۇرغان چايچى بوۋاي، ــ غۇلجىدىن چىققان بىر يىگىت مانا مۇشۇ چايخانىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىپ، مۇز داۋان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن.

ــ ئاستىدا ياراملىق ئات، ــ دەپ قوشۇپ قويدى ياندا تۇرغان بىرەيلەن.

ــ ھە، ئاستىدىكى ئاتنىڭ ئېسىللىقىنى دېمەيسىلەر، ئويناقلاپ تۇرىدۇ. يىگىتمۇ شۇنداق كېلىشكەن، سۆزمەن بالىكەن، «قەشقەر توققۇزاقتا ئانام بار، ئانامنى ئۆلىخوغا ئاچىقىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزۈمنىڭ يېنىمدا تۇرغۇزۇپ قارايمەن» دېگەن. ئەتىگەنلىك ناشتىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى تارقىتىلىدۇ

مۇشۇ چايخانىدا قىلىپ يولغا چىقىپ كەتكەن. ئىككى كۈن ئۆتمەي مۇز داۋان تەرەپتىن كەلگەنلەر ئۆلۈم خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى.

— نېمە بوپتۇ؟

— ئەنە ئۆزۈڭلارمۇ ئۆتۈپ كۆرۈپسىلەر، بالا - قازا يېتىپ كەلسە بىردەملىكلا ئىش. كىچىككىنىلا بىخەستەلىك ئۆتتىمۇ، بولدى... ھاڭغا ئات - يات بىلەنلا غۇلاپ كېتىپتۇ...

— ۋاي، ئۆمەر ئۇستازمۇ شۇنداق بولدى ئەمەسمۇ، — دەپ يىغلامسىراپ سۆزلەپ كەتتى قۇۋان، — ئۆزىمىغۇ بەلەن، پاراڭچى ئادەم ئىدى. بىر ئوبدان پاراڭ سېلىپ بېرىپ كېلىۋاتاتتى، بىردەمدىلا... زادى نېمە ۋەقە بولغىنىنى بىزمۇ بىلەلمەي قالدۇق. يېنىمىزدىن بىرنېمە گۈلدۈرلەپ ئۆتكەندەك قىلدى. يۇقىرىدىن مۇز غۇلىغان چېغى بار، قارىساق ئۇستاز يوق، قولىدىكى يېتىلىۋالغان قېچىرى بىلەنلا ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇ...

— ھوي ئاداشوي، — دەپ قۇۋاننىڭ گېپىنى تارتىۋالدى بىر تەرەپتە چاي ئىچكەچ پاراڭ تىڭشاپ ئولتۇرغان بىرەيلەن، — مۇز داۋان دېگەن پاراڭلىشىپ ماڭىدىغان ھېيتگاھنىڭ ئالدى ئەمەس ئۇ! ئۆزۈڭلا بىخەستەلىك قىلغان ئوخشايسىلەر...

— شۇنداق، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى بىرەيلەن، — ھېلىقى ياش بالىمۇ مىنىۋالغان ئېتىغا ھەۋەس قىلىپ: «خۇدا بۇيرۇسا، مۇز داۋان دېگەندىن قولاقنى تۇتۇپ، ناخشا دېگەننى دۈك سوقۇپ ئۆتۈپ كەتمەي» دەپ كەتكەن. ھەرگىز يوغانچىلىق قىلىدىغان يەر ئەمەس!

ــ ئەتىيازدا تازا جۇدۇن بولۇۋاتقاندا بۇ يەردىن ئۇ تەرەپكە بىرقانچەيلەن مېڭىپ قالدى،ــ دېدى چايچى،ــ دەڭدىكىلەر: «يېقىندىن بېرى ھاۋا تازا ياخشى ئەمەس، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ ماڭساڭلار بولامدىكىن» دېسەك، «ئانىمىز قاتتىق ئاغرىقكەن، بالا دېگەن مۇشۇنداق چاغدا ئانىنىڭ بېشىدا بولمىسا بولامدۇ» دەپلا مېڭىپ كېتىشتى... يا رەببىم، ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ...

ــ ھە، نېمە بوپتۇ؟

ــ تېخى پەللەك داۋانغىمۇ يەتمەي، شىپالىقتىن ئۆتۈپلا بىر ئائىلە ئادەم توڭلاپ قاپتۇ.

ــ قېنى، ئۇكىلىرىم، بىز قوزغىلايلى،ــ دەپ ئالدىراتتى ئوسمان ئۇلاغچى ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنى،ــ ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىدىغان گەپ، كەم ـ كوتا ئىشلىرىمىزنى قىلىۋالايلى.

※ ※ ※

شوتىدىن چىققاندىن باشلاپ ئوسمان ئۇلاغچى ئاغزى بىسىلماي پاراڭ سېلىپ ماڭدى. بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ھاۋا ناھايىتى ياخشى، ئاسمان كۆپكۆك ئوچۇق بولۇپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە پاختىدەك ئاق بۇلۇتلار يېنىك لەيلەپ يۈرەتتى. ئەتراپتىكى قارىغايلىق تاغلار، تۈپتۈز كەتكەن يېشىل يايلاقلارنىڭ ئۆزىمۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى.

ــ قاراڭلار، خۇدايىم ئاجايىپ بىر ياراتقان زېمىن ـ دە بۇ!ــ دەيتتى ئوسمان ئۇلاغچى،ــ تېغىدا ياغاچ دېگەن كۆكلەپ تۇرغان، ھېچكىممۇ بىرەر تېلىنى تىككەن

ئەمەس، ھەممىسى خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئەزەلدىن شۇنداق بولغان بولسا كېرەك. قاراڭلار، ياپلاقلىرىدىكى قوي - كالا دېگەننىڭ سېمىزلىكىنى...

ــ ئاۋۇ قىيغىتىپ يۈرگەن ئاتلىرىچۇ؟ ــ دېدى سەمەت، ــ مېنىڭمۇ قەشقەردىن مىنىپ چىققان ئېتىم ئەجەب بىر ئات ئىدى - دە! ماۋۇ ھۆسەن دېگەنگە بەرسەم قىمارغا سېلىپ بىرىپلا يوق قىلدى...

ــ مانا - مانا، ماۋۇ ئېگىز دۆڭنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى شوتا مەھەللىسىدىن چىققاندا يولنىڭ بىر تەرىپىدە تۇرغان ئېگىز دۆڭنى كۆرسىتىپ، ــ بۇ دۆڭنى «تاشدۆۋە» دەيدۇ. قاراڭلار، ماۋۇ تۈزلەڭلىكتە بۇ دۆڭنىڭ يېگانىلا تۇرغىنىنى! تاغ دېسەڭ تاغ ئەمەس، شۇنداقلا بىر دۆڭ. خۇددى بىرەيلەن ئەتراپتىكى تاشلارنى يىغىپ دۆۋىلەپ قويغاندەكلا ھەممە يېرى تاش. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا... ھەي قۇۋان، سەن مېنىڭ ئاغزىمغىلا قاراپ تۇرماي، ئاۋۇ ئالدىڭدىكى ئېشەكنى تاياقلاپ قوي، ھە دېسىلا يولدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ.

ــ ئېشەك دېگەن شۇ، ــ دېدى قۇۋان «ئەزمە»، ــ يولنىڭ ئوتتۇرىغا ھەيدىسەڭ چەتكە قاچىدۇ، چەتكە تارتساڭ ئوتتۇرىغا... سىلىنىڭ ئاغزىلىرىغا قاراپ قالغىنىم... رەھمەتلىك ئۆمەر ئۇستاز مۇشۇنداق رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، دەپ گەپ باشلايدىغان، شۇ ئۇستاز يادىمغا كېلىپ قالدى.

ــ يەنە ئۇقۇشماي ئوسمانئاخۇن ئاكام ھېكايە سۆزلىسىمۇ دوست تارتىپ يۈرمە، ــ دەپ كۈلدى سەمەت.

ــ بىر ئوبدان گەپ بولۇۋاتاتتى، ــ دېدى ھۆسەن

بايۋەچچە،ــ ئوسمانئاخۇن ئاكامنىڭ گېپىنىڭ بىلگە تەپتىڭلار ـ دە.

ــ ھە، نېمە دەۋاتاتتىم؟

ــ «رىۋايەتلەرگە قارىغاندا» دەپ توختاپ قالغانتىلا.

ــ ھە، رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بىر ئاپپاق ساقال مويسىپىت بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئازراق ھاردۇق ئالماق بولۇپ ئېشىكىنى چۈشەپ قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىكەن، ئويغىنىپ قارىسا يېنىدا ئېشىكى يوقمىش. ئۇياق ـ بۇياقنى ئىزدەپ شۇنچە ئاۋارە بوپتۇ ـ يۇ، ئېشىكىنى تاپالماپتۇ. ھېلىقى ئېشەك بىر تالمۇ قارا مويى يوق ئاپپاق ئېشەك ئىكەن. ھېلىقى ئاقساقال مويسىپىت كۆڭلىدە: «بۇ يەردە ئېگىزرەك بىر دۆڭ بولغان بولسا، ئۈستىگە چىقىپ قارىغان بولسام ئېشىكىم كۆرۈنەتتىمىكىن» دەپ ئويلاپتىكەن، جانابى ئاللا شۇ زامانلا ئۇنىڭ يېنىدا مانا مۇشۇ دۆڭنى پەيدا قىپتۇ. مويسىپىت دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا قارىسا ئۇنىڭ ئېشىكى ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە تۇرغۇدەك. بۇ يەرنىڭ ئاق كۆڭۈل ئادەملىرى ئېشەكنىڭ ئالدىغا ياخشى ئوت ـ چۆپلەرنى تاشلاپ، دۈمبىلىرىنى سىلاپ، قۇيرۇقىنى تاراپ قويۇۋاتقۇدەك. بۇ ئىشتىن تەسىرلەنگەن ھېلىقى مويسىپىت قولىنى كۆتۈرۈپ: «خۇدا! بۇ زېمىنغا مەڭگۈ مەمۇرچىلىق ئاتا قىلغايسەن!» دەپ دۇئا قىلغانىكەن. خەقلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بايىقى ئاقساقال بوۋاي خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ئىكەن.

ــ توغرا دېدىلا،ــ دېدى قۇۋان،ــ ئۆمەر ئۇستازىمۇ «ئىلىخو دېگەن خىزىرنىڭ نەزىرى تەگكەن جاي» دېمىگەنمىدى؟!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— بۇ ئەتراپتا، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئۇلۇغلارنىڭ قەدەم بېشارىتى خېلى بار. مانا تونۇگۇن دەڭجاغا ئۇلاغلارنى تاپشۇرۇپ بېرىپ خاتىرجەم بولۇپ، دەڭدىن چىقىپ يەنە ئىككى ئاچىغا باردىم.

— ئىككى ئاچا دېگەن نە ئۇ؟

— شوتىنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە تاغنىڭ ئىككى تەرىپىدىن چىقىپ كەلگەن مۇزاتنىڭ سۈيى بىر - بىرى بىلەن قوشۇلىدۇ. مانا شۇ يەرنى ئىككى ئاچا دەيمىز.

— بۇ گەپچە يەنە ئارقىلىرىغا يېنىپلىدە؟

— شۇنداق، ئاشۇ ئىككى ئاچىنىڭ ئېغىزىدىكى قەشقەر كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا، سۇ بويىدىكى تاشتا يەنە بىر كارامەت بار.

— نېمە كارامەتتۇ ئۇ؟

— مانا شۇ يەردىكى بىر تەرىپى سۇغا چىلىنىشىپ تۇرغان بىر قورام تاشتا ئات تۇيىقى بىلەن ئادەم ئايىغىنىڭ ئىزى بار. مەن ھەر قېتىم مۇز داۋاندىن سالامەت ئۆتۈپ ئىككى ئاچىغا يېتىپ كەلگەندە شۇ يەرگە بېرىپ سەپىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلغان خۇدايىمغا ئاتاپ ئىككى رەكەت شۈكۈر نامىزىنى ئۆتەيمەن.

— ھېلىقى تاشتىكى كىملەرنىڭ ئىزى ئىكەن؟ — دېدى سەمەت.

— ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئۇنىڭ تۇلپارىنىڭ ئىزى، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ھەزرىتى ئەلى ئىسلام ئېچىپ بۇ يەرگە كەلگەندە ئەنە شۇ مۇزات دەرياسىنىڭ بويىدا ئېتىدىن چۈشۈپ ئېتىنى سۇغارغانىكەن. مانا شۇ ئىشلاردىن بىزگە نىشان بولۇپ قالغان ئىز.

— ۋاي، ئوسمانكا، شۇنداق ئۇلۇغ نىشانلارنى بىز نېمە دەپ كۆرمىدۇق؟... ئىلىخوغا شۇنداق كۆرمىگەننى كۆرىمىز، دەپ چىقمىساق نېمە قىلاتتۇق؟ ئەجەب ئۆزلىرىلا خۇدايىمغا شۈكۈر نامازلىرىنى ئوقۇپ، بىزگە ھايىتمۇ دەپ قويماي، بىزدىن قىزغانغاندەك ئىش قىلىپلا - ھە؟— دېدى قۇۋان.

— قارىسام، ئاخشام ھەممىڭلار تاماقتىن كېيىنلا ئېزىلىپ يېتىپ كېتىپسىلەر، ئاۋارە قىلماي دېدىم. ھەرقايسىڭلار دېگەن ياش، خۇدا بۇيرۇسا بۇ تەرەپلەرگە تېخى نەچچە ئۆتۈپ جىق نەرسىلەرنى كۆرىسىلەر... ئاۋۇ ئارقىدا قېلىۋاتقان ئېشەكنى يەنە بىر چۈشىلاپ قويە!

— خىت، ئىگىچى سىڭلىڭنى!... پاھ - پاھ! ماۋۇ يولدىكى قاغىلارنىڭ تولىلىقىنى قاراڭلار.

شوتىنىڭ ئەتراپىدىكى يول ئۈستىدە نۇرغۇن قاغىلار يورغىلىشىپ يۈرەتتى. ئۇلار يولۇچىلارنى كۆرۈپ قاناتلىرىنى كېرىپ ئورنىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن قوزغالدى.

— مۇز داۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدىمۇ شۇنداق نۇرغۇن قاغىلارنى كۆرۈۋىدۇق...— دېدى ھۇسەن بايۋەچچە.

— ئۆمەر ئۇستاز «ئىلىخودا قاغىلارنىڭ پادىشاھى تۇرىدىغان بىر كاتتا باغ بار» دېگەندەك قىلىۋىدىغۇ؟— دېدى قۇۋان.

— ئۆمەر مەدداھ دېگەن يەر تېخى نەچچە كۈنلۈك نېرىدا،— دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،— ئىلىخونىڭ بوسۇغىسىغا ئەمدى دەسسىدۇق. ئۇكىلىرىم، مۇشۇ يەرگىچە بىللە كەپتۇق، ئەمدى چېچىلىپ كەتمەي، غۇلجا دېگەن شەھەرگە بىللە كىرەيلى، قانداق دېدىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



— توغرا گەپ بولدى، — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە، — يۇرتتىن بىللە چىقىپ ئۇرۇق - تۇغقاندەك بولۇپ قالدۇق. ئەمدى چېچىلىپ كەتمەي، بارىدىغان يەرگە بىللە بارغىنىمىز ياخشى... ئەممازە، ئوسمان تاغا، ماۋۇ قۇۋان تۈنۈگۈنكى ئەلپازىدا ئاشۇ شوتىدىلا بىزدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدى.

— نېمە دەيدىغانسىلە، بايۋەچچە، — دەپ ھەيران بولدى قۇۋان.

— راستىڭنى ئېيتە، تۈنۈگۈن بىز تاماق يەپ چىقىپ چاي ئىچىپ ئولتۇرغان يەردە: «بۇ دۇنيادا ھېچنېمەم يوق، تىككەندەكلا يالغۇز يېتىممەن» دەپ كۆزۈڭگە ياش ئېلىۋىدىڭ، ئەتراپىڭغا ئولاشقانلار: «ماۋۇ بىز چۈشكەن دەڭدە پالانچى ئادەمنىڭ بىر قىزى بار، ئاقپىشماق، يومپىلاق قىز، دادىسى: ‹ئالتە شەھەردىن چىققان يېتىم باللار بولسا قىزىمنى بېرىپ ئوغۇل قىلىۋالسام بولاتتى» دەپ يۈرەتتى، سىلىنى شۇ ئادەمگە تونۇشتۇرۇپ قويايلىمۇ - يە» دېگەندە كۆزلىرىڭ ئويناپ كەتمىدىما؟...

— يا ئاللا، ماۋۇ تۆھمەتنى كۆرۈڭ، — دېدى قۇۋان، — بايۋەچچە، ئويناپ كەتسە سىلىنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتكەندۇ، مەن ئۇ گەپلەرگە پىسەنتمۇ قىلمىدىم جۇما.

— ھەرقاچان بىزدىن خىجىل بولدۇڭ، بولمىسا «قېنى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆيى قەيەردە؟» دەپلا ماڭاتتىڭ.

— ماۋۇ گەپلىرى بولمىدى، سىلى مېنى نېمە كۆرۈۋاتىدىلا؟...

— ھوي راست، — دەپ ئېسىگە ئالدى ھۆسەن بايۋەچچە، — تۈنۈگۈنكى ئاغىنىلەر مېنىڭ ئاكامنى مۇشۇ يېقىنلا بىر يەردە سال ھەيدەيدۇ، دېگەندەك قىلدا؟!

— ئالدىرىمىسىلا، بايۋەچچە، سالچىلار بار يەرگىمۇ ئاز قالدۇق، — دېدى ئوسمان ئۆلاغچى، — ئاكىلىرى «قەشقەردىن ئىنىم قاچان چىقاركىن» دەپ يولغا چىقىپ قاراپىلا ئولتۇرمايدۇ - دە، بۇ سالچى دېگەن توختىماي سۇدا ئېقىپلا يۈرىدىغان خەق. ھەممە سالچى ياغىچىنى ئېقىتىپ، يەنە شۇ شەھەرگە ئاپىرىپ ساتىدۇ... مەن نېمە دېدىم؟... ئاۋۋال شەھەرگە كىرەيلى، شەھەر دېگەندە ھەممە يۇرتنىڭ ئادىمى تېپىلىدۇ، سەمەتئاخۇننىڭ قېرىندىشى مەمەتئاخۇنىمۇ، سىلىنىڭ ئاكىلىرى... ئېتى نېمىتى؟

— ھەسەن.

— ھە، ھەسەنئاخۇنىمۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا ھەممىسىنى شۇ يەردىن ئىزدەپ سوراپ تاپىمىز.

ئوسمان ئۆلاغچىغا يولدا ھەمراھىنىڭ بولغىنى ياخشى ئىدى. تېخى تېكەس دالاسىدىن چىقىپ، خۇنخاي جىلغىلىرىدىن ئۆتۈپ شەھەرگە يېتىپ بارغۇچە قانچە داۋان، تالاي يوللارنى بېسىشقا توغرا كېلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتابى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يىگىرمە يەتتىنچى باب

# قوۋاننىڭ غېمى

شوتىدىن ئىلىغا قاراپ كەتكەن يول تۈز بىر دالاغا قاراپ سوزۇلغانىدى. مۇشەققەتلىك تاغ يوللىرىنى بېسىپ كەلگەن يولۇچىلار ئۈچۈن مۇنداق تۈز يولدا مېڭىش كۆڭۈللۈك ۋە ناھايىتىمۇ ئارام ئىدى. شوتىنىڭ دەڭلىرىدە ياخشى ھاردۇقىنى چىقارغان ئۇلاغلارمۇ ئىگىلىرىنى ئۇشۇقچە جوراتماي سىلىق مېڭىشلىرىدا كېتىپ باراتتى. چوڭ يولدىن سول تەرەپتىكى ئوتلاقتا قاراپ كەتكەن ئاياغ يولدا بىرەيلەن ئاتلىق كېتىپ باراتتى. ئۇ ئېتىنى ئۆزىنىڭ يورۇشىغا قويۇۋېتىپ ئات ئۈستىدە قىڭغىر ئولتۇرۇپ ناخشا توۋلايتتى.

ئەجەبمۇ يارىشىپتۇ،
يارنىڭ ئاسقان تۇمارى.
قەشقەردە قالغان يارنىڭ،
خويمۇ تۇتتى خۇمارى.

— پاھ! — دەپ بېشىنى ھىلىقى ئاتلىق كېتىۋاتقان تەرەپكە بۇرىدى ھۇسەن بايۋەچچە، — ئاڭلىدىڭلىما، ئاۋۇ كېتىۋاتقان يىگىتمۇ قەشقەرلىككەن. قەشقەرنىڭ چوكانلىرىنىڭ يەنە خۇمارى باشقا جۇما...

قىزىلگۈل ئېچىلمامدۇ،
چېچەك پەسلى يەتكەندە.
يۇرىكىڭ ئېچىشقاندۇ،
بىز يىراققا كەتكەندە؟...

— راست ئالتە شەھەر تەرەپتىن چىققان يېتىمكەن، — دېدى قوۋان ناخشىغا قولاق سېلىپ.

باغ بولسا ئاۋات بولسا،
مېۋىسى ناۋات بولسا.
مەن يارنى سېغىنغاندا،
ئۇچقىلى قانات بولسا....

— ۋاي، ۋاي، ۋاي! — دەپ كەتتى ھۆسەن بايۋەچچە، — خۇدايىم ئۇچقىلى قانات بېرىدىغان بولسا، بۇ ئۇزۇن يوللاردا چاڭغا كۆمۈلۈپ مېڭىپ نېمە كەپتۇ؟ قەشقەر بىلەن ئىلىخونىڭ ئارىلىقىدا ئۇچۇپلا يۈرمەي... «ئادەم مەن» دەپ يوغان سۆزلىگىنىمىز بىلەن ۋاقتى كەلگەندە ئاشۇ قاغىلارچىلىكمۇ بولالمايمىزكەن.

— ئوسمان تاغا، ئەمدىغۇ ئۇدۇل ئىلىخونىڭ شەھىرىگە قاراپلا ماڭغاندىمىز؟ — دەپ سورىدى قوۋان.
— ئالدىمىزدا قاراكۆل بار.
— ھە، ھېلىقى سالچىلار تۇرىدىغان يەر؟
— شۇنداق، ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ موڭغۇلكۈرەنىڭ بازىرىغا بارىمىز، ئۇنىڭ ئۆيېقىدىمۇ بىرقانچە يۇرتلار بار... تېخى شەھەرگە ئەتىگەن...
— ھېلىمۇ يېتىپ بولالمىدۇق شۇ شەھەرگە، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



ھۇسەن بايۋەچچە، — ئىلىخو دېگەننىڭ تاغ ـ سۇلىرى چىرايلىق بولغان بىلەن شەھىرىنىڭ تايىنى يوق يەرمۇ بۇ نېمە؟

— ئاز قالدى، شەھەرگىمۇ يېتىلا، خۇدا بۇيرۇسا، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئاۋۋال ماۋۇ قاراكۆلگە بىر بارايلى، ئۇ يەردە ھەرقايسىلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ئىزدەپ باقىدىغان گەپ... قوۋانئاخۇن، سىلىنىڭ بۇ يۇرتلاردا ئىزدەيدىغان ئاكىلىرى بولمىغاندىن كېيىن ئىككىمىز شەھەرگىچە بىللە ھەمراھ بولارمىز؟... بولىسىغۇ، ھەممىمىز شەھەرگە كىرگۈچە بىللە بولساق بولاتتى.

— شۇنداق بولماي.

— قوۋانئاخۇن، ئىلىغا ساق ـ سالامەت چىقىۋالدىڭ، — دەپ گەپ قىستۇردى سەمەت، — ئەمدى سېنى «ھاي!» دەيدىغان ئادەممۇ يوق، شەھەرگە بارغاندا ئۆزۈڭ بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ باقىسەن ـ دە!

— نېمە دەۋاتقانسىلە، سەمەتئاخۇن، — دېدى قوۋان، — شۇ تاپتا باشتا تاغدەك غەم.

— نېمە غەمكەن ئۇ؟

— ھەرقايسىڭلىغۇ ئاكاڭلىنى ئىزدەپ تاپارسىلەر، ماڭا پاسىبان بولىدىغان ئادەم يولدا قازا قىلىپ كەتتى. ئەمدى يالغۇز قانداقمۇ جېنىمنى باقارمەن، دېگەن غەم.

— ئىلىخودىمۇ مەدداھ باردۇ؟ — دەپ ئوسمان ئۇلاغچىغا قارىدى سەمەت.

— بار، مەدداھ يوق شەھەرمۇ بولامدۇ؟

— سىلى ئىلىنىڭ مەدداھلىرى سورۇن تۈزگەن يەرلەردە ئولتۇرۇپ باقانلا؟

ــ ئولتۇرۇپ باقماپتىكەنمەن... ئەمما، ئىلىدىمۇ خېلى داڭلىق مەدداھلار بار، دەپ ئاڭلىغان. بىرىنىڭ ئېتى نىياز مەددداھمىتى؟ ئىشقىلىپ، شۇنىڭغا يېقىنراق بىرنېمە... بازار ئىچىدە ئېشىكىنى يېتىلەپ:

هەي ـ هەي دۇنيا، هەي دۇنيا،
كىمگە ۋاپا قىلدىڭ سەن؟
مەنمەن دېگەن يارەننى،
يەر قوينىغا ئالدىڭ سەن.

دەپ ھېكمەت ئوقۇپ ماڭىدىغان يەنە بىر ئادەم بار، مەدداھمۇ، دىۋانىمۇ، تازا ئېسىمدە يوق... بىزدەك ئات ـ ئۇلاغ ھەيدەيدىغان ئادەملەرگە مەدداھنىڭ ئالدىدا ئولتۇرىدىغانغا نەدە ۋاقىت... ئەممازە بۇ ئىلىخودا غەزەل توۋلايدىغان ئادەم بىلەن دۇتار ـ تەمبۇر چالىدىغان سازەندىنى ئىزدىسەڭلار مەھەللىدىن تېپىلىدۇ... بىر جۇمە كۈنى ۋاقتىم بولۇپ قىلىپ خانىقاغا كىرىپ قاپتىمەن، توۋا دېدىم. بۇ ئىلىخولۇق دېگەن خانىقانىڭ ھېكمەتلىرىنىمۇ ئاشۇ غەزەل توۋلىغاندەكلا ۋارقىرايدىغان خەقكەن... مانا، ئۆمەر مەدداھ بولغان بولسا ئىلىدىكى مەدداھلارنىمۇ شۇ ئادەم ياخشى بىلەتتى.

ئۆمەر مەدداھنىڭ گېپى چىقىۋىدى، قۇۋان «ئەزمە»نىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

ــ بىلمەمدىغان،ــ دېدى ئۇ،ــ ئۇستازنىڭ زادى بىلمەيدىغان نېمىسى يوقمىكىن دەيمەن... ئۇستازنىڭ ئېيتىشىچە، ساز چېلىپ داستان ـ قوشاقلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئوقۇيدىغان غەزەلچىلەر تولا ئىكەن، ئۇ زاماندا تونۇلغان ئىككى مەدداھ باركەندۇق. ئۇنىڭ بىرى قەشقەر، ئاشۇ ھەزرەتنىڭ ئەتراپىدىكى بىر يەردىن چىققان ئادەمكەن، ئىلگىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئاپپاق خوجام سەيلىسىدە مەدداھلىق قىلىپ ئۆتكەن ئادەملەردىن ئىكەن.

ــ ئىسمى نېمىكەن؟ ــ دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ ئىسمى... ئىسمىنى ئۇستاز ئەپلىكلا بىرنېمە دېگەندەك قىلىۋىدى... ھە ياقۇپئاخۇن «يانپاش».

ــ ئەجەب ئىسمى باركىنا بۇ ئادەمنىڭ؟

ــ ئاشۇنداق غەلىتە ئىسمى باركەن، ئۆزىمۇ قېرىپ قالغان ئادەمتىكەن، نەگىلا بارسا كونا پالاستىن بىرنى ئاستىغا سېلىپ يانپاشلاپلا ياتىدىكەن، خېلى يوغان ئەمەلدار، سودىگەر، بايۋەچچە دېگەنلەرنىمۇ ئۇنچىۋالا كۆزگە ئىلىپ كەتمەي، يانپاشلاپ ياتقىنىچە پاراڭلىشىۋېرىدىكەن. ئۇنىڭ بۇ قىلىقى يۇرت چوڭلىرىنىڭ زىتىغا تېگىپ، قەشقەر شەھىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپتىكەن.

ــ ئۇ ئادەم يانپاشلاپ يېتىپ قانداق مەدداھلىق قىلالاتتىكەن؟

ــ ئەمما... ئۇستازنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ ئادەم شۇنداق ھاسا تايىقىنى قولىغا ئېلىپ مەيدانغا چۈشۈپ مەدداھلىققا كىرىشىپ كەتسە جىمى ئادەمنى ئاغزىغا قارىتاتتىكەن، ئىلىخوغا چىقىپ بەك شۆھرەت تېپىپ كېتىپتىكەن... بۇ چاغقىچە ئۆلۈپمۇ كەتتىمىكىن، يېشىنى خېلىلا چوڭ ئادەم دېگەندەك قىلىۋىدى...

— ھە، يەنە بىرىچۇ؟

— يەنە بىرى... ئۇستازنىڭ ئېيتىشىچە، يەنە بىرىمۇ ناھايىتى بىلىملىك ئادەمىكەن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ بۇخارا، باغداد، ئىستانبۇل دېگەندەك چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇپ، يۇرتقا قايتىپ كېلىپ يىغىچە بىر مەكتەپ ئېچىپتىكەن، ئۇ مەكتەپكە ھېچكىم بالىسىنى بەرمەپتۇ.

— مانا قىزىق، نېمىشقا؟

— نېمىشقىلىقىنى مەنمۇ تازا چۈشىنىپ كەتمىدىم، ئىشقىلىپ، يىغىچە مەكتەپ دېگىنىدە قۇرۇق ھەپتىيەكنىلا يادلاتماي مۇنداق خەت ـ پەت يازىدىغان، ھېساب ـ كىتاب قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ ئۆگىتىدىغان ئوخشايدۇ. يۇرت كاتتىلىرى ئۇنى «باللىرىمىزنى يولدىن چىقارماقچىمىدىڭ!» دەپ دەررىگە باسقان دەيدۇ.

— ئىسمى نېمىكەن ئۇ ئادەمنىڭ؟ — دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى، — نېماىداق سەن بىر كىشى توغرۇلۇق گەپ قىلساڭ نام ـ ئەمىلىنى ئاۋۋال ئېيتمايسەن؟ ھېلىمۇ شۇنچە بىلىملىك ئۆمەر مەدداھنىڭ ئارقىسىدا يىللاپ يۈرگىنىڭ...!

— ھە، ئىسمىنى باقى باغداد دېگەندەك قىلىۋىدى، باغداد تەرەپلەرگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ كەلگەچكە كىشىلەر ئۇنى شۇنداق ئاتايدىكەن... يۇرتنىڭ كاتتىلىرى ئۇنى ئەيىب قويۇپ دەررىگە باسقاندىن كېيىن ئۇمۇ يۇرتتىن يامانلاپ چىقىپ كېتىپ ئاخىرىدا مۇشۇ ئىلىخوغا كېلىپ توختاپ قالغانىكەن. جان باقماق ئۈچۈن بەزىدە چىقىپ مەدداھلىقمۇ قىلىپ قوياتتىكەن. قەدىمىي ھېكايىلەرنى ناھايىتى قىزىق قىلىپ سۆزلەيدىغان ۋائىز ئادەمتىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— ۋائىمز دېگەن نېمە گەپ ئۇ؟ — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە.

— ناھايىتى گەپدان، سۆزمەن ئادەم دېگەن گەپ.

— ھە، مانا، شۇ ئىككى مەدداھنىڭ بىر — بىرسى بولسىمۇ باردۇ؟ قېرىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولسا ياشراقى ھاياتتۇ؟ ھەرقانچە بولسىمۇ ھەر ئىككىلىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك بىر كۈندىلا ئۆلۈپ كەتمىگەندۇ؟... شۇ مەدداھلارنى ئىزدەپ تاپسەن، ئۇلارغىمۇ ساڭا ئوخشاش دوست تارتىدىغان ئادەملەر كېرەك، — دېدى سەمەت.

— ھەممىسىنىڭ ئۆزىنىڭ دوست تارتىدىغان ئادەملىرى بولماي، «قەشقەردىن قۇۋان قاچان چىقار؟» دەپ يولۇمغا قاراپ تۇرامتى؟

— ئۇنداق دەپ نائۇمىدمۇ بوپكەتمە، دوست تارتىدىغان بىر ئادىمى بولسا سەن قوشۇلساڭ ئىككى بولا، يا بىر مەدداھنىڭ دوست تارتىدىغان ئادەملىرى ئىككى بولسا بولمامدۇ — يە؟

مەدداھلار توغرىسىدا گەپ بولۇۋىدى، قۇۋان ئۆزىنى بىلمەي گەپكە كىرىشىپ كەتتى.

— ئۆمەر ئۇستازنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا، — دېدى ئۇ، — شۇنداق ئاجايىپ مەدداھلار ئۆتۈپتىكەن. مەدداھچىلىق راسا ئەۋجىگە چىققان چاغلار چېغى، ھەربىر مەدداھنىڭ ئۈچ - تۆتتىن دوست تارتىپ بېرىدىغان چۇقانچىلىرى بولاتتىكەن. بەزى مەدداھلار ئەتەي تازىمۇ پەتەك ياكى تازىمۇ ئېگىز، ياكى بولمىسا ئەرگىمۇ، ئايالغىمۇ ئوخشىمايدىغان... ئاشۇنداق غەلىتە - غەلىتە ئادەملەرنى ئارقىسىغا

ئەگەشتۈرۈۋالاتتىكەن، ئەتراپقا ئولاشقان ئادەملەر بەزىدە ھېلىقى مەدداھنىڭ سۆزىنى ئاڭلايمىز دەپ ئەمەس، مەدداھنىڭ ئارقىسىدىكى ئاشۇ غەلىتە ئادەملەرنىڭ قىزىقچىلىقىنى كۆرىمىز، دەپ يىغىلاتتىكەن. مەدداھنىڭ ھېلىقى قىزىقچىلىرى ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىپ، باشقىلارنى دوراپ، كۈلدۈرۈپ خەقنىڭ ئۈچىيىنى ئۈزۈۋېتەتتىكەن.

— ۋەي قۇۋان،— دېدى ھۇسەن بايۋەچچە،— ئۆمەر مەدداھنىڭ ئارقىسىدا ئاز يۈردۈڭما؟... شۇنداق قىزىقچىلىقلارنى سەنمۇ بىلەرسەن؟

— مەن، مەن،— دەپ دۇدۇقلاپ قالدى قۇۋان «ئەزمە»،— مەن ئۇنداق قىزىقچىلىق قىلىشنى ئۆگەنمىگەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟

— ئۆمەر ئۇستاز مەدداھلىق سورۇنلىرىدا ئۇنداق ھەرقىسما قىلىقلارنى قىلىپ كېتىشنى يامان كۆرەتتى. «قۇۋان، ماڭا قارا، مەدداھلىق دېگەن مايمۇن ئويۇنى ئەمەس جۇما!»لا دەيتتى، ئەمما زە، ئۇنداق مايمۇن ئويۇننى يېزىدىن كەلگەن دېھقانلار، ئۇششاق باللار، خوتۇن خەقلەر بەك ياخشى كۆرەتتىكەن، ئارقىسىغا شۇنداق قىزىقچىلارنى ئەگەشتۈرۈۋالغان مەدداھلار بىرەر كاتتا بايلارنىڭ دۇكىنى ئالدىدا سورۇن تۈزۈپ قالغۇدەك بولسا مەدداھنىڭ ھېكايىسى بىر قىزىق، ئۇنىڭ قىزىقچىلىرىنىڭ قىزىقلىقى ئۇنىڭدىنمۇ قىزىق... دۇكاننىڭ ئالدى دېگەنگە ئادەم ئولىشىپ، ھېلىقى سودىگەرنىڭ سودىسىمۇ قىزىپ كېتەتتىكەن. ئاخىرىدا ھېلىق دۇكاندار بايلار ئاتىغىنىنى پەتنۇسقا سېلىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاچچىقىدا مەدداھنىڭ ئالدىغا قوياتتىكەن.

— ئالامەت بىر زامانلار ئۆتۈپتىكەن ـ دە! — دېدى سەمەت.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — بۇ مەدداھلارمۇ نەچچە خىلغا ئايرىلغۇدەككەن؟

— شۇنداق بولماي، — دېدى قۇۋان، — مەدداھقا مەدداھ ئوخشىمايدۇ، ھەرقايسىسىنىڭ تۇتقان يولى ھەر خىل. بۇرۇن بىزنىڭ ئاشۇ قەشقەردە دېدىمۇ، كوچادىمۇ بىر يەردە «ئاشىق مەدداھ» دەپ بىر ئادەم ئۆتۈپتىكەن. ئۇنىڭ بەزى قىلىقلىرى بىزنىڭ ئۆمەر مەدداھقا ئوخشاپ كېتىدىكەن. چاچنى گەدەنگىچە قويۇپ، كۇلاھنى چوكۇرۇپ كىيىپ، يىرتىق جەندىنى يېپىنىپ شەھەر كوچىلىرىدىن ئۆتسە بازار ئويۇر ـ توپۇر بولۇپ، دۇكان ـ دۇكاندىكى سودىگەرلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ سالام بېرىپ: «ئاشىقىم، ئۆزلىرىگە بىرەر نەرسە لازىم ئەمەسما؟ لازىم بولسا دۇكانغا كىرىپ تاللىۋالسىلا» دەيدىكەن. ئاشىق مەدداھ ھېچكىمنىڭ بىرنەرسىسىنى ئالمايدىكەن. مۇبادا سودىگەرلەرنىڭ دۇكىنىدىن يىگنە چاغلىق بىرنەرسىنى ئېلىپ قويغۇدەك بولسا «بۈگۈن دۇكىنىمغا بەرىكەت ياغدى!» دەپ ھېلىقى سودىگەرنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يېتىدىكەن. راست دېگەندەك، شۇ كۈنى سودىسىمۇ ئاجايىپ يۈرۈشۈپ كېتەرمىش... ئاشىق مەدداھ سورۇن تۈزۈپ مەدداھلىق قىلسا شەھەرنىڭ ھەممە ئادىمى دېگۈدەك ئەتراپىغا يىغىلاتتىكەن. بولۇپمۇ مۇساپىر، يوقسۇل، غېرىب ـ بىچارىلەر ئۇنىڭغا ئامراقىكەن. نېمىشقا دېسەڭلا، ئۇ باشقا مەدداھلاردەك

جەڭنامىلەرنىڭ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە ھېكايىسىنى توختىتىپ، قولىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ: «ئۇشبۇ دۇئا تۈگىمەيۋ تۇرۇپ قولىنى چۇشۇرۇۋالغان ياكى جەڭنامىنى ئاڭلاپ دۇئاغا تۇرمايلا كېتىپ قالغان ئادەم قىيامەت كۈنى مەھشەردە يۈزى قارا، پۈتۈن بەدىنى ئالا ـ بۇلا ئورنىدىن تۇرغاي!» دەپ قارغىمايدىكەن.

ــ يا ئاللا، ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالسا ئۇ يەردىن ئىشى بار ئادەممۇ كېتەلمەي قالار؟ــ دېدى سەمەت.

ــ شۇنداق بولىدۇ، ــ دېدى قۇۋان، ــ خىجالەت بولغىنىدىن ھەممە ئادەم قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغىنى تۇرغان، يانچۇقتا ھېچنېمىسى يوقلار قولنى كۆتۈرۈپ، يانچۇقىدا بىرنېمىسى بارلار بېرىدىغىنىنى بېرىپ مەدداھنىڭ نەپسىنى قاندۇرۇپ بولغۇچە تۇرىدىغان گەپ.

ــ خەقنىڭ قولىنى كۆتۈرگۈزۈپ قويۇپ نېمە دەپ دۇئا قىلىدۇ؟

ــ ئاۋۋال «ئاللا ھۇممە مەغفىرلى»① دېگەن دۇئانى ئۈنلۈك ئوقۇيدۇ. ئاندىن: «ئۇشبۇ دۇئايى مۇستەجاپنىڭ خاسىيىتى، بۇگۈن سۆزلەنگەن جەڭنامىدا نامى شەرىپى تىلغا ئېلىنغان ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ھەققى ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن مەن بۇگۈن مۇشۇ سورۇن ئەھلى ئىچىدىن ئانىسى ئوغۇل دەپ تۇغقان، شۇمەك سىلىپ باققان، بەدىنىدە ئەركەك تۈكى، بېشىدا مۇسۇلماننىڭ بۆكى بار، خوتۇنىدىن قورقمايدىغان، يانچۇقىدىكى پۇلغا ئۆزى ئىگە بولالايدىغان ھەربىر ئوغۇل بالىدىن خۇدا

① «ئاللا ھۇممە مەغفىرلى» ــ ئاللا مەغپىرەت قىلغىن، دېگەن مەنىدە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولىدا ئاتىغان ئازدۇر - كۆپتۇر سەدىقىسىنى ئېلىشنى لايىق تاپتىم» دەپ دۇئا قىلىدۇ. ھېلىقى مەدداھنىڭ بىرنەچچە چاپارمىنى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ دوپپىسىنى ئوڭدا قىلىپ تۇتۇپ پۇل تەڭلىگەن ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەيدۇ. مەدداھ بولسا خەقنى تېخىمۇ قىزىتىپ: «ھەببەللى، ئۇكام، پۇل سۇنغان ئاشۇ قولۇڭغا خۇدايىم دەرد بەرمىسۇن، بىرىڭ ئون، ئون مىڭ بولسۇن! قېنى مەردلەر، بېرەيمۇ، بەرمەيمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرماي سىلكىنەيلى!» دەپ جاۋىغايلىرىدىن كۆپۈك چىقىپ كەتكۈچە ۋاتىلدايدۇ... ئاشىق مەدداھ بولسا باشقىلار بىرنەرسە بەرسە ئالىدىكەن، بەرمىسىمۇ ھېچنېمە دېمەيدىكەن. سورۇننى يىغىپ غىپپىدە كېتىپ قالىدىكەن. ئۇنىڭغا بىرنەرسە ئاتىغانلار ئۇ سۆزلەۋاتقان چاغدا ئاستا يېنىغا بېرىپ ئاغزىنى يېپىپ قويغان بىر پۇچۇق قاچىسىغا سېلىپ قوياتتىكەن. بەزىلەر ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىپ، قولىغا بېرىپ دۇئاسىنى ئالىدىكەن.

— بىزنىڭ يۇرتتا ئەمەت «توپىلاڭ» دەپ مەدداھ بولىدىغان، — دەپ گەپكە ئارىلاشتى ئوسمان ئۇلاغچى.

— «توپىلاڭ» دەپ ئۇنىڭمۇ غەلىتە لەقىمى باركىنا؟

— ئۇ چاغلاردا بىز كىچىك، چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەمەت مەدداھ ھەرقانداق بىر يەردە سورۇن تۈزسە ئاسمان - پەلەك توپا چىقىرىۋېتەتتىكەن... شۇڭا ئۇنى «ئەمەت توپىلاڭ» دەيدىكەن. بۇ مەدداھنىڭ دوست تارتىپ بېرىدىغان ئۈچ - تۆت ئادىمى بولاتتىكەن. ئەمەت مەدداھ جەڭنامە سۆزلىگەندە قىزىپ مەيدانىنىڭ ماۋۇ بېشىدىن ئاۋۇ بېشىغا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. مۇنداق چاغدا ھېلىقى

دوست تارتىپ بىرىدىغان چۆقانچىلىرى دۈكۈرلىشىپ يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ قارشىسىغا بىرىپ جايلىشىدىكەن. ۋەقەنىڭ ھەربىر تەسىرلىك يەرلىرىگە كەلگەندە ھىلىقى چۆقانچىلار «يا ئاللا، خۇداغا ئامانەت!»، «مانا دىمىدىمۇ!»، «بەللى، بەللى، يا دوست!» دەپ دوست تارتىپ كەيپىياتنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدىكەن. ئەمەت مەدداھ قولىدىكى ھاسىسىنى خۇددى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلىچىدەك تۇتۇپ پۇلاڭلىتىپ، مەيداننىڭ بۇ بېشىدىن يەنە بىر بىشىغا قاراپ ماڭغاندا ھىلىقى چۆقانچىلىرىمۇ «يا ھەزرەت!»، «ئوغۇل بالا!» دەپ ۋارقىرىشىپ يەنە بىر تەرەپكە دۈكۈرلىشىپ ئۆتۈپ ئورۇن يۆتكىشىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن مەيداندىن توپا چىقىپ كىتىدىكەن. بۇ ئەمەت «توپىلاڭ» دىگەنلەر سەن دىگەن ئاشىق مەدداھنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بىرەلمەيدۇ.

— شۇنداق بولماي، ئۇ ئاشىق مەدداھ دىگەن ئاجايىپ ئادەمتىكەن. بەزىدە دوست تارتقۇچىلىرى بىلەن قىزىق سوئال - جاۋابلارنى قىلىشىپ ئاڭلاۋاتقانلارغا تەلىم بىرەتتىكەن.

— توغرا، دوست تارتىدىغان ئادەملەر دىگەن ئاشۇنداق ھازىر جاۋاب ھوشيار بولمامدۇ، سەنزە، قۇۋان، رەھمەتلىك ئۆمەر مەدداھ قىزىق ھىكايىلەرنى سۆزلىگەندە ئۇخلاپ قويۇپ ئۆندەرىگەندەك دوست تارتىپ قوياتتىنىڭ، شۇڭا سىنى قۇۋان «ئەزمە» دەمدىكىن؟ — دىدى سەمەت.

— بىزنىڭ ئۆمەر ئۇستازنىڭ بەزى تەرەپلىرى ئاشىق مەدداھقا ئوخشاپ كىتەتتى، — دىدى قۇۋان، — ئۇ ئادەم دوست تارتىپ بىرىدىغان ئادىمىنىڭ ئۇنچىۋالا چۆقان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كۆتۈرۈپ كېتىشىنىمۇ خالىمايتتى. ئۆمەر ئۇستاز مەدداھلىقنى پەقەت ئازراق تۇرمۇش زۆرۈرىيىتى ئۈچۈنلا قىلاتتى. ئۆزى بولسا:

دۇكان ھەم ئۆيۈڭگە باغلانغان بولساڭ،
ئادەم بولالمايسەن ھەرگىز ھەي نادان.
يۈر، تۇرما، جاھان كەز، تاماشا ئەيلە،
تېنىڭدىن ئايرىلىپ كەتمەستە بۇ جان...

دېگەننى مىزان قىلغان ئادەم ئىدى. شۇڭا ئۇ توختىماي ماڭىدۇ، سەيلە ـ ساياھەت قىلىدۇ...

ــ پاھ، قۇۋانئاخۇن، بۈگۈن سەن ئەجەب گەپچى بولۇپ كېتىپسەن، راستلا ساڭا ئارىشاڭنىڭ سۈيى پايدا قىپتۇ جۇمۇ، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، ــ شۇنداق قىلىپ، ھېلىقى ئاشىق مەدداھ شاگىرتلىرىدىن قانداق سوئاللارنى سوراپتىكەن. شۇ گەپلەرنى قىلە.

ــ مەنمۇ ئاشىق مەدداھ دېگەن ئادەملەرنىڭ مەدداھلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۆمەر ئۇستازنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشىق مەدداھ ھېلىقى بىرنەچچە دوست تارتقۇچىلىرىدىن: «بېخىل بىلەن سېخىينىڭ پەرقى نېمە؟» دەپ سورىسا، چوقانچىلىرى: «ئۆزىمۇ يېمەي مال ـ دۇنيا يىغىدىغان ئادەم بېخىل بولىدۇ. ئۆزىمۇ يەپ، باشقىلارغىمۇ بېرىدىغان ئادەم سېخىي بولىدۇ» دەپ جاۋاب قىلىدىكەن. «ماختاش قانداق ئادەمگە ياقىدۇ؟» دەپ سورىسا، «ئەخمەققە» دەيدىكەن؛ «باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەتنى قىلماق توغرىمۇ؟» دەپ سوئال سورىسا، «غەيۋەت زىنادىن ئارتۇق گۇناھتۇر!» دەپ جاۋاب

قىلىدىكەن. بۇ گەپنى ئاڭلىغان باشقا چوقانچىلار «يا ئاللا!» دېيىشىپ ياقىسىنى تۇتىدىكەن. بەزىدە ھېلىقى چوقانچىلار ئاشىق مەدداھدىن سوئال سورايدىكەن.

— ھە، ئۇلار نېمە دەپ سوئال سورايدىكەن؟

— ئۇلار: «تەقسىر، ئاللانىڭ يېقىن بەندىلىرى كىملەردۇ؟» دەپ سوئال قىلىدىكەن، ئاشىق مەدداھ: «ئاللانىڭ يېقىن بەندىلىرى كەمبەغەللەردەك ھايات كەچۈرىدىغان بايلار ۋە ھەممەتكە باي كەمبەغەللەردۇر!» دەپ جاۋاب قىلىدىكەن. ئارقىدىن دوست تارتقۇچىلار «ھەق!» دېسە «ھەق!» دەپ چوقان سېلىشىدىكەن. ئاشىق مەدداھ يەنە: «بايلارنىڭ ياخشىسى كەمبەغەللەرنىڭ غېمىنى يەيدۇ؛ كەمبەغەللەرنىڭ ياخشىسى ئۆزى تىرىشىدۇ، باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالمايدۇ» دەپ قوشۇمچە قىلىدىكەن. بەزىدە ئاشىق مەدداھنىڭ مەدداھلىقىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارمۇ سوئال قىلىدىكەن: «تەقسىر، مۇناپىقنىڭ بەلگىسى قانداق؟» دەپ سوئال سورىغاندا ئاشىق مەدداھ: «مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ: بىرى، يالغان سۆزلەيدۇ؛ يەنە بىرى، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ» دەپتىكەن. يەنە بىرەيلەن: «ياخشى ئادەمنىڭ بەلگىسى قانداق بولىدۇ؟» دەپ سوئال سورىغاندا ئاشىق مەدداھ: «ياخشى ئادەم ئۆزىنىڭ نېمە ئەيىبى بارلىقىنى ئۆزى بىلەلەيدۇ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنىمۇ سىر ساقلىيالايدۇ» دەپ جاۋاب قىپتىكەن. ئۇنىڭ يەنە: «ئاچ كۆز كىشى باي بولسىمۇ كۆزى تويمايدىغان كەمبەغەلدۇر، كۆزى توق كىشى نامرات بولسىمۇ بايدۇر... بۇ دۇنيادىن مال — دۇنياغا قارايدىغان قاراۋۇللا بولۇپ ئۆتۈپ كەتمەي دېسەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزۈڭ يە، باشقىلارغىمۇ بەر» دېگەن ئىبرەتلىك گەپلىرى بار ئىكەن.

— پاھ، نېمىدېگەن چوڭقۇر گەپلەر - ھە! — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە.

— ئاشىق مەدداھنىڭ مۇنداق مەنىلىك گەپلىرى ناھايىتىمۇ كۆپ ئىدى، ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۆمەر ئۇستازنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشىق مەدداھ مۇشۇنداق سوئال - جاۋابلار ئارقىلىق سورۇندا ئولتۇرغانلارغا تەربىيە قىلاتتىكەن.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — شۇ ئاشىق مەدداھ كىشىلەر ئارىسىدىن تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىپتىكەنغۇ؟

— ئۆمەر ئۇستازنىڭ ئېيتىشىچىمۇ شۇنداق بوپتىكەن، بۇ سىرنىڭ تېگىگە ھازىرغىچە ھېچكىم يېتەلمىگەنمىش.

— نەگە غايىب بولۇپ كېتىدۇ؟ قانداق غايىب بولۇپ كېتىپتىكەن؟ — دەپ سورىدى سەمەت ھەيران بولۇپ.

— بۇ ئوردام سەيلىسى① دە بولغان ئىشكەن، — دەپ ھېكايە قىلدى قوۋان، — شۇ قېتىمقى ئوردام سەيلىسى بەك قىزىپ كەتكەن دېيىشىدۇ. بىر تەرەپتە نەغمە - ناۋا، ناغرا - سۇنايلارنىڭ ئاۋازى كۆككە ئۆرلەپ ساما ئەۋجىگە

---

① ئوردام سەيلىسى — قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەسىگە جايلاشقان ئوردام مازىرىنى تاۋاپ قىلىدىغان بىر پائالىيەت. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، خوتەندىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار بىلەن قاراخانىلار تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدا مىلادىيە 972 - يىلىدىن 998 - يىلىغىچە بولغان ئۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ بىر جېڭى ئاشۇ ئوردام چۆللۈكىدە بولغانىكەن. خەلق بۇ مازار ئورنىنى شۇ ئۇرۇشتا ۋاپات بولغان كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ دەپنە قىلىنغان ئورنى دەپ قارايدۇ.

چىققان؛ بىر تەرەپتە داش قازانلار پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان؛ يەنە بىر تەرەپتە ئاشىق - دەرۋىشلەر ساپايىلىرىنى شاراقشىتىشىپ تەلقىنىگە چۈشكەن؛ يەنە بىر تەرەپتە ھەر يەر - ھەر جايلاردىن كەلگەن قوشاقچىلار راۋابلىرىنى داراڭلىتىپ داستانلارنى زىكىر قىلغىلى تۇرغان؛ قانچە يەردە مەدداھلار سورۇن تۈزۈپ قىزىپ كەتكەنىكەن. ئاشىق مەدداھمۇ بىر چەتكە سورۇن تۈزۈپ جەڭنامىلەرنى باشلاپتۇدەك، بىردەمدىلا جىمى مەدداھلارنىڭ ئالدىدا ئادەم قالماي، ھەممىسى ئاشىق مەدداھنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن قالغان مەدداھنىڭ قورسىقىغا شەيتان كىرىپتۇ. چوماقچىلىرىنى دەيدەيگە سېلىپ شۇ يەردىلا بىر قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ ئاشىق مەدداھنى كۆزدىن يوقاتماقچى بولۇشۇپتۇ. ئاشىق مەدداھ ئۇلارنىڭ پەيلىنى سېزىپ قاپتۇ. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ سۆزلەۋاتقان ئاشىق مەدداھ جەڭنامىنىڭ تازا قىزىق بىر يېرىگە كەلگەندە «يا رەببىم!» دەپ يەرنى «گۈپ!» قىلىپ بىر تەپكەنىكەن، يەردىن چاڭ كۆتۈرۈلۈپ ھېچكىمنى ھېچكىم كۆرەلمەي قاپتۇ. چاڭ بېسىلغاندا قارىسا ئاشىق مەدداھ ھېچ يەردە يوقمىش.

— نەگە كېتىپتۇ؟

— نەگە كەتكىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، چاڭ بېسىلغاندا قارىسا مەدداھ يوق، ئۇنىڭ دوست تارتىپ بېرىدىغان ئادەملىرىمۇ ئاغزىنى ئېچىپلا قاراپ قالغانمىش.

— ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتىمۇ؟

— ئاشىق مەدداھنىڭ ئوردام سەيلىسىدە غايىب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ كەتكەنلىكى خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە خەقنىڭ ئاغزىدا قىزىق بىر رىۋايەت بولۇپ ئېقىپ يۈرگەنىكەن. ئەسلىدە ئاشىق مەدداھ ئوردامىدىكى مەيداندىن بىر قاڭقىپلا ئىلىنىدىكى «تېرەك مازار» دېگەن يەرگە چۈشۈپتۇدەكمىش. ئىلىدا شۇنداق بىر مازار باردەكقۇ؟ — دەپ ئوسمان ئۇلاغچىغا قارىدى قۇۋان.

— بار، — دەپ تەستىقلىدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئىلىدىكى كاتتا مازارلارنىڭ بىرى، ئۇ يەردىمۇ ھەر جۈمە كۈنى زىكىر - سۆھبەت بولۇپ تۇرىدۇ.

— بىزنىڭ ئۆمەر مەدداھىمۇ مۇز داۋاننىڭ ئۈستىدە غايىب بولۇپ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىلىنىڭ مازارلىرىغا قاراپ كەتتىمۇ - يە؟ — دېدى ھۆسەن بايۋەچچە ھاياجانلىنىپ.

ھەممە ئويلىنىپ جىمجىت بولۇپ قالدى.

— بۈگۈن ئەجەب مەدداھلارنىڭلا گېپىگە چۈشۈپ كەتتۇقا، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

— مەدداھچىلىقنىڭ گېپى چىقىۋىدى، ماۋۇ قۇۋاننىڭمۇ ئاغزى بېسىلماي قالدى... ئىلىنىڭ شەھىرىگە بارغاندا يەنە شۇ مەدداھلارنى ئىزدەپ تاپىدىغاندەك قىلىسەن، باشقا ھۈنەرمۇ بارمۇ - يە؟ — دېدى سەمەت.

— ھەي سەمەتئاخۇن، ئۇنى بىر دېمىسىلە، — دېدى قۇۋان، — دادام رەھمەتلىك: «بالام، ماڭا ئوخشاش دەرەخ ئۆرۈيدىغان ئادەم بولۇپ قالما! ‹دەرەخ ئۆرۈيدىغان ئادەم ئىلگىرى باسمايدۇ› دېگەن گەپ راستكەن، مانا بىر ئۆمۈر دەرەخ ئۆرۈپتىمەن، چاپىنىم تىزىمدىن ئاشماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنى ياش چاغدا قىلغان بىلەن قېرىغاندا

دەرەخكە ياماشقىلى بولمايدۇ. سەن يا تۆمۈرچى بول، يا ھېچبولمىغاندا بىر ياماقچىلىقنى بولسىمۇ ئۆگىنىپ قوي، تۆمۈرچىلىكنى ئۆگىنىپ قويساڭ ھەر كۈنى كەتمەن ـ پەتمەن، پىچاق ـ چەيدۇ ياساپ سېتىپ، ئات ـ ئۇلاغ تاقىلاپ قولۇڭ پۇل كۆرۈپ تۇرىدۇ. ياماقچىلىقنى بولسىمۇ ئۆگىنىپ قويساڭ خەقنىڭ ئاياغلىرىنىڭ يېرتىلغان يېرىنى ياماپ بېرىپ بولسىمۇ كۈنۈڭ كېتىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلىپ تۆمۈرچىگە شاگىرتلىققا تۇتۇپ بەرگەنىدى.

ــ يامان ئەمەس ھۈنەرگە بېرىپتىكەن، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ يامان ئەمەس ھۈنەرگە بېرىپتىكەن، ئەمما مەنزە ئۇ تۆمۈرچى ئۇستامنىڭ چىرايىنىمۇ تۈزۈك كۆرۈپ باقمىدىم.

ــ نېمىشقا؟

ــ كىچىك ۋاقتىمدىن باشلاپ ماڭا شۇ مەدداھنىڭ جىنى تەگكەنمىكىن، مەدداھ ھېكايە سۆزلەۋاتقان يەرنى كۆرۈپ قالسام خەقنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قىسىلىپ ئولتۇرۇپ گەپ تىڭشاپ، قورسىقىمنىڭ ئېچىپ بىقىنىمغا چاپلىشىپ قالغىنىنىمۇ تۇيمايتتىم. ئۆيدىكىلەر مېنى بازارغا نېمە ئىش بىلەن ئەۋەتتى، ھەممىنى ئۇنتۇپ قالاتتىم. ھەزرەت سەيلىسى ۋاقىتلىرى بولۇپ قالسا ماۋۇ مەدداھنىڭ سورۇنى ئاياغلاشسا يەنە بىر مەدداھنىڭ سورۇنىغا قاراپ يۈگۈرەيتتىم. «پالانى يەردە بىر مەدداھ سورۇن تۈزۈپتۇ» دەپ ئاڭلاپ قالسام، يىراق ـ يېقىن دېمەي، ئىزدەپ ـ سوراپ تېپىپ بېرىپ، ھېلىقى مەدداھنىڭ ئالدىدا ئېغىكىمنى تۇتۇپ ئولتۇراتتىم.

شۇنداق قىلىپ تۆمۈرچى دېگەننىڭ دۇكىنىنىڭ بوسۇغىسىغا تۇزۇك دەسسەپمۇ باقمىدىم. دادامدىن قانچە قېتىم تاياقمۇ يېدىم، بىر كۈنى دادام ئاچچىقىدا: «زادى سەن نېمە ئىش قىلىسەن، بىر دېگىنە؟» دېگەنىدى. «مەدداھ بولىمەن!» دېگەن ئوخشايمەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاپام رەھمەتلىك ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قاپتۇ. دادام بېشىنى قاشلاپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ: «بالام، بۇ مەدداھلىق دېگەنگە قورساقتا ئوبدان بىلىم بولسا بولىدۇ، كىچىكىڭدە قارىيخانىغا بەرسەك ئۇ يەردىمۇ تۇزۇكمۇ ئۆگەنمىدىڭ، ئەمدى قانداق مەدداھ بولماقچىسەن؟» دېگەنىدى. «دوست تارتىپ بەرسەممۇ مەيلى» دەپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن دادام: «بۇ مەدداھ دېگەننىڭ ئىچىدىمۇ خىلمۇخىل ئىنسان بار، شۇلارنىڭ ئارىسىدا خەقنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە، ئىنسابى بار» دەپ مۇشۇ ئۆمەر مەدداھقا تۇتۇپ بەرگەنىكەن... مانا ئۆمەر ئۇستازدىن ئايرىلىۋىدىم، دادامنىڭ سۆزىگە كىرىپ بىرەر ھۈنەر بولسىمۇ ئۆگىنىپ قويمىغانىنىڭ پۇشايمىنىنى ئەمدى يەۋاتىمەن.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# قاراكۆلدە

يولۇچىلىرىمىز شۇنداق قىزغىن پاراڭلار بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى يول بەزىدە تۆۋەنلەپ، بەزىدە غۇچچىدە دالا گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن دۆڭلەرنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلەتتى. تۆت ئەتراپتىكى ئاقباش تاغ، كەڭ دالا، رەڭمۇرەڭ دالا گۈللىرىنىڭ ھەممىسى قۇياشنىڭ سېخىيلىق بىلەن تۆككەن نۇرى ئاستىدا تاۋلىناتتى. يول بەزىدە ھارۋا ئىزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېڭىيىپ، بەزىدە قېلىن ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا كۆرۈنمەيمۇ قالاتتى... يولۇچىلار سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر ئېقىننىڭ يېنىدا توختاپ دەم ئېلىشتى.

— ئۇلاغلارنى ئوتقا قويۇۋېتىڭلار، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئۆزىمىزمۇ قورساقنى ئانچە - مۇنچە ئەستەرلىۋالايلى.

نان خالتىلىرىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى، ھەركىم بىر پارچىدىن ناننى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئېقىن سۇغا چىلاپ يەپ، مۇزدەك سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچىپ ھۇزۇرلىنىشتى.

— پاھ - پاھ، ماۋۇ سۇنىڭ مۇزدەكلىكىنى - ھە! — دەۋەتتى سەمەت سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچىپ تۇرۇپ، — توپتوغرا يۈرەككىلا باردا !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



— سۇزۇكلۇكنى دېمەمسىلەر، — دېدى قۇۋان، — ئاستىدىكى جىمى تاش كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ...

شۇ چاغدا شوتا تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئاتنىڭ كەينىگە يەنە بىر ئادەم مىنگىشىۋالغانىدى. يېقىنلاپ كەلگەندە ئاتنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان ئادەمنىڭ جاپپار ئىكەنلىكىنى تونۇشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — دېدى جاپپار ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، — مەن تېخى سىلەرنى ئالدىرىماي يولغا چىقىدىغۇ ھەقىچان، دەپ قاپتىمەن. بىر چاغدا قارىسام كېتىپ قاپسىلەر...

جاپپار ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئات ئۈستىدىكى ئادەمگە رەھمەت ئېيتتى. ئىشتاننىڭ پۇچقاقلىرىنى قېقىپ كېلىپ يولۇچىلارغا قوشۇلدى.

— بىز تېخى سىلىنى شوتىدا بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ ئاكىسىنىڭ دېرىكىنى ئالىدىغان چىغى بار دەپقاپتىمىز، بولمىسا، ماڭغاندا «ماڭمايلى»مۇ دېمەيتتۇقما، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئاخشام نەدە قوندۇق؟

— ھېلىقى ئاشخانىدىكى ئىشلەمچى باللار بىلەن پاراڭلىشىپ، شۇ يەردىلا قونۇپ قالغان.

— كەلسىلە، قورساقتا ئازراق بىرنېمە يەۋالسىلا.

— مەن ھېلىراقتا شوتىدا تاماق يېدىم.

— مانا! — دەپ ھەيران بولدى ئوسمان ئۇلاغچى، — ئەتىگەندە شوتىدا سىلىگە كىم تاماق ئېتىپ بەردى؟

— تۈنۈگۈن ھەرقايسىڭلار پېتىر مانتا يېگەن ئاشخانىدا ئەتىگەندە ئۆگرە بىلەن بولاق مانتا چىقىرىدىكەن.

— ھە... ئۇنداق بولسا ئاشپەز ئۇستام كۆچالىقكەن ـ دە، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — كۆچانىڭ ئاشخانىلىرى شۇنداق ئەتىگەندىلا تاماق چىقىرىدۇ.

— قەشقەردىچۇ؟

— قەشقەردە ئەتىگەنلىك ناشتىنى چايخانىدىلا قىلىمىز. تازا خېمىرىغا ئىشلەپ ياققان ئىسسىق گىردە بىلەن چاي دورىسى تېتىپ كەلگەن قارىچاي، ئۆيدە ئازراق ھالۋىمۇ يەپ قويىمىز... بۇ ھالۋىمۇ قولى يەتكەنلەرنىڭ ئۆيىدە بار، ئۇكام، كەمبەغەللىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ ۋاق ئۇماچ... ھاي سەمەتئاخۇن، ئۇلاغلارنىڭ بېشىنى قايرىۋالمىسىلەر، بارىدىغان يېرىمىزگە ئەتىگەنرەك بېرىپ چۈشۈپ، بىراقلا پۇت ـ قولىمىزنى سۇنايلى.

— ئەمدى ئالدىمىزدىكى قونالغۇ نە، ئوسمان تاغا؟ — دەپ سورىدى سەمەت يولغا چىققاندىن كېيىن.

— خۇدايىم بۇيرۇسا، قاراكۆلگە بېرىپ ياتىمىز. ئۇ يەردە بىر قازاق بۇرادەرنىڭ دېگى بار. ناھايىتى تەملىك شورپا قىلىدۇ.

— قازاق دېگىنى شۇ بىزنىڭ ئالتە شەھەر تەرەپتىكى قىرغىزلارغا ئوخشايدىغان بىر خەق ئوخشىمامدا؟ — دەپ سورىدى ھۇسەن بايۋەچچە.

— ئوخشاپ قالىدۇ، — دەپ تەستىقلىدى ئوسمان ئۇلاغچى، — قازاقلارمۇ قىرغىزلارغا ئوخشاش تاغدا مال باقىدىكەن، بېشىغا قالپاق كىيىدىكەن، ئوبدان خەق... مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن، ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىمۇ... خۇدايىم بىلەر، بىر يېرىدە ئانچە ـ مۇنچە پەرقى بار ئوخشايدۇ.

— بولدى، ھۇسەن، بېشىڭنى قاتۇرماي، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سەمەت، ــ سورىغانلارغا «قازاق دېگەن ئىلىخونىڭ قىرغىزىكەن» دېسەڭ بولۇۋېرىدۇ.

ــ ياق، ئۇنداق دېگەن بىلەن بولمايدۇ، ــ دەپ گەپكە ئارىلاشتى جاپپار، ــ ئىلىخودىمۇ قىرغىزلار خېلى بار، قازاقنى ئىلىخونىڭ قىرغىزى دېسەڭلار، ئىلىخودىكى قىرغىزلارنى نېمە دەيسىلەر؟...

ــ ئىشقىلىپ، ھەممىسى قالپاق كىيگەندىن كېيىن ئوخشاش خەقمىكىن، دەيمىنا.

ــ تۇنۇگۇن بىز شوتىدا، ــ دېدى جاپپار، ــ دەڭنىڭ يېنىدىكى ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقاندا ئاتلىق چۇۋۇرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دەپ تاغ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلەر قىرغىز دېگەن شۇ. ئۇلارنىڭ بېشىغا كىيگەن قالپىقىمۇ قازاقلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. قازاقلار نېرىنىڭ گۆشىنى يوغان ـ يوغان توغرىسا، قىرغىزلار كېپەكتەك ئۇششاق قىلىۋېتىدۇ... ئەمما قىرغىز خەق بوزا ئېچىتىدىغانغا شۇنداق ئۇستىدە!

ــ بوزا دېگەن نېمە ئۇ؟

ــ ئىچىملىك، ئالتە شەھەر تەرەپنىڭ ھېلىقى مۇسەللەس دېگىنىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ ئىچسە مەست قىلامدا؟ ــ دەپ سورىدى ھۇسەن بايۋەچچە.

ــ جىق ئىچىۋەتسە هاراقتەك كىشىنى ساراڭمۇ قىلىۋەتمەيدۇ، ئادەمنىڭ كەيپىنى خېلى كۆتۈرۈپ قويىدۇ، ــ دېدى جاپپار.

ــ ئەمىسە ئۇ بوزا دېگىنى بولىدىغان نېمىدەك قىلىدۇ جۇما، قانداق دېدىم؟ ــ دەپ سەمەتكە قارىدى ھۇسەن بايۋەچچە.

— بايۋەچچە، مەست قىلمايدىغان نېمىنى نېمە قىلىسىلەر ئىچىپ ئېغىزىڭلىنى ئاۋارە قىلىپ، — دېدى سەمەت.

شۇ چاغدا قارشى تەرەپتىن ئاتلىق كېلىۋاتقان بىر كىشى «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!» دەپ سالام بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— جاپپارئاخۇن، — دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، — ھېلى يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم قازاقمۇ، قىرغىزمۇ؟ ئايرىپ بېقىڭلار.

— ھېلى يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم قازاقمۇ ئەمەس، قىرغىزمۇ ئەمەس، سىلى بىلەن بىزگە ئوخشاش چەنتۇ.

— نېمە دەيدىغانسىلەر؟ بېشىدىكى قالپىقىنى كۆرمىدىڭلارمۇ؟

— ئىلىخونىڭ تارانچىلىرىمۇ قالپاق كىيىدۇ جۇمۇ، مەن سىلەرگە دەپ قويای، — دېدى جاپپار، — «تارانچى» دەپ ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلاشنىغۇ ئاڭلىغان، — دېدى قۇۋان، — زادى ئۇلار قانداق خەق؟ بېشىغا قالپاق كىيگىنىگە قارىغاندا ئۇلارمۇ قازاق - قىرغىزنىڭ بىر خىلى ئوخشىمامدۇ؟

— ئاپلاھۇئەكبەر! — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — قۇۋان، بۇ گەپنى تېخىمۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئۇماچ قىلىۋەتتىڭغۇ... «تارانچى» دېگەن بىزگە ئوخشاش خەق، قازاق دېگەن قازاق، قىرغىز دېگەن قىرغىز.

— ئۇنداق بولسا ئۇلارنى نېمىشقا تارانچى دەيدۇ؟

— شۇنداق دەيدىكەنغۇتاڭ! — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى «تارانچىلار»نى نېمىشقا تارانچى دەيدىغانلىقىنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



سەۋەبىنى خەقتىن خېلى ئاڭلىغان بولسىمۇ، تازا ئىنچىكە يەرلىرىنى چۈشەندۇرۇپ كېتىدىغىنىغا كۆزى يەتمەي، — جاپپار ئاخۇن، سىلى بىر چۈشەندۇرۇپ قويسىلا.

— «تارانچى» دېگەن مۇشۇ ئىلىخوننىڭ كونا يەرلىك دېھقانلىرى دېگەن گەپ، — دەپ چۈشەندۇردى جاپپار.

— خەپ، ئارىمىزدا شۇ ھۆرمەتلىك ئۇستاز بولغان بولسا، — دەپ ئۆمەر مەدداھنى ئىسىگە ئالدى قۇۋان، — مۇنداق گەپلەرنى ئۇجۇر - بۇجۇرلىرىغىچە سۆزلەپ چۈشەندۇرۇۋېتەتتى - دە... يا ئاللا! مۇز داۋان دېگەن ئەجەب يامان يەركىنا، شۇنچە يوغان ئادەمنى ئۇلاغلىرى بىلەنلا ھاپلا قىلىپ يۇتۇپ كەتتى...

قۇۋاننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئاۋازى تىترەپ كەتتى.

— ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، — دېدى ئوسمان ئۇلاغچى، — رىزقى شۇنچىلىك.

— بايا نېمە دېيىشتۇق؟ — دېدى ھوسەن بايۋەچچە، — ئۆمەر ئۇستاز بۇ چاغقىچە تېخى بىزنىڭ ئالدىمىزدا بارىدىغان يەرگە بېرىپ ئەتراپىغا ئادەم يىغىپ مەدداھلىق قىلىپ يۈرەمدۇ دېگىنە... ئىلىخوننىڭ شەھەرلىرىدە ئۇچرىشىپ قالساق سىنى تونارما؟

— نېمىشقا تونۇمىغۇدەك؟...

— ئەمدى دەيمىنا، ئۆزگە دوست تارتىپ بېرىدىغانغا سەندىن چاققانراق بىرىنى تېپىۋالغان بولسا قايىلمايلا ئۆتەپ كېتەمدىكىن...

— ئۆمەر ئۇستاز ئۇنداق ئادەم ئەمەس جۇما، — دېدى قۇۋان، — كۆرۈشۈپ قالساق قۇچاقلىشىپ كېتەرمىز...

— نېمە گەپ بولۇپ كەتتى؟... ئۇ ئۆمەر مەدداھ دېگەن

ئادەمنى ھاڭغا غۇلاپ كەتتى، دېگەندەك قىلمۇقمدىڭلىغۇ؟ــ دەپ سورىدى جاپپار بولۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەردىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي.

ــ باياتىن بېرى بولغان پاراڭلارنىڭ ئۈستىدە سىلى يوق،ــ دەپ چۈشەندۈردى ھۈسەن بايۋەچچە،ــ ماۋۇ قۇۋاننىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرى بىر زامانلاردا «ئاشىق مەدداھ» دەپ بىر كارامەتچى ئادەم ئۆتۈپتىكەن. سىلى بىلمەيلا، قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر دېگەن يېرىدە «ئوردام» دەپ بىر يەر بار...

ــ نېمە قىلىدىغان يەر ئۇ؟

ــ «ئوردام» دېگەن بىر قەبرىستانلىق، ئەمما زە، ئاپپاق خوجامدىن قېلىشمايدىغان ئۇلۇغ مازار، شۇنداققۇ دەيمەن، ئوسمان تاغا؟ــ دەپ ئوسمان ئۇلاغچىغا قارىدى ھۈسەن.

ــ شۇنداق،ــ دېدى ئوسمان ئۇلاغچى،ــ ئەمدى ئۇ ئىككى مازارنىڭ زادى قايسى ئۇلۇغلۇقىنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىلمىسە...

ــ شۇنداق، قالغىنىنى ياراتقان ئىگەم ئۆزى بىلىدۇ. چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئوردامدا خۇدا يولىدا شېھىت بولغان ئۇلۇغلار ياتارمىش... ئوسمان تاغام دېگەندەك قالغىنىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.. مانا شۇ يەرگە ھەر يىلى ئەر ـ ئايال، ئۇششاق ـ چوڭ بولۇپ نەچچە مىڭ تاۋاپچى يىغىلىپ بىر نەچچە كۈن ئوردام سەيلىسى قىلىشىدۇ. مانا بىز كىچىكىمىزدىن چوڭلارغا ئەگىشىپ بېرىپ ئوردام سەيلىسىدىن قالمايدىغان... ۋاي ـ ۋاي، ئۇ يەردە بولىدىغان قىزىقچىلىقلارنى بىر دېمىسىلە، بىر يەردە خەق توغ تىكىپ، قۇرئان ـ تىلاۋەت قىلىشىۋاتقان، بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



يەردە يىغا ـ زار، يەنە بىر يەرگە قارىسىلا ناغرا بىلەن سۇناي، ساپايى بىلەن داپ قايناپ كەتكەن، بىر يەردە دارۋازلار دارىدىن ئۆتۈۋاتقان، مەدداھلار نەچچە يەرگە مەيدان قۇرۇپ ئاۋازىنى بىر ـ بىرىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈشۈپ جەڭنامىلەرنى سۆزلەۋاتقان... يەنە بىر يەرلەرگە كەلسىلە سامسىپەز، مانتىپەز دىگەنلەر ھۈنىرىنى ماختاپ كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈچە ۋارقىراۋاتقان... ۋاي، زادى جىمى قىزىقچىلىق بار دەيمەن... شۇ يەرگە ھېلىقى ئاشىق مەدداھ دىگەن ئادەممۇ سورۇن قۇرۇپتىكەن. جەڭنامىلارنى سۆزلەۋېتىپ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە «يا رەببىم!» دەپ يەرنى بىر تېپىپتۇدەك، تەپكەن يەردىن ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ ئاشىق مەدداھ غايىب بولۇپ كېتىپتۇدەك...

ــ قانداق غايىب بولۇپ كېتىدۇ؟

ــ دەۋاتىمەنغۇ، يەرنى بىرلا تېپىپتۇ... غەلىتە بىر تۈتەك پەيدا بوپتۇدەك، تۈتەك تارقالغاندا قارىسا ھېلىقى مەدداھ يوق... كېيىن خەقلەر سۈرۈشتە قىلسا ئاشىق مەدداھ ئىلىخونىڭ «تېرەك بازار» دىگەن يېرىدە پەيدا بولۇپ قاپتۇمىش. ئىلىدا شۇنداق بىر كاتتا مازار بارمىشقۇ؟

ــ بار، ــ دەپ بېشىنى لىڭشىتتى جاپپار.

ــ مانا ئەمەسما... بىزنىڭ دەۋاتقىنىمىز مۇشۇ... ئاشىق مەدداھ ئۇردام سەيلىسىدە غايىب بولۇپ كەتكەندەك ئۆمەر مەدداھمۇ مۇزات داۋىنىدىن غايىب بولۇپ كەتتىمۇ قانداق؟... ئۆمەر مەدداھنىڭ يەرگە قاتتىق تەپكەن ـ تەپمىگىنىنى بايقىماپتۇق، ئەممازە، شۇ چاغدىمۇ تۈتەك پەيدا بولغان... شۇنداققۇ دەيمەن، ــ دەپ ئەتراپىغا قاراپ

قويدى ھوسەن،ــ شۇ كەمدە تازا ئاشۇ پەللەك داۋاننىڭ نەق ئۇستىدىلا كېتىپ باراتتۇق. تاغ ئىچىدە بىر غەلىتە گۇلدۇرلىگەن ئاۋاز پەيدا بولدى، جىمى جاھان تۇتەكلىشىپلا كەتتى. تۇتەك تارقىغاندا قارىساق ھېلىقى يېنىمىزدا تۇرغان ئۆمەر مەدداھ يوق، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن يېتىلىۋالغان قېچىرىمۇ يوق... ئاشۇ قېچىرنىڭمۇ يوقاپ كەتكىنىگە قاراپ كۆڭۈلگە شەك چۈشۈپ قالدى... بۇ ئۇستازمۇ قېچىرنى مىنىپ بىزدىن بۇرۇن ئىلىخوغا بېرىپ بولدىمىكىن، دەۋاتىمىز...

ــ پاھ! ئۇنداق يەرنى بىر تېپىپلا بىر يەردە غايىب بولۇپ كېتىپ، يەنە بىر يەردە پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئىش راست بولسا،ــ دېدى جاپپار،ــ ئەمىسە مېنىڭ ئاكامنىڭمۇ ھېلىقى كونا قۇدۇقتا چۈشۈپ يوقاپ كېتىپ ئالتە شەھەر تەرەپتە يۈرگەنلىرى راست ئوخشىمامدۇ؟...

ــ خۇدالىق ئالەم، ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ،ــ دېدى قۇۋان،ــ ياراتقان ئىگەمنىڭ ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكۈسى كەلسە دەيدىغان ئۆمەر ئۇستاز، دۇنيادا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق...

ــ قەشقەردە غايىب بولۇپ كەتكەن ئادەمغۇ ئىلىدىكى تېرەك مازاردا پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. ئىلىدا غايىب بولۇپ كەتكەن ئادەم ئالتە شەھەرنىڭ نەرىدە پەيدا بولۇپ قالىدىغاندۇ؟ــ دېدى جاپپار.

ــ چوقۇم ئاشۇ... ئاشۇ ھەزرىتى ئاپپاق خوجام مازىرىدا پەيدا بولىدۇ. ئۇمۇ ھېچ مازاردىن قېلىشمايدىغان ئۇلۇغ مازار.

ــ ئەمىسە مەن ئاكامنى سالچىلارنىڭ ئارىسىدىن تاپالمىسام ئېرىنمەي يەنە ئارقامغا يېنىپ، مۇز داۋاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆتۈپ تۇيۇقسىزلا شۇ ئاپپاق خوجام مازىرىغا بارسام بولغۇدەك...

— شۇنداق قىلسىلا.

— هاي - هاي، كۆپۈرلۈك گەپنى تولا قىلماڭلار!— دەپ ۋارقىرىدى ئوسمان ئۇلاغچى،— ئۇنداق تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ كېتىپ يەنە بىر يەردە پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئىش ھەممە ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىۋەرمەيدۇ.

※ ※ ※

ھەم پاراڭ، ھەم ئەتراپتىكى مەنزىرىلەرنىڭ چىرايلىقلىقىغا قاراپ زوقلىنىپ مېڭىپ، يولۇچىلىرىمىز قانچىلىك يول بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەي قېلىشتى. ھاۋا دىمىق ئىدى، كۈن قايرىلغاندا بىردىنلا ھاۋا بۇزۇلۇپ، سىمىلداپ يامغۇر چۈشۈشكە باشلىدى.

— ئاپلا! قاراكۆلگە ئازلا قېلىۋىدۇق،— دەپ ئاسمانغا قارىدى ئوسمان ئۇلاغچى،— بۇ ئەتراپنىڭ مۇشۇنداق تولا يامغۇر ياغىدىغان كېسىلى بار، ئازراقلا بىر بۇلۇت پەيدا بولدىمۇ بولدى... قېنى، قەدەمنى يوغانراق ئالايلى، ئۆكىلىرىم... ھاي قوۋان، سەمەتئاخۇن، ئاۋۇ ئۇلاغلارنى بىر تاياقلاپ قويۇڭلار! بايۋەچچە، سىلى ئاقسايلىغۇ؟

— ماۋۇ ئۆتۈكنىڭ داۋاندىن ئۆتكۈچە ئاپقۇتى ئاجراپتىكەن،— دېدى ھۆسەن بايۋەچچە،— شۇتىمدا ياماقچىغا قاقتۇرۇۋېدىم، قانداق بولۇپ قالدى، پۇتنى سەل غاجاۋاتىدۇ.

— ئۆتۈكنى سىلىۋېتىپ يالاڭ ئاياغلا مېڭىڭلا.

— ئاكام بار يەرگە ئاز قالغاندىما؟... قويسىلا، جان چىقىپ كەتسىمۇ ئاكامنىڭ ئالدىغا ئۆتۈكنى بوينۇمغا ئېسىپ يالاڭ ئاياغ بارماي...

— بايۋەچچە، سىلىگە نېمانچە هال... بوپتۇ، ئاكاڭلىنىڭ يېنىغا ئاز قالغاندا ئۆتۈكنى باشقىدىن كېيىۋالارسىلەر.

— ئۇنداق دېگەنلىرى بىلەن، ئوسمان تاغا، — دېدى هۇسەن بايۋەچچە، — ماۋۇ ئىلىخونىڭ يوللىرى ئالتە شەهەرنىڭ يوللىرىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن. بىزنىڭ ئالتە شەهەر تەرەپنىڭ يوللىرى قۇمساڭغۇ توپا، ئىسسىق توپىنى كېچىپ ماڭسا ئادەممۇ يۇمشاق گىلەمنىڭ ئۈستىدە ماڭغاندەك هۇزۇر قىلىدۇ، ماۋۇ يۇرتنىڭ يوللىرى هەممىسى تاش، يالاڭ ئاياغ ماڭسا ئادەم ماڭدامدا پەشۋا يەيدىغان گەپكەن...

— ئەمىسە، قاراكۆلگە بارغۇچە غەيرەت قىلىڭلار.

— قاراكۆل دېگەنلىرىگە قارىغاندا، ئالدىمىزدا چوڭ بىر كۆل بار ئوخشىمامدا؟

— مۇزات تەرەپتىن كەلگەن بىرنەچچە ئېقىن شۇ يەرگە بارغاندا بىر ـ بىرىگە قوشۇلىدۇ، بارغاندا كۆرۈشىلا، ئالامەت چىرايلىق بىر يەر. هاۋا بۇزۇلۇۋالدى، هاۋا ئېچىلىپلا كەتسە ئەتىگىچە خۇدا بۇيرۇسا كۆرۈشىلا، سۇنىڭ ئەتراپى توقاي، توقايدا دەل ـ دەرەخ، ياۋا مېۋە، هەممىسى نەرسىلەر بار. توقاينىڭ ئۈستىدە هەر خىل قۇشلار ئۇچۇشۇپ تۇرغان. هەركىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىسە سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ... ئۇلاغلارنى سەل قوغلاپ ماڭىلى... ماۋۇ يامغۇرنىڭ بارغانسېرى غولداپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈڭلىما؟... يامغۇر ياغدىمۇ، جۇدۇنغا ئايلىنىپ سوغۇق چۇشۇپ كېتىدۇ، تاغ يېرى دېگەننىڭ خۇيى شۇ...

قاراكۆلگە يېقىنلاشقانسېرى يامغۇر ئەدىگىلى تۇردى. بۇ ئەتراپتا يولۇچىلارغا دالدا بولغۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى. تۆت ئەتراپتىكى ئوچۇقچىلىقنى داكىدەك نېپىز تۇتەك باسقىلى تۇردى. يىراق بىر يەردىكى قارىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان مالچىنىڭ ئۆيى ھۆل ـ يېغىننىڭ دەستىدىن ئاللىبۇرۇنلا قىيسىيىپ كەتكەنىدى. ئۆينىڭ قىلىن ئۆگزىسى ۋە ئەتراپىدىكى تاملارنىڭ ئۈستىدە قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەنىدى.

ــ ماۋۇ يۇرتنى ماختىساق بولۇۋاتقان كارامەتنى كۆردۈڭلىما؟ ــ دېدى سەمەت.

ــ مانا، مانا... ئىللىخونى چىرايلىق دەپ ماختايسىلەر، مۇشۇنداق ھاۋا بىرلا سەت بۇزۇلىدىغان بولسا ھەممىنىڭ نېمىنى غەش قىلىدىكەن... ــ دېدى قۇۋان.

ــ ھاي قۇۋان، گەپنى ئاز قىلىپ ئۇلاغلارنى تېز ھەيدە!

ــ ئىسسىت، قەشقەرنىڭ ئىسسىقلىرى! ــ دېدى ھۇسەن بايۋەچچە، ئۇ ئۆتۈك غاجاپ كەتكەن پۇتىنى ئاياپ تاپىنىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، ــ ئايدا، يىلدىمۇ تۈزۈك يامغۇر يېغىپ قويمايدۇ، كېچىلىرى ئۆگزىدە ياتساڭ گۈپ ـ گۈپ ئىسسىق شامال ئۇرۇپ تۇرىدۇ. مۇزدەك سۇنى يېنىڭغا قويۇپ، يوتقاننىڭ ئۈستىدە ئاندىن تۇغما قىپيالىڭاچ ياتساڭمۇ مۇزلاپ قالمايسەن، ئايدىڭ كېچىدە شۇنداق بېشىڭنى كۆتۈرۈپ قارايدىغان بولساڭ قوشنا

ئۆگزىدىكى قىز ـ چوكانلىنى كۆرسەن...

ئۇلار قاراكۆلدىكى قازاقنىڭ دىڭىگە يېتىپ كەلگەندە يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى، دەڭنىڭ دەرۋازىسى يوغان ئېچىقلىق تۇراتتى.

ــ هاي ئابدانباي! ــ دەپ دەڭگە ۋارقىراپلا كىرىپ كەلدى ئوسمان ئۇلاغچى. نېرىدىكى پاكار ـ پاكار سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن بىر قازاق يىگىت چىقىپ كەلدى ـ دە، ئوسمان ئۇلاغچىغا سالام قىلدى.

ــ ئېشەكلەرنى ئاناۋ جەرگە بايلاسالىڭلەر، ئاناۋ ئۆيدە كىشى جوق (ئۇلاغلارنى ئاۋۇ يەرگە باغلاڭلار. ئەنە ئاۋۇ ئۆيدە ئادەم يوق)، ــ دېدى يىگىت.

ئۇلاغلارنى تام تەرەپتىكى لاپاس ئاستىغا تارتىپ ئۇستىدىكى يۇكلەرنى چۇشۇرۇشتى. هەربىر ئۇلاغنى ئۇزۇن كەتكەن ئوقۇرنىڭ ئۇستىدىكى ياغاچقا بىر ـ بىرلەپ باغلاشتى.

ــ ئابدانباي قېنى؟ ئابدانباي ئاغىنە يوقما؟ ــ دەپ سورىدى ئوسمان ئۇلاغچى.

ــ ئەكەم قالاغا كەتكەن (دادام شەھەرگە كەتكەن).

ــ سېنىڭ ئېتىڭ كىم بولىدۇ؟

ــ قۇماربېك.

ــ هە، قۇماربېك، ئۇلاغلار بىلەن ئاۋۇ ماللارنى ساڭا تاپشۇردۇق. قورساققا يېگۇدەك بىرنېمەڭ بارمۇ؟

ــ شاي ئىشىپ، دەم ئالىپ تۇرۇڭدەر، ئەت سالامىن (چاي ئىچىپ دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، گۆش سالىمەن).

دەڭنىڭ بىر بۇلۇڭىدىن باغلاقلىق ئىتنىڭ هاۋشىغىنى ئاڭلىناتتى. تازىمۇ قېرىپ كەتكەن ئىت بولسا كېرەك، ئاۋازى خىرىلداپ چىقاتتى. مېھمانلار

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



دەڭنىڭ يۇقىرىسىدىكى تام ياقىلاپ سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ بىرىگە كىردى. ئۆي ئىچىگە تاختايدىن بۇگۇلۇك چىقىرىلغان بولۇپ، بۇگۇلۇك ئۈستىگە سېيدام قازاق كىگىزى سېلىنغانىدى. ھارغىنلىقتىن ھەممەيلەن بۇگۇلۇك ئۈستىگە چىقىپ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە سوزايلىنىشتى. ھۆسەن بۇگلۇكنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇپ ئۆتۈكىنى سالدى ـ دە، پەگاھقا ئاتتى.

ــ بايۋەچچە، ئۆتۈكنى ياتىدىغان چاغدىراق سالساڭلار بوپتىكەن، ــ دېدى سەمەت، ــ ئۆينىڭ ئىچى ئېچىپ كەتتى.

ــ گەپ قىلمىسىلا جۇما، ــ دېدى ھۆسەن بايۋەچچە، ــ بۇ نىجىس ئۆتۈكنىڭ جاننى قىينىغىنىنى... پۇتنىڭ ئارقىسىنى غاجاپ كېتىپتۇ ئەمەسما. ئەتە قېلىنراق بىرنېمە يۆگەپ كىيمىسەم بولمىغۇدەك.. ۋەي قۇۋان، ھېلىقى پۇت مايلايدىغان مېيىڭدىن بارما، ئەكېلە...

ــ سىلى قايسى زاماندىكى گەپنى قىلىۋاتىلا، بايۋەچچە...

ــ ۋەي، مەن شىپالىقتا ساڭا يوغانلا بىر پارچە قۇيرۇق مايىنى كېسىپ بەرمىدىمما؟

ــ يوغانلىقىمۇ تايىنلىق، ــ دېدى قۇۋان، ــ شىپالىقتا ھەممىلىرى يېرىلغان يەرلىرىنى مايلاشتىلا... قالغىنىنى... ھېلىقى پەسكە چۈشكەندىكى يەرنىڭ ئېتى نېمىتى؟... شۇ يەردىمۇ شۇنداق يامغۇر يېغىپ جۇدۇن بولۇپ كەتكەن... مەشكە قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ مايلاشتىلا... يەنە ھېلىقى ئارىشاڭدىمۇ يۇيۇنۇپ چىقىپ مايلاشتىلا...

— بولدى، قۇۋان، ئەزمەڭنى ئەزمەي يوقلا دېگىنە!

ئازدىن كېيىن قازاق يىگىت مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان ياياتتى. داستىخان ئىچىدە توغرالغان تاۋا نېنى، قۇرۇت، ئېرىمچىك، تۇمار شەكىلدىكى ئۇچبۇرجەك بوغۇرساقلار چېچىلىپ تۇراتتى. مېھمانلار قىزىق جايدىن ئوتلاپ، يۇمشاق تاۋا نېنىغا ئىشتىھا بىلەن تۇتۇش قىلدى... چايدىن كېيىن ھەممەيلەننى ئۇگدەك باستى. تالادا يامغۇر ئاستىلاپ قالغانىدى، ئەتراپقا تۇن قانىتىنى يېيىۋاتاتتى. دەڭنىڭ ياندىكى بىر ئۆيدىن كىملەرنىڭدۇ گۇدۇڭلاشقان ئاۋازى كېلەتتى. ئۇ يەرگە بىرنەچچە سالچى چۈشكەنىدى.

بىر چاغدا مېھمانلارنى ھېلىقى دەڭچى يىگىت كىرىپ ئويغاتتى.

— ئاي قۇناقدار، تۇرىڭىزلەر... ئاناۋ ئۆيگە شىغىپ ئەت جېڭىزلەر (ھاي مېھمانلار، تۇرۇڭلار... ئاۋۇ ئۆيگە چىقىپ گۆش يەڭلار).

قۇماربېك مېھمانلارنى ياندىكى ئۆيگە باشلاپ كىردى. تۆردە بەستلىك كەلگەن تۆت ئادەم تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا داستىخان سېلىقلىق تۇراتتى.

— كېلىڭلار، كېلىڭلار، يۇقىرى چىقىڭلار، — دېدى ئولتۇرغانلار كىرگەنلەرگە.

كىرگەن مېھمانلار تۆردىكىلەر بىلەن: «تىنچلىقما؟ تىنچ تۇردۇڭلىما؟» دەپ بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ داستىخاننىڭ ئەتراپىغا ئولتۇرۇشتى. كىرگەنلەرنىڭ تەلەپپۇزى، ئۇستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرىدىنلا ئۇلارنىڭ ئالتە شەھەر تەرەپتىن يېڭىلا

ئۆتۈپ كەلگەن ئادەملەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. قاراكۆلدىكى بۇ دەڭدە ئالتە شەھەر تەرەپتىن چىققان، ئالتە شەھەر تەرەپكە قاراپ ماڭغان يولۇچىلار ئۈزۈلمەيتتى. شۇڭا، ئولتۇرغانلار ئۇلارغا ئانچە پەرۋا قىلمايلا باش لىڭشىتىپ كۆرۈشۈپ قويۇپ ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى گەپ قانداقتۇر بىر كەكلىك ئۈستىدە كېتىپ باراتتى.

— ئۆزىمىزغۇ بەك يامان كەكلىكتى، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان بورۇتلۇق بىرەيلەن. ئۇنىڭ بورۇتى يۇقىرىغا قاراپ دىڭگىيىپ تۇرىدىغان بورۇتلاردىن بولماي، ئىككى ئۇچى جاۋغىيىنى بويلاپ تۆۋەنگە ساڭگىلاپ چۈشكەن بورۇتلاردىن ئىدى، — بۇ كەكلىكنى قانداق قولۇڭغا چۈشۈپ قالغان دېسەڭلار، نوغايتۇلۇق بىر ئاغىنەم بولىدىغان. شۇ ئاغىنە نوغايتۇنىڭ ئاستىدىكى ئېدىرىدىن ئۆزى قىلتاق قويۇپ تۇتۇپ بەرگەن. نوغايتۇ دېگەننىڭ تورغايلىرىمۇ شۇنداق داڭلىق، كەكلىكنىڭمۇ نامى بار... بىر - ئىككى يىل ھەممە ئىشنى تاشلاپ ھىلىقى كەكلىكنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كەتتىم دېمەمسىلەر، ھەش - پەش دېگۈچە ئەتراپتىكى جىمىسىنىڭ كەكلىكىنى ئېلىپ قويىدى... يا ئاللا، نېمانداق يامان كەكلىكتۇ دەيمەن! سالىمىز، ھەرقاندىقىنىڭ كەكلىكىنى ئىككى تېپىپلا چىقىرىۋېتىدۇ. بەزى چاغدا نە - نەلەردىن تونۇمايدىغان بىرنېمىلەر كېلىپ: «لېۋىر ئاداش، كەكلىكىڭنى پالانى يەردىكى پوكۇنچىنىڭ كەكلىكىگە بىر قويساق» دەپ تۇرۇۋالىدۇ، خۇشياقسا «ھە» دەيمەن، بولمىسا «كۆتەر!» دەيمەن.

ــ سىزنىڭ كەكلىكىڭىزنى باشقىلار ئايرىپ سالسا ئۇلارغا نېمە پايدا؟ ــ دەپ سورىدى لىۋۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بۇرادىرى.

ــ ھوي، دەۋاتقان گېپىڭىنى قارا، ــ دېدى لىۋۇر، ــ نېمە پايدا بولاتتى، يارماق تاپىدۇ. كەكلىك دېگەننى تازا كەڭ مەيدانغا ئاپىرىپ سالىدىغان گەپ، ئەتراپىقا ئولاشقاننىڭ ھەممىسى قىمارۋاز. ئاۋۋال «كەكلىك ئۇتسا مۇنچىلىك بىرىمىز» دەپ ئاتىغىنىنى قولىمىزغا تۇتقۇزىدۇ. شۇنىڭغا رازى بولساق كەكلىكنى سالىمىز. بىر قېتىم «سۆيدۈگىدىن كېلىشىم» دەپ بىر ئاداش ئىزدەپ كەپتۇ. «خوش، نېمە گەپ؟» دېسەم، «بىز تەرەپتە پالانچىنىڭ بىر كەكلىكى بار، ئولتۇرسا ـ قوپسا كەكلىكىنى ماختاپ چىشىمىزغا بەك تېگىپ كەتتى. پۇتۇن ئېلى تەرەپتە ئۇنىڭ كەكلىكىگە چىقىدىغان كەكلىك يوقمىش... دەپ ئولتۇرغان گېپىنى كۆردۈڭىزما؟... سىزنىڭ كەكلىكىڭىزنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانلار باركەن، ‹ھوي، تولا يوغان سۆزلىمە. پالانى يەردە لىۋۇر دېگەننىڭ بىر كەكلىكى باركەن، ئۇنىمۇ قالتىس يامان كەكلىك دەيدۇ› دېسەك، ئۇنامدىغان، ‹ئۇنداق نېمىنىڭ كەكلىكىدىن يېڭىلىپ قالغان كەكلىكنىڭ بوينىنى شۇ يەردىلا ئۈزۈۋېتىمەن› دەپ بەك يوغانچىلىق قىلىپ كەتتى. بىز ئۆكۈزدىن تىكىشتۇق. سىزنىمۇ ئوبدان رازى قىلساق. كەكلىكىڭىزنى ئاپىرىپ بىر سېلىپ باقساق» دەيدۇ. نېمە دەيمەن؟... «ماقۇل» دېدىم. كەكلىكنى باياندايغا ئاچىقىپ سېپىلنىڭ يېنىدىكى مەيداندا سالماقچى بولدۇق. ئۇلار سۆيدۈك تەرەپتىن كەلدى. بىز بۇياقتىن باردۇق... پاھوي، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆنى ئەتراپقا ئۇلىشىپ كەتكەن ئادەمنىڭ جىقلىقىنى دېمەيسىلەر، تازا بوردىغان يوغان ئۆكۈزدىن ئىككىنى چەتتىكى قارىياغاچقا باغلاپ قويۇپتۇ... كەكلىك دېگەننى مەن سىلەرگە ئېيتىپ قوياي، قەپەسكە سېلىپ، مەيدانغا ئۇنداق يېرىم جىڭ گۆشنى كۆتۈرگەندەك پۇلاڭلىتىپ كۆتۈرۈپلا كىرىدىغان گەپ ئەمەس، قەپەسنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىرىدىغان گەپ... ئېگىز كۆتۈردۈم دەپ بېشىڭدىن ئېگىز قىلىۋالساڭمۇ بولمايدۇ. بېشىڭ بىلەن تەڭ قىلىپ كۆتۈرۈپ كىرىسەن.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دەپ سورىدى لېۋىرنىڭ يېنىدىكى ئادەم.

— قائىدىسى شۇ... — دېدى لېۋىر، — ھەممە ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ شۇنداق بىر قائىدىلىرى بولىدۇ - دە!... سۆيدۈگىلىك كەكلىكۋاز سەمرىپ تىقىلىپ كەتكەنلا بىر نېمىكەن، پۇشۇلداپ ھاسىراپ كېلىپ قەپەسنى مەيداننىڭ ئاۋۇ بېشىغا قويدى. مەن ماۋۇ بېشىغا قويدۇم. بىر، ئىككى، ئۈچ... ھە - پە دېيىشىپ قەپەسنىڭ ئاغزىنى تەڭلا ئېچىۋەتتۇق. مېنىڭ كەكلىكىمنىڭ قەپەستىن چىقىپ ئازراق دانلاپ تۇرۇپ كىرىشىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ھېلىقى سېمىزنىڭ كەكلىكى قەپەستىن چىققانچە ئېتىلىپ كېلىپ ئۆزىنى بىر ئۇرماسمۇ، كەكلىكىم ئىككى - ئۈچ دومىلاپ كەتتى. «ئىم لېۋىر! بۇگۈن بايانداپدىن شەرمەندە بولۇپ قايتىپ كېتەمسەن قانداق؟» دەپ قالدىم. سېمىزنىڭ كەكلىكى ئىككىنچى نۆۋەت ئېتىلىپ كەلگەندە مېنىڭ كەكلىكىم ئۆزىنى «شاققىدە» قاچۇرۇۋىدى، ھېلىقى كەكلىك ئۆزىنى توختىتالماي، چەتتە تۇرغانلارنىڭ ئايىغى ئاستىغا كىرىپ

كەتتى. كەكلىكلەرنى تۇتۇپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىلىپ باشقىدىن تاشلىدۇق. پاھوي، بۇ ئىككى كەكلىكنىڭ شۇ كۈنى سوقۇشۇپ كەتكىنىنى دېمەمسىلەر...

ــ كەكلىك دېگىنىڭ شۇ چۈجە خورازدەكلا بىرنېمىكەندە؟

ــ كەكلىكنىڭ ئالدىدا خوراز دېگىنىڭ نېمە... ئاخىرىدا قانداق بولدى، مېنىڭ كەكلىكىم سېمىزنىڭ كەكلىكىنى ئەپلەپ تۇرۇپ بىرلا تېپىۋىدى، تازا يامان يېرىگە تەگكەن ئوخشايدۇ، ھېلىقى كەكلىك يورغىلىغىنىچە قېچىپ بېرىپ چەتتە ئاغزى ئوچۇق تۇرغان قەپىسىگە كىرىپلا كەتتى. ئەتراپتا قىيقاس ـ چۇقان چىقىپ كەتتى. ھېلىقى بوردىغان ئىككى ئۆكۈزنى بىز ئۇتقان بولدۇق... ھېلىقى سېمىز ناھايىتى زەردىسى يامان نېمىكەن، قولىنى قەپىسىگە سېلىپ كەكلىكىنى تارتىپ چىقىرىپ، بوينىنى شۇ يەردە ئۈزۈپ تاشلىۋەتتى...

«ياپىرىم!» دەۋەتتى ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ بىر ـ ئىككىسى.

قۇماربېك يوغان ئىككى تاۋاق گۆشنى كۆتۈرۈپ كىرىپ داستىخانغا قويدى. ئارقىدىن بىر قاچىدىن شورپىمۇ كەلتۈرۈلدى.

ــ قېنى، داستىخانغا يېقىنراق كېلىڭلار! ــ دەپ ئەتراپقا قارىدى لېۋىر. ئۇنىڭ قاتارىدا ئولتۇرغان ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن بىرەيلەن پىچىقىنى چىقىرىپ گۆشلەرنى پارچىلاشقا باشلىدى.

ــ ئۇكاموي، سەن نىماندىق داستىخاندىن داجىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆلتۈرىسەن؟ داستىخانغا يېقىن كەل، — دېدى لېۋىر ھۆسەن بايۋەچچىگە قاراپ.

ھۆسەن بايۋەچچە تېخى ئۆيقۇسىدىن يېشىلىپ بولالمىغانىدى. باياتىنقى كەكلىك توغرىسىدىكى گەپلەرمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەنىدى. شۇ تاپتا ھۆسەن بايۋەچچىنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ يۈرگەن ئاكىسىنىڭ ئالدىدا مۆكدەپ ئولتۇرىدۇ، دېسەم ئىشەنمەيسىز ھەرقاچان. سىز تۇرماق مەنمۇ ئىشەنمەي قالدىم. ئاشۇ گۆش پارچىلاپ ئولتۇرغان ساقاللىق ئادەم دەل ھۆسەننىڭ ئىلى تەرەپكە چىقىپ كەتكەن ئاكىسى ھەسەن ئىدى.

ھەسەن قەشقەردىن چىقىپ كەتكەندە تېخى بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان يىگىت ئىدى. ئارىدىن قانچە يىل ئۆتتى، ھەسەن دەسلەپتە بۇ مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن كۈنلىرىنى بىر – بىرلەپ سانىدى. سانىدى، سانىدى، كېيىن سانىمايلا قويدى. ساناقتىنمۇ ئېزىپ كەتتى. ئىشقىلىپ، نۇرغۇن قىشلار ئۆتۈپ، نۇرغۇن قېتىم چېچەكلەر توزۇغانىدى. پەسىل قۇشلىرى جەنۇبتىن شىمالغا، شىمالدىن جەنۇبقا قانچە – قانچە رەت قاناتلىرىنى يېيىپ قاتارلىشىپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، ھەسەن قەشقەرگە قايتىپ بارالمىدى... شۇ ئۇزاق يىللار، خۇشاللىق ۋە قايغۇ – ئازابلار بىلەن تولغان كەچۈرمىشلەر ھەسەننىڭ چىرايىغا نۇرغۇن ئەگرى – بۈگرى سىزىقلارنى ئاتا قىلغانىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا چۈشكەن ھەربىر قورۇق مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن ئېغىر كۈنلەرنىڭ يادنامىسى ئىدى. ئۇ ھازىر ئىنىسىنىڭ ئېسىدە قالغان ھەسەنگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ھەسەن

قەشقەردىن چىقىپ كەتكەندە ئۇنىڭ ئىنىسى ھۆسەنمۇ ئۆگزىلەردىن ئۆگزىلەرگە سەكرەپ، كوچىلاردىن كوچىلارغا ئۆتۈپ يۈگۈرۈپلا يۈرىدىغان بەڭباش بالا ئىدى. ھەسەن ئوتتۇرا بويى، دىقماق بولۇپ دادىسىغا تارتقان ئىدى. ھۆسەن چوڭ بولۇپ يىگىتلىككە قەدەم قويغانسېرى زىلۋا، ئېگىز ئادەم بولۇپ كۆپرەك ئانا تەرەپكە تارتقانىدى. ئۇمۇ ھازىر ھەسەننىڭ ئېسىدە قالغان بەڭباش ئۆسمۈرگە ئوخشىمايتتى... شۇڭا، بۇ ئىككىيلەن تېخىچە بىر - بىرىنى تونۇپ بولالمىدى... بىراق، تەقدىرنىڭ بىر ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇسى كەلسە، شۇنداق بىر يوللار بىلەن ئورۇنلاشتۇرسا كېرەك، تەقدىر بۈگۈن ئۇلارنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇشنى قارار قىلىپ بىر داستىخان ئۈستىگە ئەكەلگەنىدى.

گۆش يېيىلدى، شورپىلارمۇ ئىچىلىپ بولدى. داستىخان ئۈستىدىكى گەپنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى لېۋىر قىلىۋاتاتتى. ئەمدى كەكلىك توغرىسىدىكى گەپلەر ئاياغلىشىپ، بۇلتۇر قارنىڭ ناھايىتىمۇ قېلىن ياغقانلىقى، قايسىبىر سايغا چۈشۈرۈپ قويغان ياغاچلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سېسىپ كەتكەنلىكى، قومۇشلۇقتا كىمدۇر بىرىنىڭ قارنىنى ياۋا چوشقىنىڭ يېرىۋەتكەنلىكى... يەنە شۇنداق تاغدىن - باغدىن گەپ بولۇۋاتاتتى. ئالتە شەھەر تەرەپتىن بىر - بىرى بىلەن يول بويى قىزغىن پاراڭلىشىپ كەلگەن يولۇچىلىرىمىز بىر - بىرىنى سەنلاپلا سۆزلىشىدىغان بۇ ئادەملەر ئالدىدا سەل قورۇنۇپ قالغاندەك قىلاتتى... شۇ ئارىدا نىمە گەپ بولدى، گەپنىڭ بېشىنى كىم تەشتى، ھەسەن - ھۆسەن ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەننىڭ بىر - بىرىنى تونۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلمىشىغا سەۋەب بولىدىغان بىر گەپ چىقىپ قالدى.

مېھمانلار داستىخاندىن نېرى بولۇپ، قوللىرىنى سۈرتۈپ ئەمدى دۇئا قىلىپ قوپۇپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. لېۋىر باياتىن بىرى گۆش پارچىلىغان ھەسەننىڭ قولىدىكى سۈرتۈۋاتقان پىچىقىغا قاراپ:

— ئەكەلگىنە پىچىقىڭنى كۆرۈپ باقاي، — دەپ قالدى.

ھەسەن پىچىقىنى لېۋىرگە سۇنۇپ بەردى. لېۋىر پىچاقنى قولىغا ئېلىپ ئۆياق ـ بۇيىقىغا قاراپ بىسىغا بارمىقىنى تەگكۈزۈپ باقتى ـ دە:

— پاھ، ئالامەت كېسىدىغان پىچاقكەن بۇ! — دېدى.

— ياخشى پىچاق، — دېدى ھەسەن، — قەشقەردىكى ئۇستاملار سوققان.

— مېنىڭمۇ ئىلگىرى بىر پىچىقىم بولىدىغان، قارىساڭ بەك چىرايلىق، كېسىشى تايىنلىق. بىر مالچى ئاغىنەم تالىشىپ تۇرۇۋېدى بېرىۋەتتىم... كېيىن يەنە بىر پىچاق ئالسام ئۇمۇ ياخشى چىقماي قالدى.

— پىچاق دېگەننى تۇتۇشنى بىلمەيسىلەر ـ دە.

— قانداق دەيسەن؟

— پىچىقىم بار دەپ يانغا ئېسىۋېلىپ پۇلاڭلىتىپ كۆتۈرۈپ يۈرسىلا ھېسابىما؟!... پىچاق دېگەننى پات ـ پات بىلەپ تۇرىدىغان گەپ. مېنىڭ دادامنى قەشقەردە قادىر «بىلەي» دېسە تونۇمايدىغان ئادەم يوق، داڭلىق قاساپ. «پىچاقنى پىچاق قىلىدىغان بىلەي» دەپ پىچاقلىرىنى توختىماي بىلەپلا تۇرىدىغان...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ھوسەن بايۋەچچە چۆچۈپ كەتتى. كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئالدىدىكى گەپ قىلىۋاتقان

ساقاللىق ئادەمگە سىنچىلاپ قارىدى ـ دە، ئورنىدىن چاچراپ تۇردى.

ــ ھەي ئاكا! ھەسەن ئاكامۇ سەن؟... مەن ئىنىڭ ھۈسەن ئەمەسما؟!

ھەسەن بىر دەقىقە ئىنىسىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى ـ دە:

ــ نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ؟... ھوي، سەن ھۈسەنما؟... قارا سېنىڭ چوپچوڭلا ئادەم بوپكەتكىنىڭنى...ــ دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئاكا ـ ئىنى قۇچاقلىشىپ كەتتى.

ــ دادام تىنچ تۇردىما؟

ــ تىنچلىق.

ــ قالغان قېرىنداشلار تىنچلىقتۇ؟

ــ تىنچلىق.

ــ ئۆزۈڭ... ھەممەيلەن تىنچلىقتۇ؟

ــ تىنچلىق... دادام بىچارە ئولتۇرسا ـ قوپسا سېنىڭلا گېپىڭنى قىلىدۇ...

ــ مانا شۇ گەپ ئەمەسما... قانچە قېتىم قەشقەردىكى ئاتامنى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى كۆرۈپ كېلىمەن، دەپلا يولغا چىقىمەن، مۇز داۋانغا يەتمەيلا قايتىپ كېتىمەن... ماۋۇ قىشتا دۇم يېتىپ، دۇم قوپۇپ ئىشلەپ خاڭدا ئاز ـ تولا بىرنېمە تېپىپتىكەنمەن، ئەتىيازدا يولغا چىقىپ ئاشۇ شوتىغا بارغاندا يەنە ھەممىنى قىمارغا سېلىپ بېرىپ ئولتۇردۇم... تەقدىر شۇنداقكەن، ئۇكام، مانا مەن بارالمىساممۇ سەن ئىزدەپ كەپسەن...

ئۇلار يەنە قۇچاقلىشىپ كەتتى. ئولتۇرغانلار ئۇلارغا قارىشىپلا قالغاندى. بىر ـ بىرىنى باغرىغا بېسىپ

تۇرغان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەنگە قاراپ نېمىشقىدۇر قوۋۇانىنىڭ كۆزىگە لۆممىدە ياش كەلدى...

تالادا بۇلۇتلار تاراپ، كۆكتە يۇلتۇزلار چاراقلاپ كەتكەنىدى. يىراق بىر يەردىن كەچ قالغان يولۇچىنىڭ ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلىناتتى:

ئېشەكچى دېمەڭ بىزنى،
قەشقەر يولىدا كارۋان.
سارغايدى دېمەڭ بىزنى،
دەرد ئىچىدە سارغايغان...

图书在版编目(CIP)数据

浪涛河流:全二册:维吾尔文/买买提依明·乌守尔 著. 一2版.
一乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2016.9
ISBN 978—7—5515—9947—4

Ⅰ.①浪… Ⅱ.①买… Ⅲ.①长篇小说一中国一当代
一维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.①Ⅰ247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第224957号

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

出 版 人：吾普尔·加帕尔
责任编辑：阿布里克木·艾山
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏
哈力木拉提·克尤木拜格
电脑操作：阿孜古力·阿不力孜

# 浪涛河流（上）(维吾尔文)

（长篇小说）

买买提依明·乌守尔 著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市北京北路29号 邮编：830012）
E-mail: xjyashlar@126.com
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 总印张：32
2016年9月第2版 2016年9月第1次印刷
印数1－4000

ISBN 978-7-5515-9947-4 总定价：96.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换